ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# ئاي يامغۇرى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ئۇنتۇلغان كىشىلەر

ھايات شۇنداق

ئاي يامغۇرى

يىراقتا قالغان مۇھەببەت

سەرسان روھ

بەختسىز سەگدىيە

قاباھەت

يەكچىشە

مۇزلىغان يۈرەك

دەۋر ساداسى

ISBN 978-7-5371-6503-7
9 787537 165037 >
باھاسى: 28.00 يۈەن

بۇ كىتابنى ئاشۇ يىللارنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھايات يېغىنى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەپ كېلىۋاتقان بارلىق ساۋاقداشلىرىمغا بېغىشلايمەن!

— ئاپتور

ستۇدېنتلىق يادنامىسى بۇ ،
ياشلىقىمدا تارتىلغان سۈرەت .
ئەستىن چىقماس گۈزەل رەسىملەر ،
ئالتۇن پەسىل ، جۇشقۇن مۇھەببەت...

تۇردى

ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# ئاي يامغۇرى

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى :  **ئەنۋەر ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى :  **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :  **غالىب شاھ**

ئەخەت تۇردى ئەسەرلىرى

# ئاي يامغۇرى

(رومان)

ئاپتورى : **ئەخەت تۇردى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168 × 850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 13.75
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-6503-7
سانى : 4 000 — 1
باھاسى : 28.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز.



1960 – يىل ، ئۆكتەبىر

# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممە ساھەسىدە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

يازغۇچى 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1989 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ، 2000 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققۇچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەتلىك

بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىد-
تېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى .

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1958 ـ يىلى
«تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى
بىلەن باشلانغان . شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرد-
لىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «دەشتكە
باھار كەلدى» ، «كۆرەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن
ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايىلەرنى
يېزىپ ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن
ھەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلد-
رىدىن باشلاپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر
باسقۇچقا قەدەم قويدى . بۇ مەزگىللەردە ئۇ «يالقۇنلۇق ياش-
لىق» ، «مەرھابا ، باغۋەن» ، «مەھبۇس قىزى» قاتارلىق ھېكا-
يىلەرنى يېزىش ئاساسىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللد-
نىپ ، «قىيانلىق دەريا» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» قاتارلىق
پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجد-
لەرگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى
ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن
باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، 1989 ـ يىلى تۇنجى
رومانى — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆ-
رۈشتۈردى . بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە
يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات
ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادد-
يىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ
ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ، كەينى ـ كەيد-
نىدىن «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدد-
يە» ، «قاباھەت» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك بىد-

لەن يـۈز كـۆرۈشتۈردى . ئـەگەر بـىز «خەيرخوش ، توققۇز كۆنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» ناملىق ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۇنداقتا «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «قاباھەت» رومانلىرى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

يازغۇچىنىڭ تۇنجى پوۋېستى «قىيانلىق دەريا» 1985 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيا- تىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر پوۋېست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كې- يىن ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، بولۇپمۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق رومانلىرى كەينى - كەينىدىن «جۇڭگو كى- تاب مۇكاپاتى» ، «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، «تەڭرىتاغ ئەدە- بىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» ... قاتارلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ زور شەرەپ قۇچتى . ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە - پوۋېستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير- خوش ، توققۇز كۆنلۈك ماكان» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھې- كايىلىرى» ناملىق توپلام بىلەن «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى .

بۇ قېتىم نەشرىياتىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللى- قىغا سوۋغا قىلىش ۋە ئەخمەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى- نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى 10 توم قىلىپ نەشر قىلدۇق . بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇن- غان بۇ 10 توملۇق ئەسەر يازغۇچى ئەخمەت تۇردىنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى- نىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت ـ
ئالاقىلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي
دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى
ئىچىدە ئوبرازلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدى-
لەندۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان . ئۇ تەسۋىرلى-
گەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زامانداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى
قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىپ ، ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتكەن .
بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ،
جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى ، شۇ-
نىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق سەنئەت يۇكسەك-
لىكىگە كۆتۈرۈلگەن . شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل
ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ ، كىشىنى ھايات گۈزەللىكىدىن ،
شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ .
قىسقىسى ، ئەخەت تۇردى دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە سەل-
بىي ياقتىن يورۇتقان ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ، زىددىيەت-
توقۇنۇشلىرى كەسكىن ، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە
ئىگە ، تىلى تاتلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسى-
گە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر .
بىز ئاخىرىدا ، ھۆرمەتلىك ئەدىبنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ،
قەلىمىگە تېخىمۇ زور بەرىكەت تىلەيمىز !

2009 ـ يىل ، مارت .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

دوستلۇق، تۇتقۇن، سارالڭ........................... 1

## ئىككىنچى قىسىم

ئىجتىھات، نان، سۆيگۈ ................................. 197

## ئۈچىنچى قىسىم

تۆھمەت، ئوت، تۇمان ...................................332

ئاپتورنىڭ ئاخىرقى بايانى .................................432

# بىرىنچى قىسىم

## دوستلۇق ، تۇتقۇن، ساراڭ ...

### 1

ماي ئېيى كىرىشى بىلەن ھاۋا لەپپىدە ئىسسىپ كەتتى، باھار ۋايىغا يەتتى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىنى، ياتاق، سىنىپ، مەيدان ۋە ھەممە ياقنى قىزىلگۈل بىلەن نەمخۇش ھاۋانىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى ھىدى قاپلىدى، قىشچە زېمىننىڭ تەپتى بىلەن يېنىك نەپەسلىنىپ ياتقان ئەڭ نازۇك ئوت ـ چۆپلەرمۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان تاش ـ داڭگاللار ئارىسىدىن مۇشەققەت بىلەن ئۆسۈپ چىقىپ، قۇياش نۇرىغا ئىنتىلدى.

مەكتەپنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سېرىق بىنادىن چىققان بىر يىگىت ئەنە شۇ گۈللۈكلەرنى، ئېرىق بويىدىكى دەرەخلەرنى ئارىلاپ، مەيدان تەرەپكە قاراپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بۇ يىگىتنىڭ قەدەملىرى پۇختا، سەل ـ پەل قىسىلغان كۆزلىرى ئويچان ئىدى. ئۇ قولىدىكى يوغان بىر كىتابنى دەم قولتۇقىغا قىساتتى، دەم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك چىپپىدە توختاپ ۋاراقلايتتى. ئۇ شۇ يوسۇندا ھەم مېڭىپ، ھەم ئويلاپ، ھەم كىتاب كۆرۈپ، سېرىق بىنا بىلەن مەيدان ئارىلىقىدىكى نەچچە يۈز قەدەم يولنى يېرىم سائەتتەك باستى. ئۇ ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى بىر چېتىدە ۋالىبول، بىر

چېتىدە ۋاسكېتبول قىزىپ كەتكەن سېمونت مەيدانغا ئەمدىلا كېلىپ، قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە توپ ئويناۋاتقان ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەرىكە-تىگە بويۇنداپ تۇرۇۋېدى، ئارقا تەرەپتىن بىرىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى :

— شەۋكەت، ھەي شەۋكەت!

ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يېقىن دوستى ئاقنىيازنى كۆردى :

— نېمە، توپ ئوينىمىدىڭما ؟

— ئۆزۈڭ نەلەردە يۈردۈڭ ؟ — ھولۇقۇپ سورىدى ئاقنىياز ۋە ئۇ-گىلىرى يوغان، كەڭ پەنجىلىك قولىنى شەۋكەتنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ ئۇنى بىر چەتكە تارتتى، — ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى سېنى، ئەمدى كۇتۇپخانىغا بېرىپ باقاي دەپ تۇرۇۋېدىم، بۇ يەردە كۆزۈمگە چېلىق-تىڭ.

— نېمە بولدى ؟ — ئەمدى شەۋكەتنىڭمۇ كۆڭلى بىرەر نەرسىنى تۇيغاندەك ئالدىراپ سورىدى، — نېمىگە ئىزدىگەنتىڭ، تىنچلىقمۇ ؟ ...

— تىنچلىق، تىنچلىق! ... — دېدى ئاقنىياز پەرۋاسىزلا، — پەقەت ساڭا بىر ئاددىي تېلېگرامما بار، بەلكىم خۇش خەۋەردۇر، — ئۇ كۆك خادانى كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر تې-لېگرامما قەغىزىنى ئېلىپ، شەۋكەتكە بەردى. شەۋكەت تېلېگراممىنى ئالدىراش يىرتتى، ئاقنىياز ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى. ئۇ بەستلىك كەلگەن، لەۋزى ھالال يىگىت ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ گۈسمەستەك بېجىرىم غولى، قوڭۇررەڭ پاخما چېچى ۋە ئاق پىشماق يۈزى بىلەن شەۋكەتنىڭ جۇغى كىچىك، ئەمما چاققان بەستى، قاپ-قارا يىرىك چېچى ۋە ئاز ـ تولا چېچەك ئىزى بار قارىمۇتۇق يۈزى بىر ـ بىرىگە بەكمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى.

شەۋكەت تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە بىر پەس سۈكۈت ئىچىدە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ ۋەزمىن يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ سەل ـ پەل چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىكى يوغان، ئۆت-

كۆر كۆزلىرىدىنمۇ ھەمىشە بىر خىل ئىشەنچ ۋە جاسارەت چىقىپ تۇراتتى. ئاقنىياز ئۇنىڭ چىرايىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان سورىدى:
— كىمدىن كەپتۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
شەۋكەت ئېسىگە كەلگەندەك، ئاقنىيازغا لەپپىدە قاراپ، بىر ئاز ئەنسىزلىك بىلەن مۇنداق دېدى:
— ئاكامدىن كەپتۇ، ئانامنىڭ كېسلى ئېغىر ئوخشايدۇ!
— شۇنداقمۇ! — ئاقنىياز ئىتتىك ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېگراممىنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى ۋە كۆيۈنگەن ھالدا دېدى، — بارمىساڭ بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟
— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى شەۋكەت مۇڭغا تولغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — بىرىنچى يىللىقتىكى ۋاقتىمدا دادامنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ئارماندا قالغانىدىم، ئەمدى ...
ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلغان بولۇپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى، ئاقنىياز دەرھال تەسەللى بەردى:
— ئۇنچىلىك ئويلاپ كەتمە، ئاداش! ئاناڭنىڭ كونا كېسلى قوزغىلىپ قالغان چېغى، سېنى كۆرسە چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ!
ئۇلار تېخىمۇ ئوبدانىراق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ ياتاق تەرەپكە قاراپ كەتتى ...

× × ×

شەۋكەت ئۈچ كۈندىن كېيىن رۇخسەت ئالدى. ئۇنىڭ ھەر ئېھتىمالغا ئىككى ھەپتىلىك دەپ سورىغان ئىلتىماسىغا ئاخىرقى قېتىم فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كېرىمى «ئون كۈنگىچە بېرىپ كەلسۇن!» دەپ رەسمىي تەستىق سالدى. شەۋكەت يول تەييارلىقىغا چۈشتى. ئەل - ئاغىنىلىرىدىن ئانچە - مۇنچە پۇل قەرز ئېلىپ، ئانىسىغا، ئاكى-

سىغا ئۆز يارىشقىدا سوۋغات ئالدى. بولۇپمۇ ، ئامراق سىڭلىسىغا يىپ-
رىم كۆن بازار چۆرگىلەپ، ئۈرۈمچى قىزلىرىغا مودا بولغان زەڭگەر
رەڭلىك كاپرون ياغلىقتىن بىرنى ئالدى. ئەمدى ئۇ ماشىنا بېلىتىنى
ئالسىلا يۈرۈپ كېتەتتى. كىم بىلسۇن ئۇ بېلەت ئالغىلى قاتناش بېكى-
تىگە چىققاندا ، قېرىشقاندەك ئىككى كۈنلۈك بېلەت سېتىلىپ بولۇپ ،
ئۈچىنچى كۈننىڭ بېلىتى قالغانىدى، ئۇ ئامالسىز شۇ بېلەتنى ئالدى
ۋە تىت - تىتلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

شەۋكەت ماڭىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئاقنىياز ئىككى
ئاغىنىسى بىلەن بىرلىشىپ ياتاقتا ئۇزىتىش زىياپىتى تەييارلىدى.
كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار ياتاقتا جەم بولدى. تۆت بولۇڭغا تۆت
ياغاچ كارىۋات قويۇلغان ئاددىي، ئەمما پاكىز، سەرەمجان بۇ ياتاقنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلگە ئىككى پارچە گېزىت يېيىلغانىدى، گېزىت-
نىڭ ئۈستىدە بازارنىڭ بېلەتلىك ئۈچ دانە شاپىلاق نېنى، بىر بوتۇلكا
ئالما ھارىقى، بىر بوتۇلكا ماش ھارىقى، كىچىك - كىچىك ئۈچ قەلەي
تەخسىدە گۆلە - قاق، كەمپۈت - پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەر تىزىل-
غانىدى. دېرىزە تەكچىسىگە بىر چىغ چايدان بىلەن ئىككى كۈرۈشكا
ۋە بىرنەچچە ئىستاكان دەستىلەپ قويۇلغانىدى. تۆت دوست ئۈستەل-
نىڭ تۆت تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار شەۋكەت
بىلەن ئاقنىياز، زايىت بىلەن تۇرغۇنلار ئىدى. ئوخشاشمىغان يەرلەردە
تۇغۇلۇپ، ئوخشاشمىغان يەرلەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئوخشاشمى-
غان بوي - تۇرق ، ئوخشاشمىغان چىراي - شەكىل ۋە ئوخشاشمىغان
مىجەز - خۇلقتىكى بۇ تۆت يىگىت ئۈچ يىلدىن بېرى ئوخشاش قىس-
مەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئوخشاش سىنىپ، ئوخشاش پارتىدا
ئولتۇرۇپ، زامانىۋى بىلىم ئۆگىنىۋاتقان قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ
قالغانىدى. ئۇلارنىڭ دوست - ئېجىللىقى فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغۇچىلار
تۇگۇل، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ قىزىقىش - ھەۋىسىنى قوزغايتتى، تېخى
بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاقنىياز بىلەن زايىت سىنىپ كادىرلىرى ھېسابلىنات-
تى، ئاقنىياز سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى، زايىت بولسا، سىنىپ ئىت-

تىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى، ئۇ ئاشۇنداق سالاھىيىتى بول-
غاچقىمىكىن، قورسىقىغا يېمىسە يېمەيتتىكى، ئەمما ھەمىشە ئۇستىۋې-
شىنى پارقىرىتىپ، سۆلەتلىك يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. مانا ھازىر-
مۇ ئۇ ھەممەيلەندىن ئالپتە ھەم چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇراتتى. كۆڭ-
لىكىنىڭ ياقىسى، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى ئاقنىيازنىڭكىگە ئوخشاش
ئۇنداق پۈرلەشكەن ئەمەس، بەلكى ئۆزى قايناق سۇ تۇشقۇزۇلغان
كۇرۇشكىنى بولسىمۇ دەزمال قىلىپ سېلىۋالغاچقا، خېلى رەتلىك،
قىرلىق كۆرۈنەتتى، ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچىنى
ئانچە - مۇنچە مايلاپ پارقىرىتىۋالغاچقا، تۇرغۇنىڭ جىيەكلىرى تەر-
دىن شورلىشىپ كەتكەن نىمكەش بادامدوپپىلىق سىدام بېشىدىن
ئاللاھىدە پەرقلىنىپ، گويا بىرى ، ساتىراشخانىدىن يۇيۇنۇپ تارىنىپ
يېڭىلا چىققان ؛ يەنە بىرى بولسا، چاڭ - توزانغا مىلىنىپ ئىتىزلىقتىن
ھازىر كەلگەن ئىككى ئادەمنىڭ بېشىدەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، تۇر-
غۇن ۋاسكېتبول مەيدانىدىن يېنىپ، ئۇستۋاشلىرىنىمۇ تۈزەشتۈرمەي،
تەرلەپ - پىشقان پېتى ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى. يوغان كۆز-
لىرى سەل - پەل پولتىيىپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق، سالپاڭ قۇلاق بۇ
يىگىت كىچىكىدىنلا توپقا ئامراق ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلى-
رىدا، ئۇ تېخى ۋاسكېتبول «A» كوماندىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ھە-
مىشە توپ مەيدانىدا پىرقىراپ يۈرەتتى، تەتىل ۋاقتىدا ئۆيىگە قاي-
تىپ، توپ ئوينايدىغان يەر تاپالمىغاندا، ئەسكى قاسقاننى تامغا
مىخلاپ، لاتا - پۇتىلارنى پوملاپ توپ ياساپ، قوشنىلىرىنىڭ بالى-
لىرى بىلەن ھويلىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئويناتتى . بۇ يەرگە كەلگەن-
دىن كېيىنمۇ ئۇ شۇ ئادىتىنى تاشلىيالمىدى، تۇرغۇن توپ مەستانى-
لىرى «يۈگۈرۈپ يۈرسەك قورساق تېز ئېچىپ كېتىدۇ» دەپ، توپ
ئويناشتىن ئۆزىنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن تۇرغۇن ئۆزىنى تارتالمى-
دى، ھەر كۈنى بىرەر يېرىم سائەت توپ ئوينىمىسا كۆڭلى ئۇنىمايت-
تى، ئويناشنىغۇ ئوينايتتى، لېكىن ئويناپ بولۇپلا، قورسىقىنىڭ ئاچقى-
نىغا چىدىماي، ھەممىدىن بۇرۇن ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە بېرىۋېلىپ،

قوشۇقى بىلەن چىننى تاقىلدىتىپ، ئاشپەزلەرنىڭ بېشىنى قوداڭشى-تىۋېتەتتى ...
— ئاقنىياز ، قىزلارغا ۋاقتنى ئېنىق دېمىگەنمىدىڭ ؟ — سورىدى زايىت بىتاقەت بولغان ھالدا ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ داۋام قىلدى، — كىملەر كەلمەكچىدى ؟
— ئېنىق دېگەن، سائەت ئالتە يېرىمدا كېلىشنى ئېيتقان، كېلىدى-غانلار بار يوق ئىككى، ساڭا چۈشتە ئېيتتىمغۇ : بادامگۈل بىلەن غۇن-چەقىز ، شۇ! — دېدى ئاقنىياز ۋە شەۋكەتتىن سورىدى، — ئاداش ، سائىتىڭ قانچە بولدى، باشلاۋېرىمىزمۇ ـ يە ؟
شەۋكەت سائىتىگە قاراپ بېقىپ دېدى :
— سەل تەخىر قىلايلى، سائەت ئالتىدىن قىرىق ئۆتتۈپتۇ، قىزلار-نىڭ تەييارلىقى ئاسان پۈتمەيدۇ !
— بولۇپمۇ بۈگۈن دېگىنە، — دېدى تۇرغۇن بويۇن، باشلىرىدى-كى تېخىچە توختىمىغان تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — بادامگۈلنىڭ بۈگۈن سەن بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنى تېخى ! ...
تۇرغۇننىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەي كارىدوردا ئىككى قىزنىڭ جا-نان چىنىدەك زىل كۈلكىسى ۋە توپلىيىنىڭ يېنىك تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز يىگىتلەرنىڭ قۇلىقىغا ناھايىتى سىڭىشلىق ئىدى، يىراقتىنلا تونۇۋالاتتى. ئۇلار ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ ، ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغۇچە قىزلارمۇ ياتاققا كىرىپ بولدى. قۇرامىغا يەتكەن تۆت يىگىتنىڭ تۆت جۈپ پال ـ پال كۆزى ئىككى قىزنىڭ ۋاللىدە يانغان چىراغدەك نۇرلۇق، ئوماق يۈزلىرىگە تەڭلا تى-كىلدى. قىزلار بۈگۈن راستتىنلا چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. بادامگۈل ئۈستىگە نوقۇت رەڭ بەتنىس كۆڭلەك كىيىپ ، بېشىغا كۆك ـ سېرىق گۈللۈك گاز ياغلىق ئارتىۋالغانىدى، غۇنچەقىزنىڭ ئۈستىدىكى ئويما ياقا ، كەڭ ئېتەك ناۋات رەڭ كۆڭلىكى لىغىرلاپ تۇراتتى، ئاپئاق پۇ-تىغا چەش رەڭ پايپاق كىيىۋالغانىدى ...
يىگىتلەرنىڭ كۆزىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ خۇددى ماگىزىنلاردى-

كى ئەڭ گۈزەل ، ئۆلچەملىك مودېللاردەك قېتىپ تۇرغان بۇ ئىككى
قىز شۇ كۈنلەردە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى تىرناقتا توختايدىغان
سەرخىللاردىن ئىدى. دېمىسىمۇ، بادامگۈل بىر قارىغان كىشىنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتۇپ ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلغۇدەك تەبىئىي گۈزەللىككە ئىگە
قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان بوتا كۆزلىرى بەزى قىزلار-
نىڭ لاپ ـ لاپ تىكىلىدىغان جادۇ كۆزلىرىگىمۇ ، بەزىلەرنىڭ ھەمد-
شە بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك چەكچىيىپ تۇرىدىغان سۈرلۈك
كۆزلىرىگىمۇ ئوخشاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ ئوڭ بۇرجد-
كىدىكى سىيادانىدەك قارا، يۇمىلاق خالى ئاق ۋە گۈلگۈن چىرايىغا
بەكمۇ ماس كېلىپ ، ئۇنىڭغا باشقىچە گۈزەللىك ۋە نازاكەت بەخش
ئەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇششاق تال ـ تال سىزىقلار بىلەن تولغان لەۋلد-
رى ئۇنىڭ خېلىلا ھېسسىياتچان قىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە ، ئاق ـ
قارىسى روشەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ سەمد-
مىي ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆرسىتەتتى. قىسقىسى ئۇ، مودا مەدەنىيىتى
بارلىققا كەلگەن مۇشۇ كۈنلەردىكى پەردازسىز ، تەبىئىي گۈزەللىككە
ئىگە نازىنىن قىزلاردىن ئىدى.
گۈزەل چىراي، يارىشىملىق كىيىم ـ كېچەك ، كېلىشتۈرۈپ قىلىند-
غان گىرىملەر كىشىنى دەرھاللا مەپتۇن قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇددى
ئاسماندا يۈرگەن بۇلۇتقا ياكى كۈنپېتىش بىلەنلا تارقىلىپ كېتىدىغان
شەپەققە ئوخشاش ، ۋاقىت دەرياسىدا هامان تېزلا غەرق بولۇپ كې-
تىدۇ. كىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز ، مەڭگۈ ئېستېتىك تەسىر بېرىدىغان
نەرسە يەنىلا تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنىڭ يۇغۇرۇل-
مىسىدىن پەيدا بولغان پاك ، تەبىئىي ۋە ئاددىي گۈزەللىكتۇر ! شەۋ-
كەت بادامگۈلنى مانا شۇ ئۆزگىچىلىكى بىلەن يارىتىپ ، ياخشى
كۆرۈپ قالغانىدى.
غۇنچەقىزمۇ ناھايىتى جەلپكار قىزلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى
پۈتۈن تۇرقىدىن ھەرقانداق يىگىتنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋې-
تىدىغان بىر خىل تەبىئىي لاتاپەت بىلەن ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق

چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېيىكتەك نازۇك ۋە ئەۋرىـ
شىم، كۆزلىرىمۇ كېيىكنىڭكىدەك دۈپدۈگىلەك ۋە قاپقارا ئىدى. پەقەت
يۈزىلا سۈتتە چايقىغاندەك ئاپئاق يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ـ خېلى
كاتتا سورۇنلاردىمۇ ئۆزىنى ئەركىن ۋە بىمالال تۇتۇپ يۈرەلەيتتى.

بۇ ئىككى قىز گەرچە بىر سىنىپتا بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىنىڭ
دەردىگە يېتىدىغان سىرداش دوستلاردىن ئىدى . شۇڭا ھەمىشە ئايـ
رىلماي بىللە يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى ، رەڭگىرويى،
گەپ ـ سۆزلىرى بىر- بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنەتتى . بادامگۈلدە جەـ
نۇب قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىق ۋە ئاددىي ـ ساددىلىق بولسا،
غۇنچەقىزدا ئۈرۈمچى قىزلىرىغا خاس مەغرۇرلۇق ، ئەركىنلىك ۋە چىـ
قىشقاقلىق بار ئىدى . بادامگۈل غۇنچەقىزغا قارىغاندا نازۇك ، سىپتا
ئىدى، ئۇنى ئانىسى كىچىكىدىن تارتىپ « قىز بالا كۆپ تاماق يېسە ،
تىنىقى يوغىناپ كېتىدۇ » دەپ ، پىيالىدە ئاش ـ تاماق بېرىپ چوڭ
قىلغانىدى. شۇڭا ھازىرمۇ ئىشتىھاسى سۆلەي، كەم تاماق ئىدى .
باشقىلارنىڭ قورسىقى يېرىم بولمايدىغان نورمىلىق ، ئەتىۋار نانلار
ئۇنىڭدىن تېخى ئېشىپ قالاتتى . شۇڭا سىنىپتىكى ئوغۇللار ئۇنىڭ
بىلەن بىر شىرەدە تاماق يېيىشنى بەس ـ بەستە تالىشاتتى.

ياتاقتا بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، يىگىتلەرنىڭ ئۈنسىز،
ئوتلۇق بېقىشلىرىغا قىزلار ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي، ئاردـ
دىكى سۈكۈتنى ئۇلار بۇزدى.

— ياخشىمۇسىلەر ؟ — ھەر ئىككى قىز بوسۇغىدا تۇرۇپلا ھۆرمەت
سالىمىنى قىلدى.

— رەھمەت ، يۇقىرى ئۆتۈڭلار! — يىگىتلەر ئورۇن بوشىتىپ
قىزلارنى يېگى ۋە چىرايلىقراق ئورۇندۇقلارغا تەكلىپ قىلدى.
«خوش ـ خوش »، «بۇيەرگە، ئۇ يەرگە » دېگەن تەكەللۇپلاردىن
كېيىن خۇددى بىرى ئىسمىنى يېزىپ توغرىلاپ قويغاندەك ، بادامگۈل
شەۋكەتنىڭ ، غۇنچەقىز ئاقنىيازنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلىنىپ ئولتۇردى.
تۇرغۇن دېرىزە تەكچىسىدىكى چىغ چايدانىدىن كورۇشكا ۋە ئىستاـ

كانلارغا ئالدىراپ چاي قۇيۇشقا باشلىدى، ئاقنىياز داستىخاندىكى نانلارنى پارچىلاپ ، قەلەي تەخسىدىكى ئالاھىدە نېمەتلەرنى قىزلار-نىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى . ئاندىن كىچىك ـ كىچىك ئالتە ساپال رومكىغا توشقۇزۇپ هاراق قۇيدى، هاراق تەكشى قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاقنىياز رومكىلارنى شەۋكەتتىن باشلاپ بىر ـ بىرلەپ ھەمـ-مەيلەننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ رومكىسىنى قولد-غا ئېلىپ، غۇدۇدۇڭ ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

ـــ دوستلار بىلەن بىللە كۆتۈرگەن قەدەھلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭ-قۇر بولىدۇ، ئاغىنىلەر ! مېنىڭچە، بىز بۇ بىرىنچى قەدەھنى ھەممىمىز ئۈچۈن سىرداش ، دىلداش بولغان ئاغىنىمىز ، بۇرادىرىمىز شەۋكەت-نىڭ سالامەتلىكى ۋە سەپىرىنىڭ ئاق يوللۇق بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈ-رەيلى! قېنى، كۆتۈرۈشۈڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن!

ئۈچ يىگىت رومكىنى دەرھال قولىغا ئېلىپ ، ئورۇنلىرىدىن لىككىـ-دە تۇردى ، ئىككى قىز بىر ـ بىرىگە قاراپ، خىجىل بولغاندەك ، تەڭلىكتە قالغاندەك ئوڭايسىز ھالدا قىمىشىپ قويدى.

ـــ قېنى قىزلار ، بۈگۈنكى هاراق خاسىيەتلىك ، بىرنى ئىچىپ قويۇڭلار ، ـــ دېدى تۇرغۇن ئۇلارغا مەدەت بېرىپ ، ئاقنىيازمۇ ئۇلارنى زورلاشقا باشلىدى . يەنىلا غۇنچەقىز باتۇرلۇق قىلدى، ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ بادامگۈلنى قىستىدى :

ـــ ئېلىڭ بادامگۈل ، بۈگۈن مەن ئىچمىسەم كېرەك يوق ، ئەمما سىز ئىچمىسىڭىز بولمايدۇ ! بىرەر قېتىمغا ھېچ گەپ بولماس...

ئاقنىياز غۇنچەقىزنىڭ ئوچۇق ، مەردانە خاراكتېرىگە قايىل بولدى، ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ ، شائىرانە تەلەپپۇز بىلەن ئۇنى تازا بىر ماختىماق-چى بولدىيۇ ، لېكىن يەنە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇنداق قىلغاندا بادامگۈلگە بېسىم بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا گەپنى يە-نىلا بادامگۈلنى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلدى :

ـــ ئېلىڭە بادامگۈل، كۆڭۈل تارتقان كىشى بىلەن ئىچكەن ھاراق ھاراق ئەمەس ، دېمىدە ، زەمزەم بولىدۇ!

بادامگۈل بىرەر سىدىن پاناھ تىلىگەندەك ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارىدى ۋە ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ ، كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئامالسىز قالدى ۋە رومكىنى تەسلىكتە قولىغا ئېلىپ ، ئورنىدىن تۇردى :

— بوپتۇ ، بۈگۈن بىرنى ئىچەي ... تەگلىكتە قالدىم، بۇنىڭدىن كېيىن زورلىماڭلار! ...

بىرىنچى رومكا ھاراق ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ۋە تەڭلىك ئىچىدە ئىچىلدى، بادامگۈل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، سەسكىنىپ كەتتى، غۇنچەقىز سەل ــ پەل سىلكىنگەندەك بولدىيۇ، لېكىن يېنىككىدە بىرنى كېكىرگەندىن كېيىن، بەدىنىي قىزىپ، راھەتلەنگەندەك بولۇپ قالدى.

كېيىنكى رومكىلار قىزلارغا زورلانمىدى ، ئۇلار كەمپۈت شوراپ ، ئانچە ــ مۇنچە چاي ئوتلاپ، يىگىتلەرنىڭ ئىچىشىگە، يېيىشىگە قاراپ ئولتۇردى، داستىخاندىكى نان خۇددى پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك بىردەمدىلا ۋاسلداپ يېيىلىپ بولدى، ئەمدى قەلەي تەخسىلەردىكى گۆلە ــ قاق، كەمپۈت ــ پېچىنىلەر كوسۇلدىتىپ يېيىلىشكە باشلىدى. بۇنداق ئاچ كۆزلۈك، نەپسى بالالىق شۇ كۈنلەردە ھېچكىمگە ئەيىب بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئۆزىنى ئالاھىدە تۇتىدىغان زايىتمۇ، نەپسىنى يىغالايدىغان شەۋكەتمۇ ، توپ مەستانىسى تۇرغۇنمۇ، ھاراقخۇمار ئاقندىيازمۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ، قورۇنۇپ قالمىدى. قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نېمەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ ، ئۇلارنى كۆپرەك يېيىشكە ئۈندىدى ...

زايىت ئالدىدىكى رومكىنى ۋاققىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، بىر تال كەمپۈتنى زاكۇسكا قىلىپ ئاغزىغا سالدى ــ دە ، كوسۇلدىتىپ چايىنىغان پېتى شەۋكەتتىن سورىدى :

— ئون كۈندە بىرىپ كېلەلەرسەنمۇ ئاداش ؟

— ئەسلىدىغۇ ئىككى ھەپتە رۇخسەت بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى شەۋكەت زايىتقا يۈزلىنىپ ، — تىنچلىق بولسا، ئون

كۆندە قايتىپ كېلەرمەن.
— ۋاقىتنى دەپ بەك ئالدىراپ كەتمە، — دېدى زايىت ۋە بادام- گۈلگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئا- پاڭ كېسەلكەن، ئۇ ئون كۆن يەتمىسە، خاتىرجەم تۇرىۋەر، ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتنى بىز بۇ يەردە ھاۋاز يېتەكچى بىلەن سۆزلىشىپ تولۇ- رىلاپ قويىمىز!
زايىتنىڭ سۆزى ئاقنيازغا ياقمىدى بولغاي، چىرايىنى بىلىنەر - بىلىنمەس پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، ئىستىھزالىق تەلەپپۇزدا مۇڭداق دېدى:
— ئەڭ ياخشىسى، ۋاقتىدا قايتىپ كەلسۇن!
— توغرا، ۋاقتىدا قايتىپ كەلگىنى ياخشى! — دېدى تۇرغۇنمۇ زايىتنىڭ سۆزىدىن ئاللىقانداق يوشۇرۇن مەنىنى چۈشەنگەندەك، — زايىت، سېنىڭ ئۇ ھاۋاز يېتەكچىڭ ھەرگىزمۇ شەۋكەتكە شاپائەت قىلمايدۇ! مېنىڭچە ئون كۆندە چۆچەكتەك يەرگە كەتتاشا بېرىپ كەلگىلى بولىدۇ. بۇگۈن چېسلاغا ئون ئۈچ، خۇدا خالىسا، يىگىرمە ئۈچىنچى ماي كۆنى شەۋكەت بىلەن يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ، قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزىمىز، تېخى! قانداق دېدىم ئەپەندىلەر، خانىملار؟
ھەممەيلەن يېنىككىدە كۈلۈشۈپ قويدى، ئەمدى سۆزگە غۇنچەقىز ئارىلاشتى:
— يولغا قانچە كۈن كېتەر شەۋكەت؟ ئۆيۈڭلار چۆچەكنىڭ بازار ئىچىدىمۇ؟
— ھەئە، بازار ئىچىدە، — دېدى شەۋكەت ۋە ھېسابلاپ داۋام قىلدى، — ئىككى كۆندە بارسام، ئىككى كۆندە كەلسەم، ئۆيدە ئالتە كۈن تۇرسام، مېنىڭچە يېتەرلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېچىكىپ كەت- سەم، مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا يېتىشەلمەي قالىمەن!
ئەمدى ئۇلارنىڭ پارىڭى يېڭى - يېڭى تېمىلارغا يۆتكىلىپ تۇر- دى. زايىت ھاراقنى كۆپرەك ئىچىۋالغاچقا، يېرىم - يارتا مەستلىكتە

ئېيتقان گەپلىرى ئاغزىدىن چايقىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ھەممە
گەپنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ، كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا لوقما سالاتتى.
بەزىدە ھەتتا، بىلىپ ـ بىلمەي يۇرىكىدىكى يوشۇرۇن دەردلىرىنىمۇ
تۆكەتتى. بىر قېتىم ئۇ خۇددى تامدىن تارىشا چۇشكەندەكلا : « يىـ
گىت دېگەن ھەرقانچە بولسا، بىزچىلىك بولار، بوينىمىزدا ئۇلاق،
يۇزىمىزدە ياماق يوق! » دېۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى
چۇشىنىپ بولغۇچە غۇنچەقىز ناھايىتى چاققانلىق بىلەن : « زايىت ئاـ
كا، ھازىرغۇ شۇنداق، لېكىن ھاراقنى مۇشۇنداق ئىچىۋەرسىڭىز، ئەتە
خۇددى قېپىپ قالغان شالدەك تۇرۇپ ، بوينىڭىزغا ئۇلاق چۇشۇپ
قالارمىكىن ! » دەپ ئوخشىتىۋەتتى، بۇ سۆز ھەممەيلەننى كۇلدۇردى،
زايىتنىڭ ئۆزىمۇ كۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۇلكىسى خۇددى جۇملىلەرـ
دىكى ئەگەشمە بۆلەكتەك، باشقىلارغا زورمۇزور قوشۇلۇپ ، ئامالسىزـ
لىقتىن كۇلگەن بىر خىل سوغۇق، ئەخمىقانە كۇلكە ئىدى. بۇنىڭ ئىـ
چىدە پەقەت ئاقنىيازنىڭلا كۇلكىسى ھەممىدىن ساز، ئېچىلىشارلىق كۇلـ
كە بولدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غۇنچەقىزغا بارغانسېرى قايىل
بولۇپ ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتۇۋاتاتتى. غۇنچەقىزنىڭ تاتلىق ،
ئوماق ھەرىكەتلىرى ئۇنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز ئەگەشتۇرۇۋالغانىدى.
ئۇ كۇلسە ، ئاقنىيازنىڭمۇ لەۋلىرى لىپىلدەپ كۇلگىسى كېلەتتى، ئۇ
كۆزىنى ئويناتسا، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ئىختىيارسىز يوغىنايتتى ياكى
قىسىلاتتى، ئۇ بوينىنى ئاتسا، ئاقنىيازنىڭمۇ بويۇن بۇلجۇڭلىرى تارـ
تىشىپ تولغىناتتى. قىسقىسى، غۇنچەقىزنىڭ يارىشىملىق كىيىملەر بىـ
لەن ياسىنىپ، تولغىنىپ تۇرغان ئەۋرىشىم گەۋدىسى بىلەن ئاشۇ كېـ
يىكنىڭكىدەك قاپقارا مۆلدۇر، بىر قارىغان كىشىنىڭ ئېسىدىن ئاسان
چىقمايدىغان ئويناق كۆزلىرى ئاقنىيازنى ئەسىر قىلىپ ھالىدىن كەتـ
كۇزگەنىدى. شۇڭا ئۇ، غۇنچەقىزنىڭ ئۇزۇن ۋە قاپقارا كىرپىكلىرى
قورشاۋىدا قالغان ئاشۇ كۆزلىرىگە پات ـ پات ھېرىسمەنلىك بىلەن
تىكىلىپ قاراپ قالاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ بوينىدىكى قوش
تىزىق مەرۋايىت، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا، قولىدىكى ياقۇت كۆزلۇك

ئۆزۈكلەر چىراغ نۇرىدا يالتىراپ، چاقناپ، ئاقنىيازنىڭ يۈرىكىگە گويا ئوت بولۇپ چېچىلغاندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھارارەت دولقۇنى پەيدا قىلغانىدى...

غۇنچەقىز خۇددى بىرى «قارا» دېگەندەك تەبىئىي نەزەر بىلەن ئاقنىيازغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە مىت قىلماي تىكىلىپ تۇرغان مەستانە كۆزلىرىدىن گويا پايانى يوق تىنىق ئاسمانغا ئوخشاش بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن كۆڭۈلنى ئىللىتىدىغان كۈچلۈك بىر ھارارەتنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، قاتتىق ئوڭايسىزلاندى ـ دە، كۆزىنى دەرھال ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، بادامگۈلنىڭ قۇلىقىغا شوخلۇق بىلەن بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغان بولۇۋالدى. ئاقنىياز بۇ مەخپىي پىچىرلاشنى دەسلەپ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىش، دەپ ئويلىغانىدى، كېيىن غۇنچەقىزنىڭ ئۆزىگە زادىلا نەزەر كۆزىنى ئاغدۇرمىغانلىقىغا قاراپ، بىزەڭلىك بىلەن ئۇنى بىزار قىلىپ قويدۇمۇ نېمە، دەپ خېلىلا ئەپسۇسلاندى ...

بادامگۈل غۇنچەقىزنىڭ بايىقى پىچىرلىشىدىن ئىلھاملىنىپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا چېچىلىپ ياتقان بىرنەچچە تال كەمپۈتلەر ئىچىدىن قەغەز ۋە ماركىسى چىرايلىقراق بىرسىنى تاللىدى ـ دە، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئاستا سۈرۈپ، شەۋكەتنىڭ ئالدىغا ئاپاردى ۋە گۈل قىيىتىدەك چىرايلىق، سۈزۈك قاتلىق قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ «سىز يەڭ» دېگەندەك ئۇنىڭغا ناز بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ھېيرىسمەنلىككە تولغان چىرايلىق بوتا كۆزلىرىدىن خۇددى تىنىق سۇغا چېچىلغان ئاي شولىسىدەك يېقىملىق نۇر چاقناپ كەتتى. شەۋكەت كەمپۈتنى قولىغا ئېلىپ، گويا بىرسىدىن قىزغانغاندەك شۇنداق چاققانلىق بىلەن قەغىزىنى سويۇپ ئاغزىغا سالدى ۋە بادامگۈلنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ يېقىملىق بىر قاراش بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرۇپ، «تاتلىقكەن» دېگەن مەنىدە ئىككى قېتىم تامىقىنى چېكىپ قويدى. بادامگۈل ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى، تەبەسسۇم ئۇنىڭغا ھۆسن قوشتى، ئۇنىڭ ئوماق يۈزى ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق

بولۇپ كەتتى ...

شۇ چاغدا — شەۋكەت بىلەن بادامگۈل كۆز ئويۇنى ئويناۋاتقان دەل شۇ چاغدا — يەنە بىر كۆزمۇ ئۇلارنى يەر ئاستىدىن ئاندا - مۇندا كۆزىتىپ، ئاچچىق ئەلەم بىلەن تولغىنىپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى يەنە ھاراققا زورلاپ، كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. چۈنكى ئۇ، سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە مەدەت بولماي، مۇھەببەت قۇشىنىڭ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۆزى كۈتكەن ئامەتنىڭ باشقا بىرىگە نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى، لېكىن ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت دېگەن بۇ بەگۋاش نەرسىنىڭ نوختا سالىدىغان بېشى، گەپ ئاڭلايدىغان قۇلىقى بولمىغاچقا، ئۇ بەزىدە خۇددى قەرەللىك قوزغىلىدىغان تۇتقاق كېسىلدەك، ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە مۇشۇنداق گۈزەل، لاتاپەتلىك ھالدا ئۇچرىتىپ قالغان ۋاقتىڭدا، يەنە كېلىپ، سەن ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان سۆيگۈنى باشقا بىرىگە تەقدىم قىلىۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىپ قالغىنىڭدا، ئۇ سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئېچىشتۇرماي، ئاچچىق ئەلەم بىلەن تولغاندۇرماي قويمايدۇ! مۇڭ بىلەن ھەسرەتكە، يوشۇرۇن ئوت بىلەن رەشككە تولغان بۇ كۆز باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، دەل زايىتنىڭ كۆزى ئىدى. بۇ كۆز يەنە بىر قېتىم بادامگۈلگە ئوغرىلىقچە مۆللىدە قاردىغاندا، بادامگۈلنىڭ ئۇياتچان كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، قىزنىڭ يۇملاق، سۈزۈك يۈزىدە بىر خىل خىجىللىق قىزىللىقى تەپچىرىدى ...

× × ×

«ئۇزىتىش زىياپىتى» ئاخىرلاشتى، ئالتە ساۋاقداش ئۈچ يېرىم قەۋەتلىك ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ توختاپ قالدى. ئەمدى بۇ يەردە، بايا دېيىلمىگەن، دېيىلگەن بولسىمۇ، چالىسى قالغان گەپلەر دېيىلىشكە باشلىغانىدى. تۇرغۇن شەۋكەتنى بىر چەتكىرەك تارتىپ،

ماڭلىينى ئۇنىڭ ماڭلىيغا تىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— ئاداش ... سەن كەلگۈچە مەنمۇ كېتىپ قېلىشىم مۇمكىن جۇمۇ!
— نەگە ؟ — ئالدىراپ سورىدى شەۋكەت.
— يۇرتقا بولمامدۇ ...
— كەلمەسكىمۇ ؟
— شۇنداقراق...
— نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟! — شەۋكەتنىڭ ئاۋازى قاتتىق ۋە قوپالراق چىقتى، ئۇ خېلى سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن قىزلارنىڭ بىر چەتتە كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، گەپىنى قىسقارتتى، — بولدى، بۇ گەپنى هازىرچە قويۇپ تۇرايلى، مەن كەلگۈچە هېچ يەرگە مىدىرلىما، سېنىڭ ئىشىڭنى ئالدى بىلەن تۆت كىشىلىك « ئاغىنىلەر مەجلىسى » دە قاراپ چىقىپ، ئاندىن بىر نەرسە دەيمىز ...
— تۆت كىشىلىك ئەمەس، ئالتە كىشىلىك، — دېدى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاخىرقى گەپكە ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ئاقنىياز، — ئاۋۇ ئىككى خانىمنى قوشساق ئالتە كىشىلىك بولىدۇ ـ دە !
— توغرا، توغرا، ئالتە كىشىلىك، — دېدى شەۋكەتمۇ دەرهال گەپنى توغرىلاپ، — ئۇلارمۇ ئەمدى «ئاغىنىلەر مەجلىسى » نىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى بولۇپ قالدى!
ئۇلار كۈلۈشتى، بۇ گەپ شۇ يەردە قالدى.
شەۋكەت بادامگۈلنى قولتۇقلاپ ، مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چىلانلىققا قاراپ ماڭدى ، ئاقنىياز غۇنچەقىزنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ كەتتى . تۇرغۇن ياتاققا قايتتى، زايىت بولسا، بىنا ئالدىدىكى جىمجىت قاراڭغۇ بوشلۇقتا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىغان پېتى بىردەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە قاراپ خامۇش تۇرۇپ قالدى ...
شەۋكەت بىلەن بادامگۈل بىرنەچچە بىنالارنى ئارىلاپ ئۆتتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەڭرى بوشلۇق قۇچاق ئاچتى. يول ئازادە

ۋە خالىي ئىدى، ئۇنىڭدا مۇشۇ ئىككى ئوتلۇق يۈرەكتىن باشقا، يەنە ئاسماندىن تۆكۈلۈۋاتقان ئاي نۇرى بىلەن دەرەخلەرنىڭ قارامتۇل سايىسىلا بار ئىدى.

شەۋكەت ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىن تاكى چىلانلىقتا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا گەپ ـ سۆز قىلماي جىمجىمدە ماڭدى. پەقەت بىرنەچچە قېتىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۇھسىندى، بۇ ھال بادامگۈلنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ بىر تۇرۇپ، بەلكىم تۇيۇقسىز كەلگەن تېلېگراممىنى ئويلاپ، ئانىسىدىن ئەنسىرەپ قالغاندۇ، دەپ پەرەز قىلسا؛ بىر تۇرۇپ زايىتىنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن ، قىلىقلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قىياس قىلاتتى ۋە ئېنىق بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەي، ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ شەۋكەت، نېمە بولدىڭىز؟ ئانىڭىزنى ئويلاۋاتامسىز ياكى باشقا ئىشمۇ؟

ــ ھەممىسىنى ئويلاۋاتىمەن، بادامگۈل، ھەممىسىنى! ــ دېدى ئۇ پەس، ئەمما ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا.

بادامگۈل ئۆز گۇمانىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ، سەل ـ پەل جۇدۇنى تۇتقاندەك بولدى:

ــ چىدىماس! ... بۇنىمۇ بىلىپ قويدۇق، كۈنداشلىقىڭىز خېلى قاتتىق ئىكەن ـ ھە!

ــ مۇھەببەت بار يەردە كۈنداشلىق بولمىسا بولامدۇ؟ ــ دېدى شەۋكەت بىر ئاز كۈرۈكى يېشىلگەندەك سۆزگە كىرىشىپ، ــ دۇنيادا مۇھەببەتتىن كۈچلۈك شەخسىيەتچى نەرسە يوق، بادامگۈل! ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ باشقا بىرىگە تىكىلىپ قارىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ!

ــ ياھ، مەن ئىنتايىن مۇلايىم، كۆيۈمچان بىرىگە ئۇچرىدىم دەپ يۈرسەم، ئەسلىدە ئۇچىغا چىققان بىر زوراۋانغا ئۇچرىغان ئوخشىمامدىمەن؟ ــ دېدى بادامگۈل چاقچاق ئارىلاش تەنە بىلەن، ــ ئەمسە

سىز ئۇچۇن، سىزگە بولغان ساداقىتىم ئۇچۇن، باشقىلارغا قارايدىغان كۆزۈمنى ئويۇپ بېرەي، بولامدۇ؟

بۇ سۆزلەر خېلى قاتتىق تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەۋكەتكە قاتتىق بىلىنمىدى، بەلكى بادامگۈلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاس، ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان سەممىي سۆزلەردەك يېقىملىق، تەسىرلىك تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ دەرھاللا بادامگۈلنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ھەممە گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇشقا ئالدىرىدى:

— توختاڭ، ئۇنداق قىلماڭ سۆيۈملۈكۈم، سىز قارىغۇ بولۇپ قالسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن، بۇ دۇنيا ماڭىمۇ قاپقاراڭغۇ زۇلمەتتەك بولۇپ قالامدۇ؟! دۇنيانىڭ يورۇقىنى، گۈزەللىكىنى ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى جۇمۇ!

ئۇلار شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدىكى چىملىق ئۈستىگە ئولتۇردى. شەۋكەت بادامگۈلنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى، بادامگۈلمۇ ئىنائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى سىڭايان قىلىپ، شەۋكەتنىڭ يەلكىسىگە قويدى. ئاي شولىسى ئۇلارنىڭ سايىسىنى ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ ئۈستىگە چۈشۈردى. ياندىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ خۇددى ئۇلارنى تەبرىكلەۋاتقاندەك مەيىن شامالدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، شىۋىرلاشقا باشلىدى ...

— شەۋكەت، مەن سىزگە ئۆتكەندە ئېيتقان، — دېدى بادامگۈل ئېرىقتىكى سۇغا تەڭكەش قىلغاندەك ئاستا پىچىرلاپ، — يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، مەندە بىرلا يۈرەك بار، پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ سۆيگۈسى سىغىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ سۆيگۈڭىز! خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، سىزدىن باشقا ئادەمنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى يۈرىكىمگە سىغمايدۇ!

بادامگۈلنىڭ بۇ سۆزلىرى شەۋكەتكە خۇددى بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدەك يېقىملىق تۇيۇلدى، ئۇ ھاياجانلىنىپ، بادامگۈلنى ئۆزىگە تارتتى ۋە پۈتۈن مېھرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. قاراڭغۇدا بادامگۈلنىڭ شەۋكەت ئامراق قاپقارا، يوغان كۆزلىرى خۇددى پولات

ئېرىتمىسىدەك نۇر ۋە ھارارەت بىلەن يالىناتتى.

— كەچۈرۈڭ بادامگۈل، — دېدى شەۋكەت كۆڭلىدىن چىقىرىپ، — بىھۇدە گەپلەر بىلەن كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇپتىمەن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىر تەرەپتىن ئاپامنى ئويلاپ، بىر تەرەپتىن سىزنى ئويلاپ، كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زايىتىمۇ سىزنى ياخشى كۆرگەن …

— بولدى، بۇ گەپنى قىلماڭ ! — دېدى بادامگۈل ۋە نازۇك بارماقلىرىنى شەۋكەتنىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ شىۋىرلىدى، — ھەممىنى بىلىمەن…

توغرا، بادامگۈل ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ قەلبىگە ئايان!…

قىزلار ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، چىرايلىق پورەك ئاچقان گۈلدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا ھايات گۈلزارلىقىنى كېزىپ يۈرگەن مۇھەببەت كېپىنەكلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بادامگۈل ئۆزىگە ئىنتىلىپ تۇرغان كېپىنەكتىن بىرگە ئەمەس، راۋۇرۇس ئىككىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر ئىككىسى كۆڭۈل بېرىشكە ئەرزىيدىغان سەرخىل يىگىتلەردىن ئىدى، دېگەندەك ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىشىكىنى چېكىپ كىردى. تۇنجى قېتىم مۇھەببەت خېتى تاپشۇرۇۋالغان قىزنىڭ كۆڭلى خۇددى تىپتىنچ كۆلگە بىر پارچە تاش ئاتقاندىكىدەك داۋالغۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت تىنچلانمايدۇ. ئەگەر، خەت ئىككى بولۇپ قالسىچۇ ؟ ئۇ چاغدىكى داۋالغۇش تەبىئىيكى، تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ تىنچسىز بولىدۇ. بادامگۈل شۇنداق بولدى. ئۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يىگىتتىن مۇھەببەت خېتى تاپشۇرۇۋالغانىدى. بۇ خەتلەر بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن تاتلىق، بىر ـ بىرىدىن ھېسسىياتلىق ئىدى. دەسلەپ قولغا تەگكىنى زايىتنىڭ بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر قەسىدە ۋە قەسەملەر بىلەن تولغان ئۇ خەت شېئىر بىلەن باشلانغانىدى :

«جەننەت سېنىڭ كۆكسۈڭدە بولسا،
ئۆلمەي تۇرۇپ كىرىشكە مەن رازى،
پۈتۈپ كەتسە مۇشۇ خەت بىلەن،
كۆڭلۈمدىكى سۆيگۈ رىزاسى!»

ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن قولغا تەگكىنى شەۋكەتنىڭ خېتى بولۇپ، بىر بەتكە كەڭ ــ كۈشادە يېزىلغان بۇ خەتتە، ئىشق ــ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىلاھىي سۆزلەرمۇ، دەبدەبىلىك ۋەدە ــ قەسەملەرمۇ يوق ئىدى. پەقەت تۇنجى قېتىم مۇھەببەتكە مۇپتىلا بولغان ئىخلاسمەن بىر قەلبنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان يەنە بىر قەلبنى چۈشىنىپ بېقىش توغرىسىدىكى سەمىمىي ئارزۇ ــ تىلەكلىرى يېزىلغاندى...

تۇرمۇشتا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرەلەيدىغان نەرسە ـــ ھامان بېزەلمىگەن ئاددىي نەرسىلەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كېيىنكى خەت بادامگۈلنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە بەكرەك تارتتى. زىرەك، ئاق كۆڭۈل، مەردانە خىسلەتمۇ ئادەمدە يېقىملىق تەسىرات قالدۇرىدۇ، گۈزەللىك تۇيغۇسى قوزغايدۇ. شەۋكەتنىڭ خېتىدىكى ۋە ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بادامگۈلنى مەپتۇن قىلغان يەنە بىر ئىچكى ئىنتىلىش بولدى. شۇنداق قىلىپ بىر ئايدىن ئارتۇق ئويلىنىش، سىلىشتۇرۇش، دەگسەش ئارقىلىق، بادامگۈلنىڭ قەلبىدىن قاناتلىنىپ ئۇچقان مۇھەببەت قۇشى ئاخىر بىرىنچى قېتىم خەت يازغان زايىتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزى چىن كۆڭلىدىن خالىغان شەۋكەتنىڭ ئۇۋىسىغا كېلىپ قونغانىدى!

بادامگۈل سۆيگۈ تەلپىنى قوبۇل قىلغان شۇ كۈنى شەۋكەت بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. كۆڭۈل رىشتىنىڭ باغلىنىشى، سۆيگۈ تەشنالىقى ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلغانىدى. شۇ كېچىدىكى تەسىراتىنى ئۇ ئەتىسى بىر پارچە خەت قىلىپ بادامگۈلگە بەردى. ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى:

«مۇھەببەت ھەقىقەتەنمۇ پاك ۋە ئىلاھىي تۇيغۇ ئىكەن. ئۇ مېنىڭ روھىمنى كۆتۈرۈپ، بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدى. مەن شائىر ئەمەس ئىدىم، لېكىن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىن مېنىڭ يۈرىكىمگە يول ئېلىپ چىققان مۇھەببەت ئاتلىق بۇ مۇقەددەس تۇيغۇ مېنى بىر كېچىدىلا شائىر قىلىۋەتتى، ئاقنىيازنىڭ «شېئىر يۈرەكتىن چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان گېپى راست ئىكەن. بىر كېچىلىك سەمىمىي، شېرىن ھاياجاندىن پۈتۈپ چىققان بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى مۇھەببىتىمىز قارار تېپىپ، تەقدىرىمىز قوشۇلغان تۈنۈگۈنكى كېچىنىڭ خاتىرىسى قىلىپ ساقلاپ قويايلى:

ئايەم ئىكەن دىلغا مۇھەببەت،
شادلىقىمنىڭ چېكى نەدىدۇر؟
شۇندىن بېرى شۇ بولدى ئادەت،
سەن كۆڭلۈمدە، كۆڭلۈم سەندىدۇر! ...»

بۇ ئەسلىمىلەر شۇ دەقىقىدە بادامگۈلنىڭمۇ، شەۋكەتنىڭمۇ كۆڭلىدىن تەڭلا ئۆتتى ۋە ئۇلارنى خېلى تەمكىن، خاتىرجەم قىلىپ قويدى ...

شەۋكەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، خىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن كۆزلىرى خۇمارلاشقان بادامگۈل ئاسماندىكى كامان شەكىللىك ئايغا قاراپ، شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمگەنىدى. شەۋكەتمۇ ئۇنىڭ يۇمشاق، بۇجغۇر چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، سۆيگۈ لەززىتىدىن جىمجىت بەھرە ئېلىۋاتاتتى. بادامگۈلنىڭ چاچلىرىدىن بىر خىل پاكلىق ۋە مۇلايىملىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— مەن بىر ماتېرىيالدا كۆردۈم، — دېدى شەۋكەت ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — چېچى ئىنچىكە، يۇمشاق قىزلارنىڭ تەبىئىتى مۇلايىم، مىجەزى ياخشى بولىدىكەن، مانا قاراڭ، سىزنىڭ چېچىڭىز نېمىدېگەن يۇمشاق، نېمىدېگەن تال - تال ...

— سىزنىڭچۇ؟ — دەپ شەۋكەتنىڭمۇ چاچلىرىنى سىلىدى بادام-

گۈل، — سىزنىڭ چېچىڭىز نېمىدېگەن قويۇق، يىرىك - ھە ؟ بۇنداق چېچى بار ئادەم قانداق بولىدىكەن ؟ ھەرقاچان كۈندىلىكى قاتتىق، گۇمانخور بولىدىغۇ دەيمەن ...، — بادامگۈل شۇنداق دېدى - دە، خۇددى بوز تورغايدەك قىقىنداپ، بەكمۇ ساز ۋە يېقىملىق كۈلدى. شەۋكەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى ۋە :

— مەندەك چېچى بار ئادەملەر ھەرىكەتچان، ساغلام كېلىدۇ! — دېگەچ ئۇنى غۇلاچ كېرىپ، ئاۋايلاپ، لېكىن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىدى. بادامگۈل ئۇنىڭ چوغ تەپتىدەك سۆيگۈ ئوتى يېنىپ تۇرغان ئىسسىق، ئىللىق باغرىدا ئۆزىنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى. ئۇزاق ھەم تاتلىق سۆيۈشۈشتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىھوشلىنىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، يالتىراپ كەتتى ...

— بولدى، ئەمدى قايتايلى ...، — دېدى بادامگۈل شەۋكەتنىڭ باغرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، — بەك كەچ قالسام ياتاقتىكى قىزلار سۆز - چۆچەك قىلىدۇ، — ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە يانچۇقىدىن كۆك مەخمەل تاشلىق كىچىك ھەم چىرايلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆز قولى بىلەن يازغان تەقدىم سۆزى بىلەن ئىككى سۇگلۇق يېرىم گەۋدە سۈرىتى بار ئىدى، ئۇ خاتىرىسىنى بېرىۋېتىپ داۋام قىلدى، — شەۋكەت، بۇ كىچىككىنە ئەرزىمەس نەرسە سىزگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنىڭ ئىزھارى بولۇپ قالسۇن، يول بويى سىزگە سۆيگۈ - مۇھەببىتىم ھەمراھ بولغاي ...

ئايرىلىش ئالدىدىكى ھاياجاندىن بولسا كېرەك، بادامگۈلنىڭ ئاۋازى خۇددى دەز چىنىدەك جىغىلداپ كەتتى. شەۋكەت خاتىرىنى قولغا ئالدى، ھۆرمەت بىلەن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئاستا ئاغزىغا ئاپىرىپ، لېۋىگە ئۇزاق باستى ! ...

سىرلىق، قىسقا دەقىقىلەر تېز ئۆتۈپ كەتتى، شەۋكەت بىلەن بادامگۈل ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي تەسلىكتە ئارقىغا قايتتى، تېخىمۇ چىڭ قولتۇقلىشىپ، ياتاقنىڭ ئالدىغىچە يەنە قىزغىن پاراڭ بىلەن كەلدى. شەۋكەت ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ ۋە ئۇزاق

قىسىپ :

— خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ! — دېدى ھاياجانلىق ئاۋازدا.

بادامگۈلمۇ قولىنى ئاستا سۇغۇرۇپ پىچىرلىدى :

— سەپىرىڭىزگە ئاقىۋل بولسۇن، تۇغقانلارغا مەندىن سالام دەڭ!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ياتاققا كىتىۋېتىپ ئارقىسىغا قايرىلدى ۋە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى.

## 2

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئېلان تاختىسىغا بۇ-گۈن ئەتىگەندىلا فاكۇلتېت ئىشخانىسى تەرىپىدىن : «نۆۋەت بويىچە پوستەك يىغىش ۋەزىپىسى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، 64 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كەلدى. بىر ئادەمنىڭ نورمىسى بەش جىڭ، ھەممەيلەن تولۇق قاتنىشىشى شەرت!» دېگەن ئۇقتۇرۇش چى-قىرىلغانىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا پوستەك نورمىسىنىڭ بەك يۇ-قىرى بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە نارازى پى-كىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلىرى « سەلەي قاشاڭ » دەپ چاقىرىدىغان، ئۆزىمۇ بۇ ئىسمغا كۆنۈپ قالغان ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى سەل ـ پەل قىسىق، ئەمما ناھايىتى چېچەن، كۆپمە يۈز، زۇۋاندار بىر ئوقۇغۇچى ياندىكى تاماق ئۈستىلىدە ھەممىدىن ئې-گىز ۋە يوغان تۇرغان بىرىنى توۋلاپ گەپ قىلدى :

— ھەي غۇلام، پىس ـ پىس ـ پىس، ياخشىمۇسىز ! سىز كلاسكوم تۇرۇپ، بەش جىڭدىن پوستەك يىغىسىلەر دېسە، خوش دەپ قول باغلاپ تۇردىڭىزمۇ؟ راستلا مۆرىمەس تورپاق ئىكەنسىز! ...

بۇ گەپ بىلەن باشقىلارمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن غۇدۇراشتى :

— شۇ ئەمەسمۇ، ئىككى ئېغىز گەپنى جەردا قىلسا، كلاسكوملۇق-

تىن ئىبلىۋېتەرمۇ ئۇنى!
— نەدە تۇرۇپتۇ ئۇنچىلىك كۆپ پوستەك ؟ نەچچە كۈندىن بېرى بىزمۇ، ئات - ئۇلاغلارمۇ تالىشىپ يەۋاتىمىدۇق!
— غۇلام ئۆزى بەش جىلىك يىغىپ، ئۇلگە تىكلەپ باقسۇن !
غۇلام بۇ تەنە - تەئەددىلەرگە ئاچچىقلاپ كەتمىدى، ئۇ مىجەزى ئىبغىر، ئاز گەپ قىلىپ، كۆپرەك ئىشلەيدىغان، قەددى - قامىتىمۇ خۇددى مىجەزىگە ماسلاشقاندەك قوپالراق، تەتۈر ئۇستىخان يىگىت ئىدى. سەلەيىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، دادىسى ئۇنى پالتا - كەكە بىلەنلا يونۇپ ياسىغان، زادىلا رەندە سالمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا يەنە شۇ سەلەيىنىڭ ئۆزى « تورپاق » دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغانىدى.
— مەن نېمە دەيتتىم؟ — دېدى غۇلام مۇرىسىنى قىسىپ، — تۇراق بىلەن قۇتلۇق دوختۇرخانىدا ياتىدۇ، شەۋكەت يۇرتقا كەتتى، ئاتىكەم بىلەن مەتكېرەم مەتقاسىم تۆنۈگۈندىن بېرى يەنە شۇ ئوزۇۋق-لۇق يېتىشمەسلىك بىلەن ئىششىپ قاپتۇ. ئۇ كېسەل، بۇ كېسەل، ئۇ ئىش، بۇ ئىش بىلەن يەتتە ئادەم چىقالمايدىكەن، ئۇلار چىقمىغان بى-لەن ۋەزىپىسى تۆمۈر دەپتەرگە پۈتۈكلۈك تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىبغىرىنى بىز كۆتۈرمىسەك، كىم كۆتۈرىدۇ؟
بۇ گەپ بىلەن بايا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، غۇدۇراشقانلار سەل پەس-كويغا چۈشتى، ئەمما تەشكىلنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلمىغان-لىقىدىن يەنىلا ئاغرىندى :
— ئىبغىرچىلىقتىن، جاپادىن قورقۇۋاتقىنىمىز يوق، گەپ شۇنچى-لىك پوستەكنى نەدىن يىغىمىز؟
— شۇ ئەمەسمۇ ؟ ۋەزىپە بەلگىلىگەنلەر كۆرمەپتۇمۇ !؟ يېقىن ئەتراپتىكى قارىياغاچلارنىڭ ھەممىسى قېقىلىپ - سىيرىلىپ سوقا - سالتاڭ بولۇپ قالدى ! ...
دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە، يېقىن ئەتراپتىن بىر ئادەمنىڭ بەش جىلىك پوستەك يىغىمىقى خېلى مۇشكۈل ئىش ئىدى، ئۇنى يالغۇز ئىبچىرقاپ كەتكەن ئات - كالىلارلا ئەمەس، بەلكى ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق

قارا قاغىدەك تۈركۈم - تۈركۈملەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان ئادەملەر-مۇ قېقىپ - سىيرىپ تۈگىتىۋەتكەندى ...

شۇ ئەسنادا، بىر ئاشپەز تاماق تارقىتىش تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، «داسلىرىڭلارنى ئەكېلىڭلار، ئاشقان ئۇماچنى تارقىتىمىز!» دەپ توۋلاپ قالدى. تاماقخانا ئىچى دەرھال ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى، بەزىلەر يوغان داسنى، بەزىلەر قاچىسىنى كۆتۈرۈپ، تاماق تارقىتىش تۆشۈكىگە قاراپ دەۋرەپ كەلدى، بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتىكى تۆشۈكنىڭ ئالدى بىردەمدىلا قاينام - تاشقىنلىق بازارغا ئايلاندى، لېكىن بۇ ئادەتتىكى بازار ئەمەس، بەلكى بىر توپ ئاچ قورساقلار بىر يەرگە يىغىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قول سوزۇپ، بىرنەچچە ساپلىق قۇرۇق ئۇماچنى جان - جەھلى بىلەن تالىشىۋاتقان قىيا - چىيالىق مالىمان ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇلار گويا جەننەتكە كىرىشنى تالىشىپ ئالدىراۋاتقان يات، بېگانە ئادەملەردەك، قوپاللىق بىلەن بىر - بىرىنى ئىتتىرەتتى، بىر - بىرىنى قىستىشاتتى، ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ ئاشۇ كىچىككىنە تۆشۈككە ئىنتىلەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى داس، قاچىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان داراڭ - دۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن «نېرى تۇر، ھەي! قىستىما دەيمەن، ماڭا ئازراق ...» دېگەندەك بىر - بىرىدىن ياڭراق، بىر - بىرىدىن ساز ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى قاقشاتقۇدەك بىر خىل يېقىمسىز ئومۇمخور شەكىللەنگەندى. ئەڭ قىزىقى، بىر - بىرىنى قىستاپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چاپان، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئارقىسى داس، قاچىلاردىكى ئۇماچنىڭ يۇقى بىلەن بۇلغىنىپ، بەئەينى ئېلان چاپلاش ئۈچۈن شىلىم سۈركەپ قويغان تامغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇماچقا يېپىشىپ پوستەك سىيلىنغاچقا، بەزىدە بۇ تام يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا دۇنيا خەرىتىسى ئېپسىلغاندەك رەڭدار كۆرۈنەتتى ...

ئېشىپ قالغان ئۇماچ تۆشۈك ئالدىغا توپلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىدى. ئالغانلىرى خۇشال ئىدى، ئالالمىغانلىرى غۇ-

دۇراپ كىملەرنىدۇر تىللايتتى، تۆشۈك ئالدىدىكى توپ ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغاندا، تۇيۇقسىز بىر ماجىرا چىقىپ كەتتى. فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسا كېرەك، جۇغى كىچىك، ئورۇققىنە كەلگەن بىر سى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەسلىكتە ئېرىشكەن ئازراق ئۇ-ماچنى كۆتۈرۈپ، تۆشۈك يېنىدىن ئەمدىلا قايرىلىپ مېڭىشىغا، ئۇنىڭ ئارقىدا ئۇماچ يەتمىگەنلىكتىن جىلە بولۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ تۇرغان يوغان باش جان ئاچچىقىدا قولىدىكى قەلەي قاچىنى ھېلىقى بالىنىڭ دېسىغا تىقتى ـ دە، يېرىم قاچا ئۇماچنى كۈرەپ ئالدى ۋە ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك چالۋاقىدى:

— سەن مىتىرىق بايا مېنى قىستاپ چەتكە چىقىرىۋەتمىگەن بول-ساڭ، بۇ ئۇماچنىڭ ھەممىسى ماڭا تېگەتتى! ...

ئورۇق بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ قالدى:

— سەن! ... سەن ... بۇ نېمە قىلغىنىڭ! ... ئەمدى مەن بۇنى ساۋاقداشلىرىمغا قانداق يەتكۈزىمەن!؟...

يوغان باش پەرۋاسىزلا ئاغزىنى بۇزدى:

— چۆمۈچلەپ يەتكۈزەلمىسەڭ، قوشۇقلاپ يەتكۈز، ئىشقىلىپ مەن ئۆزۈمنىڭ نېسىۋىسىنى ئالدىم...

ئورۇق بالىنىڭ تۇرۇپلا ئاچچىقى كېلىپ قالدى، كۆزلىرى قىسىل-لىپ، بۇرۇن پەررەكلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— سېنىڭ نېسىۋەڭ مېنىڭ دېسىمدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — تازىمۇ بىر ئەخلاقسىز، بۇلاڭچىكەنسەن! ...

ئاچ قورساق ئادەم جىلىخور بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن يوغان باشنىڭمۇ جۇدۇنى تۇتتى:

— بۇلاڭچى!؟ قورساق تويماي، نەگە ئۇسۇشنى بىلمەي تۇرغاندا ئەجەب گەپنى قىلىسىنا!؟ مانا بۇلاڭچى دېگەن، ئەكە! — يوغان باش سول قولىدا ئۆزىنىڭ قاچىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئو-رۇق بالىنىڭ قولىدىكى داسنى كۈچەپ تارتقۇشلىدى، لېكىن ئورۇق بالىمۇ پاتاڭدەك قوللىرى بىلەن داسنىڭ گىرۋىكىنى چىڭ قاماللاپ

ئۈنىڭغا بەرمىدى، يوغان باش داسنى يەنە بىر قېتىم كۆچەپ تارتىپ،
ئارقىدىن « مانا ئەمىسە » دەپلا قويۇپ بېرىۋىدى، ئورۇق بالا ئارقىغا
سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلدى ۋە داستىكى ئۈماچ يۈز ـ كۆز،
ئۈستۈاشلىرىغا تۆكۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جېدەل ئاۋۇدى، ئورۇق بالى-
نىڭ قولىدىكى ئۈماچقا ئىشتىھا ساقلاپ تۇرغان بىرنەچچە ساۋاقداش-
لىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىردىنلا غەزەپلەندى ـ دە، يوغان باشقا
قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. بۇ چاغدا يوغان باشنىڭمۇ بىرنەچچە دوست
ـ بۇرادەرلىرى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئىككى تەرىپىدە تەييار بولغانى-
دى. ئەگەر شۇ چاغدا ئالدىغا ئاق پەشتاما تارتىۋالغان، گۆرەنلىك،
پالۋان قامەت بىر ئاشپەز سېپى ئۆزۈن، يوغان بىر چۆمۈچنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىپ: «كىمدە ـ كىم ئاشخانىدا جېدەل چىقارسا، مۇشۇ چۆ-
مۈچنى بېشىغا كىيگۈزۈپ قويىمەن!...» دەپ پوپوزا قىلمىغان بولسا،
بەلكى چۆجە خورازلاردەك ھۆرپىيىپ، بازلىشىپ تۇرغان ھېلىقى ئىك-
كى تەرەپ راسا بىر قەپەس ئېلىشقان بولاتتى...
ئاشپەزنىڭ ھەيۋىسى بىلەن جېدەل تېزلا بېسىقتى، بۇ ئىشلارغا
خېلىدىن بېرى يىراقتىن قاراپ تۇرغان ئاقنىياز چوڭقۇر بىر ئىچكى
ئازاب بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ بايىقى ئىككى ئوقۇ-
غۇچىنى تونۇمايتتى، تونۇمىسىمۇ، ئەگەر يوغان باش باشقا بىر ئىش
تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق ئوشۇقچىلىق قىلغان بولسا، ئاقنىياز بۇنىڭغا
ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمىغان، بەلكى ئىككى تاقلاپ بېرىپ، يوغان
باشنىڭ ئازراق نوخلىسىنى ئېلىپ قويغان بولاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇ،
ئۇنداق قىلمىدى، كۆڭلىدە ھەر ئىككىسىگە ئەيىب قويالمىدى، ئاچلىق
ئۇلارنى ئاشۇ ھالغا ـــ ئاشۇنداق قوپال، تەلۋە ۋە جېدەلخور ھالغا
كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئورۇق بالىغىمۇ، يوغان باشقىمۇ
ئوخشاشلا ھېسداشلىق قىلدى. چۈنكى ئازراق ئۈماچنى دەپ ياقا سى-
قىشقان ئاشۇ ئىككى ئوقۇغۇچىمۇ، ئۇلارغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان
ئاقنىيازنىڭ ئۆزىمۇ، بايا بەش جىڭ پوستەك ۋەزىپىسى ئۈچۈن بىر-
مۇنچە غۇدۇراشقان ساۋاقداشلىرىمۇ شۇ كۈنلەردە، ئوخشاشلا ئېغىر

كۇنلەرنى بىشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، ئۇلار قاتتىق بوران ـ چاپقۇنلار-
غا دۇچ كەلگەن يېڭى بىر تارىخي دەۋرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇراتتى، بۇ
يېڭى دەۋر ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى،
قىسقىسى، ھاياتلىق ئىقتىدارىنى سىناۋاتاتتى. بۇ سىناق ھەقىقەتەنمۇ
ئېغىر ۋە شەپقەتسىز ئىدى. بۇنىڭدا قانائەتكە، شۈكۈرگە، ئىرادە ۋە
جاسارەتكە تايانغاندىن باشقا، يەنە بايىقىدەك ئېلىشىشقا، تىركىشىشكە،
شۇ ئارقىلىق جاننى قوغداشقا توغرا كېلەتتى، بولمىسا سىناقتا ئاسانلا
بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىختىيارسىز سەپتىن چۈشۈپ، بۇنداق ئالىي
بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، ئىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالات-
تى! ھېلىمۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمەي سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار،
بىلىم ئېلىشتىن مەھرۇم قالغانلار ئازمۇ ؟! ئاقنىيازنىڭ سىنىپىدىنلا
ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئون ئۈچ ئوقۇغۇچى خۇددى جىن ئېلىپ قاچ-
قاندەكلا غايىب بولۇپ كەتمىدىمۇ!؟ ئۇلارنىڭ بەزىسى قىشلىق تە-
تىلدە، بەزىسى يازلىق تەتىلدە يۇرتقا كېتىپلا قايتىپ كەلمىدى، بەزد-
سى بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتى... شۇنداق قىلىپ، يېڭى دەرس
باشلانغان بىرىنچى يىلىدىكى ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن ھازىر ئوتتۇز يەت-
تىسى قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك تېخى تۇرغۇنمۇ كېتىمەن
دەۋاتمامدۇ ؟ ئاھ، خۇدا! بۇ سىناقنىڭ چېكى نەدىدۇر ؟ ئۇنىڭدىن
كىملەر ئۆتۈپ، كىملەر قالار!...

ئاقنىيازنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى، دەماللىقتا ئۇنىڭ تې-
گىگە يېتىش تەستەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن
ئاچچىقلىنىش، خىيال سۈرۈش ۋە ئويغا پېتىش بىلەن ئەمەس، پەقەت
كىتاب ئوقۇش ۋە ھەرىكەت بىلەن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ، ئەتراپىتىكى ساۋاقداشلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاغىنىلەر، غەيرەت قىلساق بەش جىلك پوستەكنى يىغىپ كې-
تەرمىز، كۆپرەك يىغساق، كۆپرەك يەيدىغان گەپ ! بۇ كۈنلەردە ئۆ-
زىمىزنىڭ غېمىنى ئۆزىمىز قىلمىساق بولامدۇ!؟

ئاقنىيازغىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى سوئال چۈشتى :

— قانداق يېغىمىز؟
— نەدىن يېغىمىز؟
ئاقنىياز بايا كۆڭلىگە پۈككەن پىلانىنى ئېيتتى:
— مېنىڭچە، بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىشنى قويايلى، بالدۇرراق ھەرىكەتلىنىپ، بىر قىسمىمىز ئۈلانباي تەرەپكە، بىر قىسمىمىز مۇتەللىپجاننىڭ قارىياغاچلىقى تەرەپكە چىقايلى، سىزنىڭچە قانداق غۇلام؟
— بولىدۇ، — دېدى كلاسكوم غۇلام ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — ئەڭ ياخشىسى، ھەممىمىز ئۈلانباي تەرەپكە چىقايلى، ئەتىگەن ئاڭلىشىمچە مۇتەللىپجاننىڭ قارىياغاچلىقىغا ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى چىققۇدەكمىش!
— بولدى، ھەممىمىز خۇرجۇن - خالتىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئۈلانباي تەرەپكە مارش! — دېدى سەلەي قاشاڭ ئاقنىيازنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن بىرئاز تەسىرلىنىپ، — ئۈلانباينىڭ باغرى كەڭ، ھەممىمىزنىڭ رىزقى تېپىلىپ قالار!
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سىنىپ بويىچە ئۈلانباي تەرەپكە چىقىشنى، كەچلىك تاماققىچە ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ قايتىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ، تېزلا يولغا چىقىشتى. ھەممەيلەننىڭ قولىدا خالتا، سومكا، سېتكا دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىش بىلەنلا تەبىئىي ھالدا كۆڭلى تارتقان، ئېپى كېلىشكەنلەر ئۈچتىن، تۆتتىن غۇژمەك بولۇشۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭلىشىپ ماڭدى.
ئاقنىياز يەنە شۇ قەدىناس دوستلىرى تۇرغۇن ۋە زايىت بىلەن بىللە ئىدى. بۈگۈن ئۇلارغا يېڭىدىن سەلەي قاشاڭ قوشۇلغانىدى. ئاقنىياز ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئۈلانبايغا بارا - بارمايلا خېلى كەڭ ۋە قويۇق دەرەخزارلىققا دۇچ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قارىياغاچلارمۇ كۆپ ئىدى، سۈيى قاچمىغان ياش نوتا - شاخلاردا پوستەكلەر غۇچچىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى... قورسىقىدا چۈشتە ئىچكەن بىر ئاپقۇر ئۇماچتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغان بۇ ئاچ قورساقلار

كەچلىك قورساقنىڭ غېمىدە يەنە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىدى!...

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئون يىلدىن كېيىن، تۇنجى قېتىم مانا شۇ تولۇق كۇرسلۇق ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار شۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشنىڭ قىيىن بىر ئىمتىھانىغا دۇچ كەلگەنىدى. بۇ ئىمتىھان باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئاشۇ ئاچلىق ئازابى ئىدى. بۇ ئازاب بەزىلەرنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈپ، بىر سۆگەك، بىر تېرە قىلىپ قويدى، بەزىلەرنى بولسا كۆپتەك ئىششىتىپ، ئاياغقا تۇرالماس قىلىپ قويدى، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھەمىشە كۈتۈرەڭگۈ، خۇش چاقچاق يۈرىدىغان سەلەي قاشاگمۇ ھازىر شۈمشەرەپ، قىزىق ـ قىزىق لەتىپە ـ چاقچاقلارغىمۇ ئاغزى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بەزى كۈنلىرى ئۆزىنى ـ ئۆزى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ: «ئاھ خۇدا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىپ بىر چىنە ناۋات چاي بىلەن بىر كاكچا نان بەرسەڭ، ساڭا ۋەدە بېرەتتىمكى، ئۇنىڭ تەمىنى كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئون كۈنگىچە ئېغىز چايقىمايتتىم!» دەپ نالە قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ بىرەر سائەتلىك جىددىي ئىشتىن كېيىن ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، ئاغىنىلىرىگە يەنە شۇ نان ۋە قورساقنىڭ گېپىنى قىلىشقا باشلىدى:

—— مەن دەيمەن ئاغىنىلەر، ئۆز زامانىسىدا رىملىقلارغا قارشى چۆلگە توپلانغان بەش مىڭ يەھۇدىينى ئەيسا پەيغەمبەر بەش نان، ئىككى بېلىق بىلەن تويغۇزۇپ، ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپتىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ ئەيسادەك ئاشۇنداق كارامەتلىك بىرسى چىقىپ قالسا، بىزنىمۇ بۇ ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

—— شۇنى دېگىنە!—— دېدى تۇرغۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، —— لېكىن ئۇ بىر رىۋايەت، بىز بولساق، نەق رېئاللىقنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىز. ئەگەر خۇدا ئادىل بولسا، بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرسە بولاتتى، لېكىن بۇ كۈنلەرنىڭ ھېچ ئاخىرى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، ئاچلىق

دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈشى ئوخشايدۇ!...

بۇ گەپ ئاقنىيازغا ئانچە ياقمىدى، تۇرغۇننىڭ شۇنچە ئۈمىدسىز، چۈشكۈن بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ ئىلھام، مەدەت بېرىش ئۈچۈن گەپنى ئەگىتىپ مۇنداق دېدى :

— كىم بىلىدۇ ئاغىنىلەر، بېشىمىزدىن ئۆتۈۋاتقان مۇشۇ ئېغىر كۈنلەر بىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق، جاسارەتلىك، قەيسەر قىلىپ چىدىغاندەك قىلىمەن : باياشات، غەمسىز، پاراغەتلىك تۇرمۇش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ، ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغانسېرى، ئادەم تېنىنىڭ تەبىئەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى شۇنچە ناچارلىشىدۇ! مېنىڭچە، بۇ گەپ مەيلى فىزىئولوگىيە، مەيلى پسىخىكا جەھەتتىن بولسۇن توغرىدەك قىلىدۇ!

ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە كونا چىگرىن سومكىغا قاچىلانغان پوستەكلەرنى قولى بىلەن دەڭسەپ ئولتۇرغان زايىت بۇ گەپكە دەرھال قوشۇلدى :

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، بۇ قىيىنچىلىقلار بەلكىم بىز ئۈچۈن ئىرادە تاۋلايدىغان، جاسارەت يېتىشتۈرىدىغان، مەنىۋى بايلىق توپلايدىغان ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

سەلەي بۇ گەپلەرنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىغانلىقىنى قىسقىلا چاقچاق بىلەن ئىپادە قىلدى :

— پاھ ـ پاھ !... نېمىدېگەن ئۇلۇغ پىكىر، نېمىدېگەن يۈكسەك قاراش ـ ھە!؟ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورسىقىم بىر جاۋۇر داغ سۇ ئىچكەندەك تويۇپ قالدى!...

تۇرغۇنمۇ پىسەنت قىلمىغاندەك غۇدۇراپ قويدى :

— ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن شۇنداق دېمەي نېمە چارە ! AQ مۇ ئەجنەبىي شەيتانغا شۇنداق دېگەن!...

پاراڭ تەبىئىي شۇ يەردە توختاپ قالدى، بۇ كۈنلەردە بۇنداق گەپلەرنىڭ ئايىغى چىقمايدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. ھەر كىم ئۆز قانائىتى، ئۆز ئىرادىسى، ئۆز ئەقىدىسى ۋە ئۆز پىكرى بىلەن ياشايتتى، گەپ بىلەن بىر - بىرىنى قايىل قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەنە ئىشقا كىرىشتى، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئاز قالغانىدى...

سۆگەت ياغىچىدىن ئەپچىل ئىلمەك ياسىۋالغان ئاقنىياز قارىياغاچنىڭ ئادەم قولى يەتمەيدىغان خېلى - خېلى ئېگىز شاخلىرىنىمۇ قايرىپ ئېگىپ، يۇمران نوتىلاردا تىزىقتەك غۇچ - غۇچ تۇرۇپ كەتكەن پوستەكلەرنى يوغان پەنجىلىك قوللىرى بىلەن ۋاشىلدىتىپ سىيرىيتتى. سەلەي قاشاڭ بىلەن تۇرغۇن بىر تۈپ كاداڭ قارىياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى، ئۇلار قوش قوللاپ سىيرىغان پوستەكلەرنى ھەدەپ قويىنىغا تىقاتتى. كۆڭلەكلىرى كۆپۈپ، بەئەينى سامان تىققان تەكىيدەك يوغىناپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا سەلەي قاشاڭ دەرەخنىڭ بىر ئاچىمىقىغا مىنىۋېلىپ، ھەممەيلەننى تۇۋلاپ ئۆزىگە قاراتتى:

— پىس - پىس - پىس، ياخشىمۇسىز ئاغىنىلەر، ماڭا قاراڭلار، پېقىرغا ھازىر شۇنداق تېز ۋە ئۇلۇغ بىر ئىلھام كەلدىكى، ئۆزۈمنى باسالماي دەرەختىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قېلىۋاتىمەن، تىنىچ، مەن ئۇنى دەرھال ئوقۇۋېتەي، — ئۇ ئاۋازىنى رىتىمغا كەلتۈرۈپ، قوللىرىنى ھەرەڭ - سەرەڭ پۇلاڭلىتىپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

پوستەك، پوستەك،
ئاھ، يېشىل پوستەك.
ياپراقلىرىڭ ئاش بولدى،
قۇرتلىرىڭ سېمىز گۆش.
سەن بولمىساڭ ئۇلانبايدا،
ياق بۇ تەبىئەتتە —
بىزنىڭ بۇ ئاچ،

ئاھ، بىچارە قورساقلار
قانداق قىلاتتى —
ئاھ، جېنىم دوستەك!...

— قانداق، ماياكوۋىسكىنىڭ چاچمىلىرىغا ئوخشاپتۇمۇ؟

— قالتىس - قالتىس! — دېدى زايىت مەنىستىمىگەندەك ئۈزۈك - ئۈزۈك چاۋاك ئۇرۇپ، — ئەسلىدە شېئىر دېگەننى سەن يازساڭ بولىدىكەن قاشاڭ! دەرەخ ئۈستىدە تۇرساڭمۇ ئىلھامىڭ كېلىۋېرىدىكەن!

— شۇنداق، ماڭا دەرەخ ئۈستىدىمۇ ئىلھام كېلىۋېرىدۇ، — دېدى سەلەيمۇ بوش كەلمەي، — ھەرھالدا بۇ قىغ ئۈستىدە كەلگەن ئىلھامدىن پاكىزرەك بولىدۇ - دە!...

تۇرغۇن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، سەلەي ئۆزى شېئىر يازالمىسىمۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا چىققان شېئىرلىرىنى ئاسانلىقچە ياراتمايتتى، ئۇ بىرلا ئاقنىيازغا قايىل ئىدى، زايىتنى بولسا «ئوغۇت شائىرى» دەيتتى. ئەمما بۇ گەپنى ھازىرغىچە ئاغزىدىن چىقارماي كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، مانا بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە مۆرىتى كېلىۋىدى، كۆڭلىدىكى شۇ گەپنىڭ بىر قىسمىنىلا ئېيتىپ سالدى. زايىت بۇنى چۈشەندىمۇ - چۈشەنمىدىمۇ بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى، سەلەي يەنە شۇ بايىقى ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاقنىياز، زايىت، سىلەر شائىرغۇ، رېئالىستلارغۇ؟ مۇشۇنداق ئاكتىۋال تېمىلاردا شېئىر يازماي، نېمە يازىسىلەر؟ مەن سىلەرگە بۈگۈنكى ئەمەلىي تەسىراتىم بىلەن بىر تېما تەقدىم قىلاي: «پوستەك ناخشىسى!» قانداق؟

— توغرا، بۈنىڭدىن ياخشى شېئىر چىقىدۇ، — دېدى ئاقنىياز خىيالچان ھالدا، — بىزنى تەبىئەت ياراتتى، يەنە شۇ تەبىئەت بېقىۋاتىدۇ. تەبىئەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ، سېخىي، نۇقسانسىز مەۋجۇدات! ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىنى ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مېھىر - مۇھەببىتى

بىلەن ياشارتىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ، شادلاندۇرىدۇ! ئىنسان ۋە تەبىئەت بىزنىڭ ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك تېمىمىز!

كەچكى شەپەق يىراقتىكى ئۇپۇق گۈمبىزىگە خۇددى ئالتۇن رەڭ بىلەن كەشتە چەككەندەك چىرايلىق، نۇرلۇق ۋە كۆركەم مەنزىرە پەيدا قىلغان بىر ۋاقىتتا، تۆت دوست پوستەك بىلەن تومپايغان خالتا، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مەكتەپكە قايتماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھارغان، ئاچقان، ئېغىزلىرىمۇ قۇرۇپ، كاللىلىرى گەز باغلىغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى ئۇستۇن، كەيپى چاغ ئىدى ، چۈنكى ئۇلار ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغان، بەزىلەر ھەتتا ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار دەرەخزارلىق ئىچىدە ئېرىق بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدى ۋە كۆپ ئۆتمەي چوڭ يولغا چىقتى، چوڭ يولدا ئۇلار بادامگۈل بىلەن غۇنچەقىزنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئىككىسى بىر خالتا پوستەكنىڭ ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ، خۇددى كەكلىكنىڭ يورغىسىدەك تېز، ئەمما ئۇششاق قەدەملەر بىلەن كېتىشىۋاتاتتى. زايىت بادامگۈلنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى :

— بادامگۈل، ھېرىپ قالغانسىز، ئەكېلىڭ، خالتىنى مەن كۆتۈرەي!

— رەھمەت، ھارمىدىم، — دېدى بادامگۈل سىپايە ئاۋازدا، — ئۆزۈم كۆتۈرىمەن. سەلەي قاشاڭ قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، غۇنچەقىزغا چاقچاق قىلدى :

— پىس - پىس - پىس، ياخشىمۇسىز، خېنىم! ئۆزىڭىزمۇ چىقىپ قاپسىز، كىمنى پاناھ تارتىپ چىققانسىز خېنىم؟

غۇنچەقىز قاش - كۆزىنى سۈزۈپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، ئاقنىيازنىڭ سۆزى ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلۈۋەتتى.

— راست ، سىزمۇ چىقىپسىز...

ئاقنىياز بىرمۇنچە گەپنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، لېكىن ھودۇقۇشتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئىشقىلىپ خىيالى چېچىلىپ، گېپىنى ئېيتالماي قالدى. شۇ كۈنلەردە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ غۇنچەقىزنى كۆر-

سىلا بەدىنى لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيگەندەك بولاتتى، ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئەسلى- ۋەسلىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى.

— مەن چىقمىسام بولامدۇ، ئاقنىياز؟ قارىڭە، بۇنىڭ ماۋۇ نازۇك بارماقلىرىغا، — دېدى غۇنچەقىز بادامگۈلنىڭ قولىنى ئىشارە قىلىپ، — مۇشۇ بارماقلار بىلەن ئۇ تېخى تۆت سائەتتە بەش جىڭ پوستەك يىغامدۇ؟ سىلەرنىڭمۇ باغرىڭلار تاش ئىكەن!...

غۇنچەقىزنىڭ ئەۋرىشىم بويى ناز بىلەن تەۋرەندى، چاقماق كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ كۈلۈمسىرىدى. ئاقنىياز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ كۆزلەردە بىر خىل سېھرىي كۈچ، تىكىلىپ قارىسا كۆڭۈلنى ئىللىتىدىغان كۈچلۈك هارارەت باردەك قىلاتتى. مانا شۇ سېھرىي كۈچ بىلەن مانا شۇ هارارەت ئۆتكەنكى «ئۆزىنىش زىياپىتى» دىن بۇيان ئاقنىيازنى سېھىرلەپ، كۆيدۈرۈپ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيدىغان هالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن ئۇ بۇنى ئاشكارىلاشقا، بىرەرسىگە سەزدۈرۈپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇ، غۇنچەقىزنىڭ سۆيگۈنى بارلىقىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ يۇرۇۋاتقان قەدىناس يىگىتى سۇلتانىنىڭ هازىر ئۆزبېكىستاندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇ هالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىر جۈپ مۇهەببەتداشنىڭ ئارىسىغا خۇددى سۇغۇردەك قىستىلىپ كىرىپ، ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، لېكىن قانداقتۇر چەك - چېگرا، قائىدە - يوسۇن دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، ئادەمنىڭ ئىرادە ۋە تەسەۋۋۇرىدىن هالقىپ كېتىدىغان مۇهەببەت ئاتلىق بۇ بەگۋاش، هۆكۈمران تۇيغۇ هامان ئۇنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت ئىدى، شۇ تۇيغۇ ۋە شۇ هېسسىيات ئۆزىنىڭ غايىبانە رىشتى بىلەن ئۇنىڭ هەربىر هۈجەيرىلىرىنى چىرمىۋالغانىدى. بۇ غايىبانە رىشتە هەمىشە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل يوشۇرۇن ۋە لەززەتلىك راهەت سېزىمى قوزغاپ تۇراتتى...

— ئۇنچە دەپ كەتمەڭ، غۇنچەقىز، — دېدى زايىت يەنە گەپكە قىستۇرۇلۇپ، — ناۋادا بادامگۈل ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان بولسا،

مانا مەن ئۆزۈم يىغقان پوستەكنى بېرىۋېتەتتىم...

— تايىنلىق زايىت! — دېدى غۇنچەقىز ئاغزىنى پۈرۈپ، — بىز-نىڭ قولىمىزدىكى ماۋۇ خالتا بولمىغان بولسا، ھەرگىزمۇ ئۇ گەپ سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن چىقمايتتى! سىلەر يىگىتلەر ئەزەلدىن ياغلىما گەپكە ئۇستا، شۇڭا مەن دوستۇمنى يەرگە قاراپ قالمىسۇن، دەپ چۈشتىن كېيىنكى كونسۇلتاتسىيىنى تاشلاپ، بىللە چىقتىم.

بۇنداق ئايىغى چىقماس گەپلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تۇرغۇن بادامگۈلدىن سورىدى:

— شەۋكەتتىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— ياق، — دېدى بادامگۈل ئىككى تەرىپىگە قاراپ، — خەۋەر بولسا سىلەر ئاڭلارسىلەر...

— يوقسۇ، بىز ئاڭلايدىغان خەۋەر باشقا، سىز ئاڭلايدىغان خەۋەر باشقا ـ دە! — دېدى زايىت خۇددى كىنايە قىلغاندەك غەلىتە تەلەپ-پۇزدا، — سىزگە بەلكىم ئىشق ـ مۇھەببەت شېئىرلىرى يېزىلغان خەتلەر، يۈرەك سۆزلىرى ئىپادىلەنگەن تېلېگراممىلار كەلگەندۇر!...

بادامگۈلنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ، كۆزلىرى ئەلەملىك پارقىراپ كەتتى، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ خېلىلا زىتىغا تەگكەندى. تۇرغۇن ئۆزى باشلىغان گەپنىڭ بادامگۈلگە بۇنداق يوشۇرۇن دىلئازارلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن ئاچچىقى كېلىپ، زايىتنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋېدى، ئۇنىڭدىن سەلەي قاشاڭ چاققان چىقىپ كەتتى:

— پىس ـ پىس ـ پىس ، ياخشىمۇسىز، بادامگۈل! يۈزىڭىز بەك نېپىزكەن سىزنىڭ، لېكىن بىلىپ قويۇڭ، بىزدە ئاچ كۆزلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ بىزەك كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن قېلىنراق يۈز بولمىسا بولمايدۇ، جۇمۇ!

بۇ گەپنىڭ خېلىلا جايىغا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغان غۇنچەقىز كۈلدى، كۈلگەندىمۇ، قاش ـ قاپاقلىرىنى ئوينىتىپ، بەكمۇ ھۆزۈرلىنىپ كۈلدى ...

شۇ ئـەسنادا، ئۇلارغـا يەنە ئۈچ قـىز ئۇچرىـدى، غۇنچەقـىز بىلـەن بادامگۈل قىز ساۋاقداشلىرىغا قوشۇلۇپ، يولنىڭ ئوڭ چېتىگە چىقىـپ كەتتى. ئۇلار مەكتەپكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئـۇچتاشتـىكى دۆڭگـە چىققاندا، مەكتەپنىڭ ئىگىز تۇرخۇنى بىلەن قىزىل بىنا ئوچۇق كـۆز- گە تاشلاندى. قىزلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تۆت يىگىت ئۆز خىيا- لى بىلەن جىمجىت كېلىۋاتاتتى. بـولۇپمۇ ئـاقنىيـاز بۆلەكچـە جىمىـپ كەتكەنىدى، گويا غۇنچەقىز ئۆزى بىلەن بىللە ئۇنىڭ خۇشاللـىقىنـى، شوخلۇقىنى ۋە كۆڭۈل مەيلىنى ئېلىپ كەتـكەندەك خـيالچان، خـا- مۇش، جىمغۇر بولۇۋالغانىدى. تۇرغۇنمۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەلەكچـە- لىكىدە ئويلايتتى، پىلان قۇراتتى، چوت سوقاتتى ... ئارىدىكى جىـم- لىقنى زايىت بۇزدى، كۆڭلىدە ئـىنتايـىن مۇھىم خـەۋەر دەپ بىلگـەن بىر ئىشنى يېنىدىكى دوستلىرىغا بىر خىـل سىرلـىق ئاۋازدا ئېيـتىشقا باشلىدى.

ـــ ئاغىنىلەر، كاتتا بىر كىشىدىن مۇھىم بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قال- دىم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلى ـ چۆچەكتە چەتكە قېچىش ئەھۋالـى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. مەكتىپىمىزدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يۇرتقا بېرىپ، مۇشۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغاد- نىڭ گېپى بار. مەن شەۋكەتتىن ئەنسىرەپ قالدىم ...

ـــ نېمە؟ شەۋكەتنىمۇ چەتكە قاچىدۇ دېمەكچىمۇ سەن ؟! ـــ ئاق- نىياز گەپنىڭ ئاخىرى تۈگە ـ تۈگمەي قايـناپ كەتتـى، ـــ زايـىت، سەن شـەۋكەت بىـلەن ئۈچ يـىللىق قەدىناس ئاغىنە، ئـۇنىڭ قانـداق ئادەملىكى ساڭا ئايان، بۇنداق گەپلەرنى كەلسە ـ كـەلمەس يەرلـەردە دەپ يۈرمە ، بادامگۈل تېخىمۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن! ...

زايىتنىڭ ئالاھىدە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ئېيتقان بـۇ گېپى تـۇر- غۇننىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ زايىتنىڭ كۆڭلىدە كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر غەرەزنىڭ ـــ شەۋكەت بۇ يەردىن يوقالسا بادامگـۈل ماڭا قالىدۇ، دەيدىغان بىر ھارام نىيەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانـدەك ئاچچىق بىلەن دوققىدە مۇنداق دېدى :

— بىز شەۋكەت بىلەن ئۈچ يىل سىرداش، دىلداش، تەقدىرداش بولدۇق. ئۇ كىم « كەھ » دېسە ئۈچۈپ كېتىدىغان ئۇنداق تۇتامسىز، يىلىكى سۇيۇق يىگىتلەردىن ئەمەس!

زايىت ئىككى ئاغىنىسىنىڭ زەردىلىك گېپىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلاندىمۇ قانداق، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، گەپنى ياسىدى. لېكىن كۆڭلىدىكى گۇماننى يەنىلا يوشۇرۇپ قالالمىدى:

— مەنمۇ ئۇنى چەتكە قېچىپتۇ ياكى قاچىدۇ دېمىدىمغۇ! لېكىن سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئۇنىڭ چەتكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى، بولۇپمۇ، رۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىغا بولغان چوقۇنۇشى ناھايىتى كۈچلۈك! بۇنداق ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى پۈرسەت بولسا تەۋرەنمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن شەۋكەت ئۇنداق بولماس!...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەن زايىت! — دېدى ئاقنىياز بىرئاز قىزىشىپ، — بىر ئادەمنىڭ بىلىمگە بولغان قىزىقىشىنى، چوقۇنۇشنى قانداقمۇ ئۇنىڭ چەتكە قېچىشى بىلەن باغلىغىلى بولىدۇ. سېنىڭ مەنتىقەڭ بويىچە بولغاندا، سوۋېت ئەدەبىياتىغا چوقۇنغانلار سوۋېتكە، فرانسۇز ئەدەبىياتىغا چوقۇنغانلار فرانسىيىگە، ئەرەب ئەدەبىياتىغا چوقۇنغانلار ئەرەب دۇنياسىغا ھامان بىر كۈنى قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن ـ دە! بۇ خۇددى «بېشى يوغان بەگ بولىدۇ، قولى يوغان قۇل بولىدۇ » دېگەندەكلا گەپ ئەمەسمۇ، سەنمۇزە ...

— بولدى قويۇڭلار، بولمىغان ئىشنى تالىشىپ ھاماقەتلىك قىلمايلى! — دېدى سەلەي قاشاڭ سالاچىلىق قىلىپ، — گەپ كۆپ بولۇپ كەتسە ئادەمنىڭ قورسىقى بەك تېز ئېچىپ كېتىدىكەن، ئاۋۋال ساق ـ سالامەت ئاشخانىغا بېرىپ، قورساققا ئازراق كالتەچەم سېلىۋالايلى، ئاندىن تالاشساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، شەۋكەت تېخى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمىگەندۇ ؟!

بۇ گەپنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ قالغان تۇرغۇن كېسىپلا دېدى:

— خاتىرجەم بول، ئۇ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ!

— شۇنى دەيمىنا!...، — سەلەي زايىتقا دارىتمىلىغاندەك كۆزىنى

ھەييارلىق بىلەن قىسىپ قويدى.

× × ×

تۇرغۇن ئاخىر كېتىش قارارىغا كەلدى، شەۋكەتنى كۈتۈشكىمۇ كۆنمىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتىدا ئاقنىيازنى چاقىرىپ، مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا باشلاپ كەلدى ۋە خالىي بىر يەردە ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى، ئاقنىياز ئۇنىڭ گەپلىرىنى سەۋر بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ئاداش، تۇرغۇن، يەنە ئازراق چىدىغىن، غۇلىچى تۈگەپ غېرىدچى قالدى، يەنە ئىككى يىل دېگەن قانچىلىك ئىدى، يىگىناغۇچنىڭ ئۆمرىدەك پىررىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىللە كەلدۇق، بىللە كېتەيلى! ...

تۇرغۇن ئۇھسىندى، قولىنى ماڭلىيىغا تىرەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلدى:

ــ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئاداش، زادىلا تۇرغۇم يوق. سىنىپتا ئولتۇرسام، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەمىشە دوسكا، كونسپېكلار ئەمەس، بەلكى دادام بىلەن ئانام توغرا تۇرۇۋالىدۇ، مەن شۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىمەن ...، ــ ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى يەنە بىر راست گېپىنىمۇ ئېيتتى، ــ ئاچلىققا چىدىمىدىم ئاداش، ئاچلىق ئادەمنى چايان چاققاندەك ئازابلايدىكەن! مەن ساڭا قارىغاندا يارىماس، ئىرادىسىز ئىكەنمەن ...

ــ ئۇنداق دېمە، ــ ئاقنىياز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، ــ مەنمۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك كېتىۋاتىمەن، ئاداش! لېكىن بۇ قىيىنچىلىقلارمۇ تېز ئارىدا ئۆتۈپ كېتەر، دەپ ئويلايمەن. يەنە ئازراق چىدايلى، ئۆتۈپ كېتىدۇ ...

تۇرغۇن جاھىللىق بىلەن بېشىنى سىلكىدى:

— ياق ، مەن ئۆز كۆزىتىشلىرىمدىن شۇنداق خۇلاسە قىلىمەنكى، تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈن ئوخشاش ئاقنىياز، شەكسىزكى، ئەتە بىلەن ئۆگۈنمۇ ئوخشاش بولىدۇ!

— نېمانچە ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەنسەن، تۇرغۇن ! — دېدى ئاقنىياز ھەم كۆيۈنگەن، ھەم ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا، — مەن سېنى خېلى غەيرەتلىك، ئىرادىلىك دەپ قارايتتىم ...

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ھەممە نەرسە چېكىدىن ئاشسا ئەكسىگە يانىدىغان ئوخشايدۇ ! — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئاقنىيازنىڭ قولىنى دوستلارچە چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن داۋام قىلدى، — راستىمنى ئېيتسام، سەندىن، شەۋكەتتىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق، لېكىن قارارىم ئەقىدەمدىن ئۈستۈن كەلدى، مەن ئەتە چۈشتە يولغا چىقىمەن، يۇرتتىن كەلگەن بىر تونۇش شوپۇر ئېلىپ كەتمەكچى. كىتاب، كونسپېكلارنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىۋالدىم، يوتقان ـ كۆرپەم ساڭا قالدى، خەت يېزىشىپ تۇرايلى، ھاياتلا بولساق تېخى كۆپ ئۇچرىشىمىز ! ...

ئىككى دوست چىڭ ۋە ئۇزاق قۇچاقلاشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان بىرنەچچە تامچە جۇدالىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. ئاقنىياز كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا مۇنداق دېدى :

— تۇرغۇن، دوستۇم، بىز ئۈچ يىل بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر قازاننىڭ ئېشىنى ئىچىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇپ، روھىي جەھەتتە بىر ئۆمۈر ھېسداشلارغا ئايلاندۇق. ئەمدى ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولساقمۇ، خۇدا خالىسا، روھىمىز بىر ئۆمۈر بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئىزدىشىپ تۇرىدۇ! ...

— ئىشىنىمەن ! — دېدى تۇرغۇنمۇ ئېسەدىگەندەك ئۆپكىسى ئۆرلەپ، — جىسمىمىز ئايرىلسىمۇ، روھىمىز ئايرىلمايدۇ، خەت يېزىشىپ تۇرايلى!

ياتاققا قايتىش يولىدا تۇرغۇن گويا بىر نەرسىدىن ئاگاھلاندۇر-

غاندەك ئاقنىيازغا مۇنداق دېدى :
— ئاداش، سەن زايىتتنى ئۇنچىۋالا ئالىيجاناب تەسەۋۋۇر قىلىپ كەتمە! مېنىڭ كۆزىتىشىمدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئانچە - مۇنچە ئالا كۆڭۈللۈك، سەمىمىيەتسىزلىك باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا دوستلارنى بىر - بىرىگە ئۆمۈرۋايەت باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە — كۆڭۈل پاكلىقى بىلەن سەمىمىيەت ! سەن ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى شەۋكەت ھەققىدە تارقىتىپ يۈرگەن گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ «خۇدۇكى بارنىڭ مونىكى بار » دېگەندەك، كۆڭلىدە ئالىلىق بولمىسا مۇنداق قىلىپ يۈرمەتتى! يالغان گەپ دېگەننىڭ پۇتى بولمىغان بىلەن قانىتى بار. ھازىر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا « شەۋكەت چەتكە قېچىپتۇ » دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرىدۇ!
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئاقنىياز، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇرغۇنى «بىر ئاز ئاشۇرۇۋەتتى » دەپ قاراپ، ئانچە قىزغىن بولمىغان پوزىتسىيە بىلەن داۋام قىلدى، — زايىتتا ئاز - تولا تۇراقسىزلىق، مەنمەنلىك ۋە يالغانچىلىق ئىللەتلىرى بار، لېكىن مېنىڭچە، ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز، ياخشى بۇرادىرىمىز، ئالدىراپ ئۇنىڭ دوستلۇق ساداقىتىدىن گۇمانلانساق بولماس!
— بوپتۇ، ئىشقىلىپ، بۇ مەندىكى سېزىم، ئاقنىياز ! مەن كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن سەن بىللە قالىسەن. كونىلاردا : «بىر ئادەمنى سىناش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يە » دېگەن گەپ بار، بەلكىم ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، بىر - بىرىڭلارنى تېخىمۇ تولۇق، ئوبدان چۈشىنىپ كېتەرسىلەر! ... يۈر، ھازىر ئىككىمىز بىللە دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، تۇراقنى يوقلاپ كېلەيلى، مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي!
— ماقۇل، يۈر ئەمىسە، — دېدى ئاقنىياز ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، — تۈنۈگۈن غۇلامنىڭ ئېيتىشىچە، تۇراقمۇ دوختۇرخانىدىن يېقىندا قايتىپ چىققۇدەك.
— ساقىيىپتۇمۇ ؟

— بىلمىدىم، — ئاقنىياز يەلكىسىنى قىستى ۋە ھەيران بولغانىدەك تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى، — ئۈنىڭغا « قورساق سارىڭى » دېگەن دې-ئاگنوزنى قويۇپتۇمىش! ...

— نېمە ؟!

— قورساق سارىڭى!

ھەر ئىككىسى تەئەججۇپ بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى.

## 3

شەۋكەت قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۈنىڭ كەيپى بوش، دىلى سۇنۇق ئىدى. گەپ - سۆز، رەڭگىرويىدىنمۇ يۇرتقا بېرىپ كەلگەن كىشى-لەرگە خاس كۆتۈرەڭگۈلۈك، مەردانىلىك كۆرۈنمەيتتى. چىرايى تې-خىمۇ قارىداپ، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك قىلاتتى ...

دوستلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ قارشى ئالدى، ۋىسال خۇشلۇقىدىن بادامگۈلنىڭمۇ چىرايى يال - يال بولۇپ كەتتى. شەۋكەت ئۈنىڭ بى-لەن كۆرۈشۈۋېتىپ، « مېنى سېغىندىڭىزمۇ ؟ » دەپ ئاستا سورىۋى-دى، ئۇ ناھايىتى جەزبىلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ تۇر-قىدا ئۇ شەۋكەتكە تېخىمۇ گۈزەل ۋە نازاكەتلىك، خۇددى يېڭىدىن گۈللىگەن ئەتىرگۈلگە ئوخشاش مۇلايىم كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ سېغىنغان، كۈتكەن، ھەتتا « كۆرەلمەي قالارمەنمۇ؟ » دەپ ئاز - تولا ئەنسىرىگەن ئادىمىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى بادامگۈلنى ھەقىقەتەنمۇ خۇشال قىلغان، ھاياجانلاندۇرغانى-دى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۈنىڭ شەۋكەتكە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلگەن قاپقارا، دۈگىلەك كۆزلىرىدىن بىرخىل ھارارەتلىك نۇر يې-غىپ تۇراتتى. بۇ نۇر بەئەينى چولپان يۇلتۇزنىڭ نۇرىدەك يورۇق ۋە بىغۇبار ئىدى.

ئاقنىياز شەۋكەتنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قامالاپ، ئۆزىگە تارتقان ھالدا مۇنداق دېدى :

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە قانچە بولدى، ئاداش؟ توپتوغرا ئون يەتتە كۈن بوپتۇ ــ ھە؟ بەزى ۋاقىتتا، تۇرگىنىمنىڭ قەھرىمانلىرىغا زوقۇم كېلىدۇ، قىلغان ئىشى — بىر ــ بىرىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىش، يەپ ــ ئىچىش، سىردىشىش ... ئۇلار تۇرمۇشنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزىدۇ، بىزدىچۇ؟ بىزدە ئاچلىق، قاتىلاڭچىلىق، غۇدۇراش ...

زايىت ئۇنىڭ بىلەن دوستلارچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، گەرچە خېلى ئوڭايسىزلانغان، يۈزى بەزىدە قىزىرىپ، بەزىدە تاتارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چاندۇرمىدى ۋە ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ:

— بەكمۇ تەقەززا بولدۇق، كېچىككەن بولساڭمۇ كەلدىڭ، ئاداش! يەنە جەم بولدۇق، ئەمدى ئايرىلمايمىز، زادى ئايرىلمايمىز! — دېدى تەسىرلىك ئاۋازدا.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، ياتاقتا سەلەي قاشاڭ كىردى ۋە ئىككى قولىنى يىراقتىنلا سوزۇپ:

— پىس ــ پىس ــ پىس، ياخشىمۇسىز، قەدىرلىك ساۋاقداشىم! — دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى. شەۋكەت ئۇنىڭ بىلەنمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ ھال سورىدى:

— قانداقراق تۇردىڭىز، سەلەي؟

— يامان دېگىلى بولمايدۇ، ئاداش! يۇمشاق ئەسنەپ، قاتتىق كېكىرىپ يۈردۇق، دەڭە! — دېدى سەلەي قىسىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — يەپ ــ ئىچىشىمىز كەڭتاشا، تامدىكى ئەگلەكتىن، ھاۋادىكى لەگلەكتىن باشقىنى يەپ كېتىۋاتىمىز! ...

ھەممەيلەن كۈلدى، كۈلگەندىمۇ، سەلەينىڭ سۆزىگە بولغان قىزىقىش ۋە قايىللىق بىلەن خەندان ئۇرۇپ، پۇخادىن چىققۇدەك كۈلۈشتى ...

— ئەمدى ماۋۇ چۆچەكتىن كەلگەنىمىزمۇ يەپ باقارسىز، — دېدى شەۋكەت شىرە ئۈستىدىكى بىرنەچچە ماي توقاچ، قۇرۇت ۋە ئېرىمچىكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — كۆپ نەرسە ئەكېلەلمىدىم، يۈرتمۇ قاتىلاڭچىلىق ...

ئۇ يۇرتتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئوچۇق ۋە تەپسىلىي سۆزلەشنى خالىمىدى، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەردە بولغان مالىمانچىلىقلارنى ئاشكارا سۆزلەپ يۈرۈش سىياسىي جەھەتتىن ياخشى بولمىسا كېرەك، دەپمۇ ئويلايتتى. پەقەت كەچتە، ئاقنىياز بىلەن يالغۇز قالغاندىلا ئۇ ئىشلار توغرىسىدا ئازراقلا سۆزلەپ بەردى:

— ئانامنىڭ كېسەللىكى يالغان ئىكەن، ئاداش! ئۇلار مېنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق تېلېگراما بېرىپتىكەن. لېكىن مەن بارغۇچە، ئانام، ئاكام، سىڭلىم ئالدىراپ چىقىپ كېتىپتۇ... چېگرا دېگەن ھاڭغىرقاي ئوچۇق، ئادەملەر ئۈلە - تىرىلىشىگە قارىماي كېتىۋاتىدۇ...، — شەۋكەت بىر ئاز توختاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە بىر نەرسىدىن ئەپسۇسلانغاندەك ھېسسىيات بىلەن داۋام قىلدى، — توۋا، مەن ئۇلارغا ھەيران! كىشىنىڭ يۇرتىدا نېمە بار؟! ئادەم دېگەن بەزىدە ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدىكەن، مەن يىلقىلارنىڭ، قوي - كالا پادىلىرىنىڭ ئۈركۈگەنلىكىنى، پىترىغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنداق چاغدا ئۇلار بىرەرسى يول باشلىسىلا شۇنىڭ ئارقىسىدىن نەگە باردىغانلىقى بىلەن چاتىقى يوق، چاپچىپ كېتىۋېرەتتى. يۇرتتىكى ئادەملەرمۇ ئاشۇنداق قارا تەلۋىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بىر - بىرىنى دوراپ، بىر - بىرىگە ئەگىشىپ، بىر - بىرىنى قوزغاپ كېتىۋاتىدۇ! مەن ئويلايمەن، ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەم خۇددى چاچقا چۈشكەن كېپەكتەك يىلتىزسىز، قەدىرسىز بولۇپ قالامدۇ؟ دۇنيادا ۋەتەندىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەردىنمۇ ئىللىق، شەپقەتلىك،كەرەملىك يەر بارمۇ؟! ... قۇرت - قوڭغۇز، گۈل - گىياھلارمۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆۋۋا سالغان، بىخ يېرىپ يىلتىز تارتقان يەردىلا ياشاپ گۈللىيەلەيدۇ!...

شەۋكەت چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىم بولدى، ئاقنىيازمۇ سۈكۈت ئىچىدە ئويغا پاتتى. ئۇ دوستىنىڭ قىسقىغىنە ئون يەتتە كۈن ئىچىدە نۇرغۇن ئازابلىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بىر يىل بۇرۇن دادىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانىنى ئاز دەپ، ئەمدى ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قارا يېتىم بولۇپ قالغانلىقىنى،

قان ـ قېرىنداشلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى، يۇرت ـ مەھەللىسى قالماي چىقىپ كەتكەن ئوچۇق چېگرىدىن لىپلا قىلىپ ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەي، ۋەتەننى، كەسپىنى، مۇھەببەتنى دەپ مەردانىلىك بىلەن ئارقىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ سەممىي ـ ساداقەتـ ـگە، ئىخلاس ـ ئەقىدىسىگە، غەيرەت ـ ئىرادىسىگە، قىسقىسى، ئالىيجاـ ناب روھىي دۇنياسىغا كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە بۇ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ ھەم ئۇزاق سىقىش ئارقىلىقلا بىلدۇردى ...

خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن، شەۋكەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاقنىيازغا قارىدى ۋە بىر نەرسىگە قىيالمىغاندەك تۇيغۇلۇق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— شۇنداق قىلىپ، تۇرغۇننى كەتتى، دېگىن! ئەجەب قىپتۇ ـ ھە! ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتى نېمىدېگەن چوڭقۇر ـ ھە؟!

— يالغۇز ئۇلا ئەمەس، — دېدى ئاقنىياز كۆڭلى قالغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى شۇنچە كۈچەيتىۋەتكەن ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ئارقىسىدا بالاتەگكۈر بىر قورساقمۇ بار!

— ھە، بىلدىم ... ئۇ يالغۇز ئوغۇل، كىچىكىدىن تارتىپ ئارزۇلۇق چوڭ بولغان ـ دە! ھەددىدىن ئارتۇق مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ ئادەمنى بوشاڭ، ئىرادىسىز قىلىپ قويىدۇ ...

شەۋكەت بىلەن ئاقنىيازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاشۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىز بىر ئىش يۈز بەردى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن بىرىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتى ئىدى، سىنىپـ قا چىرايلىق، رەتلىك كىيىنگەن لوگىكا مۇئەللىمى شەمشىدىن دەپـ تەر ـ كىتابلىرىنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ دەرسنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ھەم قىزىقارلىق ئۆتەتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئامراق ئىدى.

ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن تىنچلىق سورىدى ۋە يوقلىمىدىن كېيىن شەۋكەتنى چاقىردى، شەۋكەت ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۇ لوگىكىغا ئۇستا ئىدى، ئىمتىھانلاردا ھەمىشە توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئالاتتى. شۇڭا مۇئەللىمۇ پات ـ پات ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى.

— شەۋكەت، — دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ، — ھازىر مەن سىزنىڭ قولىڭىزغا باشتەك چوڭلۇقتىكى بىر تاشنى بېرىمەن، سىز شۇ تاش بىلەن ماۋۇ دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چاقالامسىز؟

شەۋكەت ئانچە ئويلانمايلا ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە چاقىمەن مۇئەللىم، باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش بىلەن دېرىزە چۇل ـ چۇل بولۇپ كېتىدۇ...

— شۇنداقمۇ، ئەمسە مانا تاش، ئېلىڭ، ئەينەكنى چۇل ـ چۇل قىلىڭ! — دېدى مۇئەللىم ۋە ئالدىغا كەلگەن شەۋكەتكە سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى ئۇزاتتى، شەۋكەت تۇرۇپلا قالدى ۋە ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— مۇئەللىم، بايا سىز باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش دېۋىدىڭىز، قېنى ئۇ تاش؟ قولىڭىزدا ئۇنداق نەرسە يوققۇ؟

— بار، يېقىنراق كېلىپ قاراڭ، — دېدى مۇئەللىم قولىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ سوزۇپ، — ئەنە، ئوتتۇرا قولۇمنىڭ ئۇچىدا باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش تۇرمامدۇ؟

شەۋكەت تېخىمۇ يېقىن كېلىپ قارىۋىدى، مۇئەللىمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇچىدا تېرىقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تاشنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شەۋكەت تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— مۇئەللىم، نەدىمۇ باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش بۇ؟

مۇئەللىم كۈلۈمسىرىدى ۋە مەقسىتىگە يەتكەندەك بىر خىل قانائەت تۇيغۇسى بىلەن چۈشەندۈردى:

— سىز باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش دېگەندە ئۆزىڭىزنىڭ بېشىنىلا

ئويلامسىز؟ مېنىڭ بارمىقىمدا تۇرغىنىمۇ باشتەك چوڭلۇقتىكى تاش بولماي نېمە؟ بۇ چۈمۈلىنىڭ، پاشىنىڭ، بۈرگىنىڭ بېشىدەك چوڭلۇقتىكى تاش. دېمەك، باشتەك چوڭلۇقتىكى تاشنىڭ چوڭى بولىدۇ، ئوتتۇرانچىسى بولىدۇ، كىچىكى بولىدۇ. شۇڭا بۈگۈن بىزنىڭ ئۆتىدىغان دەرسىمىز: «لوگىكىدىكى ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى ۋە مېغىزى» دېگەن ماۋزۇدىن ئىبارەت. قېنى، شەۋكەت، ئورنىڭىزغا بېرىڭ، ئەمدى ھەممىڭلار لېكسىيىگە دىققەت قىلىڭلار!

مۇئەللىمنىڭ بۇ جانلىق، قىزىقارلىق مۇقەددىمىسى ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، ئۇلار ئەمدى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن دەرس ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ تۇرغاندا، خۇددى كىنونىڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز لېنتا ئۈزۈلۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغاندەك بىر ئىش يۈز بەردى: سىنىپقا مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىككى ئادىمى كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ چىرايى سۆرۈن، تەقى ـ تۇرقىمۇ سۈرلۈك ھەم سوغۇق ئىدى. ئۇلار مۇئەللىمگە قىزىل تامغىلىق بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسەتتى، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتمەستىن، دەرھال ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ، قوپال ئاۋازدا توۋلىدى:

ـــ شەۋكەت دېگەن قايسىڭ؟ ھە، سەنمۇ! بىز بىلەن ماڭ! ...

شەۋكەت ھاڭۋاققاندەك تۇرۇپلا قالدى، خامۇش كۆزلىرى بىلەن بىردە مۇئەللىمگە، بىردە ساۋاقداشلىرىغا قارايتتى. سىنىپ ئىچىنى بىر دەقىقە گۆرۈستانلىقنىڭ جىمجىتلىقى قاپلىدى، بۇ جىملىقنى يەنە شۇ ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ مېتالدەك قاتتىق ھەم سوغۇق ئاۋازى بۇزدى:

ـــ ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ، ماڭ! بىزگە مەسىلە تاپشۇرىسەن!

شەۋكەت بايىقى گاڭگىراشتىن سەل ـ پەل يېشىلدى، كۆزىدىكى خامۇشلۇقمۇ تۈگەپ، ئۆزىنى گۇندىپايىدەك كۈتۈپ تۇرغان ھېلىقى ئىككىسىگە دادىل قارىدى ۋە خاتىرجەم ھالدا سورىدى:

ـــ مەن تاپشۇرىدىغان قانداق مەسىلە ئىكەن ئۇ ؟

— خۇپسەنلىك قىلما ! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى چېچىلىپ، — چەتكە قاچماقچى بولغانلىقىڭ مەسىلە ئەمەسكەن - دە؟ بىلەمسەن، بۇنىڭ ئۆزى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈش، خائىنلىق بولىدۇ!

— نېمە، چەتكە قېچىش ؟! ... — شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قارىچۇقى ۋەھىمىلىك كېڭەيدى، نەپسى قىسىلغاندەك ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ چىقتى، — كىم شۇنداق دەيدۇ ؟!

ھېلىقى ئىككىسىنىڭ كۆزى ئوقۇتقۇچىغا چۈشۈپ قالدى، ئوقۇتقۇچى قولىنى ئارقىغا تۇتقان ھالدا بىرنەرسە دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقنىتىپ، ئۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇلار بۇ كۆزلەردىكى ئادەم ھېيىققۇدەك ئۆتكۈر قاراشتىن: «مېنىڭ قانۇنلۇق لېكسىيە سۆزلىشىمگە دەخلى قىلىۋاتىسىلەر!» دېگەن مەنىلەرنى چۈشەنگەندەك بولدى - دە، شەۋكەتنىڭ سوئالىغا پەرۋا قىلماي « كېيىن بىلىسەن!» دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، سىنىپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك مۇقەددىمە بىلەن باشلانغان دەرس ئاخىرىغىچە داۋام قىلالمىدى، ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ كەيپى ئۇچۇپ، سۆزلىمەكچى بولغان نەرسىلىرى ئوگتەي - توگتەي بولۇپ كەتتى، ئۇ، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان سىنىپتا، يەنە كېلىپ، لېكسىيە ۋاقتىدا يۈز بەرگەن بۇ قوپال، يولسىز ئىشنى زادىلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، پېداگوگىكا قائىدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ كېلىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ۋەھىمە، ساراسىمە پەيدا قىلىدىغان بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار بۇ يەردە — كىشىلەرنى زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى ئەخلاق، زامانىۋى ئاڭ - سەۋىيە بىلەن تەربىيىلەيدىغان بۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتىدا بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى توسۇپ قالالمىدى، چۈنكى ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ قولىدىكى قىزىل تامغىلىق قەغەز شۇ كۈنلەردە خۇددى بىر زوراۋان پادىشاھنىڭ مۇقەددەس يارلىقىدەك ھەرقانداق توسۇق، ئۆتكەللەردىن دەخلىسىز ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. مۇئەللىم بۇنى چۈشەنسۇن - چۈشەنمىسۇن، خالىسۇن - خالىمىسۇن بېجىرىشكە مەجبۇر ئىدى ...

ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ تۇيۇقسىز ئىشقا قارىتا ھەر خىل قاراش ۋە ھەر خىل پوزىتسىيىلەرنى ئىپادە قىلدى. بادامگۈل گويا بىرى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك گاراڭ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەمىشە يېقىملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىردىنلا مۇڭلىنىپ، يېقىملىق، ئوماق چىرايى ئۆمچەرەپ ، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك ناتىۋان، بىچارە ھالغا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى رېئاللىق ئەمەس، بەلكى بىر چۈش، چۈش بولغاندىمۇ قاباھەتلىك چۈش، بىرلا سىلكىنىپ ئويغانسام، ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەيتتى. ئاقنىيازمۇ شۇنداق خىيالدا ئىدى. ئۇ گويا بۇ ئىشتا بىر ئۇقۇشماسلىق باردەك، شەۋكەت ئەھۋالنى چۈشەندۈرسىلا، ئۇقۇشماسلىق ھەل بولۇپ، ھەممە ئىش ئۆز جايىغا كېلىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ دوستىغا ئىشىنەتتى، بولۇپمۇ دوستىنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتە ئېيتقان سۆزلىرىنى يۈرەك سۆزى، ۋىجدان سۆزى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ بايىقى ئىشلار ئالدىدا ئانچە ئالاقزادە بولۇپ كەتمىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇردى. زايىتنىڭ ئەھۋالى بولسا باشقىچە ئىدى. ئۇ «مەن دېمىدىممۇ، مەن بۇرۇنلا بىلگەن» دېگەندەك مەنمەنلىك، كۆرەڭلىك بىلەن بويۇنلىرىنى سوزۇپ ، بىردە بادامگۈلگە، بىردە ئاقنىيازغا، بىردە سەلەي قاشاڭغا مەنىلىك قاراپ قوياتتى. لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىككى كۈچ، ئىككى روھ ــ ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق، ئىخلاس بىلەن ئازغۇنلۇق، دىيانەت بىلەن رەزىللىك جىددىي ئېلىشىۋاتاتتى. قايسىنىڭ غەلىبە قىلىپ، قايسىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى كۈرەش كەسكىن ھەم ئازابلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ، بەزىدە ئۆز مۇھەببىتى، كېلەچىكى ۋە ئامەتلىرى ئۈستىدە چوت سوقۇپ، راھەتلىنىپ كۈلسە، بەزىدە دوستلۇق ۋە ساداقەت ئۈستىدە ئويلاپ، شەۋكەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپمۇ قوياتتى ...

× × ×

شەۋكەتنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش مەكتەپتە
خېلى دولقۇن قوزغىدى. لېكىن بۇنداق چوڭ ۋە يېڭىلىقلار كۆپ بولۇپ
تۇرىدىغان مەكتەپتىكى بۇ دولقۇن خۇددى پاقا سۇغا سەكرىگەندە
پەيدا بولغان دولقۇندەك سۇس ۋە كىچىك ئىدى. ئەمما ئۇ، بادامگۈل
بىلەن ئاقنىيازغا كىچىك بىلىنمىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن بادامگۈلنىڭ
كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان جىلۋىلىك چىرايى بىردىن بۇزۇلۇپ، ۋەھىمە-
لىك تۈس ئالدى. ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەتتا ھەمىشە كۈلۈپ تۇرى-
دىغان كۆزى بىلەن لەۋلىرىدىنمۇ كىشىنى ئەندىكتۈرگۈدەك بىر خىل
خاپىلىق، بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئاقنىيازنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭدىن
قېلىشمايتتى، گويا جىمى جاھاننىڭ غەم - غۇسسىسى ئۇنىڭ بېشىغا
چۈشكەندەك ھەممە يېرىدىن پەرىشانلىق، خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى،
گويا چېچىدىن تارتىپ، تاپىنىغىچە خاپا بولمىغان يېرى يوقتەك
قىلاتتى! ...

قوغداش بۆلۈمى ئۈچ كۈندىن كېيىن شەۋكەتنى فاكۇلتېتنىڭ
باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغا «چەتكە قاچماقچى بولغان ۋە-
تەن خائىنى»، «قوش يۈرەك» دېگەندەك ئەيىبلەر ئارتىلغانىدى. ئەمە-
دىكى گەپ، شەۋكەتنىڭ ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ماتېرىيالغا قولىنى
قويغۇزۇشلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا «بويتاقلار بىناسى» نىڭ بىرىنچى قە-
ۋىتىدىن ئالاھىدە بىر ئۆي ئاجرىتىلدى. بىنانىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدى-
كى بۇ ئۆي ئەسلىدە تازىلىق سايمانلىرىنى ساقلايدىغان ئامبار ئىدى.
شۇڭا كىچىك، قاراڭغۇ ھەم پاسكىنا ئىدى. بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئۇنى
ئاز - تولا تازىلاپ رەتلىگەن بولدى. ئىككى تەرىپىگە ئىككى كارىۋات،
ئوتتۇرىسىغا كىچىك بىر ئۈستەل قويۇلدى. تازىلاش، رەتلەشتىن كې-
يىن گەرچە ئۇ يەر ئادەم يېتىشقا بولىدىغان چاققانغىنە بىر ئۆي قىياپى-
تىگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاكىلىرى ئۈركۈپ، ئىس ۋە چاڭ -
توزانلار بىلەن قارىداپ، تور باغلاپ كەتكەن مەينەت تاملىرى بىلەن

ئىچى ـ تېشى تۆمۈر ۋە سىملاردا پەنجىرىلەنگەن كىچىك، خىرە دېرى-
زىسى ئۇ يەرنى يەنىلا سوغۇق ھەم كۆڭۈلسىز «كامېر» غا ئوخشىتىپ
قويغانىدى. شەۋكەت مانا شۇ ئۆيگە سولاندى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى
گويا بەخت ـ ھالاۋەت دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇق-
سىز يوشۇرۇن خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتكەن كېمىچىدەك دەھشەتلىك
ھالدا سەزدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇنىڭ
پىكىر ـ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق گادىرماش ئىدى. ئۇ
تۇرۇپ ـ تۇرۇپ خۇددى كىچىك بالىدەك گۇڭگىرىغىنىچە ئاللىنېمىلەرنى
دەيتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ...
ئۇنى بۇ يەردە «سىنىپىي ئېڭى يۇقىرى، مەيدانى مۇستەھكەم» ئىنو-
قۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ئون نەچچە كىشىلىك «دىكتاتورا ئەترى-
تى» كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن باقاتتى ھەم سوئال ـ سوراق
قىلاتتى. ئۇ بۇ يەرگە تەقىب قىلىنىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن فاكۇل-
تېتنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ھاۋاز بەختى ئۇنى «ئالاھىدە يوقلاپ»
كەلدى. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇ «دېلو» غا
مەسئۇل بولغانىدى. بېشىغا شەپكە، ئۇچىسىغا تۆت يانچۇقلۇق كۆك
چاپان، پۇتىغا قېلىن چەملىك لاتا خەي بىلەن ئاق پايپاق كىيگەن،
يېشى قىرىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئادەمنى ئوقۇغۇچىلار ئومۇميۈز-
لۈك «ھاۋاز يېتەكچى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئارقىسىغا خۇددى مۇھاپىزەت-
چىدەك زايىتنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا سالاپەت بىلەن «كامېر» غا كى-
رىپ كەلدى ۋە شەۋكەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش كارىۋاتقا كېلىپ ئول-
تۇردى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن كارىۋات غىرسلاپ كەتتى، ئۇ بەئەينى
دالىدا ئۆسكەن دەرەخلەردەك ئېگىز، يوغان ۋە قامەتلىك ئىدى. ئۆز
ۋاقتىدا ھەربىي سەپتە يۈرۈپ، نورمىسىز تاماقلارنى خالىغانچە يەپ،
قاتتىق مەشقلەرگە قاتنىشىپ، كەڭتاشا تەن قويۇپ كەتكەچكىمى-
كىن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بويلۇق، ئۇستىخانلىق، بېجىرىم ھەم ساغلام ئى-
دى. لېكىن ئۇنىڭ تېرىلىرى سىدام، يۈز ـ ئېڭەكلىرىدە قارىيىپ
تۇرغان ساقال دېگەن نەرسە يوق ئىدى، بۇرۇت ئورنىدا پەقەت يىڭنا-

غۇچىنىڭكىدەك ئىككى ـ ئۈچ تال ئۇزۇن ۋە جانلىق تۈك قىرلىق بۇرنى ئاستىدا ئىككى ياققا دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى چوڭ بىلىدىغان، ئەمما خىمىرتۇرۇچى كەمرەك، خۇددى خەلق ئارىسىدا تەمسىل بولۇپ يۈرگەن «ئىشەك ئۆزىنى تاغ، سايىسىنى باغ، سۈيدۈكىنى ياغ چاغلاي- دۇ» دېگەندەك ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئادەملەردىن ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق سورۇندا گەپ بەرمەيتتى، ئۆزىگە باقماي بىلىمدانلىق قىلات- تى. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئاڭلىۋالغان ياكى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن كۆرۈپ يادلىۋالغان نەرسىلىرىنى كۆپتۈرۈپ، شاخلىتىپ، شۇنداق بى- لەرمەنلىك بىلەن سۆزلەيتتى، بەزىدە ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۇستىلىق بىلەن گەپ يورغىلىتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قالاتتى. ئۇنىڭدا راستىنلا بىر خىل «تالانت» بار ئىدى. ئۇ ھەرقانداق سورۇن، ھەرقانداق يې- غىنغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەرنى، بولۇنىدىغان گەپلەرنى، ھەل قىلىدىغان ئىشلارنى تىڭ ـ تىڭلاپ بىلىۋالاتتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جىددىي تەييارلىق قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن شۇنداق قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ «رەقىبى» قارىماققا كىچىك بولغان بىلەن خورىكى چوڭ ئىدى، ئۆتكەن يىلى ھاۋاز بەختىنى بىر قېتىم تەمتىرىتىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇ چاغدىكى خورلۇق، ئەلەملەرنى ھاۋاز بەخ- تى تېخى ئۇنتۇپ كەتكىنى يوق. شۇ چاغدا، ئۇ ناھايىتى دانالىق بىلەن شەۋكەتكە: «ئۇنچىلىك كىرىلىپ كەتمەڭ، بىلىپ قويۇڭ، بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقىدۇ، جۇمۇ!؟» دېگەنىدى. راست دەپ- تىكەن، قومۇشنى قىيا تۇتقان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەي قالمايدۇ ـ دە! مانا، پەلەك چاقى ئايلىنىپ، يەنە ھاۋاز بەختىنىڭ قولىغا كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا قارماققا چىقمىغان بېلىق بۈگۈن ئۆزلۈكىدىن لايدانغا چى- قىپ قالدى. ئەمدى ئۇنى ھاۋاز بەختى خالىغانچە تۇتۇپ ئوينى- يالايدۇ! ...

— قانداق، شەۋكەت! بۇ ئۆيگە كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ھە دېگەندىلا سۆزىنى سىپاگەرچىلىك بىلەن باشلاپ، — ئۆز گېپىڭىز

بويىچە ئىپتىقاندا جەننەتكىلا ئەمەس، دوزاخقىمۇ كۆنۈپ كېتىشىڭىزغۇ دەيمەن ؟

ھاۋاز بەختى كۈلدى، لېكىن كۈلكىسى سوغۇق، ھېسسىز كۈلكە ئىدى. شەۋكەت زۇۋان سۈرمىدى، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان قوغداش بۆلۈمىدىكى سوتچى، تەرگەۋچىلەر ئۇنى تولا دۆشكەلەپ، سوئال ـ سوراق قىلىپ يۈرىكىنى قاتۇرۇپ قويغاچقىمۇ، ئۇ خىرامان ھالدا ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قارىغىنىچە ئىرەنسىز ئولتۇرۇۋەردى. زايىت بولسا، ھاۋاز بەختىنىڭ يېنىدا يا شەۋكەتكە دادىل قاراشقا پېتىنالماي، يا ھاۋاز بەختىنىڭ ھېلىقىدەك ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان يالغان كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈشنى بىلەلمەي، ناھايىتى ئوڭايسىز، بىئەپ ئەھۋالدا ئولتۇراتتى. ھاۋاز بەختى شەۋكەتنىڭ ئىرەنسىز، خىرامان قىياپىتىگە قاراپ سەل ـ پەل ئۆۋگىدى ۋە گەپنى تۈپتوغرىلا ئېيتتى :

— سىزنىڭ ۋەتەندىن، خەلقتىن يۈز ئۆرۈشتەك نومۇسسىز جىنايىتىڭىزگە يالغۇز مەن ۋە باشقىلارلا ئەمەس، مانا ماۋۇ زايىتتەك قەدىناس دوستىڭىزمۇ غەزەپلىنىۋاتىدۇ، نەپرەتلىنىۋاتىدۇ. سىز تېخىچە ھوشىڭىزنى تاپالمايۋاتىسىز، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن تەشكىلنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسىز!

شەۋكەت ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى ۋە :

— مەن ئەزەلدىن يالغان سۆزلىگەن ئەمەس، مۇئەللىم، ھازىرمۇ سۆزلەش نىيىتىم يوق! — دېدى كېسىپلا.

— گۇناھىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ! — دېدى ھاۋاز بەختى دىمىغىنى قېقىپ، — مەن سىزدىن ئاددىي بىر سوئالنى سوراپ باقاي : سىزنىڭ چەتكە قاچماقچى بولۇشتىكى مۇددىئايىڭىز زادى نېمە ئىدى؟

شەۋكەت بۇ سوئالغا تېرىككەندەك جاۋاب بەردى :

— قىزىق، چەتكە قېچىش مېنىڭ خىيالىمغا كەلمىگەن تۇرسا، ئۇنداق مۇددىئا نەدىن كېلىدۇ ؟!

هاۋاز بەختىمۇ تېرىكتى، تېرىككەندىمۇ ئاچچىق بىلەن تېرىكتى:
— تولا كاپىشماڭ! چەتكە قېچىش خىيالىڭىزغا كەلمىدى ئەمەس،
بەلكى قاچالمىدىڭىز! سىز قاچىدىغان چاغدا چېگرا تاقالدى، شۇنىڭ
بىلەن ھەيۋىڭىز سۇنۇپ، شەرمەندىلىك بىلەن ئارقىڭىزغا قايتتىڭىز،
بۇ يالغانمۇ؟!
— يالغان، پۈتۈنلەي يالغان! — دېدى شەۋكەت ئەلەم بىلەن تولغى-
نىپ، — توغرا، مەن چېگرىغا باردىم، بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم
باردىم! ئەگەر قاچاي دېگەن بولسام، ئۇياقتا ئۆتمەك خۇددى مەكتەپنىڭ
يوغان دەرۋازىسىدىن چىققاندەكلا ئوڭاي ھەم دەخلىسىز ئىدى. لېكىن
مەن قاچمىدىم، تۇغقانلىرىمنى ئىزدەپ تاپالماي قايتىپ كەلدىم. بولغان
ئىشنىڭ ھەممىسى شۇ!
هاۋاز بەختى ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، شەۋكەتنىڭ
ئۇدۇلىدا گىدەيدى ۋە مەسخىرە بىلەن تەھدىت ئارىلاش تەلەپپۇزدا
مۇنداق دېدى:
— بۇ گەپچە، بىز سىزگە جازا ئەمەس، مۇكاپات بەرسەك بولغۇ-
دەك! سىز ھېكايە توقۇشقا نېمىدېگەن ئۇستا - ھە؟! ئۆزىڭىزنى ئۇنچە
ئەقىللىق، قەيسەر چاغلاپ كەتمەڭ، شەۋكەت! بىز سىزگە گۇمان ياكى
پەرەزلەر بىلەن گەپ قىلىۋاتقىنىمىز يوق! بىزنىڭ قولىمىزدا پولاتتەك
پاكىت بار. بىلىپ قويۇڭ، ئۇنى سىزنىڭ ھىيلە - مىكىر، خۇپسەنلىك-
لىرىڭىز ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ!
— قانداق پاكىت ئىكەن ئۇ؟! — شەۋكەت تەئەججۇپ بىلەن سو-
رىدى.
— ۋاقتى كەلگەندە بىلىسىز! — دېدى هاۋاز بەختى تەمكىن قىيا-
پەتتە، — ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئىقرار قىلىڭ! گۇناھىڭىز يې-
نىكرەك بولىدۇ، ئەگەر پاكىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش دەرىجىسىگە
يەتكەندە بەك كېچىككەن بولىسىز، ئۇ چاغدا «جاھىل» دېگەن گۇناھ
قوشۇلۇپ قالىدۇ، قانداق؟!
— ھېچقانداق پاكىتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى شەۋ-

كەت تەرسالىق بىلەن، ـــ ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت!

ـــ شۇنداقمۇ ؟! ـــ ھاۋاز بەختى مىيىقىدا كۈلدى، كۈلكىسى تولىمۇ سوغۇق ۋە شەپقەتسىز ئىدى، ـــ سىز ئويلايدىغان، تاپشۇرىدىغان ئىشلار يالغۇز ئۇلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك مىللەتچىلىككە ياتىدىغان زەھەرخەندە سۆزلىرىڭىزمۇ بار، تېخى! ئېسىڭىزگە سەپ قويامدىمەن؟ بولىدۇ، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئازراق يىپ ئۇچى بېرەي: رەخت بېلىتى ... سەكسەن سانتىمېتىر ... ئوتتۇز بەش مېتىر ... دېگەندەك گەپلەر! قانداق، ئېسىڭىزگە كەلگەندۇ؟ ئەلۋەتتە كېلىدۇ! ...

شەۋكەتنىڭ ئىسسىق قانلىرى شۇئان شۇررىدە مېڭىسىگە ئۆرلەپ، پۈتۈن ئەزايى ئوت ئېلىپ كەتتى.

ئۇ جىددىي ئويغا پاتتى، قوشۇمىسىنىڭ قاتتىق تۈرۈلۈشىدىن ماڭلىيىدىكى گۆشلەر چىمچىلاق قولدەك بۆرتۈپ چىقتى. توغرا، ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، چوڭقۇر ئەسلەش ئارقىلىق، ئۇ ئۆتكەن يىلى ئىككىنچى مەۋسۇمدە ۋەزىيەت توغرىسىدىكى بىر ئۆگىنىشتە قىلغان سۆزىنى يادىغا ئالدى. قىزغىن مۇزاكىرە ۋە تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقاندا، ئۇ مۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «ھازىر قىيىنچىلىق دەۋرى بولغاچقا، ھەممە نەرسە نورمىلىق، بېلەتلىك بولۇپ كەتتى. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ رەخت بېلەت نورمىسى سەكسەن سانتىمېتىر بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا مايكا ئالساق، كۇسارغا يەتمەيدۇ، كۇسار ئالساق، مايكىغا يەتمەيدۇ، لېكىن مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، خەنزۇلارنىڭ ‹چاڭچېلە› دېگەن بىر ئەنئەنىۋى ئويۇنى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا بىر چاڭچېلىكەشنىڭ سەھنە كىيىمى ئۈچۈن ئوتتۇز بەش مېتىر رەخت كېتىدىكەن، شۇنى ئازراق قىسقارتىپ بىزگە قوشۇپ بەرسە قانداق؟ ...» بۇ پىكىر يىغىندا بىر كۈلكە پەيدا قىلىپلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى كېلىپ، بىر يىلدىن كېيىن بۇ گەپ يەنە قانداقچە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ قەيىرى خاتا ئىكەن؟! ئەگەر خاتا دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى شەۋكەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا خۇپىيانە ئەمەس، دەل ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ئۆگىنىشتە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانتىغۇ؟! كىم ئۇنى خاتىرىلەپ،

شەۋكەتنىڭ بوگونكى كونى ئوچون ساقلاپ قويغان بولغىيتتى؟! ...
شەۋكەت ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن بىردەم ھاۋاز بەختىگە، بىردەم زايىتقا سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى. ھاۋاز بەختى يەنە شۇنداق تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ تۇراتتى، زايىت بولسا، ئىككى تەرىپىگە قىمدىنىپ، خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى شەۋكەتنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ، يۈزى ئالىپاساق بولۇپ كەتتى ۋە كۆزىنى دەرھال شەۋكەتتىن ئېلىپ قاچتى.
— ئېسىمگە كەلدى، سىز دېگەن ئۇ گەپ ئېسىمگە كەلدى، مۇئەللىم! — دېدى شەۋكەت ۋە دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە قارشى تەرەپنى مەسخىرە قىلىدىغان چوڭقۇر بىر نەپرەت بار ئىدى، — شۇ گەپ بىلەن بىللە: «جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلىدۇ» دېگەن بىر ھېكمەتمۇ تەڭ ئېسىمگە كەلدى!
شەۋكەت ئاخىرقى سۆزىنى زايىتقا قاراتقانىدى. ئۇ زايىتنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىنى دەسلەپ ھاۋاز بەختىنىڭ ھىيلىسى، دوستلۇق مېھرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتمەكچى، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن بەزى ئىشلارنى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئۆگىنىشتە قىلغان گەپىنىڭ تاسادىپيى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى زايىتتىن گۇمان قىلدى، گۇمان قىلدىلا ئەمەس، ئاستا ــ ئاستا ئۇنىڭ چاققانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا بۇ گەپلەر بولۇنغان يەردە ھاۋاز بەختى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زايىت شۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتىن كېيىن شەۋكەتكە كۆيۈنگەن قىياپەتتە: «ئاداش، يىغىنلاردا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلما، ۋەزىيەت زىل، كونىلەرنىڭ بىرىدە بىرسى بولمىسا بىرسى تەتۈر بۇراپ، كوكۇلاڭغا ئېسىلىۋالمىسۇن!» دېگەنىدى. توغرا، زايىت ناھايىتىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن راست دەپتىكەن، ئۇ دېگەن «كونىلەرنىڭ بىرى» دەل بۈگۈن ئەمەسمۇ؟ ۋەھالەنكى، شەۋكەت ئۇنىڭ «بىرسى بولمىسا بىرسى» دېگەن غايىبانە ئادەمنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ چاغدا زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

دى، ھېلىھەممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈشكە، ئويلاشقا ۋە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، لېكىن پاكىت، رېئاللىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مانا مەن دەپ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئازاب ۋە ئەپسۇس ئىچىدە خۇر-سىندى. دېمىسىمۇ، ئۇزۇن يىل سىرداش، دىلداش بولغان كىشىلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن ئىشلار تۈپەيلىدىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ، قەدىناس دوست-لۇقنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىشى ئادەمنى خۇددى گال-غا تۇرۇپ قالغان قىلتىرىقتەك ئازابلايدۇ. شەۋكەت ھازىر ئەنە شۇنداق ئازاب ئىچىدە ئاچچىق يۇتۇۋاتاتتى ...

— مەن سىزگە ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قوياي، شەۋكەت، — دېدى ھاۋاز بەختى قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ، — ئەمدى سىز خام خىياللارنى يىغىشتۇرۇپ، ياۋاشلىق بىلەن كونا، يېڭى مەسى-لىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇڭ! بىزنىڭ سەۋر - تاقىتىمىزنىڭمۇ چېكى بار، قانداق؟

شەۋكەت ئۈنچىقمىدى، چىڭ يۇمۇلغان قېلىن لەۋلىرى بىلەن سو-غۇق نەزەردە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن تەرسالىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى. ھاۋاز بەختى «قېنى كۆرىمىز!» دېگەندەك دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، زايىتنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەت-تى. شەۋكەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىشىنى غۇچۇرلاتقان پېتىچە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن ئېزىق چىشلىرى جاغ سۆڭىكىنى تۇرتۇپ، ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك غىرسلاپ كەتتى ...

ھاۋاز بەختى سىرتقا چىققاندا، زايىتنى تېخىمۇ بىلەش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— زايىت ئۇكام، ئىشچىلار ۋە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار سىزگە ئوخشاش ئەڭ ياخشى پەرزەنتلىرىنى پارتىيە ئاچقان مەكتەپكە ئوقۇتۇش ئۈچۈن بەردى. پارتىيە بولسا سىلەرنى تەربىيىلەش ۋەزىپە-سىنى بىزگە تاپشۇردى. سىلەردەك ياش نوتىلارنى قانداق يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ سىلەرنى قانداق تەربىيىلىشىمىزگە باغلىق! بايا دوستىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، ئەگەر ئۇ

مۇشۇنداق جاھىللىق بىلەن ماڭىدىغان بولسا، نەق ئەكسىلئىنقىلابچىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا بىزمۇ ئارا تۇرالمايمىز! لېكىن ھا-زىر بەزىلەر خۇددى زۇكامداپ، بۇرنىدىن يەل ماڭماي قالغاندەك، ئۇ-نىڭ مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرىنى، ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتمەيۋاتىدۇ، مېنىڭچە، بۇنداقلارغا دەرھال مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرمىساق بولمايدۇ! مەن سىزگە ئالدىن ئېيتىپ قوياي : شەۋكەت بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدى-كى كۈرەش ھايات ـ ماماتلىق جىددىي سىنىپىي كۈرەش! بۇنىڭدا ئازراقمۇ بىخۇدلۇق، ھاڭۋاقتىلىق قىلىشقا بولمايدۇ! بۇنىڭغا قانداق پو-زىتسىيە، قانداق مۇئامىلىدە بولۇش سىلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىڭلار ۋە ئىستىقباللىڭلار بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىك! بۇ ئىشنى جىن شۇجى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىدى! شۇڭا مەن سىزنىڭ بۇ پرىنسىپال كۈ-رەشتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇشىڭىزنى، كونا دوستلۇق ھېسسىيا-تىنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، شەۋكەتتىن ئۇزۇل ـ كېسىل چەك ـ چېگرا ئاجرىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. راستىنى ئېيتسام، بۇ سىز ئۈچۈن چوڭ سىناق! مەيلى پارتىيىگە كىرىش مەسىلىڭىز بولسۇن، مەيلى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىڭىز مەسىلىسى بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ قېتىمقى سىناقتىن قانداق ئۆتۈشىڭىزگە باغلىق! ...

بۇ گەپلەر زايىتقا ياقتى ھەم ئۇنى چۆچۈتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئاز ـ تولا مەنسەپنىڭ تەمىنى تېتىغان قېرى دادىسى ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ «باشقىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئادەم » قىلىپ تەربىيىلىگەن، ئوقۇ-تۇپ ئەمەل تۇتۇپ، بېيىپ، ئاتا ـ بوۋىسىغا شان ـ شەۋكەت ياغدۇ-رۇشنى ئىستىگەنىدى. زايىتنىڭ ئۆزىمۇ يىگىرمە ئىككى يىللىق ھايات تەجرىبىسىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، فېئوداللىق دەرىجە ۋە نام ـ ئاتاق قارىشى تېخى تۈگەپ كەتمىگەن بۇ جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئەمەل تۇتماي، ھوقۇق ئىگىلىمەي ياخشى كۈن كەچۈرگىلى بولمايدى-غانلىقىنى بىلەتتى. ھوقۇق بولسا، ھەممە نەرسە ـــ بايلىقمۇ، يۈز ـ ئاب-رۇيمۇ، راھەت ـ پاراغەتمۇ بولاتتى ... ھاۋاز بەختىنىڭ بايىقى سۆزلى-رىدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىگە «ھوقۇق، ئابرۇي » دېگەن شەيتان ۋەس-

ۋەسىسى تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىدى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىشنىڭ يو-لىنى، ئېپىنى بىلگەندەك بولۇپ قالدى. توغرا، بۇ قېتىمقى سىناقتىن جەزمەن ياخشى ئۆتۈش كېرەك! شۇ چاغدىلا ھەممە ئىش — پارتىيىگە كىرىپ قىزىللىششمۇ، يۈز - ئابرۇي تېپىپ مۇتەخەسسىسلىششمۇ، بادامگۈلنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ، ئىشقىلىپ نىمىنى كۆتكەن، ئارزۇ قىلغان بولسا ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ! لېكىن، لېكىنزە ... ھەي! ... ئاشۇ ئاقنىيازغا، شەۋكەتكە، بادامگۈلگە، ھېلىقى ئاغزىغا بالاتەگكۈر سەلەي قاشاڭغا قانداق چۈشەندۈرۈش، قانداق يۈز كېلىشى كې-رەك ؟! ... دوستلۇقنى، دوستلۇق ساداقىتىنى ئەخلەت ساندۇقىغا چۆ-رۈپ تاشلاش كېرەكمۇ ؟! ئۇنداق قىلغاندا ۋىجدان، ئەقىدە دېگەن نەرسىلەر نەدە قالىدۇ ؟! ...

زايىت يەنە بىر تەرەپتىن مانا شۇلارنى ئويلىسا قاتتىق چۆچۈيتتى ۋە ئازابلىناتتى! روھىي دۇنياسى ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، كەسكىن كۈ-رەش قىلاتتى. بىر قاشتىكىلەر تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ: «زايىت، يېنىكلىك قىلما، دۇنيادىكى ئەڭ زور بەختسىزلىك ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداشتىن ئارتۇق بولمايدۇ! ھەقىقىي دوستلارنىڭ دىلى ئەينەكتەك تازا ۋە ساپ بولۇشى لازىم. ھەرگىز ئۇنىڭغا داغ چۈشۈر-مە!» دېسە، يەنە بىر قاشتىكىلەر داپ - دۇمباقلىرىنى داراڭشىتىپ: «زايىت، ئارىسالدى بولما! ئارىسالدى بولغان قوينى بۆرە يەيدۇ! ھاۋاز يېتەكچىنىڭ سۆزىنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت! ئوقۇغۇچى مەكتەپنىڭ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك! دوست ھەممە يەردە تېپىلى-دۇ، لېكىن پۇرسەت ھەمىشە، ھەممە يەردە تېپىلىۋەرمەيدۇ! پۇرسەتنى چىڭ تۇت، ئۆتۈپ كەتمىسۇن! ...» دەيتتى.

زايىت ئەنە شۇنداق چىگىش، قىيىن ۋە ئازابلىق خىياللار ئىچىدە چايقىلىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغاندا ھاۋاز بەختى خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇنىڭ مەيلىنى تار-تىۋالدى:

— زايىت، سىز ئەقىللىق بالا، مەن سىزگە بىر ھەقىقەتنى ئەسكەر-تىپ قوياي: پەقەت ئۇلۇغ سۇنىڭ ئوپقانلىرىدىن قورقمىغان ئادەملا دەريادىن خالىغانچە ئالتۇن سۈزەلەيدۇ!

× × ×

شەۋكەت زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئىچى - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋات-قان بىر خىل خورلۇق، ئەلەم ۋە دىلئازارلىق تۇيغۇسى ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلىپ، پىكىر - خىيالىنى چىچىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەھشىي بىر كۈچ قۇتىراۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى خۇددى تاغۇ تاشلاردا نەرە تارتىپ يۈرگەن ئەركىن شىرنىڭ تۇيۇق-سىز تۆمۈر قەپەسكە چۈشۈپ قالغان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئاسمان - زېمىنغا سىغمايتتى، ئالىچۇقان كۆتۈرگۈسى، چاپچىپ يۈ-گۈرگۈسى، بېشىنى تاملارغا ئۇرغۇسى، بەدەنلىرىنى پارە - پارە قىل-غۇسى كېلەتتى ...

شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى ئەركىن پەرۋازدىن مەھرۇم بولۇپ، كىچىككىنە قەپەسكە سولانغان تورغايدەك ھېس قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا دادىسىغا بىر چىغ قەپەس ئالدۇرۇپ بوز تورغايدىن بىرنى باق-قان. ئۇ سائەتلەپ قەپەسنىڭ ئالدىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ، تورغاينىڭ ھە-رىكىتىگە، سايرىشىغا قارايتتى، ئۇنىڭ كىچىككىنە قارىقۇمچاق كۆزلىرى-نى مۆلدۈرلىتىپ، قەپەسنىڭ ئاراچلىرىدىن سىرتقا بويۇن سوزۇشىنى، قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ، بېشىنى لىكىلدىتىپ، بوشلۇققا — كەڭ ۋە ئەركىن ساماغا ئىنتىلىشىنى كۆرگەن، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، ھېسداشلىق قىلغانىدى ... مانا بۈگۈن ئۆزى شۇ ھالغا چۈشتى. كۆ-رىدىغىنى كىچىككىنە قاراڭغۇ بوشلۇق، باشنى كۆتۈرسە تورۇسقا، قولنى سوزسا تامغا تېگىدۇ! ... ئاھ ئەركىسىزلىك! ھازىر ئۇنىڭغىمۇ كىملەردۇر ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ، كىملەردۇر تاماشىسىنى كۆ-رۈۋاتقاندۇ! ...

شەۋكەت ئورنىدىن تۇردى، ساپما كەشىنى شىپىرلىتىپ دېرىزە ئالدىغا ــ ئىچى ـ تېشى سىم ـ تۆمۈرلەر بىلەن قاپلانغان، ئىككى كۆزنەك پەنەركە مىخلانغان خىرە ۋە مەينەت دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ھەر ھالدا ئۇ يەردىن ئاي بىلەن يۇلتۇز چاقنىغان ئاسماننىڭ بىر بۇر-جىكى بىلەن بىنانىڭ ئارقىدىكى دەرەخزار بوشلۇقنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئويغا پېتىپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئەتراپ جىمىلىققا چۆكتى. بۇ خۇددى گۆرۈستانلىقنىڭ سۈرلۈك جىمجىتلىقى ئىدى. شەۋكەت دېرىزە ئالدىدىن قايتىپ كارد-ۋىتىغا كەلدى. يېنىدىكى كارىۋاتتا كلاسكوم غۇلام تورپاق خورەك تارتىپ، غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى. شەۋكەت بىردەم ئۇنىڭ خورىكىنى تىڭشىدى. غۇلامنىڭ خورىكى ھەم ساز، ھەم غەلىتە ئىدى. تۇرۇپ ئەبجەق ماشىنىنىڭ ماتورىدەك سەت گۈرۈلدەيتتى؛ تۇرۇپ بىرسى كالتەكلەۋاتقاندەك ئىنجىقلاپ، بوغۇلۇپ، ئەنسىز خىرقىرايتتى. ئۇيقۇ-سى قاچقان شەۋكەتكە بۇمۇ بىر ئويۇن بولدى. ئۇ خۇددى ناخشا ـ مۇزىكا كېچىلىكىگە كىرگەندەك ھەم ئومۇمخور، ھەم ئاككورد-لۇق ناخشا ئاڭلاۋاتاتتى ...

شەۋكەتنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئاستا ـ ئاستا مەركەزلەشتى، ئۇ ئەمدى ئەتىگەن ھاۋاز بەختىنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى، بىرمۇنچە سوئال ـ سوراقلارنى قىلىپ ئاخىرىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. ئەسلىمىدىن ئەسلىمە تۇغۇلۇپ، ئۆت-كەن يىلى ھاۋاز بەختى بىلەن بولغان كىچىككىنە توقۇنۇش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى ...

ھاۋاز بەختى فاكۇلتېتنىڭ سىياسىي خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن سىرت، بىرنەچچە سىنىپقا سىياسەت دەرسى بېرەتتى. ئۆتكەن يىلى ئىككىنچى مەۋسۇمدە، ئۇ تۇيۇقسىز شەۋكەت بار سىنىپقا «يېزىنقچىلىق پراكتىكىسى» دەرسىنى ئۆتۈش ئۈچۈن كىرىپ قالدى. بۇ ھال ئوقۇ-غۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇمۇ ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇ ھەيرانلىقنى سېزىپ، دەرھال چۈشەنچە بەردى :

— ئىلياس مۇئەللىم ئاغرىپ قاپتۇ، رەھبەرلىك مېنىڭ بىر نەچچە
كۈن سىلەرگە بۇ دەرسنى ئۆتۈپ تۇرۇشۇمنى بېكىتتى!

ئەسلىدە، بۇنى رەھبەرلىك بېكىتمىگەن، بەلكى ھاۋاز بەختى ئۆزى
قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، فاكۇلتېت مۇدىرىمۇ ئامالسىز ماقۇل
بولغانىدى. ھاۋاز بەختىنىڭ بۇنداق چوڭ يۈرەكلىك بىلەن مۇھىم بىر
كەسپىي دەرسنى ئۈستىگە ئېلىشتا كۆڭلىگە پۈككەن ئالاھىدە مۇددى-
ئاسى بار ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ، ئۆزىنىڭ خېلى يېتىشكەن ئۇنىۋېرسال
ئادەم ئىكەنلىكىنى، يالغۇز سىياسەتتىلا ئەمەس، بەلكى كەسپتىمۇ بى-
لىملىك، ئىقتىدارلىق خادىم ئىكەنلىكىنى يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلىك-
كە، بولۇپمۇ ئۆزىنى ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان «بىر ئوچۇم» ئوقۇتقۇ-
چى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ
مۇددىئايىغا يېتەلمەي قالدى، بەلكى ھېلىقى «بىر ئوچۇم» لارنىڭ ئال-
دىدا ئۆزىنى تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ
دەرسنى ئۆتۈشى خۇددى تار كەلگەن كىيىمنى سوزۇپ - تارتىپ،
يىرتىۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئۇ ئۆزىچە: «دەرسنى تولۇق تەيى-
يارلىدىم، لېكسىيەم جايىدا بولدى» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن كۈتمى-
گەن يەردىن ئىككى سائەتكە دەپ تەييارلىغان لېكسىيىسى بىر سائەتكە
بارماي تۈگەپ قالدى. چۈنكى بۇ، سىياسەت دەرسكە ئوخشاش،
گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئوبزور ۋە باش ماقالىلەردىن خالىغانچە ئۈ-
زۈندە، ستاتىستىكىلارنى ئېلىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئۇزارتىشقا ياكى قىس-
قارتىشقا، كونسپىككە قارىمايمۇ بەش - ئون مىنۇت دۇدۇقلىماي سۆز-
لەپ كېتىشكە بولىدىغان دەرس بولمىغاچقا، ئۇ بىردەممۇ كونسپېكتىن
باش كۆتۈرەلمىدى، باش كۆتۈرەلمىگەنسېرى تېز ئوقۇپ، ئۆزى بىلەن
ئۆزى ھولۇقۇپ كەتتى، ھولۇققانسېرى كونسپېكتىكى خەتلەر كۆ-
زىگە ئىمىر - چىمىر كۆرۈنۈپ، گەپلىرىمۇ بىر - بىرىگە قولاشماي
قالدى، ئاۋازىمۇ خۇددى چوڭقۇرلۇققا ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كېتىۋات-
قان تاشتەك بارغانسېرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بەدىنى قىزىپ، يۈ-
زىمۇ قىزىرىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ، «خۇيىنى بىلمەي ئات مىنمە،

بۇرنۇڭ قانايدۇ » دېگەندەك ئىش بولدى. ئەسلىدە، ئۇ بۇ دەرسنى بۇنچىلىك قىيىن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. چۈنكى، ئۆتكەندە بىر ـ ئىككى قېتىم ئوچۇق دەرسكە قاتنىشىپ «بۇ دەرسمۇ چاغلىقكەنغۇ، كىتاب ۋە كونسپېكلاردىن تېرىشتۇرۇپ سۆزلىسە بولۇۋېرىدىكەن » دەپ ئويلىغان ۋە بۇ قېتىم شۇ تەسىرات بىلەن بۇ دەرسنى ئۆتۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ خۇددى بىر رەسسامنىڭ يىلاننىڭ سۈرىتىنى ھېچقانچە زورۇقمايلا سىزىۋەتكىنىگە قاراپ، «ۋاييەي! ... يىلان سىزىش چاغلىقكەنغۇ، مەنمۇ سىزالايدىكەنمەن ... » دەپ، ئەمەلىيەتتە، يىلانغا پۇت چىقىرىپ سىزىپ قويغاندەك كۈلكىلىك ئىش بولدى. بۇ دەرسنى ئۆتۈشتە ھاۋاز بەختىگە يەنە بىر ئوڭ كەلمىگەن يېرى، دەرس پروگراممىسىنىڭ دەل كونكرېت ئەسەر تەھلىل قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇننىڭ «باھار پىلىسى » ناملىق مەشھۇر ھېكايىسىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىدىغان يېرىگە توغرا كېلىپ قالغىنى بولدى. بۇنىڭدا ھاۋاز بەختىگە خېلىلا ناتونۇش بولغان قانداقتۇر «دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، پېرسوناژلار تەقدىرى، ھېكايە سۇژېتى، كومپوزىتسىيىسى، ئوبرازلارنىڭ پورترېت تەسۋىرى، پسىخىك تەسۋىرى ... » دېگەندەك ئاتالغۇ ۋە چۈشەنچىلەر بار ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، نېمە بولمىسۇن، ئۇ بىرىنچى قېتىملىق دەرسنى ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، قىينىلىپ بولسىمۇ تۈگەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق دەرسكە كىرگەندە ھەر ھالدا ئۇ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خېلى ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، يۈرىكىنى توختىتىپ كىرگەنىدى. بۇ قېتىم قانداقلا بولمىسۇن غەلىبە قىلىشقا، ھېلىقى مۇددىئاسىنىڭ يېرىمىغا بولسىمۇ يېتىشكە ئىشىنەتتى. لېكىن كىم بىلسۇن، دەرسنى ئۆتمەي تۇرۇپلا يەنە پالاكەت باستى، بۇ قېتىمقى پالاكەت بىرىنچى قېتىمقى «يىلانغا پۇت چىقىرىپ سىزىپ قويۇش » تىنمۇ ئېغىر ۋە شەپقەتسىز بولدى. ئۇ سىنىپقا كىرىپ مۇنبەرگە چىقتى، يوقلىمىدىن كېيىن، قائىدە بويىچە ئالدىنقى قېتىمقى دەرستىن سىناق ئېلىپ باقماقچى بولدى ۋە تاسادىپىي كۆزى چۈشۈپ قېلىش بىلەن شەۋكەتنى ئورنىدىن

تۇرغۇزۇپ سورىدى :

— سىز «باھار پىلىسى» دېكى باش قەھرىمانىنىڭ كىملىكىنى، يازغۇچى ئۇنى يارىتىشتا قانداق بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭە!

شەۋكەت ئوڭايسىزلاندى، ئارقا ـ ئالدىغا بويۇنداپ قارىدى، كېيىن سىلىق، ئاستا ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— مۇئەللىم ... ئۆتكەنكى دەرسنى تازا ھەزىم قىلالمىدىم ... شۇڭا ...

ھاۋاز بەختى مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— ھەلەپنى، پومنى يېدىڭىز، لېكىن ھەزىم قىلالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ ؟!

شەۋكەتنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، ئۆزىنىڭ ھايۋانغا ئوخشىتىلغانلىقىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ، ئارقا ـ ئالدىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ھاۋاز بەختىگە تورۇڭ ـ تورۇڭ تەگدى :

— مۇئەللىم، ئەگەر سىز ماڭا ھەلەپ ياكى پومدەك ئاز ـ تولا ئوزۇقلۇق قىممىتى بار نەرسىلەرنى بەرگەن بولسىڭىز، مەنمۇ ئاللىقاچان ھەزىم قىلىپ، سىزگە سۈت ياكى گۆش ياندۇرغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى، سىزنىڭ بەرگەن نەرسىڭىز ھەزىم قىلغىلى بولمايدىغان، قىلىمەن دەپ زورۇقسا، مەيدە ئاغرىتىدىغان تاش ـ داڭگالدەك نەرسىلەر تۇرسا، مەن قانداق قىلىمەن ؟!

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى پاراققىدە كۈلۈشتى، ھاۋاز بەختىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇ تۇنجى قېتىم بىر ئوقۇغۇچىسىدىن ئاشكارا مەسخىرىگە، تەھدىتكە ئۇچراۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ بۇ يوشۇرۇن ئېلىشىشتا بېسىپ چۈشمىسە كېيىنكى نوپۇزى، ئابرۇيى، شان ـ شەۋكىتى جەزمەن تەسىرگە ئۇچرايتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئاشكارا كەمسىتىشكە، مەسخىرىگە ئۇچراپ باققان ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئىشتا دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كەلگەنىدى. ئەگەر قايسىبىر ئوقۇغۇچى ھاۋاز يېتەكچى بېكىتكەن بىرەر رامكا ـ سىزىقلاردىن سەللا

چەتنەيدىغان بولسا، ئۇ ھەممىلا يەردە خۇددى زىمىستاندەك سوغۇق مۇئامىلىگە — سوغۇق قاراشقا، سوغۇق گەپكە، سوغۇق كۆڭۈلگە ۋە سوغۇق نەپەسلەرگە دۇچ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ناھايىتى يۇقىرى چاغلايتتى. ئەنە شۇنداق ئادەم بولغان خۇددى «تولۇمدىن توقماق چىققاندەك» كۈتۈل-مىگەن خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئەگەر ئۇ بۇ خىرىسنى دەرھال بىر پەشۋا بىلەن ئۇجۇقتۇرمىسا، ئۇنىڭ تەسىرى يامراپ كېتىشى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق خىرىسلارنىڭ بولۇشىغا سەۋەبچى بو-لۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ يامىنى، ھاۋاز بەختىنىڭ ئۆزى پۇخا-دىن چىقالماي، روھىي جەھەتتە ئازابلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ، تەرىنى تۈرۈپ، پۈتۈن غەزەپ ۋە ئاچچىقىنى ئاۋازىغا مەركەزلەشتۈرۈپ:

— سىز خالىسىڭىز ئوقۇڭ، بولمىسا بىرىپ، يادىڭىزنى بېقىڭ! — دېدى ۋە قولىدىكى كىتابنى شىرە ئۈستىگە پاققىدە قويۇپ داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز ھەرگىزمۇ سىزگە ئوخشاش بۇرژۇئا ئۆكتىچىلىرىنى ئەمەس، بەلكى كومپارتىيىگە سادىق قىزىل قەلب ئىز باسارلارنى تەربىيىلەيدىغان ئىنقىلاب ئوچىقى!

بۇ گەپنىڭ بىرئاز ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ۋە ئانچە جايىغا چۈشمىگەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئېغىز ئاچ-ماي جىممىدە ئولتۇردى، بۇنىڭغا يەنە شەۋكەتنىڭ ئۆزى جاۋاب بەر-دى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا قوپاللىق، بىھۆرمەتلىك يوق ئىدى.

— مۇئەللىم، ئەگەر راستىنلا كېتىپ يادا بېقىشقا توغرا كەلسە، بۇ مەن ئۈچۈن ئوخشاشلا شەرەپلىك! — دېدى ئۇ ئۆرە تۇرغان ھالدا، — لېكىن مەن بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلگەن، پارتىيە ۋە خەلق مېنى نۇرغۇن ئىقتىساد ۋە ئەجىر بىلەن ئوقۇتۇۋاتىدۇ، مەن شۇنىڭغا لايىق ئوقۇمىسام پارتىيە ۋە خەلققە قانداق يۈز كېلىمەن؟! لېكىن ئاشۇنداق يېرىمى بار، يېرىمى يوق، چايناپ بەرگەن نانىدەك تەمسىز گەپلەر بىلەن مەن قانداقمۇ ھەقىقىي بىلىم ئالالايمەن؟! مۇئەللىم، كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەۋېرەي، سىز ئۆزىڭىز ياخشى چۈشەنمىگەن

نەرسىلەرنى بىزگە قانداق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيسىز ؟!...

بۇ گەپ ھاۋاز بەختىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى، شۇ تاپتا بۇ گەپتىن ئاچچىقلاپ، چالۋاقاپ، ھەتتا تىللاپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. چۈنكى، ھاۋاز بەختى تۇغما سەزگۈرلۈكى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزىدىكى، كۆزىدىكى ئالامەتلەردىن شەۋكەتنىڭ بۇ گېپى ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي گەپ ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغانىدى. شۇڭا تۇرۇپلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە بەزگەك تىترىكى ئولاشتى، ئەمدى سۆزلەشمۇ، دەرس ئۆتۈشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئوڭۇشسىز شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى تەكرارغا قويۇۋېتىپ، شەۋكەتكە كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالايدى ــ دە :

— يۈرۈڭ، ئىشخانىغا! — دېگىنىچە دەپتەر ــ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىنىپتىن چىقتى. شەۋكەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ماڭدى ۋە ئىشىكىدىكى ئەينەككە كۆك تاۋار پەردە تارتىلغان چاققانغىنە ئىشخانىسىغا كىردى. ھاۋاز بەختى ئىشخانىسىغا كىرىپلا جىگەررەڭ دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، «شەرەپ» ماركىلىق تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، ئىشىك يېنىدا تىك تۇرغان شەۋكەت گويا ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، شەۋكەت ئاخىر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. ھاۋاز بەختى يەنىلا ئۈنچىقمىدى، پەقەت قولىدىكى تاماكىنى دەم بىلەن چېكەتتى، يېرىمىنى چېكىپ بولۇپلا زەردە بىلەن مىجىپ تاشلايتتى، يەنە تۇتاشتۇراتتى، يېرىمىنى چېكىپ بولۇپ، يەنە مىجىپ تاشلايتتى. شۇنداق قىلىپ بىردەمدە ئون تالغا يېقىن تاماكا قالدۇقى ئۇنىڭ يېنىدىكى كۈلدان بىلەن پۈتىنىڭ ئەتراپىدا مىجىلىپ ياتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى قويۇق ئىس بىلەن قاپلاندى، ھاۋاز بەختىنىڭ چىرايىمۇ خۇددى ئەنە شۇ ئىسقا ئوخشاش كۆكىرىپ، تۇتۇقلىشىپ كەتكەنىدى، ياڭاقلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى ئەلەملىك غۇچۇرلايتتى. ئۇنىڭ ئاغزى زادىلا گەپكە كەلمىدى، پەقەت يوغان ئېچىلغانلىقتىن، كىرپىكلىرى قىسقىراپ تىككىدە بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن پات ــ پات شەۋكەتكە ئالىيىپ

قاراپ قوياتتى، ئاغزىدا يەنە شۇ ئىس پۇرقىرىتىپ، قولى بىلەن تاماكا مجىيتتى. قىزىق، ئۇ بۇ يەرگە شەۋكەتنى زادى نېمىگە چاقىردى؟! خۇددى مانا شۇ ئىسقا ئوخشاش پۇرقۇپ، تاماكىغا ئوخشاش مجىپ تاشلايمەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟! ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، شەۋكەتمۇ سىرلىق كۈلۈپ قويدى. ھاۋاز بەختى ئاخىر بىر قاپ تاماكىسىنىمۇ چېكىپ تۈگەتتى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئەمدى گېپىم تۈگىدى، دېگەندەك ئەلەڭلەپ ئورنىدىن تۇردى. قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىشقىلىدى، كېيىن بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن يىگىت، بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىق تاش چاقالايدۇ، جۇمۇ! سىز يېرىم چېلەك سۇدەك ھەرقانداق شالاقشىسىڭىزمۇ، مەن يەنە بىر چىمدىم تۇز بولۇپ سىزگە تېتالايمەن! — دېدى ۋە ئىشىكنى زەرب بىلەن ئېچىپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ بۇ مەسىلىنى ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەشكىلدىن شەۋكەتكە قاتتىق چارە كۆرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، خۇددى ئېچىشقان يەرگە مۇچ قۇيغاندەك، سەلىم ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى: «مەشھۇر يازغۇچى چېخوپ: ‹چوڭ ئىت قاۋىيالىسا، كىچىكمۇ قاۋىيالايدۇ› دېگەن سۆزنى ئېيتقان. ھەرقانداق مەخلۇق ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەيۈسلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، چوڭ ئىت بولىمەن، دەپ زورۇقۇپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىزوپ مەسەللىرىدە، پاقىنىڭ كالا بىلەن بەدەن چوڭلۇقىدا بەسلەشكەنلىك ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ. پاقا ئۆزىنى كالىدەك يوغان قىلىمەن، دەپ ئاخىر زورۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پاقا بىلەن كالىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىدى، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزى ئاشكارىلاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە زورمۇزور كۆچىنىش — ئىنتايىن ئاقىلانە بولمىغان قىلىق ...!»

شۇنىڭدىن كېيىن، شەۋكەت خېلى ۋاقىتلارغىچە ھاۋاز بەختىنىڭ

ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ يۈردى. سەلەي قاشاڭمۇ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا: «شەۋكەت، سەن ھاۋاز يېتەكچىنى بوش چاغلىما! سەللا ئاچچىقى كەلسە ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، جۇمۇ! ئۇنىڭغا قارشى تۇرىمەن دېگەن ئادەمنىڭ ئۆشنىسىدە يۈك ـ تاقىسى، قولىدا سومكىسى، يانچۇقىدا ماشىنا بېلىتى بولۇشى كېرەك!» دەپ ئۇنى چۆچۈتتى. شۇڭا ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ھاۋاز بەختىنىڭ يانپىشىغا چىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆتىدىغان سىياسەت دەرسىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەندى، ئىمتىھانلارغىمۇ پۇختا تەييارلىق بىلەن قاتناشتى. بۇ جەھەتتە ئۇ كىچىككىنىمۇ يوچۇق قويمىغاچقا، ھاۋاز بەختىمۇ «ئاچچىقنىڭ دورىسى ـــ سۈكۈت» دېگەندەك، ئەلمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چاندۇرماي يۈرۈۋەردى. لېكىن ئۇ ئالتۇن تاقىلىق ئاتنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى مۈدۈرىدىغانلىقىغا، سەۋر قىلغان ئادەم ئۈچۈن غورىدىن ھالۋا پۈتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دېگەندەك، بىرەر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا «ئالتۇن تاقىلىق ئات» مۈدۈرىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى مۈدۈرىمىدى، بەلكى ئۇنى مۈدۈرىتىۋەتتى. لېكىن مەيلى ئۆزى مۈدۈرىسۇن ياكى باشقىسى مۈدۈرىتىۋەتسۇن، ھاۋاز بەختى ئۈچۈن ئوخشاشلا ئامەت ئىدى. گەرچە بۇ ئىشلارغا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئوبدان يادلىۋالغان ئايەتتەك ھاۋاز بەختىنىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلىنىپ كەلگەندى ...

شەۋكەت ئۇيقۇسىز كېچىدە، قاتتىق خورەك بىلەن جانلىنىپ كەتكەن كىچىككىنە «كامېر» دا يۇقىرىقىلارنى ئەسلەپ، چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن قارىلىنىپ، بىھۇدە تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى ھاۋاز بەختىنىڭمۇ يانپىشىغا چىقىپ، خېلى كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. گەرچە ئۇ، شۇنچە قىسىلغان، چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىگە ئىشىنەتتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ پاك ۋە ھەققانىي بولۇپ ئىسپاتلىنىشىغا كۆزى يېتەتتى. لېكىن

هازىر ئۇنى ئازابلاۋاتقىنى، قانداقتۇر قۇرۇق تۆھمەت بىلەن نىمە بولۇپ كېتىشى ياكى ھاۋاز بەختىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئەمەس، بەلكى زايىتنىڭ دوستلۇقتىن، ساداقەتتىن بىراقلا يۈز ئۆرۈپ، «يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن» دېگەندەك ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ، قاراڭغۇدا تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئەلەم بىلەن ئاستا شىۋىرلىدى: «كىمدۇر بىرسى ئەجەب توغرا دەپتىكەن: ‹دۈشمەنلىرىمنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن، مېنى دوستلىرىمدىن ئاسرا، خۇدايىم! ...›»

## 4

مەنىۋى جەھەتتە باي، كۈچلۈك ئادەملەرنى ماددىي جەھەتتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ۋە غۇربەتچىلىكلەر ئاسانلىقچە كاردىن چىقىرالمايدۇ. ئاقنىياز شۇنداق ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۈزۈلمەي بولۇۋاتقان ئاچلىق ئازابى، يوقسۇزلۇق دەردى ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىگەن، بەلكى ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق، تۇرمۇشتىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغان، ئىرادىسىنى تاۋلىغانىدى. لېكىن، شەۋكەتنىڭ ئىشىغا كەلگەندە، ئۇ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، گويا يۈزلىگەن، مىڭلىغان زەھەرلىك قۇرت - قوڭغۇز ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە يېپىشىپ، لۆمشۈپ، نەشتەر سانجىۋاتقاندەك، ئۇنى چىدىغۇسىز بىئاراملىقتا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئازراقمۇ ناھەقچىلىككە، ئادالەتسىزلىككە چىدىمايتتى، ئۇ ھەققانىيەتچىلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل چۈس، كەسكىن مىجەز - خاراكتېر كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئاستا - ئاستا يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللاخۇن 1953 - يىلىدىكى «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتتە تۇيۇقسىز «چوڭ يولۋاس» بولۇپ قولغا ئېلىنىدى. ئۇنى بىر مۇتتەھەم باشلىق ئوڭدا قويدى. ئابدۇللاخۇن

ئۇستا كاسسر ئىدى، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ باشلىقى بىر كۈنى خېلى كۆپ نەق پۇلنى «جىددىي لازىم بولۇپ قالدى، ئەتە ئەتىگەندىلا ئورنىغا سېلىپ قويايلى، ھېچكىم بىلمەي قالسۇن » دەپ رەسمىيەتسىزلا ئېلىپ، ھەپتىگىچە يوقالدى، كېيىن خۇددى قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ تېنىۋالدى، بىچارە كاسسىر «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق » دېگەندەك ئېغىر كۈنگە قالدى. شۇ ئىشتىن بىر ئاي كېيىن باشلانغان «ئۈچكە قارشى » ھەرىكەتتە، بۇ پۇل ئۇنىڭ خىيانىتى، دەپ قارىلىپ، ئىتتىك بازاردا قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولدى. ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپ-كە چىققان ئاقنىيازمۇ بۇ غۇربەتچىلىكنىڭ دەردىنى تارتتى. لېكىن ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا تەمتىرەپ، قاقشاپ يۈرمىدى، بەلكى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى : دەم ئېلىش كۈنلىرى مەدىكار ئىشلەپ، ئادەتتىكى كۈنلەردە مايلامچىلىق قىلىش ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى، لېكىن ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمىدى، بەلكى تاپقان پۇلىنى دەپتەر - قەلەم، كىتاب - ژۇرنال ئېلىشقا ئىشلەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بويىمۇ، ئەقلىمۇ ئۆسۈپ باردى. ئۇستىخانلىرى قاتتى، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. بۇ چاغ-دىمۇ مەدىكارچىلىق بىلەن مايلامچىلىقنى تاشلاپ قويمىدى، بەلكى تېخىمۇ كۈچەپ ئىشلەپ، ئۆزىدىن ئېشىنغان پۇل بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى قامدىدى. ئۇ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا مەكتەپنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئورۇن تۇتۇپ، ئۆزى ياسىۋالغان چاققانغىنە مايلامچى-لىق ساندۇقىنى ئېچىپ قوياتتى - دە، ھەر خىل ماي ۋە چوتكىلارنى يېيىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىغا قاراپ : «قېنى - قېنى، غاچ - غاچ ئۆتۈك، غىچ - غىچ بەتىنكىلەر كېلىڭلار. ياخشى ماي، ئېسىل چوتكا بار، كۆزۈڭلار قاماشقۇدەك پارقىرىتىپ مايلايمەن، پۇلى ئەرزان ... » دەپ توۋلايتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇنى بەزى مىشچان ساۋاقداشلىرى «مايلامچى قاسماق » دەپ چاقىراتتى. ئۇ تېرىكمەيتتى،

چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۈنىڭ رەڭگىرويى، تەقى ـ تۇرقى راستىنىلا «مايلامچى قاسماق » قا ئوخشاپ قالغانىدى. قوپال، يىرىك قوللىرى ماي بىلەن قاراگۈلنىڭ بويىقى بىلەن مەينەتلىشىپ كەتكەن، يۈز ـ كۆز، ئۈستۋاشلىرىمۇ قارا، قىزىل، سېرىق مايلارنىڭ يۇقۇندىلىرى بىلەن ئالىپاساق بولۇپ، بەئەينى دۇنيا خەرىتىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى ...

ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ئەتىيازدا، يەنى دادىسى ئاقلىنىپ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ھارپىسىدا، ئالتە يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن دادىسى بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. دادىسى شۇنچە يىلدىن بېرى قاراڭغۇ كامېردا ياتقانىدى. ساقىلى ئۆ-سۈپ كۆكسىگە چۈشكەن، چاچلىرى گەدىنىنى ياپقان، چىرايى سار-غىيىپ تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ھەمىشە كامېرنىڭ ئۈس-تىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن چۈشكەن يورۇق نۇرغا قاراپ ئولتۇرات-تى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن تولغىنىپ چىققان بىر خىل ئاھۇ پىغان بىلەن قاتتىق ئۇھ تارتاتتى ...

ئاقنىياز سۆرلۈك ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ، دادىسى ياتقان قاراڭغۇ كا-مېرغا كىرگەندە، ئابدۇللاخۇن چېكى يوق ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ھۆمۈدەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئۈچ خىل سوئال سورىدى:

— ئوغلۇم، ئاسماندا قۇياش بارمۇ؟ قەيەردىن چىقىپ، قەيەرگە پې-تىۋاتىدۇ ؟!

......

— ئوغلۇم، بازار ـ رەستىلەردە ئادەملەر بارمۇ؟ ئۇلار يولدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەلەمدۇ ؟

.....

— ئوغلۇم، باغدا ئۈزۈم ـ ئەنجۈرلەر بارمۇ؟ كىشىلەر يېيە-لەمدۇ ؟! ...

.....

بۇ سوئاللارغا ئاشۇ ۋاقىتسىز قېرىپ مۈكچەيگەن، ھالسىرىغان بى-

چارە مەھبۇسنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى ئۆي ـ پىكرى، ئازاب ـ ئوقۇ-
بىتى، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنى سىڭگەنىدى. بۇ ئادەم ئال-
تە يىلدىن بېرى پەقەت ئىككى قېتىملا سوراققا تارتىلغان، تۈرمىدە
تۆت قېتىم رەھبەر ئالماشقان بولسىمۇ، بۇ ئادەمگە ھېچ نەرسە ئال-
مىشىپ باقمىغان ...
ئاقنىياز ھېچنېمە دېيەلمىدى، ئۇ يىغلايتتى، ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن
ئەمەس، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقاندەك ئۆكسۈپ، تىترەپ
كەتتى ... ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئادالەتپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت تۇيغۇ-
سى مانا شۇ يەردىن باشلانغان، بۇ تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ قېنىغا
سىڭىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇلغايغان، چوڭ بولغان، مۇستەھكەملەنگە-
نىدى ...
ئۇ ھەمىشە بىرەر ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرسە، دەرھال
كۆز ئالدىغا دادىسىنىڭ ئاشۇ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كەلتۈرەتتى ۋە ئۆ-
زىدە غايەت زور بىر مەنىۋى قۇدرەتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتت-
تى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ دۇنيادا ناھەقچىلىك، ئۇقۇشماسلىق دېگەنلەر
ھەمىشە، ھەممە يەردە بولۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئادەم ھەممىنى قىلىشقا
قادىر ئىدى. ئادەملەر ياشاۋاتقان ئون سەككىزمىڭ ئالەمدە چىنلىق،
ياخشىلىق، گۈزەللىك بولۇش بىلەن بىللە يەنە ساختىلىق، رەزىللىك
دېگەنلەرمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى! شۇڭا ئۇ، شەۋكەتكە ئىشىنەتت-
تى، بۇ ئىشىنىش قانداقتۇر ساۋاقداشلىق مېھرى، دوستلۇق ھېسسىياتى
دېگەن تەبىئىي يېقىنچىلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇشتا
ھېلىقىدەك ساقلانغىلى بولمايدىغان ناھەقچىلىك ۋە ئۇقۇشماسلىقلار
تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان ئۇۋالچىلىق تۇيغۇسىدىكى ئىشىنىش ئىد-
دى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ شەۋكەت تارتىۋاتقان بىھۇدە ئازاب ـ
ئوقۇبەتلەرگە چىدىمىدى، ئۇنىڭ ئەركىنلىكتىن، بىلىم ئېلىشتىن، مۇ-
ھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ، كىچىككىنە قاراڭغۇ «كامېر» غا قامىلىپ،
تۈگىمەس سوئال ـ سوراقلارغا تارتىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ كاللىسىدىن
ئۆتكۈزەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن شەۋكەتنى قۇتقۇزۇش كەل-

مەيتتى، پەقەت ئويلايتتى، قايغۇرۇش ۋە تىت - تىت بولۇش بىلەن ئۆزىنى ئازابلايتتى، خالاس! شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى پۇشقانلىقتىن، تىت - تىت بولغانلىقتىن ئادەمسىز يىراق، خىلۋەت بىر يەرگە بېرىپ، خۇددى بۆرىدەك هۇۋلىغىسى، ئاتتەك كىشنىگىسى، كېيىكتەك بوزلىغىسى كەلدى. شۇنداق قىلسىلا، دەردكە تولغان ئىچى بىر ئاز بوشايدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىر ئۇ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىش، بىر ئاز بولسىمۇ ئىچىنى بوشىتىش ئۈچۈن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، هۆرمەتكە سازاۋار ئوقۇتقۇچى سەلىم ئەپەندىنىڭ يانىغا كەلدى. ئۇنىڭ يانىقى «بويتاقلار بىناسى» نىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، سۇس يېشىل سىرلىق ئىشىككە ئېسىلغان كىچىككىنە ۋىۋىسكىسى ئارقىلىق باشقا ياتاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىر پارچە قېلىن قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان «رۇخسەتسىز كىرىشكە بولمايدۇ، سەلىم سادىق » دېگەن خەتلەر هەرقانداق ئالدىراش كەلگەن ئادەمنىمۇ بىر مەهەل توختىتىپ قوياتتى. بۇ ياتاققا يېڭى كىرگەن ئادەم گويا ئۆزىنى كىتابخانىغا كىرىپ قالغاندەك هېس قىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ بىر قېتىم ئۆيلىنىپ، يەنە بويتاق بولۇپ قېلىشىغىمۇ مانا شۇ «كىتابخانا» سەۋەب بولغاندى. بىر جۈپ كۆڭۈلنىڭ هەمىشە بىر يەردىن چىقىشى ناهايىتى تەس. لېكىن ئۇ، هەمىشە بىر - بىرىگە هەمنەپەس بولۇپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن. ئەمما سەلىم ئەپەندى بىلەن ئايگۈل شۇنداق قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ مۇهەببىتى، تۇرمۇشى، ئائىلىسى خۇددى ئۇلۇغ شائىر پۇشكىن بىلەن ئايالى ناتالىيەنىڭ مۇهەببەت مەسىلىسىدىكى پاجىئەدەكلا بولدى. سەلىم ئەپەندى پۇشكىندەك ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە، ئىشلەشكە، ئىجاد قىلىشقا بېرىلەتتى؛ ئايگۈل بولسا ناتالىيەدەك ياسىنىشقا، پەردازغا، ئويناپ - كۈلۈشكە بېرىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، هاياتنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسى چىرايلىق كىيىم كىيىپ، زىياپەتلەرگە بېرىش، تانسا ئويناش، هەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدى. بۇنىڭغا سەلىم ئەپەندى ماسلىشالمىدى هەم ماسلىشىشنىمۇ خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار-

نىڭ تۇرمۇش هارۋىسى خۇددى «پاقا كۆلگە سۆرەپ، يىلان چۆلگە سۆرەپ» دېگەندەك، ئىزىدىن چىقىپ ۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ تۆت يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق هاياتىدىن يادنامە بولۇپ قالغان ئىككى ياشلىق قىزىمۇ ئايگۈل بىلەن كېتىپ، سەلىم ئەپەندى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بويتاق بولۇپ قالدى ...

ياتاقنىڭ سەرەمجانلىرى ئاددىي، لېكىن كۆركەم ئىدى. كۈمۈش رەڭ بىر كىشىلىك سىم كارىۋات بىلەن تامدىكى مىسىر پىرامىدىلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يېپەك گىلەمدىن باشقا، يوغان ئىككى جازىدىكى خىلمۇخىل يېزىق ۋە خىلمۇخىل شەكىلدىكى كىتاب ـ ژۇرناللار بۇ ياتاقنىڭ ئاساسلىق هەم قىممەتلىك بىساتلىرى ئىدى ...

ئاقنىياز ئىشكنى چېكىپ ياتاققا كىرگەندە، سەلىم ئەپەندى كىتاب ـ ژۇرناللار بىلەن تولغان يېزىق ئۈستىلىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاللىقانداق بىر رۇسچە كىتابتىن خاتىرە يېزىۋاتاتتى. ئۇ ئاقنىيازنى كۆرۈپ ئىشنى توختاتتى.

— كېلىڭ ئاقنىياز، كېلىڭ! — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىشىك يېنىدىكى كونا ساپاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، — قەهۋە ئىچەمسىز، چايمۇ؟ تارتىنماڭ ـ هە!

— رەهمەت مۇئەللىم، — دېدى ئاقنىياز ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، ـ ئۇسسىمىدىم ...، — ئۇنىڭ ئاۋازى زەئىپ هەم مىسكىن ئىدى.

سەلىم ئەپەندى ئورۇندۇقنى بېرى تارتىپ، ئاقنىيازغا يېقىنراق ئولتۇردى. ئاقنىياز ئۇنىڭغا مەدەت تىلىگەندەك تەلمۈرۈپ قارىدى. ئوتتۇز بەش ياشتىن هالقىغان، ئوتتۇرا بوي، چاچلىرى شالاڭ، ئاقۇچ يۈزلىرى هەمىشە تاتارغاندەك كۆرۈنىدىغان، لېكىن يوغان، دۈگىلەك كۆزلىرىدىن نۇر ۋە هارارەت يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم دۇنيا ئەدەبىياتى دەرسى بويىچە لېكتور ئىدى. ئۇ ئوي ـ پىكرى چوڭقۇر، هەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالايدىغان تەمكىن، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئۇ لېكسىيە سۆزلىگەندە، سۆز قىلغاندا هەرگىزمۇ مەنىسى كالتە، قەستىسى ئۇزۇن، ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق تەمكىن-

لىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشى ھەممەيلەنگە سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. خەنزۇ تىل - يېزىقىدىن باشقا، رۇسچىنىمۇ خېلى مۇكەممەل بىلىدىغان ئىق- تىدارلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ لېكتورلۇق ئۇنۋانى تېخى مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ كەلگەنىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن قوشۇلغاندا، تۆت يۈز قىرىق ئوقۇغۇچى بىلەن قىرىق ئالتە ئوقۇتقۇچىسى بار چوڭ فاكۇلتېتتا ئەمدى ئۈچ لېكتور بولغانىدى.

سەلىم ئەپەندى ئاقنىيازنىڭ ئۈنچىقماي، خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۈچ يىل بۇرۇنقى بۇ بەگۋاش، ياۋايى يىگىتنىڭ ھا- زىر خېلى پىشىپ، ئويچان، مۇلاھىزىلىك ئادەم بولۇپ قالغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدى. ئۇلار ئۈچ يىل بۇرۇن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ئاقنىياز ھەقىقەتەنمۇ قوپال ۋە ياۋايى يىگىت ئىدى. شۇ چاغدا سەلىم ئەپەندى ئۇنىڭدىن:

— يىگىت، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ مەنسىت- مىگەندەك:

— ئىشقىلىپ، كىردۇق يىگىرمە - ئوتتۇزغا! — دېگەنىدى.

— يىگىت، قانداق ياش ئۇ! — دېگەنىدى سەلىم ئەپەندى ئۇنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن، بىمالال تۇتىدىغانلىقىغا قىزىقىپ، — ئېنىق بىر سىنى دېمەمسىز، زادى يىگىرمىمۇ، ئوتتۇزمۇ؟

— ئەپەندىم، خاپا بولمىسىلا، ئەمدى بىز ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، سانىماي كىرىۋېرىپتۇق دېسىلە! — دېگەندە ئەتراپتىكىلەر بىلەن بىللە سەلىم ئەپەندىمۇ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئاقنىياز سەلىم ئەپەندى بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ كەتتى، ئۇنى ھەم بىر بىلىملىك ئوقۇتقۇچى، ھەم بىر پەزىلەتلىك ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس باغلىدى. سەلىم ئەپەندى يالغۇز ئاقنىيازنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇ- غۇچىلارنىڭمۇ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇ بۇ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى قانداقتۇر قۇرۇق گەپ، قۇرۇق سۆلەت ياكى تەھدىت - پو-

پوزىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى راۋان نۇتقى، چوڭقۇر ۋە مېغىزلىق لېك-
سىيىسى، ئەتراپلىق بىلىمى، خۇش پېئىل مۇئامىلىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار-
نى ھەقىقىي بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەش قىزغىنلىقى بىلەن تاپقانىدى. ئۇ
بىرىنچى سائەتلىك دەرستىلا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى، تەلىپى-
نى، ئۈمىدىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— ئىلىم - پەن قانداقتۇر ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ بەرگەننى يادلىۋال-
سىلا ئىگىلەپ كەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ يەككە -
يېگانە، ھالال تەر تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق مېھنەت، ھەركۈنى، ھەمە-
شە ئىشلەشنى، ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈندىلىك مېھنەت! كىم
بۇنى چۈشەنمىسە، ئۇنداقلارنىڭ باھاسى بىر تىيىن! ئۇنداقلار يۈز
ياشقا كىرسىمۇ يەنىلا كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشاش نادانلىقتا
قېلىۋېرىدۇ! ساۋاقداشلار، دائىم ئېسىڭلاردا بولسۇن، مەن بىلەرگە
ئۇلۇغ يازغۇچى بالزاكنىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى سوۋغا قىلىمەن:
«كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ گۈزەل بۇرچ ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدى-
كى ئەڭ زور بەخت — تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆگىنىش!»

مانا شۇنداق سەمىمىي تەلەپ ۋە ئۈمىدنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئوقۇ-
غۇچىلاردا بىلىم ئېلىشقا، ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياق، قىزغىنلىق كۈ-
چەيگەن، يېرىم ئاچ، يېرىم توق ۋاقىتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى،
ئىرادىسى سۇسلاپ، بوشاپ كەتمىگەنىدى ...

ئاقنىياز خىيالدىن سەگىپ، بۇ ياتاققا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى،
سەلىم ئەپەندىگە نېمىلەرنى دېمەكچى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە
خۇددى بىرسىنىڭ ئۈستىدىن دادخورلۇق ئېيتقاندەك تەلەپپۇزدا سۆز-
لەشكە باشلىدى:

— مۇئەللىم، شەۋكەتنى قارا باسقاندەكلا ئىش بولدى، ئۇنىڭغا
ئۇۋال بولۇپ كەتتى! مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئۇ ماڭا ھەممىنى ئېيت-
قان، ئۇنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلانمايمەن! ...

— شۇنداق، شەۋكەتنىڭ ئىشى ماڭىمۇ بەك تاسادىپىي تۇ-
يۇلدى، — دېدى سەلىم ئەپەندىمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — ئۇ

پىكىردە، ئىپتىقادتا خېلى پىشقان بالا، ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلمىشى ناتايىن!

— مۇئەللىم، شەۋكەت ئۇستىدىكى ھېلىقى خەتنىڭ ئىشى راستمۇ؟ — سورىدى ئاقنىياز دەرگۇمان بىلەن.

— مەن كۆرمىدىم، — دېدى سەلىم ئەپەندى چۈشەندۈرۈپ، — ئەمما فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇنداق پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى بىر خەتنىڭ بارلىقى راست ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ ئىسمسىز ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاقنىياز چىچاڭشىپ كەتتى:

— ئىسمسىز خەتنىمۇ پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بارمۇ؟ نەدە ئۇنداق قانۇن ـ نىزام بار؟ نوچى بولسا ئىسمىنى ئوچۇق يازمامدۇ؟ بۇ يەردە جەزمەن بىر ئويۇن بار ئوخشايدۇ، مۇئەللىم؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى سەلىم ئەپەندى خىيال بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ، — لېكىن بۇ تېخى ئوي، پاكىت ئەمەس، ھازىرچە بىز ئۇچۇن كۆزىتىش، سۈكۈت قىلىشتىن باشقا چارە يوق، ئىشنىڭ پاكار بولغاندىكىن ئېگىشىپ كىرمەي ئامال قانچە؟ لېكىن ھەق ـ ناھەق ھامان ئايدىڭلىشىدۇ، ئاقنىياز!

— لېكىن مۇئەللىم، «ھەقىقەتكە يەتكۈچە، يالغان دۇنيانى يالمايدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئاقنىياز پەرىشان ھالدا، — ھاۋاز يېتەكچىنىڭ ئەلپازى يامانراق تۇرىدۇ، زايىتمۇ ئاغىنىسىگە دول چىقاردى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، شەۋكەتنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ بەكلا ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، مۇئەللىم!

سەلىم ئەپەندى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقنىيازنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۈنچىلىك ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەڭ، يىگىت. بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ نىيىتىنى بۇزۇشى بىلەن شەۋكەتنىڭ ئىستىقبالى قارىلىنىپ كەتمەيدۇ! دەرۋەقە، تۇرمۇشىمىزدا قارا نىيەت ئادەملەر، مۇغەمبەر ئادەملەر بار. ئۇلار سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولىدۇ. لېكىن

ئۇلار هامان داغدا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئادەملەر ھەمىشە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن، ئەقىللىق چاغلاپ خاتالىشىدۇ! ـــ ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالدى، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، دەسلەپ تالاغا، ئاندىن ئاسمانغا قاراپ داۋام قىلدى، ـــ بۇ دۇنيا راھەت ـ پاراغەت بىلەن جاپا ـ مۇ-شەققەتكە تولغان دۇنيا. لېكىن بۇ نەرسىلەر خۇددى ئاسماندىكى بۇ-لۇتلاردەك تۇراقسىز بولىدۇ. شۇڭا دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك كۈنلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىلىپ كېتىشكىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنىڭ كۆلپىتىگە قايغۇرۇپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ھا-ياتتا پات ـ پات ئالمىشىپ تۇرىدۇ! ...

ئۇلار ئىككىسى ـــ ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئەنە شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى، شەۋكەتتىن باشلانغان گەپنىڭ ئاخىرى تۇرمۇش، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ... قىسقىسى، ھايات ۋە ھاياتنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن ئاخىرلاشتى، ئاقنىياز ياتاقتىن چىققاندا خۇددى قىزىق ۋە كۆڭۈللۈك بىر سەھنە ئەسىرىنى كۆرگەن-دەك كۆكسى ـ قارنى بوشاپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى ...

× × ×

مەكتەپ تېخى ئويغانمىغان، ئەتىدىن كەچكىچە قىزىپ كېتىدىغان كەڭ سەينالارمۇ بوش ۋە خامۇش تۇراتتى ...

ساۋاقداشلىرى ئويغانماستا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بادامگۈل پۈ-تىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقتىن چىقتى ۋە خۇددى تاڭدا كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرىنى قۇچاقلىماقچى، سۆيمەكچى بولغاندەك قوللىرىنى كۆ-تۈرۈپ، ساپ ۋە نەمخۇش ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەسلەندى. ئۇ ئاياغلى-رىنى «شىپ ـ شىپ» سۆرىگىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ چاقماق گۈللۈك ناۋات رەڭ كۆڭلىكى سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا لىغىرلاپ ئۇچاتتى. ئۇ بىر بې-

سسپ، ئىككى بېسسپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخلىككە كەلدى. خىيالىدا شۇ يەردىن بىر ئورۇن تېپىپ، مېگىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئازراق كىتاب كۆرۈپ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلماقچى ئىدى. نەدىكىنى، كۆگۈلگە ھېچنېمە سىغمىدى، كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدە ئۇ. نىڭ كۆزىگە خەت ئەمەس، بەلكى شەۋكەتنىڭ سىيماسى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ شەۋكەتتىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بو. لۇۋاتقان غايىبانە سۆھبەتتىن ئۆزىنى تارتىپ چىقالمىدى. شەۋكەتنى كۆرۈش، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئىستىكى شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، ئەركىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ، مانا بۈ. گۈن شەۋكەتنى كۆرمىگىنىگە توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى. ئەگەر بۇ ئادەتتىكى بىر ھەپتە بولغان بولسا، ئۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى، جۇدا. لىق ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ۋىسال خۇشاللىقى ئادەمنى يەنىلا خاتىرجەم ۋە ئۈمىدلىك قىلاتتى. لېكىن بۇ بىر ھەپتە ۋاقىت جەدۋىلىدىكى ھېچقانداق ھەپتىگە ئوخشىماي قالدى، ئۇنىڭ بېشى بار، ئاخىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭدا جۇدالىقتىن كېيىنكى ۋىسالدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭدا خۇشاللىق ئورنىنى ئازاب، يورۇقلۇق ئورنىنى زۇلمەت، كۈلكە ئورنىنى يىغا ئىگىلىگەنىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز، جۇتلۇق بىر ھەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن بادامگۈلگە تولىمۇ ئۇزۇن، تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ شەۋكەتنىڭ ئازابىنى، تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئويلاپ، كېچە ـ كېچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ، ياستۇقلىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولاتتى، ئازابتىن بادام قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايلىق، ئوماق يۈزىمۇ تاتىرىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ كاللىسى خۇددى قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسىنى ئوگىتەي ـ توگىتەي قىلىۋەت. كەن ئاسمان بوشلۇقىدەك قالايمىقان ۋە خىرە ئىدى ...

ئارقا تەرەپتىن كىمدۇر بىرسى مەستانە تاۋۇش بىلەن ئۇنى چا. قىردى:

— بادامگۈل، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز! ...

ئۇ گەۋدىسىنى يېرىم بۇراپ ئارقىسىغا قارىدى، ئۇنىڭدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا زايىت ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى بادامگۈلنىڭ پېيىدا ئىدى. خۇددى «غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەيدۇ» دېگەندەك، ئۇ بادامگۈلنى ئۆزىگە قانداق مايىل قىلىش، قانداق ئىندەككە كەلتۈرۈش- نىڭ كويىدا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتى. شۇڭا بۇ يەرگىمۇ خۇددى سېزىمى كۈچلۈك ئاپشاركىدەك بادامگۈلنىڭ ھىدىنى پۇراپ كەلگە- نىدى.

— ھەئە، دەرس تەكرارلاي دەپ چىقىۋىدىم، — دېدى بادامگۈل بوش ۋە مىسكىن ئاۋازدا.

زايىت دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن :

— ياخشى بوپتۇ، بىللە تەكرارلايلى، — دېدى.

ئۇلار يېشىل چىملىق قىر ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇردى. زايىت كونى- سىپىكنى ئېچىپ بىر نەرسىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. لېكىن بادامگۈلنىڭ كۆڭلى، خىيالى باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول تىقىشقا ئۇرۇندى.

— بادامگۈل، كۆڭلىڭىزنى بىلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئۇ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ، — بۇ ئىش سىزگىلا ئەمەس، ماڭىمۇ ئېغىر كەل- دى. لېكىن ئامال قانچە؟ تۇرمۇش ھەرگىزمۇ شائىرلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدەك ئۇنداق رومانتىك، رەسساملارنىڭ رەسىملىرىدىكىدەك ئۇنداق غايىۋى بولمايدىكەن! ئۇنىڭدا كومېدىيە بىلەن تراگېدىيە تولۇپ تۇرىدىكەن. ئاڭلىشىمچە، شەۋكەتنىڭ ئىستىقبالى پۈتۈنلەي تۈگەش- كەندەك قىلىدۇ. بۇنىڭغا ھەممىمىز ئېچىنىمىز، قايغۇرىمىز، لېكىن بىزدە نېمە ئامال! چوڭ ئازغۇنلۇقنى ئۇنىڭ ئۆزى قىلدى، ھەر كىم ئۆز تەق- دىرىنىڭ خوجايىنى ئەمەسمۇ؟!... «جىمغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا» دېگەندەك، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈپ، شۇنچە ئىشلارنى قىپتۇ ئەمەسمۇ؟!... سىز رېئاللىققا توغرا قاراڭ، بادامگۈل! مەسىلىنى سە- گەكلىك بىلەن كۆزەتسىڭىز، بەزى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ قالىسىز،

بولمىسا بۇنداق غەم ـ قايغۇ بىلەن ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. تولا ئويلاۋەرسىڭىز تال نابۇت بولىدۇ، غەمگە پېتىۋەرسىڭىز ئۆپكىڭىزنى كاردىن چىقىرىسىز!...

بادامگۈل زايىتقا قايرىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ بۇلاقتەك غەمكىن كۆزلىرى شۇ تاپتا گويا چۆچۈپ تۇرغان ئاھۇنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، زايىتقا دەردىنى تۆكتى:

ـــ غەم قىلماي، قايغۇرماي بولامدۇ، زايىت! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈنلەر ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن! تۇرمۇش مېنى نېمىشقا مۇنداق قىينايدۇ؟! مۇھەببەت باشقىلارغا خۇشاللىق، بەخت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن مەن شور پېشانىغىچۇ؟! قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن چىدىغۇسىز نادامەت ئېلىپ كەلدى. قارىغىنە زايىت، مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ يۈرىكىم مانا شۇ بوينۇمغا ئېسىلغان مارجاندەك پارە ـ پارە ... مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى!...

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، بادامگۈلنىڭ كۆزىنىڭ چانىقى قىزاردى، لېكىن يىغلىمىدى. چوڭقۇر دىلئازارلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردە ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىگە بولغان تەقەززالىقمۇ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق پەريادىمۇ، ئاشىق كۆڭۈلنىڭ ئاھۇ زارىمۇ بار ئىدى...

ـــ ئۇنداق دېمەڭ، بادامگۈل! ـــ دېدى زايىت ئۇنىڭ قولىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، ـــ نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشىنىدىغان ئادەم قالمايدۇ؟ بار...، ـــ ئۇ: «مانا، يېنىڭىزدا تۇرمامدۇ، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى مەندەك چۈشىنىدىغان ئادەم يوق، لېكىن سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز! ...» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە «ۋاقتى ئەمەس، ھازىرچە بىھۇدە گەپ قىلىپ چۆچۈتۈپ قويماي» دەپ ئويلاپ، گەپنى ياسىۋەتتى، ـــ ئۈنچىلىك ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەڭ، مۇھەببەت بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە قىسمى ئەمەس، كەسىپ، غايە، ئىستىقبال دېگەن نەرسىلەرمۇ بار! بىھۇدە قايغۇرۇش، جىلە بولۇش ھاجەتسىز، قورساقنى كەڭ تۇتقاندىلا بۇ ئىشلارمۇ دەردسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ!

ھەر ئىككىيلەن بىر پەس جىم بولدى، بادامگۈلنىڭ كۆڭلى سەل

ئېچىلغانىدەك، چىرايىدىكى پەرىشانلىق، خامۇشلۇق بىر ئاز يـوقالغانـدى. زايىت ئەمدى ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدى :

— ھاۋاز يېتەكچى سىز بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟

— ياق، — دېدى بادامگۈل تەئەججۈپ بىلەن، — مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمىكەن، نېمە توغرىدا؟

— سۆزلىشمەن دېگەنىدەك قىلغان، نېمە توغرىدا ئـىكەنلـىكى ماڭـا تازا ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ، سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسا كېـرەك. سۆزلىشىپ قالسا ئوچۇق ـ يورۇق پىكىرلىشىڭ. ئۆزىڭىزنى ـ ئۆزىڭىز چەتكە ئېلىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرگەنىدىن، كىشىلەرگە ئارىلىشىـپ، پىكىرلىشىپ، سىردىشىپ يۈرگىنىڭىـز ياخشـى! قايغۇ ـ ئـەلەممۇ كـونىرايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئادەم تىرىك ئىكەن، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك، مۇھىمى مانا شۇ!

ئۇلارنىڭ پارىڭى ئەتىگەنلىك تاماقـقا ئۇرۇلغـان داڭ ئاۋازى بىلـەن ئۈزۈلدى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، زايىت ئـۇنىڭ ئارقـىسىدىـن كېلىۋېتىپ ئاستا، لېكىن تۈيغۇلۇق بىر ئاۋازدا :

— يېڭى كىنولار كەپتۇ، بىللە بـېرىپ كۆرەيـلى، بىردەم بـولسىمـۇ كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالار، قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

بادامگۈل بۇ تەكلىپكە ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت بـېشىنـى سىڭايـان قىلىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇملۇق نەزەر بىلەن زايىـتقا قـاراپ قويدى، بۇنى ئۇ رازىلىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ چۈشەندى.

× × ×

يېگانىلىك، غېرىبلىق ۋە كۆڭۈل سۇنۇقلۇق شەۋكەتنىڭ جـېنىنـى قاقشاتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سـاقاللىـرى ئۆسۈپ، چاچـلىرى پاخـپىيىـپ كەتتى، چىرايىمۇ ئۆمىسلا ئۆزگەردى : قاپاقلىرى ئولتۇرۇشتى، ئىككـى مەڭزى ئىچىگە كىرىپ، قاڭشىرى قىڭراقتەك ئۆچلىنىپ چىقتى. لېكىن

شۇ كۈنلەردە ئۇنى قىيناۋاتقىنى، قانداقتۇر جىسمانىي جەھەتتىكى
خوراش ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى ئازاب ۋە خورلۇق ئىدى.
ھاۋاز بەختى ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىۋەتتى. سوئال ـ
سوراقلار كۈندۈزدىلا ئەمەس، ھەتتا كېچىلىرىمۇ خالىغان ۋاقىتتا بولۇپ
تۇردى. شەۋكەتكە قاتتىق ھار كەلگىنى، تۈنۈگۈن كەچ سائەت بىردە،
زايىتنىڭ ھاۋاز يېتەكچى بىلەن بىللە كىرىپ، ئۇنى سوراققا تارتىش
ئۈچۈن سىلكىپ، دۆشكەللەپ ئويغىتىشى بولدى. شەۋكەت يېرىم خا-
مۇشلۇقتا ئورنىدىن تۇردى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، مايكىچان ھالدا دې-
رىزە يېنىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى، زايىت ئۇنىڭغا يالت قىلىپ
قارىدى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ھەم خۇدۈكسىنىش، ھەم
خىرىس قىلىش تەڭ ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ئالچاڭلاپ، شەۋكەتنىڭ يېنى-
غا كەلدى ـ دە، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

ــــ سەندەك خائىننى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سوراق
قىلامدىمەن، تېخى! ــــ ئۇ خۇددى ھاۋاز يېتەكچىگە سادىق قەلبىنى
كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، ئورۇندۇقنى
كۈچ بىلەن تەپتى، تۆت پۇتى ئاران يەر دەسسەپ تۇرغان ئەبجەق ئو-
رۇندۇق غىرسلاپ سۇندى، تۇيۇقسىز ئولتۇرغان شەۋكەت پالاققىدە
سېمونت يەرگە چۈشۈپ، پۇت ـ قولى سۈرۈلۈپ كەتتى، زايىتنىڭ
كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چاقناپ، ئۇنىڭدىن تەلۋىلىك، ئەسەبىيلىك ۋە
بىر خىل ۋەھشىيلىكنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىۋاتقاندەك
بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنە بولدى قىلمىدى، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشى-
لىۋاتقان شەۋكەتنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پاخپىيىپ كەت-
كەن چېچىدىن قاماللاپ تۇتتى، شەۋكەتنىڭ بېشى قاڭتۇرۇلغاندەك
ئۈستىگە تارتىلىپ، بوينى سوزۇلدى. ئۇ زايىتنىڭ ئەسەبىي چىرايىغا
قاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، زايىت تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى:

ــــ بىلىمەن شەۋكەت، بىلىپ تۇرۇپتىمەن، تېرەڭ كۈلگەن بىلەن
گۆش ـ ئۇستىخانلىرىڭ كۈلمەيدۇ، بەلكى ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن
قاراۋاتىدۇ، لېكىن مەن يەنىلا دەيدىغاننى دەيمەن، قىلىدىغاننى قىلى-

مەن! چۈنكى ھازىر ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقتۇر دوستلۇق، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ــ ماماتلىق مۇناسىۋەت!...

ــ شۇنداقمۇ ؟! ــ دېدى شەۋكەت پېتىنى بۇزماي.

ــ شۇنداق! ــ زايىت تېخىمۇ ھۇرپەيدى ۋە ئۇنىڭ چىچىدىن تار-تىپ تۇرغۇزۇۋېتىپ داۋام قىلدى، ــ بىلىپ قوي، تەشكىل سېنىڭ مەسىلەڭنىڭ خاراكتېرىنى ئاللىقاچان بېكىتىپ بولدى، ئەمدى سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا سۆلھىگە ئورۇن يوق! ئەگەر يۇمشاققا ئۇنىمساڭ، قاتتىقمۇ قولىمىزدىن كېلىدۇ!

شەۋكەتنىڭ ئەمدى قېچىردەك تەرسالىقى تۇتتى.

ئەنە شۇنداق ھۆركىرەش، دۆشكەللەش يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى زايىت قىلدى، ھاۋاز بەختى بۇگۈن خۇددى زايىتتىن ئىمتىھان ئالماقچىدەك ياكى ئۇنى چېلىشقا سېلىپ قويۇپ، تاماشىسىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، بىر چەتتە تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، پېتىنى بۇزماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىلمۇخىل قىياپەتتە ئۆزگىرىپ تۇرغان چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھاۋاز بەختىگە ئوخشاش «تاماشا كۆرۈپ» جىمجىت ئولتۇرغان يەنە بىرسىمۇ بار ئىدى. ئۇ يېرىم ئۆرە بولغان ھالدا ئۈستىگە چاپىنىنى يې-پىنچاقلاپ، يوتقاندىن چىقماي ئولتۇراتتى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن بېرى نۆۋەت بىلەن شەۋكەتكە قاراپ كېلىۋاتقان جىمغۇر كۆزەتچىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەتكېرەم مەتقاسىم بولۇپ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى «يا كۆڭۈل ئاچىدىغان خۇشتارى يوق، يا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ھەۋىسى يوق قېچىر» دەيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى راستتىنلا ئۇ-نۇمسىز يەردەك قۇرۇق، مۇھەببەتسىز ئىدى، شۇڭا بەزى كۈنلىرى كۆزى بىلەن لەۋلىرىدە ئانچە ــ مۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدىغان كۈلكە بى-لەن ھېجىيىشلىرىمۇ بەئەينى ھەيكەل ياكى رەسىملەردىكى ئادەملەرنىڭ كۈلكە ھېجىيىشلىرىدەك سوغۇق، ھېسسىياتسىز ئىدى. لېكىن بۇگۈن ئۇنىڭ خاموش چىرايىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل

جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. زايىتقا تىكىلگەن كۆزلىرى ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش بىلەن ياناتتى، بىر نەرسە ئەكس تەسىر قىلغانىدەك چىملداپ كەتكەن يۈزى بەزىدە قىزىرىپ، بەزىدە تاتىراتتى.

«توۋا! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاستا ياقىسىنى تۇتۇپ، — بۇ ئىككىسى قەدىناس دوستلار ئىدىغۇ ؟! زايىتقا نېمە بولدى؟ بۇلبۇل بىر كېچىدىلا قاغىغا ئايلانغاندەك ئىشقۇ بۇ! ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر نەچچە يىللىق دوستلۇقنىڭ يۈزى بولمامدۇ؟ توۋا!... توۋا دېگۈلۈك!...»

ئۆتكەن ئىشلار بىلەن شۇ تاپتا «كامېر» دا بولۇۋاتقان ئىشلار قوشۇلۇپ، مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭ كاللىسى خۇددى قىشتىكى تۇماندەك تۇتۇقلىشىپ كەتتى. ئۇ قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇغان «ياخشىلىقنى ئۆگىنىش تاغقا چىققاندەك قىيىن ۋە ئاستا، يامانلىقنى ئۆگىنىش سۇغا سەكرىگەندەك ئوڭاي ۋە تېز بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئېلىپ، چوڭقۇر خۇرسىنىپ قويدى...

ھاۋاز بەختى بىلەن زايىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن «كامېر» بىر پەس تىمتاس بولۇپ قالدى. شەۋكەت ئورنىغا كېلىپ ياتقان بولسىمۇ ئۇخلىيالمىدى. يانىدىكى كارىۋاتتىن كېلىۋاتقان بوش ۋە ئۈزۈك - ئۈزۈك پۇشۇلداشتىن مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭمۇ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شەۋكەت سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ، قوشنىسىنى ئاستا چاقىردى:

— مەتكېرەم، ئويغاقمۇسىز؟

مەتكېرەم مەتقاسىممۇ «ھەئە» دەپ بۇياققا ئۆرۈلدى.

— سىزدىن بىر ئىلتىماسىم، — دېدى شەۋكەت ئۆتۈنۈش ۋە ئىلتىجا بىلەن، — ئەتە مېنى ساتىراشخانىغا ئاپارسىڭىز، چېچىمنى ئالدۇرۇۋەتسەم ...!

— نېمىشقا؟ — مەتكېرەم مەتقاسىم ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، مېنىڭ بۇ چېچىم ئۇلار ئۈچۈن تۇتقا، ساپاق بولۇپ بېرىۋاتىدۇ، يۇلۇنۇپمۇ بىر يەرگە باردى، بىراقلا ئالدۇرۇۋېتىپ قۇتۇلاي، دەيمەن!

مەتكېرىم مەتقاسىم ئۇنچىقمىدى، كۆڭلىدە شەۋكەتنىڭ ئىلتىماسىـ-
نى توغرا تاپتى، لېكىن ساتىراشخانىغا ئاپىـرىش تەس ئىـدى، بۇنىـڭ
ئۈچۈن چوقۇم ھاۋاز بەختىيىنىڭ رۇخسىـتىنىـى ئېلىـش لازىم ئىدى. ئـۇ
بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن :
— ساتىراشخانىغا بارمايلى، ئەتە بىر ئۇستىرا تېپىپ، مـەنلا ئەپقـو-
ياي، — دېدى.
— سىز ؟...
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنچىلىك ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى
مەتكېرەم مەتقاسىم ۋە ياستۇققا جەينەكلەپ ئولتۇرۇپ توساتتىن سو-
رىدى، — زايىت بىلەن ئاراڭلار قاچان بۇزۇلغان ؟
بۇ سوئال شەۋكەتنىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى، ئۇنىڭ زەربىدىن
ۋۇجۇدىمۇ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قاڭسىق مېغىـز يەۋالغانـدەك
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ :
— مەن مۇشۇ يـەرگە سولانغـان كۈندىن بـاشلاپ ...، — دېـدى
قىسقىلا قىلىپ.
— ھە ؟! ...، — مەتكېرەم مەتقـاسىمنـىڭ قاشلـىرى كۆتۈرۈلـۈپ،
كـۆزى يوغان ئېـچىلدى، — مەن تېـخى زايىتـنىڭ ئەلـپازىغـا قـاراپ،
ئاراڭلاردا خېلى بۇرۇنلا بىرەر قورساق سوقۇشى بولـغان چېغـى، دەپ
ئويـلاپتىمەن. ئەسلىدە بۇ، سىياسىي كۈرەش ئىكەن ـ دە!
— شۇنداق، ئارىمىزدا ھايات ـ ماماتلىق سىياسىي كۈرەش بولۇۋا-
تىدۇ! — دېدى شـەۋكەتمۇ ئـورنىدىن يـېرىم ئۆرە بـولۇپ، — مـەن
زايىتنى كەلگۈسىدە خېلى يارامىلىق شائىر بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغـا-
نىدىم. لېكىن ئەسلىدە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سىياسىئونلۇق خاراكتېر بىخ
سۈرگەنىكەن! — شەۋكەت بـىردەم شۈك بولـدى، كېيىـن ئىشەنـچ ۋە
ھەققانىيەت تۇيغۇسى بىلەن داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى، — ئۆتنە ئالەم
بۇ، مەتكېرەم مەتقاسىم، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمـدە قالمايـدۇ. ئۆكۈزنىـڭ
بوينىغا چۈشكەن بويۇنتۇرۇق كـۈنلەرنـىڭ بىرىدە مـوزاينىڭ بـوينىغـا
چۈشمەي قالمايدۇ. مەن سىزگە نۆشىرۋان ئادىلنىڭ بـىر تەمسىلىنـى

سۆزلەپ بېرەي: «بىر ئىبرەتلىك ۋەقە مېنىڭ ئادىل بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى، — دەيدۇ نۆشىرۋان ئادىل ئۆزى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ، — ياش چېغىمدا بىر كۈنى ئوۋغا چىقتىم، ئېتىمنى ھەر تەرەپكە چاپتۇردۇم. قارىسام، پىيادە يۈرگەن بىر كىشى تاش ئېتىپ بىر ئىتنىڭ پۇتىنى سۇندۇردى. ئۇ كىشى بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، مېنىڭ ئېتىم تېپىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى سۇندۇردى، كېيىن، ئېتىم بىر قورام تاشقا پۇتلىشىپ، ئىككى پۇتىنى سۇندۇردى. مەن بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ‹كۆردۈڭمۇ، ئۇلار نېمە قىلىشتى ۋە نېمە كۆرۈشتى؟ ھەر كىم يامان ئىشنى قىلسا، ئۆزى خالىمىغان ئىشنى كۆرىدۇ› دېدىم ۋە شۇ ۋەقەلەردىن ئىبرەت ئالدىم». شۇنداق، بۇ ئۆتنە ئالەم. يامان ئادەم ھەرگىزمۇ بىلمىسىز، ئەخمەقلەرنىڭ ماختىشى بىلەن ياخشى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ، ياخشى ئادەم ھەرگىزمۇ يامان ئادەملەرنىڭ تىللىشى ۋە يامان كۆرۈشى بىلەن ئەسكى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ!...

جىمى تىرىك جان ئۇيقۇغا پاتقان جىمجىت كېچىدە، مانا شۇ خىلۋەتتىكى پىنھان ياتاقتا بىر تۇتقۇن بىلەن بىر قاراۋۇل خېلى ئۇزاققىچە دىلكەشلىك بىلەن پاراڭلىشىپ ياتتى. مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭ «تەپسە تەۋرىمەس مىجەزى» بۈگۈن خېلى ئۆزگەردى، شەۋكەتنىڭ سەمىمىي سۆزلىرى، چوڭقۇر مەنىلىك مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە بىھوش ياتقان ئەقىل قۇشىنى ئويغىتىۋەتتى، ئەمدى ئۇ قانات قېقىپ، پەرۋاز قىلىشقا، بۇ پايانسىز، سىرلىق ئالەمنىڭ ئېگىز چوققىلىرى بىلەن چوڭقۇر جىرالىرىغىچە شۇڭغۇپ ئۇچۇشقا باشلىدى...

شەۋكەت بىردەم زايىتنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن قىلىقلىرىنى ئويلاپ ئازابلانسا؛ بىردەم ھەقىقىي دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەقىدىسىنى، ئىشەنچىنى ۋە ئىخلاسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلەتتى، ئۆزىدە چەكسىز كۈچ ۋە غەيرەت سېزەتتى. مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى، ئاقنىياز كۈنىگە نەچچە قېتىم مۇشۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، شۇ يەرنى چۆرگىلەپ، شەۋكەتكە چاقناپ

تۇرغان كۆزىدىكى نۇر ۋە ھارارەت، توختىماي لىپىلداپ تۇرغان لەۋ-
لىرىدىكى يوشۇرۇن سۆز ۋە بېشارەتلەر بىلەن ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلى-
گە تەسەللى، ئاجىز ۋۇجۇدىغا كۈچ ۋە مەدەت بەخش ئېتىپ تۇردى.
شەۋكەتمۇ ئۇنى ھەربىر قېتىم كۆرگەندە خۇددى شەپقەتلىك خىزىرغا
ياكى سۆيۈنگۈچى تاغقا ئۇچرىغاندەك، مۇزلىغان يۈرىكىدە بىر خىل
ھۇزۇرلاندۇرغۇچى ئىسسىقلىق، خوراپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان جىسمىدا
بىر خىل تۈگىمەس جاسارەت پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.
باشقىلارمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۈچ كۈن بۇرۇن غۇنچەقىز دېرىزى-
نىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن قولياغلىقىغا ئورالغان بىر چاڭگال پىچى-
نە بىلەن بىرنەچچە تال كەمپۈتنى تاشلاپ بەرگەچ، بادامگۈلنىڭ قىز-
غىن سالىمىنى يەتكۈزدى. تۈنۈگۈن قازاق ساۋاقدىشى بەدەلقان بىر
نەچچە تال قۇرۇت بىلەن ئېرىمچىكنى يوشۇرۇنچە قويۇپ چىقىپ
كەتتى. ھەممىدىن تەسىرلىك بولغىنى، تۈنۈگۈن كەچتە سەلىم ئوپەن-
دىنىڭ يوقلاپ كىرىشى بولدى. ئۇ كايىمىدى، سوئال - سوراقمۇ قىل-
مىدى، پەقەت ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن بىر نەچچە ئەھۋاللار ئۈستىدە
سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىرلەشتى، ئۇنى ھەرقانداق شارائىتتا سەمى-
مىي، راستچىل بولۇشقا ئۈندىدى ۋە ئاخىرىدا، چەت ئەل يازغۇچىلىرى-
نىڭ ھاياتىغا دائىر بىر پارچە خەنزۇچە كىتاب بىلەن ئىككى قاپ تاما-
كىنى قويدى - دە، چىقىپ كەتتى. شەۋكەتنىڭ يۈرىكىدە ئاللىقانداق
ئىللىق، مەيىن بىر مېھىر قالدى. بۇلارنى ئويلىسا، ھاياجاندىن ئۇنىڭ
كۆز جىيەكى قىزىرىپ، بۇرنى ئېچىشقاندەك بولاتتى. خىياللار، ئەسلى-
مىلەر، ئازاب ۋە ھاياجانلار تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ، شەۋ-
كەتنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. يانىدىكى كارىۋاتتىن يېڭىلا
ئۇيقۇغا كەتكەن مەتكېرىم مەتقاسىمنىڭ يەڭگىل خورىكى ئاڭلىنىشقا
باشلىدى. شەۋكەت بېشىنى كارىۋاتتىن ئارتىلدۇرۇپ، مۇزدەك سوغۇق
تامغا تىرىدى ۋە كۆزىنى خىيالەن يۇمۇپ، ئويغا پاتتى. توساتتىن ئۇ-
نىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ سوغ ۋە سۇرلۇك قەبرىسى پەيدا بولدى.
قەبرە بارا - بارا يوغىنىدى ۋە تۇيۇقسىز ئۈستى يېرىلىپ، ياڭراق بىر

سادا ئاڭلانغاندەك بولدى : «ئوغلۇم، ساڭا ئاپىرىن، مېنى تاشلاپ كەتمىدىڭ!... » شەۋكەت بۇ ئاۋازنى تونىدى. بۇ ئۇنىڭ مەرھۇم دادىسىنىڭ هايات چاغدىكىدەك كۈچلۈك، سالماق ئاۋازى ئىدى. شەۋ-كەت ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى، كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسقاندەك بولغانىدى. ئەمدى ئۇ تورۇسقا قاراپ يېتىپ، دادىسىنىڭ ئاشۇ قەبرىسى ۋە قەبرە بىلەن چېگرا ئارىلىقىدىكى سوقماق يوللارنى ئويلاپ كەتتى...

شەۋكەت ئۆتكەندە، ئون كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ چۆچەككە بار-غاندا «كېسەل » ئانىسىمۇ، تېلېگراممىا يەۋەتكەن ئاكىسىمۇ، تولۇق ئوت-تۇرىدا ئوقۇۋاتقان سىڭلىسىمۇ ئاللىقاچان ئۆيىنى قۇرۇقداپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ مەھەللىسى مالىمانلىشىپ كەتكەن-دى. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كارى يوق، هەركىم ئۆز غېمىدە پايپاسلاپ يۈرەتتى. چېگرا بويى تېخىمۇ قالايمىقان، كىشىلەر ئەسەبىيلىشىپ ئۆ-زىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. شەۋ-كەت ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ، ئەنە شۇ هەر خىل چىراي، هەر خىل قىياپەت، قىسما - قىسما ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن چېگرا بويى-غا كەلدى. لېكىن كەچكىچە ئىزدەپمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى، شۇ كۈنى چېگرا بويىدا تۈنەپ قالدى، ئۇ ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى تاپسا، ئۇلار بى-لەن ئويدان بىر سۆزلەشمەكچى ئىدى. ئەتىسى يەنە ئىزدىدى، چۈشكە يېقىن بىر تۇغقىنى ئۇچراپ، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ خەۋىرى بىلەن دۇئا-يى سالىمىنى يەتكۈزدى :

— ئاناڭ، ئاكاڭ، سىڭلىڭ سېنى ساقلىيالماي، ئىككى كۈنىنىڭ ئال-دىدا قوشنا - قولۇملار بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتتى، سېنى كەلگەن ها-مان ئارقىمىزدىن ئۆتسۇن، دەپ تاپىلىدى، بىز بىلەن ماڭ، ئۇلارنى تې-پىۋالىمىز!

ئۇلار شەۋكەتنى بىللە ئېلىپ كېتىمىز دەپ خېلى چىڭ تۇردى، لېكىن شەۋكەت دەرهال ماقۇللۇق بەرمىدى.

— سىلەر ئالدىرىساڭلار ئۆتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك

بىلەن، — مەن مەھەللىگە بېرىپ، دادامنىڭ قەبرىسى بىلەن خوشلاشمىسام بولمايدۇ!

— بولدى، ئۇ ئىشىڭنى قوي! — دېدى تۇغقىنى ئۇنىڭ بىسىنى ياندۇرماقچى بولۇپ، — قۇرۇق تاش - تۇپراق بىلەن خوشلاشمىساڭمۇ بولىدۇ، تېز ھەرىكەت قىلمىساق پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ!

— قۇرۇق تاش - تۇپراق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى شەۋكەت بىر ئاز رەنجىگەندەك، — ئۇنىڭ ئاستىدا مېنىڭ دادام بار، دادام! بۇ قېتىم ئۆتۈپ كەتسەم، مەڭگۈ ئۇنى يوقلىيالمايمەن!

— ئەمىسە، ئۆزۈڭ بىل ...، — دېدى تۇغقىنى بىر ئاز قايىل بولۇپ، — لېكىن، تېزرەك ھەرىكەت قىلمىساڭ، ئاخىر پۇشايماندا قالىسەن، جۇمۇ!

ئانىسىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە شەۋكەتنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇلار خۇددى «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ» دېگەن كونا ئەقىدىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئاشۇنداق قىلغاندەك تۇراتتى...

شەۋكەت چېگرا بويىدىكى سوقماق يوللار بىلەن ئايلىنىپ مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى، مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا چىقىپ، دادىسىنىڭ بېشىنى تاپتى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەر بىلەن قىرائەت قىلدى. شۇ تاپتا، دادىسىنى بېسىپ ياتقان پاتمان ئېغىرلىقتىكى سوغۇق قەبرە گويا ئۇنىڭ قەلبىنى باسقاندەك، سۈرلۈك ۋە ئازابلىق تۇيۇلدى. ئۇ كۆز يېشى ئىچىدە دادىسى بىلەن خوشلاشماقچى بولدى. قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، ئاندىن دادىسىنىڭ قەبرىسىنى سىلاپ، ئالىقىنىغا يۇققان ئەت توپىنى يۈزىگە سۈركىدى، بايا چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان كۆز ياشلىرى ئەمدى يۈزىدىكى توپا بىلەن بىللە تارام - تارام بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ ئېزىلىپ، مۇڭلىنىپ، قەبرە بېشىدا كۈن غەربكە ئاغقۇچە ئولتۇرۇپ قالدى ...

شەۋكەت قەبرىستانلىقتىن يېنىپ، مەھەللە يولىدىكى كەڭ دالىغا

چىقتى. ئۇ يەردىن چەكسىز ئۇپۇق، پايانسىز دۇنيا تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ دەسلەپ كەڭ دالىغا، كېيىن سۈزۈك ئاسمانغا قارىدى. يىراقتا ئەگرى ـ توقاي تاغ يولى دالىيىپ ياتاتتى، ئاسماندا بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئاق بۇلۇتلار تاغ ياسىغانىدى، ئۇ ئادەتتىكى تاغ ئەمەس، كۈمۈشتەك يالتىرايتتى، كەچكى شەپەق ئۇنىڭ قەددىگە يېڭىچە ھۆسن قوشتى. مانا ئەمدى بۇ قان رەڭگى بىلەن بويالغان ھەيۋەتلىك قەسىرلەردەك يېشىللىق ئالىمىدە لەيلەپ يۈرەتتى. كەچ كىرگەنسېرى ئاسمان بارغانسېرى ساپراق، ئېگىزرەك، كۆكۈچرەك بولۇشقا باشلىدى. تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك قولى بىلەن خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ، گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقان بۇ چەكسىز دالا ۋە پايانسىز ئاسمان شەۋكەتنىڭ كۆڭلىگە ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلىدى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى غەشلىككە، داۋالغۇشقا ۋە جىددىيلىككە تولغان كۆڭلى ئاستا ـ ئاستا تىنجىشقا، يېنىكلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئەنە شۇ غەمسىز، ئويناق تاغ سۇلىرى بىلەن دالا سەلكىنى ئۆزى بىلەن بىللە يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەندەك دىلى يايراپ قالدى ...

شەۋكەتنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق، قەلبىگە پاراغەت ۋە سۆيگۈ بەخش ئەتكەن بۇ يەر ئۇنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانا ماكان ئىدى. ئۇ باللىق ھېسلىرى بىلەن ياشلىق ئىزلىرى قالغان بۇ يەرلەرنى كېزىپ، خۇددى مۇزىكىدەك دىلنى يايراتقۇچى، ناخشا ـ غەزەلدەك يۈرەكنى ئويناتقۇچى، چۈشتەك تۇمانلىق خاتىرىلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. خاتىرىلەر ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ خاتىرىلەر بىلەن مەڭگۈ چەمبەرچەس باغلاق ئىكەنلىكىنى، بۇ خاتىرىلەر خۇددى مانا مۇشۇ ئانا تۇپراققا يىلتىز تارتقان ھەيۋەتلىك چىناردەك، ئۆزىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ...

ئۇ چېگرا تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان سوقماق يوللارغا قارىدى، ئۇ يەردە بېسىلماس بىر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق غۇۋغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك ئەنسىزلىك، پاتىپاراقچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، چېگرا ئاسمىنىدا قويۇق

چاڭ ـ توزانـدىن پەيدا بولـغان ئىغىـر، ئـاچچىـق تـۇمان لــەيلـەپ يۈرەتتى...
شەۋكەت ئۇ تەرەپكە خىيلـى ئۇزاق قارىدى، چـوڭقۇر ئويغا پاتتـى، قۇلاق تۈۋىـدە گويا ئانىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىـرغاندەك قىـلغان تونـۇش، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ كۈمۈشـتەك ئاپئـاق چاچلىق، نۇرانە چىرايى بىلەن ئىنتىـزار قىيـاپىتى كـۆرۈنگەندەك بـول-دى. ئۇ غايىۋى بىر كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن ئالدىغا ــــ چىگرا تـەرەپ-كە قاراپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلىدى، لېكىن ئون نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا نېمە ئۈچۈندۇر يەنە توختاپ قالدى. قايرىلـىپ ئارقىسـىغا ــــ دادىسى ياتقان سۇرلۇك قەبرىستانلىققا تىكـىلدى. گويـا يوشۇرۇن بىـر رىشتە ئۇنى قەبرىگە باغلىۋالغانـدەك كۆڭلى يـەنە شۇ تەرەپـكە تارتتـى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزىگە يالغۇز قەبرە ئەمەس، بەلكى قەبرە بىلەن بىللـە سۆيگەن يارى بادامگۈلنىڭ ئوماق، مۇلايىم سىيماسـى تەڭ كۆرۈنگـەن-دەك بولدى. قەبرە يېنىدا خۇددى تۇمـان ئىچىـدىكى پەرىـشتىلـەردەك غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ نۇرانە سىـيما ئۇنـى مۇھەببـەتكە، ۋاپاغـا ۋە ئۆمۈرلۈك جۈپتى هالاللـىققا چـىللاۋاتقـاندەك شۇنچىلىك سـەممىي، شۇنچىلىك تەشنا ۋە شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى ... شەۋكـەت ئىختىـ-يارسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، ئـېغىر پـۇتلىرىـنى سۆرەپ، بىـر بېسـىپ، ئىككى بېسىپ ئۆزىنىڭ قەبرە يېنىغا كـېلىپ قـالغانلـىقىنىمۇ سەزمـەي قالدى. بۇ چاغدا قەبرىستانلىق كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىـرقى نۇرلـىرى بىلەن رەڭلىنىپ، تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ پىنـهان تۈسكـە كىرگەنـ-دى. شەۋكەت قەبرە ئالدىغا لوككىدە چۆكتى، دادىسىغا خۇددى تىرىك ۋاقتىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك هايـاجانلـىق، تەسىرلـىك ئاۋازدا مۇنـداق دېدى :
ــــ دادا، ئۇلار كېتىپتۇ، ئانام، ئاكام، سىڭلىم كېتىپتۇ! ئەمدى مەنمۇ كەتسەم، سەن يالغۇز قالمامسەن! يـاق، مەن سېنـى ۋە كىندىـك قېنىـم تۆككۈلگەن ئانا تۇپراقنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سەن بىلـەن قالىمـەن، مەڭگۈ يېنىڭدا قالىمەن، دادا! ...

ئۇ، شۇ كېچە دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئۇخلاپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

ئەتىسى قايتماقچى بولۇپ، مەھەللىگە كىردى، قەدىم جايىنى يوقلىدى. تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، مال - ۋارانلارنىڭ قى - چۇلىرى بىلەن جانلىنىپ، ھاياتلىق غوۋغالىرى بىلەن تولغان بۇ زېمىن بۈگۈن ئۆلۈكتەك جىمجىت، بوش ئىدى. ئادەمسىز ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بىلەن يول بويىدىكى ئېگىسىز قالغان دەرەخلەرمۇ كىشىنىڭ كۆزىگە مۇڭلۇق ۋە خامۇش كۆرۈنەتتى ...

شەۋكەت تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ قەدىم يەرلەرنى ئاخىرقى قېتىم كېزىپ ئايلىنىپ، ھەربىر گۈل - گىياھ، ھەربىر تاش - تۇپراققىچە كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ۋە ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن بىللە يەنە قانداقتۇر غېرىبلىق، سۇنۇقلۇق ۋە بىزارلىققا ئوخشاش چىگىش، مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارمۇ تەڭ باش كۆتۈردى. ئۇ بۇ يەردىن ئاتا - بوۋىسىنىڭ، زامانداشلىرىنىڭ، ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ ئىزىنى، خاتىرىسىنى ۋە نام - نىشانلىرىنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك، ھارغىن پۇتلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ، مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي كەزدى، ئارىلىدى ...

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاتتىق دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ بويىنىنى سوزۇپ قارىۋىدى، ساي تەرەپتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ مال پادىسىنى كۆردى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇمۇ يېقىنلاشتى، مال پادىسىدا ئات - كالىمۇ، قوي - ئۆچكىمۇ بار ئىدى. ئۇنى ئىككى ئاتلىق ئادەم شىددەت بىلەن سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مال ئىگىلىرى شەۋكەتنى كۆرۈپ توختىدى، ئۇنىڭ بىرسى شەۋكەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى.

— ئوھوي ! ... سەنمۇ ئۆلگۈرۈپ كەتمىگەنسەن - دە، شەۋكەت! — دېدى ئۇ ئاتتا قىيپاش ئولتۇرۇپ، — نېمە، ئۆيدىكىلىرىڭ ئۆتۈپ كېتىپتۇمۇ ؟ ئۇنداق بولسا، بىز بىلەن ماڭ!

شەۋكەت چاك - توزانغا مىلىنىپ، پۇشقۇرۇپ، ھاسىراپ تۇرغان ماللارغا قاراپ سورىدى:

— بۇلارنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟

— بىز نەگە بارساق، شۇ يەرگە - دە! — دېدى ھېلىقى ساۋاقدىشى تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، — ئۇ تەرەپتىمۇ تىرىكچىلىك كېرەكقۇ!

— ئومۇمىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەڭلار بولماس! — دېدى شەۋكەت نارازى بولغان قىياپەتتە.

— نېمە دەپ يۈرىسەن، شەۋكەت؟ مۇشۇ چاغدىمۇ «ئومۇمىنىڭ - يومۇمىنىڭ» دەيدىغان گەپلەر قانداق ئاغزىڭغا كەلدى؟! سەن ئۆزۈڭ چىقىپ كېتەمسەن ياكى ماۋۇ قۇرۇق مەھەللىگە مىراب بولۇپ قالامسەن؟!

يەنە بىر مالچى ھەمراھىنى ئالدىراتتى:

— ھەي، ھازىر دەتالاش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ماڭسا ماڭسۇن، بولمىسا بىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭايلى ...

شۇ چاغدا، شەۋكەتنىڭ كالللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە بىر پىكىر ئۆتتى، بۇ پىكىر ئۇنى غەيرەتكە كەلتۈردى، ئۇ ئېرىق بويىدىكى دەرەختىن بىر تال شاخنى يىرىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن كىچىك ۋاقتىدا ئۆگەنگەن «قى - چۇ» بىلەن سۈرەن سېلىپ، بىر تەرەپتىن قولىدىكى شاخ بىلەن ھەيۋە قىلىپ، پادىنىڭ ئالدىدىكى يول باشلاپ ماڭغان ئاتلارنى ئۈركۈتتى، قويلارمۇ سەپنى بۇزۇپ، تەرەپ - تەرەپكە چاپچىدى ...

— ھوي، نېمە قىلغىنىڭ بۇ ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ ئالىتاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى ھېلىقى ساۋاقدىشى، — ئاران يىغقان ماللارنى پىتىرىتىۋەتتىڭغۇ!

— بۇ يەرلەرگە مال - چارۋا كېرەك ئەمەسمىكەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى شەۋكەتمۇ ماللارنى ئۈركۈتكەچ، — سەنلەر ئۆزۈڭنىڭ مۇساپىر بولغىنى يەتمىگەندەك بۇ تىلسىز ھايۋانلارنىمۇ مۇساپىر قىلماقچىمۇ؟!

مال پادىسى ئىككى تەرەپنىڭ قىسشى ۋە قالايمىقان «قى - چۇ»

لىرى بىلەن بېشى ئايلىنىپ، ئەمدى رەسمىي پىتىراشقا باشلىدى. يول باشلىغۇچى ئىككى ئايغىر بىلەن تامدەك يوغان بىر سەركە ئۆزلىرى يايلايدىغان يېشىل يايلاق بىلەن تاتلىق تاغ سۈيىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا ئات، كالا ــ قويلارمۇ بىر ــ بىرلەپ ئەگەشتى. ئىككى مالچى تەرەپ ــ تە-رەپكە پىتىراپ كەتكەن ماللارنى يىغالماي، ئاچچىقىدا شەۋكەتكە تاشلاندى، ئۇنى تىللىدى، تەپتى، قامچە بىلەن ساۋىدى، شەۋكەت قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ھوشىدىن كەتكەندىلا ئۇنى تاشلاپ، ئاتلى-رىنى چاپتۇرغان پېتى، پىتىراپ كەتكەن ماللارنى قايتىدىن يىغىش ئۈچۈن مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى ...

شەۋكەتنى بىر قېرى مالچى مەھەللىدە ئۇچرىتىپ، ئۆكۈزگە ئۆڭ-كۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ھەپتە يېتىپ قالدى ...

شەۋكەت خىيالدىن سەگىدى، سىمونت تامنىڭ سوغۇقى ئۆتۈپ ئۇيۇشقان، يېپىشقان خىياللار بىلەن گاراڭدەك بولۇپ قالغان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالىقانلىرى بىلەن ئۇۋۇلىدى، ئاندىن ئاخشام ئۆچۈرۈپ، كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان يېرىم تال تاماكىنى تېپىپ تۇتاش-تۇردى، ئۇنىڭ خىيالدىن غەيرىي بىر پىكىر لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ ھېلىقى ساۋاقدىشى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ كېيىنكى ئىش-لىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇلارنىڭ پىتىراپ كەتكەن ماللارنى قايتى-دىن يىغقان ــ يىغمىغانلىقىنىمۇ، چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ــ كەت-مىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى مالچى بوۋاينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە چېگرىنىڭ تاقالغانلىقى مەلۇم بولدى. «ئەگەر ئۇلار ئۆتۈپ كېتەلمىگەن بولسا، ھاۋاز يېتەكچى داۋراڭ سېلىۋاتقان ئاتالمىش پاكىتنى شۇلار توقۇغانمىدۇ ــ يە؟!» بۇ غەيرىي پىكىر تېخى بىر گۇمان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، شەۋكەت كاللىسىدا تاسادىپىي پەيدا بولغان بۇ پىكىر بى-لەن ھېلىقى «ئىسمىسىز خەت» نىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر مۇ-قەررەر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ...

# 5

ھاۋاز بەختى ئۆز لېكسىيىلىرىدە، قول ھەرىكىتى بىلەن ھەر خىل قاش ـ كۆز ئىشارىلىرىنى كۆپ ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، تەسىراتىنى ئاشۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، دەل ئەكسىچە بۇ خىل بىھۇدە، ھەتتا ئاز ـ تولا تېتىقسىز ھەرىكەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىنى قاچۇرۇپ، بەزىدە ئۇلارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ بۈگۈن بەكمۇ قىزىپ، ھەۋەس بىلەن سۆزلىدى. سۆزىنىڭ بېشى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى نۆۋەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرى بىلەن ئاخىرلاشتى. دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىنغاندا، ئۇ لېكسىيىسىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىنى سۆزلەۋاتاتتى:

— مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار: ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى خۇددى ئۆيگە تارالغان زەھەرلىك كۆمۈر گازىدەك كىشىلەرنى ئاستا ـ ئاستا زەھەرلەيدۇ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ قانداق زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ!

ئۇ دەپتەر ـ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان بادامگۈلگە يەنە بىر قېتىم قارىدى، بادامگۈل يەنىلا بايىقى ھالەتتە — خاتىرە يازماي، قولىدىكى قەلەمنى كىچىك بالىدەك ئويناپ، مەستخۇش كۆزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا تىككىنىچە پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى. ھاۋاز بەختى سىنىپتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قىسقىلا مۇنداق دېدى:

— بادامگۈل، ھازىر ئىشخانامغا چىقىڭ!

بادامگۈل دىڭگىدە چۆچۈگەندەك بولدى، بۇ سۆز گويا ئۇنى خەتەرلىك، يامان بىر يەرگە بېرىشقا چاقىرغاندەك سوغۇق ۋە مۇدھىش تۇيۇلدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا يېقىمسىز بىر نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ،

سىنىپتىن چىقتى، پۇتلىرىنى سۆرىگەندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن كا-رىدورنىڭ ئۇ بېشىغا كېلىپ، ھاۋاز بەختىنىڭ ئىشخانىسىغا كۆڭلى تارتمىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ھاۋاز بەختى ئۇنى ساپاغا تەكلىپ قىلدى، ئۆزى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا قاڭقىيىپ ئولتۇرۇپ، گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ باشلىدى :

— بادامگۈل، ئۆگىنىش ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— قەدىر - ئەھۋال ...

— ياق، بۈگۈنكى روھىي كەيپىياتىڭىزدىن قارىغاندا، ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، جۇمۇ! — دېدى ھاۋاز بەختى ئىشەنچسىز قىيا-پەتتە، — بەلكىم شەۋكەتنىڭ ئىشلىرى كاللىڭىزغا تەسىر قىلغان بو-لۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە تەسىر قىلىدۇ! چۈنكى، ئۇ كىچىك ئىش ئەمەس - دە! ۋەتەندىن، خەلقتىن، پارتىيىدىن يۈز ئۆرۈشتەك ئېغىر جىنايەت! مەن سىز بىلەن خېلى بۇرۇنلا سۆزلىشىشنى ئويلىغانىدىم، ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقمىدى، ئاخىر بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ ...

بادامگۈلنىڭ ۋۇجۇدىغا بىلىنەر - بىلىنمەس بىر خىل ئەسەبىي تىتە-رەك ئولاشتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىغان ھالدا جىممىدە ئولتۇراتتى. ھاۋاز بەختى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بىر - ئىككىنى قاتتىق شوراپ، ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بادامگۈل، بىر ياشنىڭ سىياسىي مەيدانىنىڭ يوقلۇقى خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىز تارتمىغانلىقىغا ئوخشاشلا ئىش! يىلتىز تارتمىغان دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالىدىغانلىقى سىزگە ئايان! مەن بۇنى سىزنىڭ نە-زەرىيە جەھەتتىن چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن، ھازىرقى نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى نەق ئەمەلىيەت مەسىلىسى!...

بادامگۈل يۈرەكنى ئاغرىتىدىغان بۇ گەپلەرنى نائىلاجلىقتىن خۇددى مۇقەددەس بىر يارلىقنى تىڭشىغاندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋا-تاتتى ...

— بىلىپ قويۇڭ، — دەپ خېلى كەسكىن تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى ھاۋاز بەختى، — كىشىلىك ھاياتتا يالغۇز مۇھەببەتلا ئەمەس، ئەڭ مۇ-

ھىمى، سىياسىي ھايات دېگەن بىر نەرسىمۇ بار! سىزنىڭ كۆز
ئالدىڭىزدا ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىنىپ تۇرغان بۇ تۇرمۇش گۈ-
زەل بولۇش بىلەن بىللە يەنە ناھايىتىمۇ شەپقەتسىز، ئەگەر ئۇنىڭغا
توغرا مۇئامىلە قىلالمىسىڭىز، ئۇنىڭ بازغاندەك مۇشتۇمى سىزنى ئۇ-
جۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىككى يول تۇ-
رىدۇ: بىرى، ۋەتەن خائىنى بىلەن ئاخىرىغىچە ئاپاق ـ چاپاق بو-
لۇپ، سىياسىي ھاياتىڭىزنى، گۈزەل ئىستىقبالىڭىزنى، ياشلىق باھار-
ىڭىزنى ئۈزۈل ـ كېسىل نابۇت قىلىش؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭدىن قەتئىي
چەك ـ چېگرا ئاجرىتىپ، پارتىيە تەرەپكە، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ،
تەشكىلنىڭ ئىشەنچىنى، گۈزەل ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈش!

ئەمدى بادامگۈلنىڭ بوشاشقان جىسمىغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك
بىلەن ھەسرەت تىترىكى ئولاشتى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ئېغىر تەگدى،
خۇددى يالىڭاچ بەدەنگە تەگكەن كۆك چىۋىقتەك ئېغىر تەگدى، ئۇ
ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئەلەمنى يۇتۇش ئۈچۈن كۆ-
زىنى يۇمۇۋالدى، لېكىن يۈرىكىدە ئاچچىق بىر تۇيغۇ، خۇددى قاقاس
چۆلدىكى كەكرى بىلەن يانتاقتىنمۇ بەتتەر ئاچچىق بىر تۇيغۇ پەيدا
بولدى ...

— ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاش، قايسىسىدا مېڭىش پۈتۈنلەي
ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدا، بادامگۈل! لېكىن مەن سىزنىڭ سىياسىي
تەربىيىچىڭىز، ئوقۇتقۇچىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزنى ياخشى
يولغا باشلاش مەجبۇرىيىتىم بار، ئۈمىدىمنى يەردە قويمايسىزغۇ،
دەيمەن؟

ھاۋاز بەختى بادامگۈلدىن كۆز ئۈزمەي، خۇددى تاقا مىخىدەك قادى-
لىپ تۇراتتى. بادامگۈل بولسا، خۇددى يىلاننىڭ سۈرلۈك كۆزلىرى
ئاستىدا قالغان قارلىغاچ بالىسىدەك شۈكلەپ، سولىشىپ قالغانىدى.
ھاۋاز بەختىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئۇنى خېلى چۆچۈتتى، كۆزلىرى
يوغان ئېچىلىپ، كىرپىكلىرى قىسقىراپ تىككىدە بولۇپ كەتتى. لې-
كىن ئۇنىڭ قىزغۇچ، پومساق لەۋلىرى يېلىملاپ قويغاندەك ھىم ئىدى.

— قانداق، گەپ قىلمايسىز غۇ؟ — ھاۋاز بەختىنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل تەھدىت ۋە يوشۇرۇن كۈچ بار ئىدى، — مەيلى، بۈگۈنچە ماڭا ئوچۇق بىر نەرسە دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ گەپنى ھامان ئوچۇق قىلىشىڭىز كېرەك، سىز ئىنتىپاق ئەزاسى، ئىنتىپاق تەشكىلى ئالدىدا دېيىشىڭىز، سىزنى بىر مەزگىل كولدۇرلىتىپ يۈرگەن شەۋكەتنىڭ ئالدىدا دېيىشىڭىز كېرەك! ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن بۈگۈن سىز بىلەن ئۆز نامىمدا ئەمەس، بەلكى تەشكىل نامىدا سۆزلىشىۋاتىمەن. تەشكىل سىزنىڭ شەۋكەتتىن ئۈزۈل - كېسىل چەك - چېگرا ئاجرىتىپ، ئىنقىلاب مەيدانىغا قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىدۇ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى !...

بادامگۈل سەسكىنىپ كەتتى، مۇنداق دەھشەتلىك سۆزنى ھاۋاز بەختى شۇنچە ئاسان ۋە شۇنچە باغرى تاشلىق بىلەن ئېيتىۋاتاتتى!

ھەر قانداق ئائىلە چىرايلىق نەرسىلىرىنى مېھمانخانىسىغا تىزىپ، ئەسكى - تۈسكىلەرنى ئىچكىرى قازنىقىغا يوشۇرىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك ھاۋاز بەختىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ھارام خىياللىرىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ يۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ بايا بادامگۈلگە ناھايىتى تەنتەنە بىلەن: «شەۋكەتتىن ئۈزۈل - كېسىل چەك - چېگرا ئاجرىتىڭ، مەن سىز بىلەن تەشكىل نامىدا سۆزلىشىۋاتىمەن! ...» دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان پوپوزا ئىدى. تەشكىل ئۇنىڭغا ھېچقاچان ئۇنداق ۋەزىپىنى تاپشۇرمىغان، بادامگۈلنىڭ شەۋكەتتىن چەك - چېگرا ئاجرىتىش ياكى ئاجراتماسلىقىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ شەخسىي ئىشى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭدا، شەۋكەتكە يېڭى بىر ھۇجۇم — شىددەتلىك مەنىۋى ھۇجۇم باشلاپ، روھىي جەھەتتە بويسۇندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى ...

بادامگۈل ھاۋاز بەختىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ياتىقىغا قايتىپ كەلدى، ياتاققا كىلىپلا ئۇنى يىغا باستى، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش چىقتى، ئۇ كۆپ يىغلىدى، يىغلاپ - يىغلاپ ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى. ياتاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئولاش - چولاش تەسەللى بەر-

دى، لېكىن هازىر ئۇنىڭ ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىرى تارتىشىپ، يۈرىكىدە مۇزدەك بىر نەرسە ئۇيۇپ قالغاندەك، تومۇرلىرىدىكى قانمۇ سوۋۇپ كەتكەندى. ئەتراپىدا ئۆزدە گە تەسەللى بېرىپ، كۆڭۈل ئېيتىپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىنىڭ سەمىمىي، مۇلايىم سۆزلىرىدىن كۆرە، هازىر ئۇنىڭ قۇلىقىدا هاۋاز بەختىنىڭ بايا ئېيتقان يوشۇرۇن تەھدىتلىك ۋەز ـ نەسىھەت ھەم ئاگاھلاندۇرۇشلىرى قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ، بېشىنى قوداڭشىتىۋەتكەنىدى. ئاخىر ئۇ ياتاقداشلىرىغا ياش يۇقى كۆزلىرىنى تىككىنىچە هارسىنغان هالدا ئۆتۈندى:

— سىلەرگە رەھمەت، ئەمدى مېنى يالغۇز قويۇڭلار!

ئۇ ياتاقتا شۇ بېكىنىۋالغانچە كەچلىك تاماققا چىقمىدى، كەچلىك تەكرارغىمۇ بارمىدى. كارىۋىتىغا چىقىپ، خۇددى ئۆي مۈشۈكىدەك تۈگۈلۈپ، خىيالغا پېتىپ ياتتى. ئۇنىڭ خىيالىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى، «ئۆي ئويۇپ يەيدۇ» دېگەندەك، ئەنە شۇ تۈگىمەس، ئاچچىق ئوي ـ خىياللاردىن ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان يېقىملىق كۆزلىرى مۇڭلىنىپ، نۇر ـ جۇلاسىنى يوقاتقانىدى، ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل سۈزۈك يۈزلىرىمۇ تاتىرىپ، ئۈمچەرەپ قالغانىدى ...

ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى ئۇنى ھەسرەتلىك «خىيالخانىسى» دىن ئاستا تارتىپ چىقتى، ئۇ كارىۋىتىدا ئۆرە بولۇپ، ئۆزىنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ «كىرىڭ!» دېدى. ياتاققا زايىت كىردى، ئۇ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ، تارتىنغان، قورۇنغاندەك تەلەپپۇزدا:

— كەچلىك تەكرارغا چىقمىدىڭىز، مەن سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم ...، — دېدى.

— ھەئە ... چىققۇم كەلمىدى ...، — دېدى بادامگۈل مەيۈس ئاۋازدا ۋە كارىۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ سورىدى، — بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۆتكەنكى ۋەدە بويىچە بۈگۈن بىللە كىنوغا بېرىپ كېلەيلى دېۋىدىم، — دېدى زايىت ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ.

— بارغۇم يوق، — دېدى بادامگۈل كېسپلا، — كۆڭلۈم ھېچنېمىنى تارتمايدۇ!

زايىت بۇگۈن بادامگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق خىيالغا، پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى. ھاۋاز بەختىنىڭ نېمە دېگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا بۈگۈن ئۇ «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش» ئۈچۈن ئالاھىدە كېلىپ كىنوغا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى.

— بادامگۈل، كۆڭۈل دەرۋازىڭىزنى ئۇنداق مەھكەم ئېتىۋالماڭ! — دېدى ئۇ بادامگۈلنىڭ شۇ تاپتا ھەممىدىن تەسەللىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى پەملەپ، — ئۆزىڭىزنى ئەركىن، مەغرۇر تۇتۇپ، سەپداشلىرىڭىزغا يېقىنلىشىڭ! بىلىمەن، ھازىر سىزنىڭ ئوينىشقا، كۈلۈشكە رايىڭىز يوق. لېكىن سىز قەلب دەرۋازىڭىزنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، دوستلىرىڭىزنىڭ، سەپداشلىرىڭىزنىڭ ئويۇن - تاماشىسىنى كۆرسىڭىز، كۈلكە سادالىرىنى ئاڭلىسىڭىز، قەلبىڭىز يېنىكلەپ، كۆزىڭىز روشەنلىشىپ قالىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئۇنداق يەككە - يېگانە زۇلمەت ئىچىگە قاماپ، جېنىڭىزنى قىينىماڭ! مەن بۈگۈن سىزنى دەپ ئىككى بىلەت ئېلىپ كەلدىم، بارمىسىڭىز كۆڭلۈم رەنجىپ قالىدۇ، دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!

— مەن ... ئەستا ... تازا مىجەزىم يوق ئەمەسمۇ! ...، — بادامگۈل تەڭقىسلىقتا قالدى. زايىتنىڭ تەسىرلىك، كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلىرى ئۇنىڭ «قاتتىق تۇرۇش» ئىرادىسىنى بوشىتىۋەتكەنىدى.

— مانا مۇشۇ بىلەت سىزنىڭ تازا ياخشى دورىڭىز، ئەگەر مىجەزىڭىز ئوڭلانماي قالسا مېنى تىللاڭ، قارغاڭ ... بولامدۇ؟ ...

— قانداق كىنو ئىكەن؟

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەڭ ئېكرانلىق يېڭى كىنوسى «ئەسىرداش ئادەم» ...

— قايسى كۈلۈبتا؟ يىراقتا ئەمەستۇ ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى شۇنداق دەيدۇ، دەپ يېنىمىزدى-

كى يازلىق كۈلۈبىنىڭ بېلىتىنى ئالغان. باللار تەكراردىن چۈشكۈچە
بىزمۇ كېلىپ بولىمىز ...

بادامگۈل ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلى بەك خالاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن
ھاۋا يەپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار دېگەن ئىس-
تەك بىلەن زايىتقا ئەگىشىپ ياتاقتىن چىقتى. كىنونىڭ ۋاقتى ئاز قال-
غاچقا، ئۇلار پاراڭمۇ قىلماي، تېز - تېز قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

دېگەندەك «ئەسىرداش ئادەم» بادامگۈلنىڭ خېلى كۆڭلىنى كۆتۈ-
رۈپ قويدى، بىردەم بولسىمۇ ئاچچىق، ھەسرەتلىك خىياللاردىن قۇتۇ-
لۇپ، ئۆزىنى يېنىك ۋە ئەركىن سەزدى. كىنونىڭ كۈلكىلىك يەرلىرى
چىققاندا، باشقىلارغا قوشۇلۇپ خەندان ئۇرۇپ كۈلدى، سۆيۈشىدى-
غان، قۇچاقلىشىدىغان مۇھەببەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنگەندە، ئالىقان-
لىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ھايا بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇردى.
كىنو تۈگىگەندە، ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا كۆڭۈل ئارامى جايىغا چۈشۈپ،
پىكىر - خىيالى نورمال ئادەملەردەك خۇش كەيپ ۋە ئازادە ھېس قىل-
دى. ئۇلار يول بويى دەسلەپ كىنو توغرىسىدىكى تەسىراتلارنى سۆز-
لەشتى، كېيىن زايىت ئالىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان سۆزلىرىنى
ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن ئاستا ئېيتىشقا باشلىدى:

— بادامگۈل، سىز بىلەن ھاۋاز يېتەكچى سۆزلەشتىڭىزمۇ دەيمەن، نې-
مىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلىشكە بولارمۇ؟

— ئۇنىڭ سىزگە ئالاقىسى يوق، زايىت. ھەممىسى شەۋكەت بىلەن
مېنىڭ مۇناسىۋىتىم توغرىسىدىكى گەپلەر ...، — دېدى بادامگۈل
كۆڭۈل يارىسى تاتىلانغاندەك مەيۈس ئاۋازدا.

— ئەمدى سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

— بۇنى ئويلاشتىنمۇ قورقىمەن ...

— راست، سىزگە ئاسان ئەمەس، — دېدى زايىت ھېسداشلىق
قىلغاندەك تەلەپپۇزدا، — شەۋكەت ئۆزىگىمۇ قىلدى، سىزگىمۇ قىل-
دى، مەنمۇ دەسلەپ ئۇنىڭ مەسلىسىنىڭ خاراكتېرىنى تازا چۈشەن-
مەپتىكەنمەن، كېيىن قارىسام بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەسكەن، ھاۋاز يې-

تەكچىنىڭ سىز بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ يەردە، «قارىغۇنىڭ ئارقىدىن ماڭساڭ گوداڭغا چۈشىسەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!؟ — زايىت سەل تۇرۇۋالدى، بادامگۈلنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى پەم بىلەن داۋام قىلدى، — مەن شەۋكەتنى ھەممىدىن كەچسىمۇ سىزدىن كېچەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئەپسۇسكى رېئاللىق — شەپقەتسىز رېئاللىق ئۇنداق بولماي قالدى. ئۇ سىزنىمۇ خۇددى بىرەر تال ئەرزىمەس نەرسىنى تاشلىۋەتكەندەكلا تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى!...

بۇ سۆز بىلەن تەڭ بادامگۈلنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. گويا ئۆزى ئويلىمىغان، ھېس قىلمىغان مۇدھىش بىر پىكىر تۇيۇقسىز كۆڭۈل ئۆيىگە بۆسۈپ كىرگەندەك، ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. «تۇۋا! ... مەن بۇ تەرىپىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم - ھە؟! ... راست، ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇشقا كۆزى قىيىپتۇغۇ!؟ بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئادەمگە كۆز يېشى قىلىپ، ئاھۇ پەرياد چېكىش ئەرزىمدۇ ؟! ... »

بادامگۈل ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، يۈرىكى ئۇيۇشقاندەك، مۇزلىغاندەك سوغۇق ۋە ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئالتۇن دەپ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ بىردىنلا مىس بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى لەسسىدە قىلىپ قويغانىدى.

ئۇنىڭ خىيالى زايىتنىڭ يەنە شۇ مۇلايىم، تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن بۆلۈنۈپ، چەلەڭگۈش بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئىشنىڭ سىزگە كۈتۈلمىگەن زەربە بولۇشى، چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىشى تەبىئىي، — دېيتتى زايىت ھاياجانلىق تۈيغۇ بىلەن، — لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئادەم مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان مۇنداق ئالاھىدە چاغلاردا بىرىنچىدىن، رېئاللىققا توغرا قاراپ، تۇرمۇشنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز - ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ئازابتىن، ئۆكۈنۈشتىن، چۈشكۈن

كەيپىياتتىن قۇتۇلۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئېرىشىش ئانچە تەس ئە-
مەس. ئېيتايلۇق، ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا پۇت - قوللىرىڭىزنى ئىس-
سىق سۇغا چىلاڭ، ياتىدىغان ئورنىڭىزنى چىرايلىق بېزەڭ؛ كىنوخا-
نىلارغا بېرىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان كومېدىيىلىك، لىرىكىلىك فىلىم-
لەرنى كۆرۈڭ، دەرستىن چۈشكەندە تالاغا چىقىپ سەيلە قىلىڭ؛ ھەر
كۈنى گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ، رەڭگارەڭ چىرايلىق گۈللەردىن، خۇش
پۇراق ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىڭ! ... شۇنداق قىلسىڭىز، تەبىئەتنىڭ بۇ
مۆجىزىلىرى قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە غەپلەتتە ياتقان سەزگۈ-
لىرىڭىزنى ئويغىتىپ، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنى يېڭى مۇھەببەتنىڭ
شادلىقىدىن بەھرىمەن قىلالايدۇ! ...

زايىت خۇددى يارامىلىق پسىخولوگلاردەك ئەنە شۇنداق چىرايلىق،
ياغلىما ھەم قۇتراتقۇلۇق گەپلەر بىلەن بادامگۈلنىڭ ھېسسىياتىنى تەۋ-
رىتىشكە ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ھەرىكەت قىل-
دى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇ مەقسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە يەتتى.

ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بادامگۈل ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈر-
تۈپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. بىر چاغلاردا تاغ سۇلىرىدەك شوخشۇپ
كەلگەن كۆڭۈل شادلىقلىرىدىن ئەمدى ئۇنىڭدا ئەسەرمۇ قالمىغانىدى،
قالغىنى پەقەت ساراسىمە، قايغۇ، ھەتتا ئاچچىق نەپرەت بولۇپ
قالدى ...

× × ×

رومانتىك ھېسسىياتقا ئىگە قىزلار مۇھەببەتتىن جۇدا بولۇشنى
خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك چوڭ ئىش بىلىدۇ. بەزىلىرى،
ھاياتىم شۇنىڭ بىلەن تۈگەشتى، دەپ قارايدۇ. بەزىلىرى ھەتتا، «بول-
غۇلۇق بولدى، ئاخىرىغىچە بولسۇن» دەپ قاراپ، ئىنتايىن بولمىغۇر،
ئېچىنىشلىق ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بادامگۈلنىڭ ھازىرقى روھىي ھال-
تى گەرچە ئۇ دەرىجىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۇنجى مۇھەببەتتە

ئۇچرىغان بۇ پېشكەللىكى ئانچە يېنىك چۈشمىدى. ئۇنىڭمۇ ھېسسىياتى زەخىم يەپ، روھى قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ، چۈشتىن كېيىنكى ئاخىرقى دەرسنى ناھايىتى تەستە توشقۇزدى. لېكسىيە ئۇنىڭ كاللىسىغا چۈشمىگەنسېرى، مۇئەللىم شۇنچە ئېزىپ، كۆپ سۆزلىدى. ئاخىر قوڭغۇراقمۇ چېلىندى. بادامگۈل سىنىپتىن چىقىپ، ئۇدۇل كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا باردى، دېرىزىنىڭ ئويۇقىغا جەينەكلەپ، تەرلەپ قالغان ئەينەكنىڭ نەم يۈزىگە ماڭلىيىنى تىرەپ ئويغا كەتتى ...

ئۇنىڭ خىيالىغا ئالدىنقى كۈنى كەچتە زايىتنىڭ كىنودىن قايتقۇچە ئېيتقان ھېلىقى گەپلىرى كىرىۋالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، شەۋكەتنىڭ مۇھەببىتىدىن، ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن كايىپ نەپرەتلەنسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، قاراڭغۇ ئۆيگە قامىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز سوئال ـ سوراق، دەككە ـ دەشنەم يەپ قىينىلىۋاتقانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا گۇمان بىلەن ھېسداشلىق، سېغىنىش بىلەن بىزارلىققا ئوخشاش نازۇك، سەزگۈر تۇيغۇلار گىرەلىشىپ، ئالمىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىردەممۇ ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇگۈن ئەتىگەن ھاۋاز بەختى ئۇنىڭغا : «ئەتە شەۋكەت بىلەن كۆرۈشىسىز، نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئويدان ئويلىنىڭ! » دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى. بۇ ئىشمۇ ھازىر ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان تاشتەك، ئېغىر، ئازابلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى ...

بادامگۈل ئارقا تەرىپىدىن خۇددى تۆگىنىڭ «شىپ ـ شىپ» ماڭغىنىدەك يۇمشاق بىر ئاياغ شەپىسىنى سەزدى. ئۇ گەۋدىسىنى بۇراپ قايرىلاي دەپ تۇرۇۋىدى، ئاياغ ئىگىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ قولىدا بىر ژۇرنالنى تۇرتەكلەپ تۇتۇۋالغان ئاقنىياز ئىدى.

ـــ بۇ يەردە ئىكەنسىز، بادامگۈل، ـــ دېدى ئۇ دېرىزە تەكچىسىگە يۆلىنىپ ۋە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى، ـــ يېقىندىن بېرى ئىمتىھانىنىڭ تەييارلىقلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. قارىسام، روھىي كەيپىياتىڭىز تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ،

بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ئىمتىھاندا يىقىلىپ كېتىسىز، بۇنى شەۋكەتمۇ خالىمايدۇ. مەن سىزگە بىر ماتېرىيال تېپىپ كەلدىم...

— قانداق ماتېرىيال؟ — بادامگۈل قىزىقىپ، ئالدىراپ سورىدى.

— سىز ھەمىشە كىيۈرى خانىمنىڭ گېپىنى قىلاتتىڭىزغۇ! — دېدى ئاقنىياز ۋە قولىدىكى ژۇرنالنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ داۋام قىلدى، — ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ ئايال ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققەتەنمۇ قالتىس ئىكەن، مەن ئۇنىڭ تولۇق تەرجىمىھالى بېسىلغان ژۇرنالنى ئېلىپ كەلدىم، ئوبدان ئوقۇپ چىقىڭ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۇ ئايالمۇ ئۆز تۇرمۇشىدا خۇددى ئاددىي ئاياللارغا ئوخشاشلا نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپتىكەن. ئۇنىڭ ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان، ئائىلىسى نامراتلاشقان، مۇھەببىتى بۇزۇپ تاشلانغان ... لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يارامسىق ئادەم بولۇش يولىدىكى ئىرادىسىگە توسقۇن بولالمىغان! مەن سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا كەلگەن بۇ ۋاقىتلىق ئازابلارنى ئۇنتۇپ، ئۆتكەنىشتىن، كەسپىڭىزدىن مۇھەببەتلىك ماكان تېپىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

بادامگۈلنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ قالدى. ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قىلىدىغان بۇنداق ھىممەت، تەسەللى ۋە مەنىۋى ئوزۇق پەقەت ھەقىقىي، سەمىمىي دوستلارنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

— سىزگە رەھمەت، ئاقنىياز، — دېدى بادامگۈل كۆڭۈل تەشەككۈرىنى ئېيتىپ، — بۇنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىمەن.

ئۇلار دېرىزە ئالدىدىن قايتتى، پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا ئاقنىياز سورىدى:

— شەۋكەتنىڭ يېنىغا باردىڭىزمۇ؟

بادامگۈل قىسقا، لېكىن ئازابلىق بىر تۇيغۇ ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— ئەتە بارىمەن! ...

— پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئاقنىياز سەمىمىي دەۋەت

بىلەن، ـــ ئادەم مۇشۇنداق چاغلاردا سىنىلىدۇ. دانىشمەنلەرمۇ: «دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە ھەممە ئادەم دوست كۆرۈنىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. شەۋكەت بىھۇدە ئازاب چې-كىۋاتىدۇ. ئۇ گۇمانىنىڭ، ئاداۋەتنىڭ قۇربانى بولۇپ قالدى. مەن ئۇ-نىڭ ھەقلىقىگە، پاكلىقىغا ئىشىنىمەن! ...

بادامگۈلنىڭ خىياللىرى يەنە چەلەكگۈش بولۇپ كەتتى. ئاقنىيازنىڭ شۇنچىلىك ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان كۆڭۈل كۆلىدە شىددەتلىك تەۋرىنىش پەيدا قىل-دى. بۇ تەۋرىنىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى شەۋكەتكە بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى كەڭ ۋە ئازادە بىر ساھىلغا ئېلىپ چىققاندەك، ئۇنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقتا قالغان پىكىر ـ خىيالى بىلەن ئەقلى ـ ھوشىنى خېلى سەگىتىپ قويدى.

ئۇ ئاقنىيازدىن ئايرىلىپ ياتىقىغا كىرگەندىمۇ، شۇ تەسىرات، شۇ ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى يېنىك ۋە خۇش چاغ سەزگەندەك بولدى، پىكىر ـ خىيالى ئايلىنىپ، يەنە شەۋكەتكە باغلىنىپ كەتتى ...

ھەممە جەھەتتىن يېتىلگەن قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گەپ-لەر بولىدۇ. بولۇپمۇ، يىگىتلەر توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇلارنىڭ دائىملىق پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر چاغلاردا، مانا مۇشۇ ياتاقتا، بەش قىز ئوتتۇرىسىدا «قانداق يىگىت ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ؟» دېگەن تې-مىدا تالاش ـ تارتىش بولۇپ ئۆتكەنىدى. شۇ چاغدا بىرسى: «قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك يىگىتلەر ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دېسە؛ يەنە بىرسى: «تۈز كۆڭۈل، ساداقەتمەن يىگىتلەر ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دېدى. يەنە بىرسى تۇرۇپ: «مۇلايىم، كۆيۈمچانلىرى ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دېسە، تۆتىنچىسى: «كەسپچانلىقى كۈچلۈك يىگىتلەر ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دې-دى. ئەڭ ئاخىرىدا بادامگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى بىر يارلىقنى جاكارلاۋاتقان جاكارچىدەك، مەردانە ئاۋازدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇنى

دېسەڭلارمۇ، بۇنى دېسەڭلەرمۇ ھەممىسى بىكار. مېنىڭچە، ھەقىقىي ئەركەكلا ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئوتتۇرىسىدا «ھەقىقىي ئەركەك قانداق بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە يەنە تالاش ـ تارتىش باشلىنىپ كەتتى. ئۇ بىرنېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ، ئاخىر، نۇرغۇن يىگىتلەرنى «ئەر» دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي «ئەركەك» دېيىشكە بولمايدۇ. ھەقىقىي ئەركەك ــ تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلغۇدەك جاسارەتكە ئىگە، قەيسەر، ئىرادىلىك يىگىتلەردۇر. بۇنداق يىگىتلەرنى يۈكسەك تاغ، چوڭقۇر دېڭىز، كەڭ ئاسمانغا ئوخشاتساڭ بولىدۇ، بۇنداق يىگىتلەر قىزلارنىڭ ھەقىقىي غۇرۇرى، ئىپتىخارى ۋە ئۆمۈرلۈك جۈپتى بولالايدۇ، دېيىشتى. بادامگۈل قەلبىدىكى مانا شۇ غايىۋى ئۆلچىمى بىلەن شەۋكەتنى تاللىغان، ئۇنىڭ ئانچە قامەتلىك بولمىغان جۈغى كىچىك جىسمىنى، تېخى ئانچە ـ مۇنچە ئاق چېچەكنىڭ ئىزى بار بۇغداي ئۆڭ يۈزىنى ئەنە شۇ غايىۋى ئۆلچەمدىن تۇغۇلغان ئىشتىياقى بىلەن قۇچاقلىغان، سۆيگەن ۋە ئۇنىڭدىن زور بىر مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت سەزگەنىدى. شەۋكەت ئادەتتە كەم سۆز ئىدى، ئادەتتە كەم سۆز بۇ يىگىتنىڭ قەلبىگە ئالەم سىغدىغان كەڭ قورساق، ئوچۇق ـ يورۇق پەزىلىتىنى ئۇ چىن كۆڭلىدىن يارىتىپ قالغانىدى ...

مانا ئەمدى شۇ يىگىت ــ ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئىپتىخارى بولۇپ تۇيۇلغان ھەقىقىي ئەركەك خۇددى بىر ناتىۋان، ئاجىز قۇشلاردەك قەپەسكە سولىنىپ، ئەركىندىن، مۇھەببىتىدىن، دوستىدىن، جىمى ـ جىمى نېمىسىدىن ئايرىلىپ، ئازاب ۋە نادامەت ئىچىدە ياتماقتا ... ئۇ راستتىنلا گۇناھسىزمىدۇ؟ ئۇنداق بولسا، تەشكىل نېمىشقا ئۇنى تۇتقۇن قىلىدۇ؟ ئەتە كۆرۈشكەندە نېمە دەمەن؟ ئەگەر ئايرىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ تېخىمۇ ئازابقا قالماسمۇ؟! ...

بادامگۈل ئۆزىنى تۇتالماي نالە قىلدى. ھەي تۇرمۇش! ھەي ياشلىق! ... سەن نېمە ئۈچۈن بىگۇناھ كىشىلەرنى بۇنداق چىگىش، شەپ-

قەتسز سوئاللار بىلەن قىينايدىغانسەن؟! ...

× × ×

تۇرمۇشتا ھەممشە شۇنداق بولىدۇ: خۇشاللىق ئاستا كېلىپ، تېز كېتىدۇ! خاپىلىق تېز كېلىپ، ئاستا كېتىدۇ! لېكىن شەۋكەتنىڭ بېشىغا كەلگەن خاپىلىق ئاستا كېتىش تۇگۇل، خۇددى ئۇنىڭ يۈزىگە چىققان قارا سۆگەلدەك شۇ كەلگەن پېتى كەتمەيلا قويدى. مۇشۇ كىچىككىنە، كۆرۈمسىز ئۆيدە ئۆتكەن ئون نەچچە كۈن ئۇنىڭغا گويا ئون نەچچە ئايدەك ئۇزاق ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئاسماندا چاقناپ تۇرغان قۇياشنى كۆرمىدى، يەردە گۈللەپ ياتقان گۈل ـ گىياھلارنى پۇرىمىدى، ھەر كۈنى سەھەر ۋە كەچلەردە بوغدا تەرەپتىن سوقۇپ تۇرىدىغان لەرزان تاغ سەلكىنىدىن ھۇزۇرلانمىدى. ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى، سوغۇق ۋە مەينەت تۆت تام؛ پۇرايدىغىنى، ئاچچىق تاماكا بىلەن قاڭسىق زەي؛ ھۇزۇرلىنىدىغىنى، كىتاب ۋە ئەركىن خىيال ئىدى. ئۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاق، ساز ـ ناخشىلىرىغا تولغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ياتاقلارنى سېغىندى. تىنچ، ئازادە سىنىپلاردا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇستازلىرىنىڭ يېقىملىق، تەسىرلىك لېكسىيىلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلدى، ئالىيېشىل چىراغلار چاقنىغان زاللاردا كۆككىلىدىكى قىزلار بىلەن بەل تۇتۇشۇپ، سىرلىق، لىرىكىلىق تۇيغۇلارغا باي تانسىلارنى ئوينىغۇسى كەلدى ... لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ يات، تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ خۇددى قانات ـ قۇيرۇقى بوغقۇچلانغان كەپتەردەك ئەركىن قانات قاقالمايتتى، ئىككى قەدەم نېرىغا خالىغانچە بارالمايتتى. ئۇ مۇشۇ بىنادىكى ھاجەتخانىغىمۇ كۆزەتچى بىلەن بىللە چىقاتتى، تاماقنى ساۋاقداشلىرى نۆۋەت بىلەن ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۇ مۇشۇنداق تەقىب ۋە بېسىم ئاستىدا ئون نەچچە

كۈندىن بىرى، يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەكشۈرۈش، قەلبىنى تاپشۇرۇش ماتېرىيالىنى يازدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر سىمۇ هاۋاز بەختىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، هەممىسى قوپاللىق بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى. ئەمدى شەۋكەتنىڭمۇ جەھلى قاتتى. راست گەپ كۆڭلىگە ياقمىسا ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ يالغان گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزىنىمۇ، تەشكىلنىمۇ ئالدىسۇنمۇ؟! ... ياق، شەۋكەتنىڭ قولىدىن ھەرگىزمۇ بۇنداق كاززاپلىق، ۋىجدانسىزلىق كەلمەيدۇ! ئۇ ئۆزىگە ئاق، ئاق بولغاچقا، هازىرغىچە يۈرىكى پوكۇلدىماي، قەددىنى تىك تۇتۇپ كېلىۋاتامدۇ! ئۇنىڭغا دادىسى: «يالغان سۆزلەپ پادىشاھ بولغاندىن، راست سۆزلەپ گادای بولغان ياخشى» دېگەن ھېكمەتنى ئۇبدان ئۆگەتكەن! ...

لېكىن هاۋاز بەختىمۇ مۇددىئاسىغا يەتمىگۈچە توختىمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ قايسىبىر دانىشمەن ئېيتقاندەك، ئەتە قىچىشىدىغان يەرنى بۈگۈن قاشلاپ قويۇشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈندىكى گەپلىرىدىن تېخىمۇ ئازابلىق، تېخىمۇ شەپقەتسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى بىلىنىپ قالدى. ئۇ بىرمۇنچە سىياسىي تەھدىتلىك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، چىقىپ كېتىۋېتىپ: «بىلىپ قوي، ئەمدى سېنىڭ باشقىلارنىمۇ ئۆزۈڭگە چېتىپ نابۇت قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ! بادامگۈل ئۆزىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى توغرىسىدا قايتا ئويلاشتى. ئۇ سەن بىلەن مېڭىپ، ياشلىق باهارىنى، گۈزەل ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىشنى خالىمايدۇ! ...» دېدى. بۇ سۆز هاۋاز بەختىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنداق ئاسان ۋە ئوڭاي چىققىنى بىلەن شەۋكەتكە خۇددى كۆك چېۋىق بىلەن يۈرىكىگە ۋاشىلدىتىپ ئۇرغاندەك شۇنداق مۇدھىش ۋە دەھشەتلىك ئاڭلاندى. ئەگەر ئۇ شۇ كۈنلەردە بادامگۈلدىن ئايرىلىدىغان بولسا، ئۆزىنى مۇشۇنداق ئىرادىلىك، مەردانە تۇتۇپ تۇرغان مەنۋى تۈۋرۈكىنىڭ دەل يېرىمىدىن مەھرۇم بولۇپ، تېخىمۇ قاتتىق چۈشكۈنلۈككە، ئاسارەتكە ۋە غېرىبلىققا مۇپتىلا بولاتتى.

هازىر ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە — ئەركىنلىكمۇ، كەسپىمۇ، ئىستىقبالمۇ

تۇگىگەن، يوقالغان. پەقەت بىرلا نەرسە ـــ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ يالقۇنجاپ كۆيىدىغان، ئادەمنى ياشاشقا، ۋاقتى كەلسە ئۆلۈش-كىمۇ ئۈندەيدىغان سىرلىق، قىزغىن مۇھەببەتلا قالغانىدى. ئۇ مانا شۇ مۇھەببەتنىڭ خورىماس كۈچى، سۆيگۈ لەززىتىنىڭ بەخش ئەتكەن جاسارىتى بىلەن ھەرقانداق ئازاب ۋە خورلۇققا چىداپ كېلىۋا-تاتتى ... لېكىن، مانا شۇ جان ئالغۇچى «لېكىن » بىلەن شەۋكەت يەنە ئويلىنىپ قالدى. ئەگەر بادامگۈل راستتىنلا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرا ئاجرىتىش قارارىغا كەلگەن بولسى-چۇ؟ ... ئۇ چاغدا، ئۇ ئۆزى جان ـ دىلى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بىگۇناھ بىر قىزنىڭ تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئويلىمىسا بولامدۇ؟ ئۆزى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بەختىنىمۇ نابۇت قىلسا ئادىللىق بولامدۇ؟ ھەقىقىي مۇھەببەت قانداقتۇر بىر يۈرەكنىڭ يەنە بىر يۈرەكنى چېكىپ بېقىش-دىن چىققان سوغۇق سادا ئەمەس، بەلكى ئىككى يۈرەكنىڭ ئۆزئارا تەڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان يالقۇن! ئۇنىڭدا بەخش ئېتىشلا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ نەپ ئېلىش بولمايدۇ! ئەگەر بادامگۈلدە راستتىنلا ئۆز تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش بولغان بولسا ... ئەگەر سىياسىي ھاياتى راستتىنلا تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بولسا ... ئەگەر مۇھەببەت ئۇنىڭغا بەختتىن كۆرە، بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان بولسا ... ئەگەر ... ئەگەر ...

شەۋكەتنىڭ كۆز ئالدىدا سۆيگۈ لەززىتى، مۇھەببەت ئازابى، سېغى-نىش دەردى، ۋىسال تەشنالىقى دېگەنلەر خۇددى قىش كۈنىدىكى تۇ-ماندەك غۇۋالىشىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ...

«كامېر » غا بىرسى چۈشلۈك تاماق ئېلىپ كىردى. ئاق كۆپمە يۈزلۈك، قاشلىرى يېپىلاڭغۇ، گازىر كۆز بۇ يىگىت ئۇنىڭ ساۋاقدىشى گايىت مايىت ئىدى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ ياتاقلاردىكى ھاراق ـ شارابلىق ئولتۇرۇشلاردا ساۋاقداشلىرى ئۇنى قىزىقچىلىق قى-لىپ، بىر نەچچە قېتىم «گىرىت مىرىت » دەپ ئاتىۋىدى، بۇ غەلىتە،

قىزىق ۋە قىسقا ئىسىم دەرھال باشقىلارنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ كەتتى. گايىت مايىتىنىڭ ئۆزىمۇ بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدى.

ـــ مانا سىزگە ئۈچ سەرلىك تاماق، ـــ دېدى ئۇ يېرىم قاچا سۇيۇقئاش بىلەن تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر دانە پۇرچاق مومىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، ـــ مومىدىن ئىككىنى ئالاي دېسەم بىلىتىڭىز ئاز قاپتۇ، قورسىقىڭىز تويارمىكىن!

شەۋكەت قولىنى يۇيۇپ، ھېلىقى تاشتەك قاتتىق مومىنى سۇيۇقئاشنىڭ ئۈستىگە ئېزىپ چىلاۋېتىپ دېدى:

ـــ ھېچقىسى يوق، تويۇپ قالىمەن. ئادەم مۇشۇنداق ئاز ـ ئازدىن يېيىشكىمۇ كۆنگەن ياخشى. كۆپ يېگەن ئادەم بۇرۇن ئۆلىدۇ، دېگەن گەپ بار. چۈنكى ئۇ ھاياتتىكى تېگىشلىك رىزقىنى باشقىلاردىن بالدۇر يەپ بولغان بولىدۇ، سەئىدى شىرازىنىڭ مۇنداق بىر ئىبرەتلىك بېيىتى بار، مەن ئۇنى يېقىندىن بۇيان كۆپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم:

«ئىچىڭنى تاماقتىن خالىي تۇت، تاكى ـــ
ئاڭا كىرەلىسۇن نۇرى مەرىپەت.
بۇرنۇڭغىچە لىققىدە تائام تۇرسا،
قانداق سىغار ئۇنىڭغا ئىلىم ـ ھېكمەت؟!»

ـــ ياخشىكەن، قالتىسكەن! ـــ دېدى گىرىت مىرىت ھاياجانلىنىپ، ـــ خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالىتىمىزنى مەدھىيىلەپ يازغاندەك تەسىرلىك ئىكەن! ...

شەۋكەت تامىقىنى ئەمدىلا يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا «كامېر»غا كلاسكوم غۇلام تورپاق بىلەن بادامگۈل كىرىپ كەلدى. بادامگۈل بىلەن شەۋكەت بىر ـ بىرىگە ھەم تەقەززا بولغاندەك، ھەم ئەندىككەندەك قاراشقىنىچە ئۈنسىز، جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئوڭايسىز ھالىتىنى كۆرۈپ، غۇلام بىلەن گىرىت مىرىت بىر ـ بىرىنى شەرەتلى-

شىپ كارىدورغا چىقتى ــ دە، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى. ئۇ ئىككىسى شۇ ھالەت، شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. بادامگۈلنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مەسۇم قىياپەتتە تۇرۇشىدىن، چىرايىدىكى مىسكىنلىكتىن، مۆلدۈرلەپ تۇرغان ناتىۋان كۆزلىرىدىن شەۋكەت ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن شەۋكەت بادامگۈلنىڭ تىترەپ تۇرغان جىسمىدىكى بۇ ئاجىزلىق بىلەن تارتىنچاقلىقنى روھىي جەھەتتىكى ياتلىشىش، دەپ خاتا چۈشەندى ــ دە، ھاۋاز بەختىنىڭ ھېلىقى كۈندىكى سۆزلىرىنى قايتىدىن ئەلەم بىلەن ئېسىگە ئالدى. شەۋكەتنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان بۇ پىكىر شۇ قەدەر ئېنىق، شۇ قەدەر ئىشەنچلىك ئىدىكى، ئۇ بۇنى بىر بېشارەت دەپ چۈشەندى. بادامگۈل شەۋكەتكە قارىغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىدىكى، ۋۇجۇدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، ئۆپكىسى تولۇپ، گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغانلىقتىن ھېقىقلاپ گەپ قىلالماي قالدى. گەپنى يەنىلا شەۋكەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىن باشلىدى:

— بادامگۈل، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ يوقلاپ كىرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت! مەن كۆپ ئويلاندىم، مۇھەببەتتە شەخسىيەتچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئىستىقبالىغا بېرىپ تاقاشقاندا، ھالاللىق بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدۇ. بىرسىنى ھەقىقىي، سەمىمىي ياخشى كۆرگەن ئادەم جەزمەن ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئويلايدۇ! مەن بىر قارارغا كەلدىم، مېنىڭ ئارقىمدىن مېڭىپ، گۈزەل كېلەچىكىڭىزنى نابۇت قىلىشىڭىزنى، كۆرۈشكە تېگىشلىك بەختتىن مەھرۇم بولۇشىڭىزنى خالىمايمەن!...

بادامگۈلنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز چېقىن چۈشكەندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، دەسسەپ تۇرغان زېمىنمۇ چايقالغاندەك بولۇپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە زايىتنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتە ئېيتقان سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى. «توغرا ئىكەن ــ ھە؟! ... ئۇ مېنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتىكەن! ... ئۇ ھەممىگە چىدايدى-

كەن ... مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپتىمەن! ... » بادامگۈلنىڭ قەلبى سوۋۇغاندەك بولدى، كۆڭلىنى تۇمان قاپلىدى، شۇڭا ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزىگە ئاۋۇ پۈچۈق دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمانىدىكى ئالتۇندەك قۇياشمۇ تاتىراڭغۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى ...

لېكىن ئۇ «ماقۇل » دېگەن بۇ ئاددىي گەپنى شەۋكەتكە يۈز تۇرانە ئېيتالمىدى، ئىچىدىن چوغ بولۇپ چىققان بۇ گەپ نېمە ئۈچۈندۇر بوغۇزىغا كەلگەندە كەپلىشىپ سىرتقا چىقالمىدى! بادامگۈل ئۈنچىقمىدى، كۆزىدە داۋالغۇپ تۇرغان ئاچچىق ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈردى، يۈرىكىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھەسرەتلىك پىغاننى تەسلىكتە باستى، ئاندىن پۈتلىرىنى ئاران سۆرەپ، ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ «كامېر » دىن چىقىپ كەتتى. شەۋكەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىھوش ھالدا قاراپ قالدى ...

شۇ تاپتا «مۇھەببەتتىن، سۆيگۈدىن ئايرىلدىم » دېگەن ئىزتىراپلىق پىكىر بادامگۈلنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنى ئۆرتەپ، يۈرەك ـ باغرىدا ئاچچىق بىر نادامەت ئويغاتماقتا ئىدى ...

بادامگۈل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شەۋكەت دەرد يۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. يېرىم ئېچىلغان ئاغزىدىن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، چەكچەيگەن كۆزىمۇ مىت قىلمايتتى. سىرتتىن قارىغان كىشىگە ئۇ گويا مۇشۇ يەرگە قاتۇرۇپ قويغان مومىيادەك كۆرۈنەتتى! ...

تووۋا، ئادەم نېمىدېگەن ئاجىز ـ ھە!؟ ئالەمچە ماختاش، خۇشاللىق ۋە ئويۇن ـ كۈلكىلەر سىغقان يۈرەككە مانا بۈگۈن كىچىككىنە دەرد ـ ئەلەم سىغماي، يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدى!...

بۇ ئىشلار شەۋكەتكىمۇ، بادامگۈلگىمۇ گويا سەھنىدە قايسىبىر تراگېدىيىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئازابلىق رولىنى ئېلىۋاتقاندەك پەردە چۈشكەن ھامان ھەممە ئىش ئۆز ئەسلىگە كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى ...

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، «كامېر » غا كۆزەتچى گايىت مايىتتىن باشقا ھېچكىم كىرمىدى. ئېھتىمال، ھاۋاز بەختى مەقسىتىگە تولۇق ۋە

ئوگۈشلۈق يەتكەنلىكتىن، شەۋكەتنى كەڭ ـ كۇشادە، ئارامخۇدا ئازابلىنىشۋالسۇن دەپ، يېگى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلمىغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ، شەۋكەت كەچكىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى يەككە ـ يېگانە هالدا، دەخلىسىز، يەتكۈچە ئازابلىنىشۋالدى.

ئۇ قاچانكى ئۇيقۇسى قېچىپ، خىيال هەم ۋەسۋەسىلەر چىرمىشۋالغان ۋاقىتلاردا، مانا شۇ خىرە دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سىرتقا قارايتتى. سىرتتىكى رەڭگارەڭ تەبىئەت هادىسىلىرىدىن تارتىپ، سەل ـ پەل مىدىرلىغان كىچىككىنە جانلارنىڭ شەپىسىمۇ ئۇنىڭ دىققەت ـ نەزىرىـ نى تارتىپ، بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىنى ئازابلىق خىياللاردىن نېرى قىلاتتى، ئۇ بۈگۈنمۇ ئۇخلىيالماي، يەنە دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەتراپ جىمجىت، تىرىك جاننىڭ هەممىسى ئۇيقۇغا چۆمگەن، تەبىئەت شېرىن سۈكۈتتە ئىدى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، ئاسمانمۇ خامۇش كۆرۈـ نەتتى، نېپىز، بوزامتۇل بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆككەن ئاينىڭ نىم رەڭ گەردىشى ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنۈپ قالاتتى...

مانا، بەختىمۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈركۈدى، ئۇنى تۇتۇپ قالمەن دېمىمۇ تۇتالمايدۇ، ئۇ ئاللىقاياقلارغا — ئۇنىڭدىن يىراق، ناهايىتىمۇ يىراق بولغان بەلگىسىز بىر تەرەپلەرگە قاراپ قاچىدۇ، ئەمدى ئۇنى قوغلاپ يەتكىلىمۇ بولمايدۇ، قوغلىغان بىلەنمۇ بىكار. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭدىن — مانا مۇشۇ ئىككى يېرىم كۋادرات مېتىر قاراڭغۇ هۇجرىغا سولانغان تۇتقۇندىن، خائىندىن ئۈركۈدى، قاچتى! ...

شۇ تاپتا، شەۋكەتنىڭ يۈرەك تارى شۇنداق چىڭ تارتىلدىكى، نەپسى بوغۇلۇپ قالغاندەك ئازابلاندى. ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان تىترەك ئارىلاش بىر ئاهۇ پىغانغا قوشۇپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان مۇنۇ مىسرالارنى ئۈنسىز تەكرارلىدى:

«دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى، دۈشمەنلىرىم سەن هەم زېرىك،
بىر مىسال باردۇر ئىشەنگەن، تاغ ئارا يۈرمەس كېيىك.»

جىددىي ئويغا چۆمگەنلىكتىن، شەۋكەتنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەپ، كۆزلىرىنى خىرە تۇمان قاپلىغانىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان بىر خىل غەزەپ ـ نەپرەت، ئازاب ۋە خورلۇق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ، نەپسىنى قىسىپ كەتتى. ئۇ كەڭ ۋە يورۇق دۇنيانىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر قىسمىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ئەبجەق دېرىزە يېنىدىن يىراق كەتتى...

× × ×

شۇ كۈنلەردە، زايىتنىڭ چىرايىدا ھەممىشە بىر خىل كۆرەڭلىك تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنى ئۆستى، ئورنى بىلەن بىللە كۆڭلىمۇ ئۆستى. شۇڭا ئۇ، سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان ھالدارلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ھاۋاز بەختى يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى فاكۇلتېت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ شەۋكەت بىلەن بولغان «پرىنسىپال كۈرەش» تە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كېڭەيدى، مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاشتى. شۇڭا ئۇ، بۇ كۈرەشتە ھازىرغىچە «ئارىسالدى» بولۇپ تۇرۇۋاتقانلارغا، تېخىچە «ئويغانمىغانلار» غا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى تېزرەك «ئىنقىلاب تەرەپ» كە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ قارىدى. ئۇ شۇ نىيەت ۋە مۇددىئا بىلەن بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ «ئەمەلدارلىق» سالاپىتىنى خېلى نامايان قىلدى ...

ئۇ بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ياتاقتا بولىدىغان تېمىسىز، قىزغىن پاراڭلار جەريانىدا نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن ئاقنىيازغا خىزمەت ئىشلەش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ياتاقتا

دەسلەپ ئاقنىياز، زايىت ۋە سەلەي قاشاڭلار بار ئىدى، كېيىن قوشنا ياتاقلاردىن بەزىلىرى قايناق سۇ، بەزىلىرى سۇپۇرگە ۋە بەزىلىرى تاماكا سوراپ كىرگەنلەر قوشۇلۇپ ئالتە ـ يەتتە ئادەم بولۇپ قالدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى، زايىتنىڭ «تەشۋىق تەربىيىسى» تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولىدىغان بولدى. ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، گەپنى نەسىھەتگۇيلۇق بىلەن باشلىدى:

— ئاقنىياز، ئاداش، بىز ئىمتىھان ۋاقىتلىرىدا ماركسىزم نەزەرىيىلىرىنى بىر سۆزىنىمۇ چۈشۈرمەي يادقا يېزىپ بېرەلەيمىز. لېكىن بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرەر شېئىرى ياكى ھېكايىسى بىلەنمۇ زەھەرلىنىپ قالىمىز! بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى، بىز ماركسىزمنى ئەمەلىي كۈرەش ئىچىدە تۇرۇپ ئۆگەنمىدۇق. بىز بۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم! مېنىڭچە، ھازىرقى كۈرەش بىز ئۈچۈن ماركسىزم نەزەرىيىلىرىنى ئەمەلىي ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاقنىيازنىڭ چىرايى ناخۇش تۈس ئالدى.

— خاتىرجەم بول زايىت! — دېدى ئۇ بۇ سۆزلەرگە قىلچە ئېرەن قىلمىغاندەك سۈس تەلەپپۇزدا، — مەن تېخى بۇرژۇئازىيىنىڭ مېنى زەھەرلىگۈدەك بىرەر پارچە شېئىر ياكى ھېكايىسىگە ئۇچراپ باقمىدىم! بىر پارچە شېئىر ياكى ھېكايە بىلەن زەھەرلىنىپ قالىدىغان ئۇنداق روھىي زەئىپلىكمۇ مەندە يوق! زايىت، ماڭا بۇنداق ياپىلاق، يۇمىلاق گەپلەرنى قىلماي، گېپىڭ بولسا ئۇدۇللا ئېيت!

— ئەمىسە، ئاڭلا! — دېدى زايىت تەمەننا بىلەن گەپلىرىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ، — بىلەمسەن، ئاقنىياز، سېنىڭ ئىدىيەڭ، سېنىڭ ئوبرازىڭنى يارىتىدۇ، ھەتتا تەقدىرىڭنىمۇ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا شەۋكەتنىڭ خائىنلىق، مىللەتچىلىك ئىشىغا سەل قارىما، ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگراڭنى ئاجرات!

زايىتنىڭ يوغان، سارغۇچ كۆزلىرىدىن مەمەدانلىق، تەكەببۇرلۇق ئۇچقۇندىدى.

— شۇنداقمۇ ؟! — ئاقنيازنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، زاڭلىق قىلغاندەك كىنايىلىك ئاۋازدا
دېدى، — زايىت، مەنمۇ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئىككىمىزنىڭ پارتا -
ئورۇندۇقىمىز ئوخشاش، سەن ئۇ چېتىدە، مەن بۇ چېتىدە تەكشى
ئولتۇرىمىز. بۇرۇنمۇ شۇنداقتى، ھازىرمۇ شۇنداق! سەن ساۋاقداشلار
ئارا سۆزلەشكەندە «مەن» نىڭ ئورنىنى جايىغا قويغىن، بولامدۇ؟
سەن بىر ئۇلۇغ زات ئەمەس، يەر شارىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشۇڭنىڭ
ھاجىتى يوق!

بۇ سۆز بىلەن ئۇ: «سەن ئۇنداق بىلەرمەنلىك قىلما، ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم تېپىپ ماڭىمەن!» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرغانىدى. زايىتنىڭ تەلپىكى يەرگە چۈشكەندەك بولدى، لېكىن ئۇ ئانچە ئۆزىنى بىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ بۇدۇشقاقلىق قىلىشقا باشلىدى:

— مەن ساڭا كۆيۈنۈۋاتىمەن، ئاقنياز، دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمەن! شەۋكەتنىڭ ئىشى ھەلقۇمىغا يەتتى، ئاخىرىدا بىر گەپ بولار دېسەڭ كېچىكىپ قالىسەن! ئۇ چاغدا ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ماڭا تېنىپ قويماپتۇ، دەپ مەندىن رەنجىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. شۇڭا بۈگۈن مۇشۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويما، كونىلاردا: «ۋاقتى ئۆتكەن قىلىچىڭنى پوققا چاپ» دەيدىغان گەپ بار!

ئاقنياز ئۆزىنى تۇتالماي دەس ئورنىدىن تۇردى، زايىتقا بىگىزدەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— زايىت، سەن ھەممە ئادەمنى ئۆز غېرىچىڭ بىلەن ئۆلچىمە! دوستلۇقتىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئۇنداق ئىپلاس ئىشلار مېنىڭ بىساتىمدا يوق! بىلىپ قوي، دۇنيادىكى مىليونلىغان مەۋجۇدات ئىچىدە ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان نەرسە — سەممىيەت! — دېدى - دە، زايىت بى-

لەن يەنە دەتالىشىپ يۈرۈشنى خالىمىغاندەك قولىنى سىلكىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

پاراڭ ئۈزۈلدى. ياتاق بىر مەھەل تىمتاس بولۇپ قالدى. ئاقنىياز-نىڭ قوپاللىقى، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىشى زايىتقا قاتتىق ھار كەلدى، بۇنى ئۇ ئۆزىگە قىلىنغان بىھۆرمەتلىك، ۋاپاغا جاپا قىلىش، دەپ چۈشەندى. بۇ جىددىي كەيپىيات بىلەن تىمتاسلىقنى يەنىلا سە-لەي قاشاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپپۇزدا ئېيتقان كۈلكىلىك سۆزلىرى بۇزدى.

— پىس - پىس - پىس، ياخشىمۇسىز زايىت شۇجى!— دېدى ئۇ زايىتنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ، — نام - شۆھرىتىڭىز چىقىۋاتىدۇ، ئاداش. ئۆرلەڭ، غۇلاچ كېرىپ ئۆرلەڭ! لېكىن تاغ چوققىسىغا چىق-قاندا، كىشىلەر ماڭا نەزەر سالسىكەن دەپ گىدىيىۋالماڭ جۇمۇ! قۇرۇ-سۇن، تەكەببۇرلۇق دېگەن شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەن!

سەلەي ئۇنى باشتا كۆتۈردى، ئاخىرى چۈشۈردى، زايىتمۇ بۇنى بى-لىپ قالدى، كەيپى ئۆزگىرىپ غۇچ - غۇچ بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا بۇ سۆز خۇددى زەھەر - زوقۇمدەك تۇيۇلدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدى ئۇ سەلەيگە تورۇلۇپ - تورۇلۇپ تې-گىپ، — مەن قاچان گىدىيىۋاپتىمەن!؟ گەپ بولسا ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىڭ!

— ئــەمدى دەيــمــىنا ...، — دېــدى ســەلــەي گەپنى چــاقچاقــقا بۇراپ، — ئىنسانچىلىق، خام سۈت ئەمگەن بەندە نېمە ئىشلارنى قىل-مايدۇ دەيسىز! مېنىڭ بۇ ئەخمەق كاللامدا مۇنداق بىر پىكىر بار قاراڭ، شەۋكەتنى ھەممىمىز بىلىمىز، سىز ئۇنىڭ كونا دوستى، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئازراق يول قويغىنىڭىز ياخشىمىكىن، دەيمەن!

— نېمە؟! — زايىت ھەرە چاققاندەك ئەندىكىپ كەتتى، — ياق، ياق! بۇ ئۆزى ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش! ئازراق يول قويساق، بىزنىڭ بۇ يەردە سوتسىيالىزم بىر ئاز كېمىيىپ،

شيۇجۇڭجۇيى بىر ئاز كۆپىيىدۇ، ئاز ـ ئازدىن يول قويۇۋېرىدىغان بولساق، بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز ئۆزگىرىپ كەتمەمدۇ ؟! ...

سەلەيمۇ، باشقىلارمۇ كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى، بۇرۇن ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولسىمۇ شائىرانە ھېسسىيات، شائىرانە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەيدىغان زايىتنىڭ بۈگۈن خۇددى شاتۇتىغا، پاتېفونغا ئوخشاش قېلىپلاشقان سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن قىلغان بۇ سۆزى ھاۋاز بەختىدىن ياكى يېقىنقى گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى باش ماقالىلەردىن ئەينەن يادلىۋالغان ئۆلۈك ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر ئىدى.

— مەن چۈشەنمىدىم...، — دېدى سەلەي رايى قايتقان ھالدا، — يارەببىم ... كىچىككىنە بىر شەۋكەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شۇنداق چوڭمىدۇ ؟!

— سىز سىنىپىي كۆرەشنى ئۇنتۇپ قالغان تۇرسىڭىز، قانداقمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيسىز، سەلەي ؟! — دېدى زايىت يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — سىنىپىي كۆزقارىشى يوق كىشىلەر ئادەمنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنىلا كۆرىدۇ، سىنىپىي كۆزقارىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ!

— ۋاي ـ ۋۇي ... نېمانچە قىينالغۇلۇق! — دېدى سەلەي مەسخىرە قىلغاندەك چېكىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — بىرەر سىنىڭ يۈرىكىنى كۆرۈش لازىم بولسا ماۋۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، رېنتگېنگە سالسىلا بولمامدۇ ؟!

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، زايىتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، ئۇ تازا بىر تۈرۈلۈپ، سەلەيگە قاتتىق تېگىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋېدى، مەتكېرەم مەتقاسىم ئىشىكتىن بوراندەك كىرىپ، بىسمىللاسىغا «ئاقنىياز قېنى؟» دېگەن سوئالنى قويدى.

— نېمە قىلاتتىڭ؟ — قايتۇرۇپ سوئال قويدى ئاقنىيازنىڭ بىر ياتاقدىشى.

— ئىشىم بار ئىدى، — مەتكېرەم مەتقاسىم شۇنداق دېدى ـ دە،

چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى. لېكىن ئۇنى سەلەي توختىتىپ قالدى.

— بىردەم ئولتۇر، ئاقنىيازمۇ كىرىپ قالىدۇ، سەن بىلەن قىلىشىدىغان گەپ بار.

مەتكېرەم مەتقاسىم بىردەم ئارىسالدى بولدى، كېيىن بۇلۇڭدىكى كارىۋاتقا بېرىپ، «نېمە گەپ؟» دېگەندەك سەلەيگە قاراپ ئولتۇردى. زايىت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، هومايغان، بىزار بولغان، رەنجىگەن قىياپەتتە لوڭ - لوڭ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا، سەلەي مەتكېرەم مەتقاسىمدىن سورىدى:

— شەۋكەتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— نېمشقا بۇنى سورايسەن؟ — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم سوغۇقلا، — ئۇ يەردىكى ئىشلار مەخپىي تۇرسا ...

— ئوهوي.. پىس - پىس -پىس، ياخشىمۇسىز ...، — دېدى سەلەي مەسخىرە قىلغاندەك تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ، — سىياسىي سەزگۈرلۈكىڭىز ئۆسۈپتۇ مەتكېرەم مەتقاسىم، شۇڭا سىز دائىملىق گۇندىپاي بوپتىكەنسىز مەتكېرەم مەتقاسىم، ئەمدى سىزگىمۇ هاۋاز يېتەكچىنىڭ چوڭ هىممەت - ئىلتىپاتى بار ئوخشايدۇ مەتكېرەم مەتقاسىم ... لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، مەتكېرەم مەتقاسىم، نەقىل قىلىنىشىچە، بارلىق هايۋانلار ئىچىدە پەقەت بەش هايۋانلا جەننەتكە كىرىدىكەن، ئۇلار ياقۇپ ئەلەيهىسسالامنىڭ بۆرىسى، ئەسھابۇل كەهىپنىڭ ئىتى، سالىھ ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆگىسى، ئەيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئېشىكى، هەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى. ئەمدى بۇنىڭغا سېنى قوشساق، مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭ قېچىرى بولىدۇ. لېكىن ئاداش، قېچىر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ هالال بىلەن هارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان ناجىنس نەرسە! شۇڭا سەن سىياسىي كۆرەشتە بەك كۆچەپ كەتمە، هەرقانچە قىلساڭمۇ جەننەتكە كىرەلمەيسەن، زايىتنى دورىيالمايسەن! يەنە شۇ قېچىر پېتىڭ قېلىۋېرىسەن! ...

ياتاقتا شوخ، يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بىر نەچچەيلەن «تازا بابـ

لىدىڭ » دەپ سەلەيىنىڭ سۆزمەنلىكىدىن قايىل بولۇشتى، جىمغۇر، گۆمۈش مەتكىرەم مەتقاسىمنىڭ ئۆزىمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ساۋاقداشلىرىغا قوشۇلۇپ «ھى ــ ھى » لاپ كۈلدى. شۇ چاغدا يا-تاققا ئاقنىياز كىرىپ كەلدى، ئۇ بايا كۇتۇپخانىغا بارغان چېغى، قو-لىدا بايرۇننىڭ ئۆزبېك يېزىقىدىكى خۇرۇم تاشلىق شېئىرلار تو-پلىمى تۇراتتى.

ــ مانا ئاقنىياز، گېپىڭنى قىلە، ــ دېدى سەلەي مەتكېرەم مەتقا-سىمغا ئىشارە قىلىپ.

ــ ياق، ھازىر قىلمايمەن، ــ دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم جاھىللىق بىلەن، ــ ئۆزى بىلەن ئايرىم قىلىشىدىغان گەپ ئۇ.

ئاقنىياز «نېمە گەپ؟ » دېگەندەك سەلەي بىلەن مەتكېرەم مەتقا-سىمغا قاراپ قويدى ۋە زايىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

ــ ئۇ قېنى؟ چالا قالغان گەپلىرى بولسا يەنە ئاڭلاي دېۋىدىم، ــ دېدى.

ــ ئۇنى سەلەي گەپ قىلالماس قىلىپ قويدى، ــ دېدى ساۋاقداشلارنىڭ بىرسى.

ــ ياق، ئۇ ئاسان گەپ قىلالماس بولۇپ قالمايدۇ، ــ دېدى سەلەي ساقىلى كۆكىرىپ چىقىۋاتقان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ بايقاۋا-تامسىلەر، ئۇ ھازىر ئۆزىگە پۇختا غوجاتام سېلىۋاتىدۇ، بۇ غوجاتام ئۇ-نى گاگارىننىڭ راكېتاسىدەك ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن!

ــ لېكىن ئاداش، ئېگىزدىن يىقىلسا قاتتىق چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە! ــ دېدى سەلەيىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان «قىزىل بۇرۇن ». ئۇنىڭ ئۆڭى قارامتۇل بولغىنى بىلەن بۇرنى خۇددى قىزىرىپ پىشقان كالا بۆلدۈرگىنىنى يۇزىگە پاتۇرۇپ قويغاندەك قىپقىزىل ھەم بۇدۇر ـ مۇ-دۇر ئىدى. شۇڭا ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئىسمى ئورنىدا «قىزىل بۇ-رۇن » دەپ چاقىراتتى.

ــ ئۇ ئۆزىنى ئەرشتە، باشقىلارنى يەردە چاغلىسا بولمايدۇ! ــ

دىدى ئاقنىياز رەنجىگەندەك قىياپەتتە، ــ كىچىككىنە ئەمەلنى كۆ-
رۈپ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئىجادچىسى قىلىۋالغىنىنى قاراڭ! ئۆزىنى
ئۇنچە چوڭ چاغلىمىسۇن! ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ پەنجىگە پەنجە
قويالايمىز!

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ــ دىدى سەلەي ئۇنى تىخىمۇ ئىچىتىپ، ــ بىد-
لىپ قويدۇق، مەن ئۇنى ئەسلىدە شورلۇق يەرنىڭ كۆكچىسىمىكىن
دەپ يۈرەتتىم، قارىسام ئۇ زەيكەش يەرنىڭ بەزگەك سويمىسىكەن!

بۇ پاراڭلار مەتكېرەم مەتقاسىمغا ياقمىدىمۇ قانداق، ئۇ ئاستا ئورنى-
دىن تۇرۇپ، ئاقنىيازنى شەرەتلەپ، كارىدورغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئىچ
يانچۇقىدىن تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان كىچىككىنە بىر خەتنى چىقى-
رىپ:

ــ بۇنى شەۋكەت بەردى، مېنىڭ ئېلىپ چىققانلىقىمنى ھېچكىم
ئۇقمىسۇن، جۇمۇ! ــ دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى.

ئاقنىياز ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا بار-
دى ۋە دېرىزە تەكچىسىگە ئولتۇرۇپ، خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

«دوستۇم، ئاقنىياز، ــ دەپ باشلانغانىدى ئۇششاق، رەتلىك يېزىل-
غان بىر ۋاراق خەت، ــ مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم، مېنى كۆتۈۋات-
قان تەقدىر تېخىمۇ پاجىئەلىك بولۇشى مۇمكىن! لېكىن ھەر قانچە پا-
جىئەلىك بولسىمۇ، مەن ئۇنى كۈلكە بىلەن قارشى ئالىمەن. چۈنكى
بېشىمغا كەلگەن بۇ بەختسىز، ناھەقچىلىككە پەقەت غەيرىتىم بىلەنلا تا-
قابىل تۇرۇشتىن باشقا ئامالىم يوق! بىلىمەن دوستۇم، دۇنيادا ھەممى-
دىن گۇمان يامان ئىكەن، باشقا كەلگەن ھەرقانداق ئېغىر كۈلپەتلەرنى
سەۋر - تاقەت ۋە ئىرادە بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ، لېكىن گۇمان كى-
شىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدىكەن! مەن ھازىر ئورۇنسىز گۇمان-
نىڭ ئىسكەنجىسىدە قىينىلىۋاتىمەن! مۇپاسساننىڭ مۇنداق بىر سۆزى
ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «ئادەمنىڭ ئۈچ ھەمراھى بولىدۇ: جېنى،

سۆيگۈنى ۋە تۇرمۇش يولى!» ئويلاپ قارىسام، سۆيگىنىم مەندىن قېچىپتۇ، تۇرمۇش يولۇممۇ بوغۇلۇپتۇ، ئەمدى پەقەت بىرلا جېنىم قاپتۇ. شۇنى بولسىمۇ ئوبدانراق ئاسرىمىسام بولمىغۇدەك! ھازىر مېنى شۇنداق قاتتىق غېرىبلىق، يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدىكى، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدىم، ئېسىڭدىمۇ، چېخوۋنىڭ «ھەسرەت» دېگەن ھېكايىسىدىكى ھېلىقى ھارۋىكەش قېرى ئوغلى ئۆلۈپ قالغان چاغدا، ھال - مۇڭ قىلىشىدىغان ئادىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلىدىكى دەرد - ھەسرىتىنى ئۆزىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان قىرچاڭغۇ ئېتىغا سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلىنى بوشاتقان! كاشكى، ھازىر مېنىڭمۇ ھەسرىتىمنى سۆزلەپ بەرگۈدەك ئاشۇنداق بىرەر زۇۋانسىز ھايۋىنىم بولسىمۇ! لېكىن ئاداش، غېرىبلىق ئازابلىرى بەزىدە كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ سەمىمىي قىلىۋېتىدىكەن، چۈنكى تاشقى دۇنيادىن ئايرىلغان غېرىبلىق ھېسسىياتى كىشىلەرنى ئۆز - ئۆزىنى بايقايدىغان قەلب دۇنياسىغا غەرق قىلىدىكەن!...

ئاداش، يوشۇرۇن كىرگۈزگەن كىتابلىرىڭنى بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇدۇم. «كېلىدۇ بىر كۈن» رومانىدىكى فرۇدۇن تالىڭ ئاتماس ئۇزاق كېچىلەردە ياخشى ھەمراھىم، سىردىشىم بولدى. يەنە بىر نەچچە كىتاب كىرگۈزۈۋەتكىن. خەنزۇچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، تاتارچە بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ھەرقانداق ئۇچۇر، ھەرقانداق ماتېرىيال بولسا، مېنى تەمىنلىگىن، بەزى كۈنلىرى، بۇ يىل يازلىق تەتىلدە سەن بىلەن قەشقەرگە بىللە بېرىپ، ھېلىقى تەتقىقات تېمام ئۈستىدە ماتېرىيال ئىزدەش پىلانىمىزنىڭ بەربات بولۇپ كېتىش ئېھتىمالىنى ئويلىسام، ئازابتىن تولغىنىپ كېتىمەن! لېكىن مەن ئۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن، ئاداش! ھەرقانداق شارائىتتا ئۇنى ئىشلەپ بىر باشقا ئېلىپ چىقىمەن! ھازىر ماڭا تىنچ «كامېر»دا يېتىپ، كۆپرەك ئوقۇش پۇرسىتى تۇغۇلۇپ قالدى. ياخشى كىتاب ئىنسانغا

قانات بېغىشلايدىكەن.

قارا ئاداش، شۇ كۈنلەردە، ئىزوپ مەسەللىرىدىكى بىر سۆز يادىمغا كېلىپ قالدى: «كىشىلەرنىڭ يولۇققان بالا ـ قازالىرى ھەمىشە ئۇلار-نىڭ بىلىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.» راست شۇنداقكەن، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر ھەققىدە بۇرۇنقىدىنمۇ بىلىملىك بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن!...»

ئاقنىيازنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. بۇ بىر ۋاراق ئاددىي قەغەزگە يېزىلىم ئايدىن بېرى تۇتقۇنلۇق ئازابىدا ياتقان دوستىنىڭ ئالەمچە ئاھۇ پىغانى بىلەن دەرد ـ ھەسرى-تى، ئارزۇ ـ تىلىكى بىلەن ئۈمىد ـ ئىشەنچى سىغقانىدى. شۇ تاپتا، گويا خەتكە بىردىنلا زۇۋان كىرىپ، شەۋكەتنىڭ مۇڭلۇق، مىسكىن ئاۋازىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ خەتتە دېمىگەن ـ يەنە بىرمۇنچە يۈرەك سۆزلىرىنى شىۋىرلاپ ئېيتىۋاتقاندەك، ئاقنىيازنىڭ كۆزىگە قا-دىلىپ: «دوستۇڭنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى، سەن نېمىگە قاراپ تۇ-رىسەن؟!...» دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى...

ئاقنىيازنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇگىلىرى يوغان، مىس رەڭ قوللىرى كىرىشىپ، ۋۇجۇدىدا بىر خىل كۈچلۈك قان شۇۋۇلداپ ئاق-تى. شۇ تۇرقىدا، ئۇ ئۆزىنى شەۋكەت قامالغان «كامېر» نى ئە-رەختەن ـ پەرەختەن قىلغۇدەك قارا كۈچكە، ئۇنى بىھۇدە قىيناۋاتقان ئادەملەرنى قىيما ـ چىيما قىلغۇدەك جاسارەتكە ئىگە تەگداشسىز پالۋاندەك سەزدى. لېكىن ھازىر قارا كۈچ ئەسقاتمايتتى. بۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر، سەزگۈر ھەم سەنئەتلىك كۈرەش ئىدى. ئاقنىيازنىڭ ئۆزىمۇ تېخى بۇ كۈرەشتە ئىشەنچسىز، گۇمانلىق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى-نىڭ يەنە ئىنتايىن يارامسىز، ناقابىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەسرەتلەندى. ئۇ تۇرمۇشتىن زارلاندى، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى بۇنچە قىيناپ، تاسقاپ، ئازابلاۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئاغرىندى. لېكىن، ئۇ

ھەرقانچە ئاغرىنسىمۇ، تۇرمۇش يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە قىلىدىغانىنى قىلىۋېرەتتى. دېمىسىمۇ، تۇرمۇش ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن ئىمتىھان ئىدى. بۇ ئىمتىھاندىن پەقەت ئۈمىدۋار، قەيسەر ۋە تەمكىن ئادەملا ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيتتى! مانا ھازىر شەۋكەتنىڭ ئالدىغىمۇ، ئاقنىيازنىڭ ئالدىغىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇ قىيىن ئىمتىھان سوئالى قويۇلغانىدى!...

ئاقنىياز ئورنىدىن تۇردى، خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، سىرتقا چىقتى. كاللىسىدىكى چىگىش خىياللار بىلەن كۆڭلىدىكى ھەسرەتنى بېسىش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ يېنىدىكى قاۋاقخانىغا بوراندەك كىردى ـ دە، تىك تۇرما قىلىپ تۆت سەر ئىچىۋالدى. چۈشتە يېگەن كاۋا قورۇمىسى بىلەن قوناق مومىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن تىنىق، ئۆتكۈر ھاراق تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك ھارارەت دولقۇنى قوزغىدى. قانلىرى قىزىپ، بېشى ئېسىلغاندەك بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بېجىرىم پۇتلىرى ئۆز يولىدا ئېغىشماي، بەردەم كېتىۋاتاتتى. خىيالدىن سەگىش ئۈچۈن ئىچكەن ھاراق ئۇنى تېخىمۇ خىيالچان قىلىپ قويدى. بىر نەچچە كۈندىن بېرىقى ئىشلار خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنى لەپپەڭ ئۇرغاندەك ئۇنىڭ مەستخۇش خىيالىدا پەيدا بولدى. شەۋكەتنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، زايىتىنىڭ دوستلۇقتىن يۈز ئۆرۈشى، بادامگۈلنىڭ مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلىنىشى، زايىتىنىڭ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇشى، شەۋكەتنىڭ بايىقى دەردلىك خېتى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇبىر نامايان بولۇپ، ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ھازىر ناھايىتى روھسىز، غەمكىن ئىدى، خۇددى جىنازىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھازىدارەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە كېلىۋاتاتتى...

# 6

ئەتراپ قاراڭغۇ، بۇلۇتلۇق ئاسماننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە يۇلتۇزلارنىڭ كۈمۈش غۇنچىسى يالتىرايتتى، كامان شەكىللىك ئايمۇ زېمىنغا خىرە نۇر سېپىپ تۇراتتى.

زايىت بىلەن بادامگۈل كىنودىن ياندى، ئۇلار ئارگىنتىنانىڭ «تام كەينىدە» ناملىق كەڭ ئېكرانلىق فىلىمنى كۆرۈپ، چەت ئەلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، بەختلىك تۇرمۇشى ۋە رومانتىك مۇھەببەتلىرىنىڭ تەسىرىدە ئەللەيلىنىپ كېلىۋاتاتتى. يېقىندىن بېرى، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۈچرىشىشى، سۆھبىتى كۆپىيىپ قالدى. بولۇپمۇ زايىت تەشەببۇسكار ئىدى، كىچىككىنە بوش ۋاقىت بولسىلا، بادامگۈلنى كۆز قىرىغا ئېلىپ يۈرەتتى، بادامگۈلمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئانچە تارتىپ يۈرمىدى، شەۋكەت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە يىغلىغان، قاقشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا قەلبىنى بېسىپ تۇرغان يوغان تاش پارچىلىنىپ، خۇددى ئوتنىڭ تېشىدا كۆيۈپ، ئۇزاققىچە ئازابلانغاندىن، ئىچىدە كۆيۈپ دەرھال بىر تەرەپ بولغان ياخشى، دېگەندەك ئەھۋال شەكىللەندى، ياشلىرى ئاستا - ئاستا قۇرىدى، چىرايىمۇ بارا - بارا ئېچىلدى، يۈرىكىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى قانداقتۇر ئۆكۈنۈش، رەنجىش ۋە ھار ئېلىشقا ئوخشاش چىگىش، مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىگىلىۋالدى. ئەمدى ئۇ شەۋكەتنى بۇرۇنقىدەك قەلبىدىكى پاك ۋە يۈكسەك ئىلاھ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىدىكى قايناق سۆيگۈ ئەقىدىسىنى ئوغرىلاپ قاچقان رەھىمسىز بىر قاچاق سۈپىتىدە ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، زايىتنىڭ ئۇنىڭغا ھەمىشە يېقىنلىشىپ، سۈركىلىپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى ئۇنىڭغا ئانچە غەلىتە ۋە بىھۇدە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ھەرقانداق قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتلەرگە ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق ئە-

مەلىي تەسەللىگە موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زايىتمۇ قانداقتۇر يات بىگانە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىزچىل قوغلاپ يۈرگەن تونۇش ۋە سەگەك ئوۋچى ئىدى. قىزلار ئومۇمەن يىگىتلەرگە قارىغاندا، تەسەۋۋۇرغا باي كېلىدۇ. بادامگۈلمۇ تۇرمۇشىدىكى ئاشۇ كۆتۈلمىگەن بوشلۇقلارنى مانا مۇشۇنداق يېڭى - يېڭى تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولۇقلىۋالدى.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ مېڭىپ، مەكتەپكە يېقىنلاشقاندا، زايىت نەچچە كۈندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن گېپىنى چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ئېيتتى:

— بادامگۈل، كىشىلەر: «قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى مۇھەببەت ساھىلىغا ئېلىپ بارىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك» دەيدىكەن. مېنىڭچە، بىز بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقىلى ئۈچ يىلدەك بولۇپ قالدى. ئەمدى ساھىلغا يېتىپ كەلدۇقمۇ دەيمەن؟

بادامگۈل ياپتا گەپ، ئەگىتمە سۆزلەرنى قىلىشنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز ۋە ساددا ئىدى.

— بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ساھىلغا بېرىشى ناتايىن، زايىت، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى ئوچۇقلا ئېيتىپ، — بىزگە ئوخشاش مەڭگۈ دوستلۇق پېتى قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— مېنىڭچە ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا مۇنداق مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان نوقۇل دوستلۇق بولمايدۇ! — دېدى زايىت يېلىنغاندەك بىچارە قىياپەتتە، — ئۇ چوقۇم مۇھەببەت ساھىلىغا ئېلىپ بېرىشى كېرەك. سىز مۇنداق ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قىينىماڭ، بادامگۈل! سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەننىڭ چېكى بولمايدىكەن، ئۇنى تاغلارمۇ توسۇپ قالالمايدىكەن، قاتمۇقات سىم توساقلارمۇ چەكلەپ تۇرالمايدىكەن! سىز ئەتىدىن - كەچكىچە مۇنداق ھەسرەت ۋە ئۆكۈنۈش بىلەنلا يۈرىسىڭىز، روھىي جەھەتتە قاتتىق خوراپ كېتىسىز. مېنىڭچە، ئازاب بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى. گەرچە بۇنى ئالماشتۇرۇش، قارىماققا، قىيىن ۋە سىرلىقتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە

ئۈنچىلىك قىيىن ھەم سىرلىق ئەمەس. ئازاب بىلەن خۇشاللىقنىڭ
ئورنىنى تامامەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، تۇنجى مۇھەببەتتىن-
گىزدىن ئايرىلىش سىزگە قاتتىق ئېغىر كەلدى، بۇنى مەنمۇ چۈشىنىد-
مەن. لېكىن، ئادەم روھىي جەھەتتە پىشكەللىككە ئۇچرىغاندا، ئۆز ـ
ئۆزىنى خۇش قىلىشنى، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى بىلىشى كېرەك، پا-
كىتقا ئايلانغان ئىشلاردىن قۇتۇلماي ئامال قانچە؟! بۇ دۇنيادا مۇھەب-
بەتلىشىش، مۇھەببەتتىن جۇدا بولۇش ئىشلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك
بولۇپ تۇرىدۇ! سىز ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەمەس،
شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس. بۇ دەۋرىمىز ئادەم ئاتىمىز بىلەن
ھاۋا ئانىمىزنىڭلا جورا بولۇشىغا يول قويۇپ، باشقىلارنىڭ جورا تاللى-
شىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان يېگى ئىرا دەۋرى ئەمەسقۇ؟!...
زايىت سۆزدىن توختاپ، بېشىنى ئېگىپ جىم بولدى. بۇ سۆزلەردە
مۇھەببەتكە ئىنتىزار بىر يۈرەكنىڭ كۈچلۈك تەلەپ ـ ئىلتىجاسى بىلەن
زەخىم يېگەن كۆڭۈلگە نىسبەتەن قىزغىن تەسەللى ۋە ھېسداشلىق بار
ئىدى. بۇ سۆزلەر خۇددى ئېگىز ئۆگزىدىن ئۈزۈلمەي تامچىلاپ چۈ-
شۈپ، قاتتىق يەردىمۇ كىچىك كۆلچەك پەيدا قىلغان سەۋرچان سۇ-
دەك بادامگۈلنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇيۇقسىز سىلكىنىش پەيدا قىل-
دى. ئۇنىڭ ئازاب ۋە خورلۇق بىلەن قاتقان سوغۇق يۈرىكى قانداقتۇر
بىر ئىللىق سېزىم بىلەن يۇمشىغاندەك بولدى ...
لېكىن، ئۇ ھېسسىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى زادىلا سەزدۈرمىدى،
ھېلىقى تەسىرلىك، ھاياجانلىق سۆزلەرگىمۇ يا«ھەئە» ياكى «ياق»
دەپ جاۋاب قايتۇرمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق گەپ
بولمىغاندەك، ئاسماندىكى ئاي بىلەن يەردىكى چىراغلارنى تاماشا قىلىپ
جىممىدە مېڭىۋەردى. ۋەھالەنكى، زايىتنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى قىز قەل-
بىدىكى داۋالغۇشلارنى سېزىۋالدى. ئۇ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش
ئۈچۈن كۆڭۈل دەپتىرىنى ۋاراقلاپ، تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ يال-
قۇنلۇق مۇھەببەت سۆزلىرىنى ئاختۇردىيۇ، لېكىن يەنە ئىككىلىنىپ
قالدى، ئاران تەسلىكتە تېزىپ ئۆرە قىلغان چاڭگىسىنىڭ بىرەر ئېھتى-

ياتسىزلىق ياكى ھەددىدىن ئارتۇق زورۇقۇش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىـ-
شىدىن قورقتى. شۇنداق، بىۇگۈنچە شۇنچىلىك بولىغىنى تۈزۈك،
گەپ - سۆز دېگەننىڭمۇ سىڭىپ پاتا بولغىنى ياخشى، كۆپ سۆزلىگەن
كۆپ يېڭىلىشىدۇ، دېگەن گـەپ بـار، ئەقىـلـلىـق ئادەم كۆپ سۆزلـىـ-
مەيدۇ!...

زايىت ئەمدى گەپنى باشقا تەرەپكـە ـــ قىزغا يـەنە بىر نـۇقتىدىـن
خەيرخاھلىق قىلىدىغان تەرەپكە يۆتكىدى.

ـــ ئاڭلىسام، سىياسەتتىن بەرگەن چارەكلىك ئىمتىھانىدا ئۆتەلمىـ-
گەندەك قىلىسىز، راستمۇ؟ـــ سورىدى ئۇ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن.

ـــ كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ ـــ بادامگۈل ئۇنىڭغا قارىدى، ـــ ئىشقىـ-
لىپ ياخشى بېرەلمىدىم ... قانچە نومۇر ئالغانلىقىمنى بىلمەيمەن!

ـــ ئوتتۇز يەتتە نومۇر ئاپسىز! ـــ دېدى زايىت ئۇھ تارتىپ.

ـــ نېمە؟! ـــ بادامگۈل ئۆپكىدەپ زايىتقا قارىدى، ـــ ۋاي خۇدايىـ-
مەي، شۇنچىلىك تۆۋەنمۇ؟! قۇرۇقسۇن ئۇ سىياسەت دەرسـى دېگەنلىـ-
رى، نەدىكى ئاتالغۇلار، ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر... ئادەمنىڭ كـاللىسـى
قوداڭشىپ كېتىدۇ!...

راست، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھاۋاز بەختىنىـڭ دەر-
سىگە پەقەت ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا قاتنىشاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ
رايىغا قويۇپ بەرسە، بۇ دەرسكـە قاتناشـقاننىـڭ ئورنىـغا گېزىت كـۆ-
رۈشنى، كىتاب ئوقۇشنى، ۋەزىيەت ھەم ئېقىم مەسـىلىلـرى ئۈستىـدە
ئەركىن - ئازادە سۆزلىششنى ئەۋزەل كۆرەتتى. چـۈنكى، ئۇلار ھـاۋاز
بـەختى ئۆتــىدىغان سـىياسەت دەرسـىنى پۈتـۈنلەي «قۇرۇق گـەپ»،
«گېزىت - ژۇرناللاردىن كۆچۈرۈۋالغان تەييار ئۇقۇم، چۈشەنچە» دەپ
قارىشاتتى. شۇڭا ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى، خۇددى ئاسان قولغا
كەلگەن نەرسىنى مەنسىتمىگەندەك مەنسىتمەيتتى. ئەگەر ھاۋاز بەختـى
ھەر قېتىم سىنىپقا كىرگەندە ئوقۇغۇچىلارنى بىرمـۇبىردىن، خـۇددى
تۈرمە باشلىقى جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى ۋارقىراپ چاقىرغاندەك يوقـ-
لىما قىلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ دەرىجىدە تولۇق ۋە سەپراس ئول-

تۇرۇشى ناتايىن ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسكە قارىتا كۆزقارىشى ئاشۇنداق بولغاچقىمىكىن، مەزكۇر دەرسنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىنىمۇ ئانچە ئالاھىدە، مۇھىم ھېسابلىمايتتى، ناھايىتى گېزىت - ژۇرناللاردىكى سىياسىي ئوبزور ۋە باش ماقالىلەرنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگۈچى جارچى دەپلا قارايتتى، ئۇنى ھەرگىزمۇ «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «لوگىكا» ياكى «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» نى ئۆتىدىغان لېكتورلارغا ئوخشاتمايتتى. بۇ ھال ھاۋاز بەختىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى ۋە ئۆز ئابرۇيىغا قىلىنغان بىھۆرمەتلىك، دەپ قارايتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇنداق «سىياسەتكە سەل قاراش» ئىدىيىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۆز دەرسىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ، پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، جان - جەھلى بىلەن ئۆتەتتى ۋە ئىمتىھانلاردا ناھايىتى قاتتىق قوللۇق قىلاتتى...

— بادامگۈل، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھانلارنى ياخشى بېرەلمىگەنلىكىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى زايىت ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەزلەپ، — سىياسەت دەرسى مۇھىم دەرسلەر قاتارىدا، ئۇنىڭدىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئىلمىي باشقارمىغا يوللايدىغان گەپ. لېكىن مەن ھاۋاز بېتەكچى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇمۇ سىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلىشقا تىرىشۋاتىمەن.

— ئامال بولارمۇ؟ — بادامگۈل خۇددى مەدەت كۈتكەندەك زايىتنىڭ كۆزىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى. زايىت ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئامال تاپىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ بادامگۈل، سىزنىڭ نام - ئابرۇيىڭىزنى قوغداش يولىدا ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەممۇ مەيلى!

ئۇلار قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، زايىت بادامگۈلنىڭ يۇمشاق، بۇدرۇق قوللىرىنى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا ئېلىپ سىلىدى، قىستى. ئۇ، بۇ ھارارەتلىك قوللارنى خېلى ئۇزاققىچە ئاشۇنداق تۇتۇپ تۇرماقچى ئىدى، لېكىن بادامگۈل ئاستا، ئەدەپ بىلەن تارتىپ، ئۇنىڭ ئالقىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى ۋە «خوش، رەھمەت!» دېگىنىچە ئارقىسىغا لەرزان قايرىلىپ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

× × ×

ئېيتقۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر دەستىدىن شەۋكەتنىڭ قەلبى يارىـ
لىنىپ، بەئەينى جۇلدۇر كېپەنگە ئايلىنىپ قالدى...

ئۇنىڭغا بولغان بېسىم بىردىنلا كۈچىيىپ كەتكەنىدى، ھاۋاز بەختى
ئۇنى مەنىۋى جەھەتتە زەئىپلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئەمدى «ئۆزۈلـ
دۈرمەي، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى ئىشقا سالدى.
سوئال ـ سوراق كېچە ـ كۈندۈز توختىمىدى، ئۈچ گۇرۇپپا نۆۋەت
بىلەن ئالمىشىپ، ئۇنىڭ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالىنى قويمىدى. بىرىنچى
گۇرۇپپىغا ھاۋاز بەختى ئۆزى مەسئۇل بولدى؛ ئىككىنچى گۇرۇپپىغا
قوغداش بۆلۈمىنىڭ بىر كادىرى قاتناشتى؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا زايىت
مەسئۇل ئىدى. زايىت ھازىر سېپى ئۆزىدىن رەقىبىگە ئايلانغانىدى،
ئاقنىيازنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئەگىتىپ، ئاغرىتىپ ئېيتقان بىرمۇنچە
گەپلىرى خۇددى قۇمغا يامغۇر كار قىلمىغاندەك ئۇنىڭ قېتىغىمۇ كىرـ
رىپ چىقمىدى، ئۇ يەنە شۇنداق قوپال، ھەتتا ۋەھشىيلىك بىلەن
شەۋكەتنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى.

ئۇ ئۈچ گۇرۇپپا ئىككى سائەتتە بىردىن ئالمىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز
«جىددىي ھەربىي ھالەت» تە تۇردى. شەۋكەت چېچىنى قىردۇرۇۋېتىپ
يامان قىلغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلدى، چېچى بار چاغدا تام ۋە ئۈسـ
تەل ـ ئورۇندۇقلارغا ئۈستۈرۈلگەندە، ئۆسۈپ، پاخپىيىپ كەتكەن
چاچىنىڭ ھىمايىسى بىلەن بېشى ئانچە ئاغرىپ كەتمەيتتى. ئەمدى
پاك ـ پاكىز قىردۇرۇلغان تاقىرباش ھەربىر قېتىم تام ۋە باشقا يەرـ
لەرگە ئۈستۈرۈلگەندە نېرۋىلىرى قوزغىلىپ، جېنى سىرقىراپ كېتەتـ
تى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر ۋە ئازابلىق بولۇۋاتقىنى ئۇيـ
قۇسىزلىق ئىدى، ئۇ ئۇيقۇسىزلىقنىڭمۇ بۇ دەرىجىدە جاننى قاقشىتىپ،
ئادەمنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا كاردىن چىقىرىدىغانلىـ

قىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمدى بېشىغا كېلىۋىدى، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم قانغۇدەك ئۇخلاپ باققان بولغىيمىدىم دەپ ئەسلەشكە، سېغىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئۇيقۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تاتلىق، شېرىن ئۇيقۇنىڭ لەززىتىدە مەست بولۇپ، قاپاقلىرى ئېغىرلاشقان كۆزى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقاندا، يا ئۇنىڭ بېشىغا تاياق تېگىپ چۆچۈتۈلەتتى، يا يۈز ـ كۆزىگە مۇزدەك سۇ چېچىلىپ ئەندىكتۈرۈلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي ۋە قانۇنلۇق پەيدا بولغان تاتلىق ئۇيقۇ سۇنئىي «دىكتاتورا» بىلەن قوغلىنىۋېتىلەتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھالىدىن كېتىشكە باشلىدى، ئەسەبلىرى تارتىشىپ، پىكرى خىرەلەشتى، كۆزلىرىمۇ قان قۇيۇلغان پىيالىدەك يوغىناپ، قىزىرىپ، قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. بىر قېتىم يېرىم كېچىدە بولۇۋاتقان سوراقتا ئۇ ئاخىر چىدىماي، قاتتىق زارلاپ كەتتى:

— مېنى بۇنداق قيىناپ، ئۆلسۇن دەمسىلەر!؟ پۈتۈن جىسمىمنى تارتىساڭلارمۇ ئەللىك يەتتە كىلوگرام كېلىدۇ، يەنە بىر نەچچە يىل ئوشۇق ياشىسام، شۇنچە چوڭ يەر شارىغا ئېغىر كېلەمدىكەنمەن!

لېكىن، ھېچكىم ئۇنىڭ زارىنى ئاڭلىمىدى، سوئال ـ سوراق، قىيىن قىستاق، ئازاب ۋە ئۇيقۇسىزلىق يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، توختاۋسىز داۋاملىشىۋەردى. جانغا تاقاشقان ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئۈچىنچى سوتكىسىغا كەلگەندە، شەۋكەت كىچە ـ كۈندۈز ئۈزۈلمەي بولۇۋاتقان بۇ شەپقەتسىز قىستاشلارغا ئاخىر يان بەردى. شۇ كۈنى ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن، زايىتنىڭ قولىدىكى ئالدىن تەييارلانغان «ئىقرارنامە» گە خامۇش ۋە ئىلەڭ ـ سىلەڭ ھالەتتە قول قويدى. ئۇ ئەمدى بوشاپ، جىمجىت بولۇپ قالغان «كامېر» دا ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كېتەرمەن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن يەنە دەرھال ئۇخلىيالمىدى، تۇمان قاپلىغاندەك خىرە كاللىسىدا، توساتتىن كىمدۇر بىرسى مۇدھىش قولىنى ئىچىگە تىقىپ، يۈرىكىنى قوچۇغاندەك، قىممەتلىك بىر نەرسىنى يۇلۇپ ئېلىپ ماڭغاندەك ئاچچىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. تۇرۇپلا يۈرىكى ئېچىشقاندەك، ئەمدىلا بېسىلغان قەلبىدە قايتىدىن سوغۇق بوران

كۆتۈرۈلگەندەك، ۋۇجۇدىدا بىر خىل زەئىپ بىئاراملىق ۋە تىنچسىزلىق پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى بىرسىنى چاقىرماقچىدەك ئاغزىنى يوغان ئاچتى، لېكىن لەۋلىرى گەپكە كەلمەي، ئاغزى سۇسىز قالغان بېلىقنىڭ ئاغزىدەك، ماكىلداپ قالدى. ئۇ خۇددى قەيەردىندۇر بىرەر نەرسىنى ئالماقچىدەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، لېكىن قولىمۇ ھالسىزلىقتىن دەسلەپ ھاۋادا لەيلەپ، كېيىن ئاستا - ئاستا تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى...

ئۇ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ قۇدرىتىنى يىغىپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىدى: ھايات، مەن سېنى سۆيىمەن، مېنىڭ ساڭا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ! گەرچە سەندە بىرمۇنچە ئىپلاسلىقلار، ناھەقچىلىكلەر، رەزىللىكلەر بولسىمۇ، مېنىڭ قەلبىم، جىسمىم ئۇنىڭدىن زەخىم يېگەن، ئازابلانغان بولسىمۇ، لېكىن سەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا يەنىلا پاك، گۈزەلسەن! سېنىڭ شىددەتلىك ئېقىنلىرىڭ ئۇ ئىپلاس، رەزىللىكلەرنى ھامان يۇيۇپ، پاك - پاكىز ئېقىتىپ كېتىدۇ. مەن سېنى سۆيىمەن، سەن گۈزەل، سەن ھالال، سەن ئادىل! سېنىڭ شەپقەتسىز ئېقىنىڭ مېنى تېخىمۇ چىرايلىق، سەلتەنەتلىك ئىقبالغا چوقۇم ئېلىپ بارىدۇ!...

شۇ شىۋىرلاش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، قەلبى يورۇغاندەك بولدى، ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا — ئۈچ سوتكىدىن بېرى ئۇنىڭدىن قاچقان، ئۇنى سۆيگىنىدىنمۇ ئارتۇق سېغىنغان تاتلىق، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى...

× × ×

بادامگۈل دېرىزە ئالدىغا كەلدى، كەچكى قۇياشنىڭ قىيا چۈشۈپ تۇرغان قىزغۇچ نۇرلىرى ئۇنىڭ چاچلىرى ئۈستىدە جىلۋە قىلىپ،

قاپقارا سۇمبۇل چاچلارنى ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزۈپ پارقىرىتىۋەتتى.
ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ، ئاستىنقى لېۋىنى بوش چىشلەپ، چوڭقۇر
ئويغا پاتقاندى. لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى ئويى بۇرۇنقىدەك باش ـ ئا-
خىرى يوق چىگىش، ئازابلىق ئوي ئەمەس ئىدى. بەلكى تۇرمۇشى ۋە
كېلەچىكى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي قىينىلىۋاتقان دېلىغۇللۇق
ئىچىدىكى تۇراقسىز ئويلار ئىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىنى
دەڭسەپ، زايىتنى تازا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدى، لېكىن نېمە
ئۈچۈندۇر يەنە زايىتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسىلا دىلى يۇمشاپ، ۋۇجۇ-
دىدا بىر خىل نازۇك سېزىم پەيدا بولغاندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ
سىياسەت ئىمتىھانىدا بادامگۈل يولۇققان ئېغىر پېشكەللىكنى يېڭىش
يولىدا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى، غەمخورلۇقى روھى چۈشۈپ، كۆڭلى
بىئارام يۈرگەن ناتىۋان قىزغا خۇددى قاتتىق جۇدۇندىن كېيىن پال-
لىدە ئېچىلغان ئاسماندەك ئىللىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئىككى كۈننىڭ
ئالدىدا تۇيۇقسىز بادامگۈلنى ياتاقتىن چاقىرىپ چىقىپ، ھولۇققان،
خۇشال بولغان ھالدا يانچۇقىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، بادام-
گۈلگە كۆرسەتتى. بادامگۈل ئۇنى كۆرۈپلا تونىدى، بۇ ئۇنىڭ سىيا-
سەت دەرسىدىن بەرگەن چارەكلىك ئىمتىھان قەغىزى ئىدى. بىرىنچى
ۋاراقنىڭ چېكىسىدە خۇددى زايىت ئېيتقاندەكلا قىزىل قەلەم بىلەن
سەتلا يېزىلغان «37 » دېگەن نومۇر تۇراتتى. بادامگۈلنىڭ يۈزى ۋال-
لىدە قىزاردى، بىر ھازا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، كېيىن
سەل ئوڭايسىزلانغان ھالەتتە:

ـــ بۇنى قانداق ئالدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

زايىت ئۇنىڭ يوغان، تىنىق كۆزلىرىگە ھېرىس بىلەن تىكىلىپ
تۇرۇپ:

ـــ مەن دېگەنغۇ، سىز ئۈچۈن ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئېلىپ چۈ-
شۈشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ! ـــ دېدى ۋە يانچۇقىدىن يەنە بىر قەغەزنى
ئېلىپ داۋام قىلدى، ـــ ھەممە سوئاللارنىڭ جاۋابىنى يېزىپ قويدۇم،
مانا بۇنى دەرھال ئۆز قەلىمىڭىز بىلەن كۆچۈرۈپ، ئىمتىھان ئېلىنغان

كۆندىكى چېسلانى سېلىپ، ماڭا بېرىڭ، بۇگۈندىن قالمىسۇن، ئەمدى نومۇرىڭىز 98 بولىدۇ!

بۇلارنى ئويلىسا، بادامگۈلنىڭ قەلبىدە زايىتقا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۆڭۈلنى ئېلىلىتىدىغان ئىسسىق بىر سېزىم پەيدا بولاتتى ... بادامگۈل ئەنە شۇنداق ئەبجەش تۇيغۇلار دولقۇنىدا تەۋرىنىپ خىياللار سۈرەتتى، زايىتنىڭ سۆز ھەم ھەرىكەت-لىرى ئۇنىڭ ساددا خىيالىدا تەكرارلىنىۋەردى ...

قىزلارنىڭ ھېسسىياتى ھامان بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالماي-دۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يىگىت تاللاشتا كۆڭۈل بۆلىدىغان تەرىپى، كۆپرەك يىگىتلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، سالاپىتى، ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېسسىي تۈسى قويۇقراق بولىدۇ، بىرەر يىگىتنىڭ بىرەر تەرىپى ئۇنىڭغا ياراپ قالدىمۇ بولدى، ئۇنىڭ كىچىك-كىنە ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەللىكلىرى ئۇنىڭغا يوغان، چىرايلىق ۋە يۈكسەك كۆرۈنۈپلا قالماي، بەلكى يەنە خېلى - خېلى ئەيىب - نۇق-سانلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ.

شۇ كۈنلەردە، بادامگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا زايىت ئەنە شۇنداق خىرە-لىكتىن روشەنلىككە، تۆۋەنلىكتىن يۈكسەكلىككە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىغان ئادەمگە ئايلىنىۋاتاتتى...

ياتاقتا غۇنچەقىزنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ خىيالى چېچىلدى. غۇنچەقىزنىڭ كىرىشىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بادامگۈل ئۆزى بىلەن ئۆزى ئويلاپ، چېكى يوق ئويلار دەشتىدە سەرسان بولۇپ يۈر-گۈچە، كۆڭۈل سىرىنى دوستىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ پىكىر - مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقامدۇ! توغرا، دوست دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەسقاتىدۇ، ئۇنىڭغا ھەممىنى ـــ دېلىغۇللۇق، تىت - تىتلىق ۋە كۆزى قورقۇشتىن تارتىپ، ھۆرمىتى، مايىللىقى ۋە قىزىقىشىغىچە بولغان ئوي - خىياللى-رىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىش كېرەك. بەلكى دوستىدىن تېخىمۇ ياخ-شىراق ئەقىل چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!...

شۇ خىيال بىلەن ئۇ غۇنچەقىزغا يېقىندىن بېرىقى كۆڭۈل سىرلىرى-
نىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. غۇنچەقىز قاش ـ كۆزلىرىنى، تىل ۋە لەۋلى-
رىنى، قىسقىسى يۈزىدىكى مەنىۋى تۇيغۇلارنى بىلدۈرىدىغان ھەممە
ئەزالىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ، جىددىي ۋە ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئاڭلاپ
بولۇپ بىر ھازا ئويغا پاتتى، كېيىن بادامگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ
خىيالچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— ئاداش، بۇ ئىشتا ئەڭ ياخشىسى، مانا مۇشۇنى ئويدان تىڭشا! —
دېدى بىگىز قولى بىلەن بادامگۈلنىڭ يۈرىكىنى نوقۇپ تۇرۇپ، —
ئاخىرقى قارارنى ساڭا مانا مۇشۇ چىقىرىپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت
دېگەن بۇ نېمە بەكمۇ يەككە ـ يېگانە، شەخسىي ئىش! بىر يىگىت بى-
لەن بىر قىزغىلا تەئەللۇق بولغان پاك، مۇقەددەس تۇيغۇ! مۇھەببەتتىن
ئىبارەت بۇ نازۇك، مۇرەككەپ مۇزىكىنى ياخشى چېلىش ھەقىقەتەن
تەس، لېكىن بىر قېتىم چېلىپ بۇزۇپ قويسا، يەنە باشقىدىن قايتا
چالسا بولىدۇ. ئەگەر راستىنىلا مېنىڭ پىكرىمنى ئالماقچى بولساڭ، مې-
نىڭ پىكرىم مۇنداق: دۇنيادا بارى تېپىلۇر، يارى تېپىلماس. يارى تې-
پىلۇر، ۋاپادارى تېپىلماس! سەن بۇ سۆزنىڭ تەمىنى بىر قېتىم تېتى-
دىڭ! شەۋكەت سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان ياخشى يىگىت ئىدى، لېكىن
ئۇ يېرىم يولدا يىقىلىپ، ئاراڭلار بۇزۇلدى، بۇنىڭدا سەن ئەيىبلىك ئە-
مەس. ئەمدى ئۇ ئورنىدىن قوپالامدۇ، قانداق قوپىدۇ، بۇ بىزگە نامە-
لۇم. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇلاشتى! بىز مۇھەببەتنى دەپ
جەمئىيەتنى، ئىستىقبالنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ جەم-
ئىيىتىمىز كۈرەش بىلەن تولغان، سىياسىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى
جەمئىيەت. ئەمدى، زايىتقا كەلسەك، مەن ئۇنى يامان دېيەلمەيمەن، ئۇ
كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەپ، فاكۇلتېتتىكى تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ
قالدى. ئەگەر ئاسادىيپى كۆز تېگىپ، شېخى يېرىلىپ كەتمىسىلا ئۇ-
نىڭ ئىستىقبالىنى پارلاق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى ئاخىرقى قارارنى مەن
كۆرسەتكەن ھېلىقى يېرىڭدىن سورا! مەسلىھەتىم: ياپسام پىشارمۇ،
كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئارىسالدىلىقتا يۈرىۋەرمە، بەزىدە تەۋەككۈل قى-

لىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى قىزلارغا پۇرسەت ھەممىشە كېلىۋەرمەيدۇ،
ياخشى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ، كېيىن نادامەت يەپ قالمىغىن!
غۇنچەقىز بىلەن بولغان شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن، بادامگۈل
زايىت بىلەن ئاي سەيلىسىگە چىقىپ، ئۇنىڭ شېرىن ـ شېكەر، ياغلىما
گەپلىرى بىلەن يەتمىش پۇشتىنى شىپى كەلتۈرۈپ بەرگەن ۋەدە ـ
قەسەملىرىگە ئاخىر ئىشەندى ۋە شۇ سائەتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۆمۈر-
لۈك سۆيگۈنى بولۇپ قالدى. خۇددى بالزاك قايسىبىر ھېكايىسىدە
«ساختا مۇھەببەت ھەقىقىي مۇھەببەتكە قارىغاندا تەسىرلىك بولىدۇ»
دېگەندەك، زايىتنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقەتەن ناھايىتى تەسىرلىك بول-
دى، بادامگۈل بۇنداق زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە تەسىر ئالدىدا
ئاستا ـ ئاستا يۇمشىدى، ئەسىرگە ئېلىندى. بۇ ئىش خۇددى ئاچا يول-
نىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ گاڭگىراپ قالغان ئادەمنى كىم بۇرۇن يېتەك-
لىسە، شۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەندەكلا ئىلاجسىز يۈز بەردى. زايىتنىڭ
يوغان ئېچىلغان كۆز قارىچۇقىدا خۇددى باھار چېچەكلىرى جىلۋە
قىلغاندەك بىر خىل شادىيانە شادلىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇ خۇشاللىقتىن
تېرىسىگە پاتماي قالدى، ئۇنىڭ بادامگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ سەكرى-
گۈسى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى، ناخشا تولغۇ-
غۇسى كېلەتتى. ئاخىر ئۇ، ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن يېنىدىكى
بادامگۈلنى خۇددى بىر تورپاقنى يىقىتقۇدەك كۈچ بىلەن يەردىن يۇلۇپ
ئېلىپ پىرقىراتتى ...

## 7

ئاقنىياز ئەزەلدىن ئۆزىنى ياساشقا قىزىقمايتتى، كىيىملەرنىمۇ
سالپا ـ سۇلپا كىيىۋېرەتتى. لېكىن قاچانكى، غۇنچەقىزنى ياخشى كۆ-
رۈپ قالدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كىيىم ـ كې-
چەكلىرىنى تازىلاشتۇرىدىغان، بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى پات ـ پات قىرى-

دىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى قانداقتۇر پالانى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە پەيدا بولغان يۈكسەك مۇھەببەت ئۈچۈن ئىدى.

ئۇ بۇگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك «جۇڭگو ئەدەبىياتى» دەرسىدىن چۈشۈپ، دەسلەپ چېچىنى ياساتتى، كېيىن مۇنچىغا باردى. مۇنچىدىن چىقىپ سائىتىگە قارىۋىدى، كەچلىك تاماققا يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت بارلىقىنى كۆرۈپ، ياتاققا كىردى، ياتاقتا ھېچكىم يوق، ئازادە ئىدى، ئۇ ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر نەچچە ۋاراق قاتلانغان، پۈرلەنگەن قەغەزلەرنى ئالدى، بۇ قەغەزلەر ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئىلھام كەلسە، شۇ ۋاقىتتا دەرھاللا يېزىپ قويىدىغان پارچە - پۇرات شېئىرلىرى بىلەن تولغانىدى. بايا مۇنچىدا، ئىسسىق سۇنىڭ تۇيۇقسىز كۆچىيىپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى كۆيۈپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋە شۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن كاللىسىدا يېڭى بىر شېئىرىي پىكىر پەيدا بولغانىدەك قىلغانىدى. ئەمدى ئۇنى رەسمىي بىر شېئىر شەكلىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل يېنىغا كەلدى. سىرلىرى ئۆچۈپ، پۇتلىرى لىڭشىپ قالغان بۇ كونا ئۈستەلنى يەنە قايسىبىر كەپسىز، بىغەرەزلەر پىچاق، قەلەمتىراچلىرى بىلەن سىجاپ، ئويۇپ، سىلىق يۈزىنى مودۇر - چوقۇر قىلىۋەتكەن، ئەسلىدىكى سارغۇچ رېڭى ئۈستىگە يەنە كۆك ۋە قىزىل سىياھلارنى تۆكۈپ، بۇلغاپ، بەئەينى نائۇستا رەسسام سىزغان چۈشىنىكسىز ماي بوياق رەسىمدەك قىلىۋەتكەنىدى. ئاقنىياز ئۈستەلگە يېڭى بىر گېزىتنى يېيىپ سالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قەغەزلەر بىلەن قەلەمنى قويۇپ جەينەكلەپ ئولتۇردى ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە شائىرانە خىيالغا كەتتى، ھەرھالدا ئىلھام تېزلا كەلدى، ئۇ قەلىمىنى كىتىرلىتىپ، باش كۆتۈرمەيلا تۆت مىسرانى راۋان يېزىۋەتتى، ئۇ ئاخىرقى سوئال بەلگىسى بىلەن ئۈندەش بەلگىسىنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرۇۋىدى، بىر قىزنىڭ كارىدوردا تۇرۇپ «ئاقنىياز ئاكا» دەپ چاقىرغان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاقنىياز ئىتتىك قەلەمنى قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،

بۇ غۇنچەقىز ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاقنىيازنىڭ قۇلىقىغا بەكمۇ سىڭىش- لىق ئىدى، ھەرقانداق يەردىن ئاڭلىسا ئاسانلا تونۇۋالاتتى ۋە بۇ ئاۋاز بىلەن يۈرىكىگە ئىسسىق بىر ئېقىم كىرگەندەك ھۇزۇرلۇق ھېس قىلاتتى. مانا شۇ مۇلايىم، تاتلىق ئاۋاز كارىدور تەرەپتىن يەنە ئاستا ئاڭلاندى:

— ئاقنىياز ئاكا...

ئاقنىياز ئالدىراپ ئىشكنى ئېچىپ، كارىدورغا چىقتى، غۇنچەقىز ئۇنىڭدىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدا، ئىككى تەرەپتىكى ياتاقلارغا بو- يۇنداپ قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— مانا مەن، غۇنچەقىز...، — دېدى ئاقنىياز ياتاقنىڭ ئىشىكنى يوغان ئېچىپ قويۇپ، — بىزنىڭ ياتاقنى ئۇنتۇپ قاپسىز - ھە؟

غۇنچەقىز كەكلىكتەك يورغىلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ:

— ئۆتكەندە بادامگۈل بىلەن كەلگەندە تازا دىققەت قىلماپتىكەن- مەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى بىر خىل ئىشىك، ئۆي دەڭە! — دېدى.

— شۇنداق، بولۇپمۇ سىز بۇ تەرەپلەرگە ئاسان كەلمەيسىز، — دېدى ئاقنىياز ھولۇققان، ھاياجانلانغان ھالدا، — قېنى مەرھەمەت، يا- تاققا كىرىڭ!

غۇنچەقىز ئەركىن، بىمالال قەدەملەر بىلەن ياتاققا كىردى ۋە ئۇدۇل ئۈستەل يېنىغا كېلىپ ئاقنىيازنىڭ بايىقى قەغەزلىرىگە ئىختىيارسىز كۆز يۈگۈرتتى.

— شېئىر يېزىۋېتىپسىز - دە، — دېدى ئۇ قىزىقسىنىپ، — كۆ- رۈشكە بولامدۇ؟

— ئەمدى... بۇنى تېخى بايىلا يازغان ...، — دېدى ئاقنىياز دۇ- دۇقلاپ، — كۆرسىڭىز ... مەيلى ... زاڭلىق قىلماڭ ...

— سىزدەك كاتتا شائىرنى زاڭلىق قىلىپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولامدۇ، ئاقنىياز ئاكا، — دېدى غۇنچەقىز ۋە ھېلىقى قەغەزنى قولىغا

ئېلىپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

قولى كۆيسە كىشىنىڭ،
ئوتتىن قاچار يىراققا.
يۈرەك كۆيسە ھەيرانمەن،
يېقىنلىشار نېمشقا؟!

— پاھ!... بىرسى يۈرىكىڭىزنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ - دە؟ — دېدى غۇنچەقىز سەممىي، ساددىلىق بىلەن، — بىلىشكە بولارمۇ، كىم ئۇ، بىزنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ!

ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكە بىلەن تەڭ ئەمدى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان يۇمران كۆكسىمۇ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاقنىيازمۇ كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى دەرد ئىچىدە چىقىۋاتقان ئازابلىق كۈلكە ئىدى. تووا، دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق كۈتۈلمىگەن، بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلاشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمىدۇ؟!...

ئاقنىياز قىز زاتىغا بولغان تۇنجى قېتىملىق ئاشىقانە يۈرىكى، مەجنۇنلارچە سەممىي قەلبى بىلەن غۇنچەقىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

«نازۇكلۇق» ئاياللارنىڭ تەبىئىتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل كۈچ! ئۇلار مانا شۇ نازۇكلۇقى بىلەن مەن - مەن دېگەن كۈچلۈك ئەرلەرنىمۇ بويسۇندۇرۇۋالالايدۇ! ئاقنىياز ئوقۇش ۋە كەسپىنى ئويلاپلا ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمەسلىكنى ئۆز - ئۆزىگە قاتتىق ۋەدە قىلغانىدى. لېكىن قاچانكى، غۇنچەقىز بىلەن ئۇچراشتى، ھېلىقى «قاتتىق ۋەدە» سىمۇ خۇددى ئىسسىقتا قالغان ماتاگەدەك يۇمشاپ كەتتى، شەۋكەتنى ئۆزىنىش ئۈچۈن مۇشۇ ياتاقتا ئۆتكۈزۈلگەن ھېلىقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى، كۆيدى، كۈل بولدى، تىترەپ تۇرغان جىسمىنى يەرگە ئۇرۇپ قاقشىدى ...لېكىن، ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى! ئاقنىياز ئۆزىچە كۆيۈپ، «مەشۇقسىز

ئاشىق » قا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ غۇنچەقىز بىلەن ھەمىشە خىيالىدا سىردىشاتتى، چۈشىدە قۇچاقلاپ سۆيەتتى، ئوڭىدا بولسا، ئىشق ئوتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنى كۆرسە قىزىرىپ، ۋۇجۇدى تىترەپ، يىراقتىنلا سەپسالاتتى، غۇنچەقىزنىڭ كېلىشكەن سەيلانە قامىتىگە، خاتىرجەم، بەھۇزۇر قەدەم بېسىشلىرىغا قاراپ، تېخىمۇ ئاشىق بىقارار بولاتتى. ئاقنىيازنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت خۇددى ئۇلۇغ داستانلاردا تەرىپلەنگەندەك سەممىي، پاك ۋە ئالىيجاناب مۇھەببەت ئىدى. ئۇ غۇنچەقىزنى ھەرقانچە ئەسلىسىمۇ، سېغىنسىمۇ، لېكىن بۇنى پەقەت قەلبىدىلا بىلەتتى، ئارزۇلار ئالىمىدە ھېس قىلىپ يۈرەتتى...

— ئوھوي ... ماۋۇ يەردە يەنە بىر شېئىرمۇ باركەنغۇ! — دېدى غۇنچەقىز پۈكلەنگەن قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر ۋاراقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، — بۇ تېخىمۇ ئېسىل ئوخشايدۇ.

ئۇ ئۆزىچە ئىنتوناتسىيىگە كەلتۈرۈپ، بۇ شېئىرنىمۇ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

تالە ـ تالە، چاچلىرىڭ تالە،
يۇمران لەۋلەر ياقۇت پىيالە.
سەن ئۆزگىلەرگە بىر بەرگى بولساڭ،
مەن ئۈچۈن،
ئەبەدىلئەبەد —
كۆكتە يۇلتۇز،
زېمىندا لالە!

— پاھ ـ پاھ ... سۆيگەن قىزنىڭىزنى پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپسىزغۇ ئاقنىياز ئاكا! — دېدى غۇنچەقىز شۇنداق ساددا ۋە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئەمدى ئۇنى كۆرۈش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ئۇ كىم؟ مېنى چوقۇم تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ، جۇمۇ! بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كېتىمىز!

ئاقنىياز بىر نەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللەپ، يۈرەكلىك ھالدا : «ئۇ سىز، بۇ شېئىرلارنىمۇ سىزگە ئاتاپ يازغان!» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ يۈرەك سۆزىنى زورلۇق بىلەن تەسلىكتە ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئازابلىق خىياللاردىن نېرى قىلىش ئۈچۈن شېئىرلار بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغان غۇنچەقىزدىن سورىدى :

— غۇنچەقىز، ئاڭلىشىمچە بادامگۈل بىلەن زايىت جۈپ بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، راستمۇ؟

— راست! — دېدى غۇنچەقىز ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ، — بىر - بىرىگە خالىغان ۋاقىتتا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش — ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ نورمال ھوقۇقى!

بادامگۈلنىڭ يېڭى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەر ئاقنىيازنىڭ قەلبىدە ھەسرەتلىك بىر غۇسسە ئويغاتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ غۇنچەقىزغا جاۋابەن زەئىپ ئاۋازدا، — لېكىن مەن زايىتنىڭ بادامگۈلگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ خۇددى كۆز ۋاقىتىدىكى بۇلۇتلاردەك ئاسانلا پەيدا بولۇپ، يەنە ئاسانلا تارقاپ كېتىشىدىن، شۇنداقلا جۇلالىنىپ، پارقىراپ چىققان ھەسەن - ھۈسەننىڭ يەنە لىپلا قىلىپ يوقاپ كەتكىنىدەك غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن!

— ئاقنىياز ئاكا، سىزمۇ بىلىسىز، — دېدى غۇنچەقىز ئويلانغان ھالدا، — مۇھەببەت ئىشىدا ھەركىم ئۆزى ھۆكۈم قىلىدىغان گەپ! بەلكىم، بادامگۈل مەلۇم ۋاقىت چۈشىنىپ باقار ...

ئاقنىياز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆڭلىدىكى ئاچچىقنى بېسىپ، غۇنچەقىزغا مۇنداق دېدى :

— غۇنچەقىز، سىزدىن بىر ئىلتىماسىم، بۇ ئىشتىن شەۋكەت خەۋەرلىنىپ قالمىسۇن، ئۇ ئەمدى كۆتۈرەلمەيدۇ!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى غۇنچەقىزمۇ ھېسداشلىق بىلەن، — بىر مەزگىل ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتايلى!

غۇنچەقىز ئەمدى شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرنى قويدى ۋە كىچىككىنە خۇرۇم سومكىسىدىن ئىككى پارچە نەرسىنى چىقىرىپ، ئاقنىيازغا ئۇزاتتى :

— بۇنىڭ بىرسى تۇرغۇن ئاكامدىن كەلگەن خەت ئىكەن، — دېدى ئۇ پۈكلەنگەن، سارغۇچ بىر كونۋېرتنى كۆرسىتىپ، — خەت خالتىسىدا تۇرۇپتۇ، سىز كۆرمىگەن ئوخشايسىز ...

— تۇرغۇننىڭ خېتى!...، — ئاقنىيازنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى، — ئاخىر خەت كەپتۇ ـ دە! ئەجەبمۇ سېغىنىۋىدىم...

راست، ئۇ تۇرغۇننى قاتتىق سېغىنغانىدى. بولۇپمۇ زايىتنىڭ كۆڭۈل ئاللىقى، دوستلۇقتىن يۇز ئۆرۈشى قاتارلىق ئازغۇنلۇقلىرى بىلىنگەندىن كېيىن، تۇرغۇننىڭ قەدرى تېخىمۇ قاتتىق ئۆتتۈلدى، ئۇنىڭ زايىت توغرىسىدىكى ئالدىن كۆرەر سۆزلىرى ئاقنىيازنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە قايتىدىن جاراڭلاپ، ئۇنىڭ تۇرغۇنغا بولغان ئىخلاس، ئېتىقادىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ خەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ، كونۋېرتنى يىرتماقچى بولۇۋېدى، غۇنچەقىز ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— ئاقنىيازئاكا، خەتنى كېيىنرەك ئوقۇڭ، سىزگە دەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىشىم بار. يېقىندا سۇلتاندىن خەت كەپتىكەن، ئۇ مەندىن بىر پارچە نەسىر يېزىپ ئەۋەتىشنى سوراپتۇ، ئۇمۇ ساگو① دا ئەدەبىيات ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ، بەلكىم مەندىن ئىمتىھان ئېلىپ، كەسپىي سەۋىيەمنى تەتقىق قىلماقچى بولسا كېرەك، «جۇدالىق » دېگەن تېمىدا بىر نەسىر يازدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، چەت ئەلگە «ئېكسپورت » قىلىدىغان «مال » بولغاچقا، سۈپەت ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەي قالمىسۇن، دەيمەن، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مالال كۆرمەي كۆرۈپ بېقىڭ، ئىشلەيدىغان يېرى بولسا، يەنە ئىشلەيمەن! خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم ...

ئاقنىياز تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى، چىقىپ كېتىۋاتقان غۇنچەقىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ قويۇشمۇ خىيالىغا كەلمىدى. كاللىسى

① تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى.

پىرقىراپ، قەلبىدە بوران كۆتۈرۈلگەندەك، سوغۇق، يېقىمسىز بىر تۇيـ-
غۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تـو-
ساتتىن پەيدا بولغان غايىبانە رەشك تۇيغۇسى ئىدى!...

ئاھ، خۇدا! سەن مېنى نېمە كويلارغا سېلىشۋاتىدىغانسەن! بۇ دۇنيـادا
بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ، ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتالماي، يېـ-
لىنجاپ تۇرغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سـې-
ھىر ـ بەند قىلىۋېتىشتىنمۇ ئېغىر ئـىش بارمۇ ؟! بۇ خـۇددى قارىغۇ ئـا-
دەمنىڭ قىزىق ئويۇنـغا كىرىــپ، كۆز ئالدىــدا بولۇۋاتقـان ئاجايىـپ ـ
غارايىپ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرەلمەي، ئەتراپىدىكى كـىشلـەر-
نىڭ قىزغىن چاۋاكلىرىنى ئاڭلاپ، تىت ـتىت بولغىنىـدەك ئازابلىـق،
نادامەتلىك ئىش ئەمەسمۇ ؟! تېخى بۇنى ئـاز دېگەندەك، مـاۋۇ ئىشنى
كۆرمەمدىغان! دۇنيادا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ساڭا ئـە-
مەس، بەلكى باشقا بىرسىگە جۇدالىق دەردىدە يازغان يۈرەك سۆزلىرى
بىلەن سۆيگۈ ئىزھارىنى كۆرۈشتىنمۇ دەھشەتلىك، خورلۇق ئىش بـار-
مۇ ؟!... بۇ خۇددى قېرى، ناتىۋان مـومايلارنىـڭ «مەن كۆيـەرمـەن
بالامغا، بالام كۆيـەر بالىسـغا » دەپ زارلىغىنىدەك ھەسرەتلىك ئىـش
ئەمەسمۇ ؟!...

ئاقنىياز غەمكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىدىن يىراققا قارىدى، تاغ
تەرەپتە ھاۋا تۇمانلىشىپ، ئاسمان لاي سۇدەك بوزىرىپ كېلىـۋاتاتتـى.
تەبىئەتمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى، ئـۇ دېرىزە ئالـدىدىن نېـرى
كېتىۋېتىپ، قولىدا سىقىملاپ تۇرغان تۇرغۇنىنىڭ خېتى ئېسىگە كەلدى
ۋە كونۇۋېرتنى ئالمان ـ تالمان يىرتىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى :

«دوستۇم ئاقنىياز! ھايات دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، ئـا-
دەم بالىسىغا ھەمىشە بىر نەرسە كەمدەك، يېتىشمەيۋاتقاندەك بـى-
لىنىدىكەن. سەن مىڭ بىر جاپادا تىرىشـىپ ـ تىرمـىشىپ شـۇ
يېتىشمەيۋاتقان نەرسىنى قولغا كەلتۈرسەڭ، يەنە بىرسى بـاردەك
قىلىدىكەن، ھامان بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ ئـۆ-

تىدىكەنسەن! كونىلار ئېيتقان : بىر يېرى كەم دۇنيا، دېگەن شۇ
ئوخشايدۇ! مەن ئۇرۇمچىدىكى چاغدا ھەمىشە يۇرتنى، ئاتا ـ ئا-
نامنى ئەسلەپ بىئارام بولاتتىم، ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەل-
سەملا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، خاتىرجەم ياشايمەن، دەپ ئوي-
لىغانىدىم. كىم بىلسۇن، بۇ يەرگە كېلىپ ھەپتە ئۆتمەي، يەنە
ئۇرۇمچىنى، مەكتەپنى، سىلەرنى سېغىندىم!... كۆڭلۈمدە ھە-
مىشە بىر نەرسە كەمدەك، يېتىشمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن!
دوستۇم، راستىنى ئېيتسام، بۇ يەرگە كېلىپ تېخىمۇ ئازاب
ئىچىدە قالدىم. ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى بىر كۈنى كەچلىك تەكرار-
دىن كېيىن ئىككىمىز سىنىپتا قېلىپ، شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز
زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىسىنى ئو-
قۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە شۇنىڭ تەسىرىدە سۆزلەشكەنىدۇق. شۇ
چاغدا سەن : «بىزنىڭ كاج تەلەي ئەجدادلىرىمىز نىمە كۈنلەرنى
كۆرمىگەن ـ ھە؟! خۇداغا شۈكۈر، ئاللا ئۇ كۈنلەرنى بىزگە
نېسىپ قىلمىدى، ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى!...» دېگەنى-
دىڭ. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. لېكىن كىم بىلسۇن،
ئاداش، مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 62 ـ يىللىرىدىكى يېزىمىزدا
مەن ئۇنداق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايتتى-
كەنمەن! لېكىن شۇنداق كۈنلەر راستىنلا بولۇۋاتىدۇ، مەن ۋە
مېنىڭ يۇرتداشلىرىم باقى ئاكا بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك
قىسما ـ قىسما ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، باقى ۋە با-
ھاردەك ئادەملەر ئەتراپىمىزدا لۆمۈلدەپ يۈرىدۇ! زېرىكتۇرۇپ
قويسامۇ، مەن ساڭا بىزنىڭ گۈڭشېدا يېقىندا نامراتلىق، ئا-
چارچىلىق تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي،
ئىلھامىڭ قوزغىلىپ قالسا بىرەر پارچە ئېپىك شېئىر ياكى ھېكا-
يە يازامسەن تېخى!

بىزگە قوشنا دادۈيدە، قاسىم كۆتەك دەيدىغان ئىشچان، بې-
جىرىم بىر دېھقان بار ئىدى. ئۇ يېقىندا «ماۋجۇشىغا ئۇماچ ئىچ-

كۈزگەن › دېگەن جىنايەت بىلەن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە ؟! سەن بۇنى ئاڭلاشنى خالامسەن ؟ ئەمىسە قۇلاق سال، ئىش مۇنداق بولغان : قاسىم كۆتەكنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككى بالا بىلەن بويتاق قالىدۇ، كېيىن يەنە ئىككى بالىسى بار خوتۇن بىلەن توي قىلىدۇ، ئالتە جان ئادەمگە داۋىيدىن ھەر ئايدا ئەللىك جىڭ ئارپا، يەتمىش جىڭ قوناق، ئون ئۈچ جىڭ تېرىق بېرىدۇ. بۇنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن خوتۇنى ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ ئۇماچ چالىدۇ. قاسىم كۆتەكنىڭ مىجەزى سوغۇقجان بولغاچقا، ئۇماچنى ئىچىۋېرىپ، قورساق ئاغرىقىغا قالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى كەچكىچە سۇ تۇتۇپ ئۆيگە كەلسە، خوتۇنىنىڭ يەنە ئۇماچ ئەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چېچىلىدۇ : ‹خوتۇن، ھەر كۈنى ئۇماچ ئېتەمسىلەر، سوغۇقۇم ئېشىپ، ئاغرىمىدىن شالىم ئاقىدىغان، قورسىقىم كولدۇرلايدىغان بولۇپ قالدى، باشقا نەرسە ئەتسەڭلار بولمامدۇ ؟! › دەيدۇ. خوتۇنىمۇ ئۇھ تارتىپ : ‹ھۆكۈمەت بەرگەن نەرسە شۇ تۇرسا، مەندە نېمە ئامال، بۇنى مەندىن سورىماي، ئاۋۇ كاتتا كىشىدىن سوراپ باقسىلا ! › دەپ تامدىكى ماۋجۇشىنىڭ يوغان رەسىمىنى كۆرسىتىدۇ. قاسىم كۆتەك رەسىمگە بىرئاز قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن جان ئاچچىقىدا : ‹ئاتا، ماۋجۇشى ئاتا ! سىلە شۇ كۈنلەردە نېمە يەيدىغانلا ؟ بۇ تۈگىمەس ئۇماچ بىزنىڭ ھالىمىزنى كەتكۈزدىغۇ ! ـــ دەيدۇ ۋە بىر قوشۇق ئۇماچنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ـــ سىلىمۇ خۇدانىڭ داغ سۈيىگە چالغان بۇ ئۇماچتىن كىچىككىنە ئىچىپ باقسىلا ! › دەيدۇ. بۇ چاقچاقىسمان ئىش ئۆتۈپ، ھەپتىدىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بالا ئارىسىغا كىرىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، قاسىم كۆتەكنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، خوتۇنىنى بىر نەچچىنى ئۇرىدۇ، خوتۇنى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇدۇل داۋىيگە بارىدۇ ۋە كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، قاسىم كۆتەكنىڭ ھېلىقى ‹ماۋجۇشىغا ئۇماچ

ئىچكۈزگەن › لىك ۋەقەسىنى شۇجىغا ئېيتىپ قويىدۇ. بۇ پەۋ-قۇلئاددە خەۋەر شۇ هامان بەئەينى گۈر - گۈر بوراندەك ئاۋۋال گۇڭشى رەهبەرلىكىگە، ئاندىن ناهىيە رەهبەرلىكىگە يەتكۈزۈلى-دۇ. ئەتىسى پۈتۈن دادۈي قوزغىلىپ كېتىدۇ، ئۈچ يۈز توقسان ئائىلىدىن مىڭغا يېقىن ئادەم يىغىلىدۇ. ئىككى خەلق ئەسكىرى قاسىم كۆتەكنى تۇتۇپ كېلىدۇ، ھېلىقى ئۇماچ يۇقى قېتىپ قالغان ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنمۇ پاكىت سۈپىتىدە ئېلىپ كې-لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى قاسىم كۆ-تەكنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، مىڭلىغان ئاما ياڭراق شوئارلارنى توۋلاپ تۇرۇپ، قاسىم كۆتەكنى شىددەتلىك كۈ-رەش قىلىدۇ ۋە ھېلىقى ‹ماۋجۇشىغا ئۇماچ ئىچكۈزۈش › جىنا-يىتىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ!...

دوستۇم، شۇ كۈنى مەنمۇ كۈرەش يىغىنىغا قاتناشتىم، قات-نىشىپ چوڭقۇر ساۋاقىقا ئىگە بولدۇم، ساۋاتسىز، نادان ئادەملەر-نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. شۇ ھامان ئېسىمگە سەئدى شىرازىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرى كەلدى:

ئەگەر تەربىيە كۆرمىسە ئادەم،
ئېشەك بولۇپ قالار يۈزگە كىرسىمۇ ھەم!

مېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى خۇددى يانارتاغدىن شىددەت بىلەن ئېتىپ چىققان ماگما ئۆز يولىدا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىنى — جىمى گۈزەللىكنى، يېشىللىقنى، ھاياتلىقنى كۆيدۈرۈپ، ئېقىتىپ كەتكەندەك ئىنتايىن قارام، تەلۋە ۋە شەپقەتسىز بولىدىكەن! شۇ يەردە ناھىيىنىڭ، گۇڭشې-نىڭ رەھبەرلىرى تۇشمۇتۇشتىن سۆزلىدى، نېمە دېدى دېمەمە-سەن، ئاجايىپ گەپلەر بولدى: بىزگە قانداقتۇر ئاشلىق شۇجى،

ئاشلىق دۆيجاڭ دېگەنلەر ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابچى شۇجى، ئىنقىلابچى دۆيجاڭلىرى كېرەكمىش! توۋا دەيمەن، ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە ئاش ئەۋلىيا، نان پەيغەمبەر تۇرسا! كاشكى، قورسىقىمىز توق بولسىچۇ!..

ئاداش، راستىنلا بۇ يەردە تاغار ئۆرە ئەمەس، گۆش ـ ياغ دېگەننى ئاددىي پۇقرالار چۈشىدىمۇ كۆرمەيدۇ، شۇڭا خوتۇن خەق دېگەننىڭ قاپىقى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغان. جاھان شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، كەش پۇتنى قىستىغاچقا، كىشىلەر ئازادە يول ماڭالماس بولۇپ قالغان!... بىر دېھقان قوشاقچىنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇپ باقساڭ، بەلكى يېزىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، قىياپىتى كۆز ئالدىڭغا كېلىپ قالار :

خام چاپانغا پالاس ياقا،
توكۇر ئېشەككە شاكال تاقا،
ئورۇق ئىنەككە دىڭگىل بۇقا،
قاتتىق نانغا سوغۇق سۇ،
يىرتىق قاپقا سۇيۇق پوق!

دوستۇم، تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ، سىرلىق نەرسە ئىكەن! يېقىندا بىر كىتابتىن ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تىۋىننىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزىنى كۆردۈم : «تۇرمۇش ـــ بەخت بىلەن ئازابتىن تەركىب تاپقان بىر تەسۋى.» مەن تەسۋىنىڭ ئۇرۇقچىلىرىنى ساناپ چىقتىم، بىر تەسۋىدە بىر يۈز بىر ئۇرۇقچا بولىدىكەن، مېنىڭچە بۇنىڭ قىرىق بىر تېلى بەخت، ئاتمىش تېلى ئازاب بولسا كېرەك. لېكىن ئازاب مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ئۈچۈن بىر خىل مەنىۋى بايلىق بولۇشى مۇمكىن. سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىدا تىركىشىسەن، كۈرەش قىلىسەن، نەتىجىدە ئاز ـ تولا غەيرەتلىك، ئەقىللىك، ئىرادىلىك بولۇپ

قالسەن! يىقىندا مەھەللىمىزدىكى بىر بوۋاي ئىتىز قىرىدا پاراڭ-لىشىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر گەپنى قىلدى: «دۇنيادا ئاچچىق يۇتقان ئۇلۇغ، يۈك كۆتۈرگەن ئۇلۇغ، تاتلىقنى ھەممە ئادەم يۇ-تالايدۇ!» مەن بۇ گەپنى بىر ھېكمەت سۈپىتىدە خاتىرەمگە يې-زىپ قويدۇم!

دوستۇم، مەن مەكتەپتىكى چاغدا تۇرغۇن نەرسىلەرنى كى-تابتا كۆرگەنىدىم. شۇڭا خىيال، پىكىرلىرىمۇ ناھايىتى رومان-تىك، غايىۋى بولۇپ قاپتىكەن. بۇ يەرگە كەلگەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە تۇرغۇن ئەمەلىي نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. تۇرمۇش دېگەن يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان كىيىم ئەمەس ئىكەن، ئەتراپىڭدا مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا تەۋە ئىكەن، ھېچنېمىدىن، ھەتتا ئەڭ ئەسكى، ئازابلىق نەرسىلەردىنمۇ ئۆزۈڭنى قاچۇرالمايدىكەنسەن! بىز مەكتەپتە كۆپ ئاڭلايدىغان رېئاللىققا توغرا قاراش، دېگەن شۇ ئوخ-شايدۇ!

ھە راست، شەۋكەت قايتىپ كەلدىمۇ، تىنچلىقتۇ؟ يېقىندا بۇ يەردە «ئىلى ــ چۆچەك ۋەقەسى» دېگەندەك گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى. مەن شەۋكەتنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى باش-قۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! ئۇنىڭدا شۇنداق ئىقتىدار ۋە جا-سارەت بار!

خوش، دوستۇم، خەتنى كۆپ يېزىۋەتتىم، ئەپۇ قىل، كۆڭ-لۈمدە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىمنى ئېيتقۇم كەلدى.

ساڭا ۋە سەن ئارقىلىق شەۋكەتكە، زايىتقا، بادامگۈل ھەم غۇنچەقىزلارغا كامالىي سالام بىلەن دوستۇڭ: تۇرغۇندىن.

1962 ــ يىل، 7 ــ ئىيۇن، قۇمباغ»

ئاقنىياز خەتنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئوقۇدى، ئوقۇپ بو-لۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغۇننىڭ خۇش پې-

ئىل، كۆڭۈلچەك، بەزىدە ئازراق تەرسالىقى بار تۇرگۇن مىجەزلىك قى-
ياپىتى تېخىمۇ يۇكسەك سالاپەت بىلەن نامايان بولدى. قۇلىقى تۇۋىدە
بولسا، ئۇنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك سۆزلىرى بىلەن ئۆتكۈر، ئېنىق
پىكىرلىرى قايتا جاراڭلاپ ئۇنى دوستلۇققا، ئېچىللىققا، تېخىمۇ ساپ
ۋىجدان بىلەن ياشايدىغان ئىنسانىي پەزىلەتكە دەۋەت قىلىۋاتقاندەك
تۇيۇلدى. خەتتىن ئۇنىڭ يېقىملىق، مەردانە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك
بولدى، بۇ ئاۋاز ئاقنىيازنىڭ كۆڭلىنى يىراقتىكى مۇڭلۇق يېزا -
سەھرالار بىلەن كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەتتى...

## 8

شەۋكەتنىڭ مەسىلىسى بۇگۇن فاكۇلتېت رەھبەرلىكى ئىچىدە قو-
يۇلدى. يىغىنغا فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كەرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن
لېكتور ئۇنىۋانى بار ئۈچ ئوقۇتقۇچىمۇ قاتناشتى. بۇنىڭ بىرسى سەلىم
ئەپەندى ئىدى.

يىغىندا، ئالدى بىلەن ھاۋاز بەختى شەۋكەت مەسىلىسىنىڭ جەريا-
نى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئىقرار قىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇش-
تۇرۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— يولداشلار، شەۋكەت بىلەن بولغان كۈرەش ھەقىقەتەنمۇ كەس-
كىن، جىددىي بولدى، مەن بۇنىڭدىن جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان
رەڭگارەڭ سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھايات - ماماتلىق ئۆت-
كۈر كۈرەش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر بىلىۋالدىم، ئەگەر
ئۇلار تۇرىدىكەن، بىز تۇرماسلىقىمىز لازىم. مەن يەنە شۇنىمۇ چوڭقۇر
ھېس قىلدىمكى، بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز ھەرگىزمۇ بۇرژۇئا-
زىيە ھەم شيۇجېڭجۇيىنىڭ مايىسىلىرىنى ئۆستۈرىدىغان پارنىك بولۇپ
قالماسلىقى كېرەك! بىز ياشلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئىنقىلاب مايىسىنى
تېخىمۇ كۆپ ۋە چوڭقۇر تىكىپ، ئۇلارنى ئېسىل سۈپەتلىك پولات

قىلىپ چىنىقتۇرۇشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇلاردىن ھەرقانداق مەھسۇلات ئىشلىسەك، ئۇ مەھسۇلات ئەبەدىي ئۆتكۈر، چىڭ، داتلاشماس بولالايدۇ!

بۇ سۆزلەر ھاۋاز بەختىنىڭ چۈشەنچىسى، تەسىراتى ھەم تەنتەنىلىك چاقىرىقى بولدى. لېكىن بۇنى يىغىنغا قاتناشقان توققۇز ئادەمنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قوبۇل قىلىپ كەتمىدى، بەزىلەر قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، بەزىلەر كۆزىنى يۇمۇپ، ئۇخلىغاندەك جىمجىت قىياپەتتە ئولتۇردى، بەزىلەر بولسا، چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قاراپ قويدى. بۇ سۆز ياقۇپ كەرىمنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئانچە خوپ كەلمىدى بولغاي، ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزى قىزىرىپ، قاڭشارلىق بۇرنى ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.

— قېنى ئەمسە، مەسىلىنىڭ دەل ئۆزىنى سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ تۈگمەس نەزەرىيە، ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن بىزار بولغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئوقۇغۇچى شەۋكەتكە يېزىلغان جىنايەت ـ گۇناھلار توغرا، دەل بوپتۇمۇ، دەلىل ـ ئىسپاتلار تولۇق، ئىشەنچىلىكمۇ؟ كۆرۈلىدىغان چارە مۇۋاپىق، لايىقمۇ؟ مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىغا يېزىلىدىغان ماتېرىيال قانداق يېزىلىشى كېرەك؟... مانا مۇشۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا پىكىرلىشەيلى. ھەرقانداق پىكىر بولسا بەرسەك بولىدۇ.

ياقۇپ كەرىمى ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تارىخىدا ئەمەلىي ئىشلەش، ئەستايىدىل ئىشلەش، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش، تالانت ئىگىلىرىنى ئاسراش ئارقىلىق، مۇئەييەن ئىناۋەت، نوپۇز ۋە سالاپەت تىكلىگەن ئادەم ئىدى. ئۇ 1936 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، خېلى چوڭقۇر بىلىم ئىگىلىگەچكە، بىلىمنىڭ، بىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىگە يېتەتتى ۋە ئۆزىمۇ ھازىر بىر تەرەپتىن، فاكۇلتېتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى...

ئۇنىڭ سۆزى يىغىننى جانلاندۇردى، ھەممەيلەن شەۋكەتنىڭ مە-

سىلىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئويلاشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن سەلىم ئەپەندى سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرىدىغان ئالتۇن بۆشۈك، دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئۆز تارىخىدا، ئېينىشتېيىن، مارىيە كيۇرىلارغا ئوخشاش زور بىر تۈركۈم ئىلىم - پەن گىگانتلىرىنى تەربىيىلەپ چىققان! بىزنىڭ زىممىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ياراملىق، تالانتلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇنداق مايىسىلارنى بايقاش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئاۋايلاپ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شەۋكەتنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۈچ يىللىق ئوقۇش تارىخىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى يارامىلىق، جۈرئەتلىك ۋە ئىستىقباللىق ياش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنى كۈتۈلمىگەن بىر پالاكەت باسقانىدەك قىلىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۇنى ئىتتىرىپ ۋەيران قىلىش كېرەكمۇ ياكى تارتىۋېلىپ قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن جىددىي مەسىلە تۇرىدۇ. مېنىڭچە، يەنىلا تارتىۋېلىپ قۇتقۇزۇش مۇھىم! ئەمدى ئۇنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىگە كەلسەك، بىرسى «چەتكە قاچماقچى بولغانلىقىم راست» دەپ ئىقرار قىلغانلىقى ھەقىقىي ئىقرارمۇ ياكى قىيىن - قىستاقنىڭ كۈچى بىلەن بولغان يالغان ئىقرارمۇ؟ يەنە بىرسى، ئۇنىڭغا «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈش مۇۋاپىقمۇ، مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ بىر ساددا ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ مىللەتچى بولۇشىغا ئاساس بولغان ھېلىقى سۆزنى ئۇ «ۋەزىيەت تەربىيىسى» ئۆگىنىشىدە ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىدىن چۈشەنچە سورىغان، كېيىن بۇنداق سۆز ياكى ھەرىكەتلەرنى ھېچقانداق يەردە تەكرارلىمىغان! دېمەك بۇ، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ئۈستىدە كېتىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدىكى مەسىلە، پىكىر قىلىش جەھەتتىكى مەسىلە. بۇنى رەسمىي سىياسىي قالپاق قىلىپ كىيگۈزۈش ئۇۋالچىلىق، ناھەقچىلىك بولىدۇ! ئاخىرقى پىكرىم، شەۋ-

كەتكە كۆرۈلمەكچى بولغان «مەكتەپتىن قوغلاپ، قانۇنىي جازاغا تار-
تىش» دېگەن چارە ناھايىتى ئېغىر ھەم نامۇۋاپىق بولۇپ قالغان! سە-
ۋەب، بىرسى، ئۇنىڭ ئۇستىدە يېزىلغان ھېلىقى «چەتكە قاچماقچى
بولدى» دېگەن ئىسمىسىز خەت پاكىت سۈپىتىدە پۇت تىرەپ تۇرال-
مايدۇ؛ يەنە بىرسى، ئۇنىڭ ئۆزى مانا ھازىر ۋەتەن قوينىدا تۇرۇۋېتۇغۇ!
ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تەشكىلىي رەسمىيەت بىلەن يۇرتىغا بارغان ۋە ئانىسى،
تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر ئاز كېچىكىپ بولسىمۇ يەنە ئۆزى قايتىپ
كەلگەن! بۇ پاكىت ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ!

سەلىم ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگىگىچە ھاۋاز بەختى خۇددى قوقاسقا
دەسسىۋالغاندەك ئولتۇرالماي قالدى. ئاچچىقتىن ئىچى تىتىلداپ، چىش-
لىرى گەز ـ گەز بولۇپ كەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك ياقۇپ كەرىمنىڭ
مۇنۇ سۆزى ئۇنى تېخىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى:

—— ئەگەر قېيىن ـ قىستاق بىلەن قىلىنغان ئىقرار بولسا، بۇ ئۇنىڭ
ھەقىقىي گېپى ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئازابلىغان تاياق ـ توقماقنىڭ
گېپى بولۇپ قالىدۇ!

يەنە بىرەيلەن بۇ سۆزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ كۈچەيتىۋەتتى:

—— تاياق ـ توقماق، قېيىن ـ قىستاق دېگەنلەر قانۇنغا قىلچە ياردەم
بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنى قوپاللاشتۇرۇپ، ئىزىدىن چىقىرىدۇ!

—— نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟! —— دېدى ھاۋاز بەختى تېرىك-
كەن، ھولۇققان ھالدا، —— ھېچكىم ئۇنى تاياق ـ توقماق ئىشلىتىپ،
قېيىن ـ قىستاققا ئالغىنى يوق! پاكىت ئالدىدا ھەممىنى ئىقرار قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇنى بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، خىيالىمىزغا
كەلگەن گەپلەر بىلەن ئىنكار قىلىشقا باشلىساق، ئۇ چاغدا سىنىپىي
كۈرەش، لۇشيەن كۈرىشى دېگەنلەر نەگە كېتىدۇ؟! بىز ئۆز مەيدانى-
مىزنى يوقىتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ جارچىسىغا ئايلىنىپ قالمامدۇق؟

—— قايسى پاكىت، پاكىت توغرىسىدا گەپ قىلمامسىز؟! —— دېدى
سەلىم ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن، —— سىزنىڭ قولىڭىزدىكى بار ـ
يوق پاكىت ھېلىقى ئىسمىسىز خەتقۇ؟! ئۇنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدىڭىز-

مۇ؟ ياق، ھاۋاز بەختى، ئۇنداق قىلمىدىڭىز ھەم قىلالمايسىز! بىز ھەر. قانداق ۋاقىتتا ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكىمىز كېرەك. ھېسسىياتتا ئەقىل ـ ئىدراك بولمايدۇ، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ مۇۋاپىق يېتەكلىشى بولمىغاچقا، ھېسسىيات بەزىدە بىزنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، شۇڭا ئادەم ئالدىراپ ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى كې. رەك! بايا «تاياق ـ توقماق ئىشلىتىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئالمىدۇق» دېدىڭىز، لېكىن ئۈچ سوتكا ئۇخلاتماي، سوئال ـ سوراققا ئېلىش نې. منى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ روھىي جەھەتتە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش ئەمەسمۇ؟!

ــــ سىز!... سىز زادى نېمە دېمەكچى!؟ ــــ دېدى ھاۋاز بەختى دىكىنىپ تۇرۇپ، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ساقالسىز ئاپئاق يۈزىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتتى، ــــ بىلەمسىز، سىزدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كاساپىتىدىن شەۋكەتكە ئوخشاش ساددا ئوقۇغۇ. چىلار چەتكە چوقۇنۇپ، سىياسەتتىن، نىشاندىن چەتنەپ، ئېزىپ كې. تىۋاتىدۇ! ئۇنى سىز يەنە قانات ئاستىغا ئېلىپ، داۋاملىق ئازدۇرماقچى بولۇۋاتىسىز، لېكىن بۇنىڭغا ئەمدى يول قويغىلى بولمايدۇ! بىلىپ قو. يۇڭ، سەلىم ئەپەندى، بولمايدۇ! شەۋكەتنى ئەمدى سىز ئەمەس، بىز قۇتقۇزۇپ قالىمىز، قانۇن يولى بىلەن قۇتقۇزىمىز!...

ھاۋاز يېتەكچى ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ توغرا دەيتتى، يەردىن ئاسمان. غىچە ئۆزىنى ھەقلىق ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، سەلىم ئەپەن. دى بىلەن ھەرقانداق يىغىندا، ھەرقانداق مەسىلىدە پىكرى بىر يەردىن چىقماي تۇتۇشۇپ قالاتتى...

«شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن سۆز تەبىئەت دۇنيا. سىغا ماس كەلگەن بىلەن بەزىدە كىشىلىك ھايات دۇنياسىغا ماس كەلمەيمۇ قالىدىكەن. بۇ ئىش سەلىم ئەپەندى بىلەن ھاۋاز بەختىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىسپاتلىنىپ قالدى. ھاۋاز بەختى بۇ فاكۇلتېتقا يۆتكىلىپ كېلىپلا نېمە ئۈچۈندۇر، سەلىم ئەپەندىنى دەسلەپ يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا يامان كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭدىن سەلىم ئەپەندى بىخەۋەر ئى.

دى. ئۇ ھاۋاز بەختى بىلەن سەمىمىي خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولدى، ھەتتا بەزىدە، ئۇنى يېڭى كەلدى، دەپ زورمۇزور يېقىنلىشىپ، خىزمەتتە، كەسپتە ياردەم بەرمەكچى بولدى. لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىنىڭ ئەكسىچە، يامان نەتىجە پەيدا قىلدى. ھاۋاز بەختى ئۇنى «ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، مېنى كۆزگە ئىلمىدى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى ۋە پۇرسەت بولسىلا ئۇنىڭغا قىرىچە، يېنىچە تېگىدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەلىم ئەپەندى بىلدىكى، ئۇ ھاۋاز بەختىنىڭ فاكۇلتېتتىكى «چوڭ رەقىبى» بولۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، ھاۋاز بەختىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاتتىق ھەسەتخورلۇق تۇيغۇسى ئۇنى شۇ كويغا سالغانىدى. ئۇ فاكۇلتېتقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سەلىم ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كەرىمنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى، ئۇنىڭ كەسپتە كۈچلۈك، بىلىملىك ئىكەنلىكىنىمۇ سەزدى، شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەسەت ئوتى تۇتىشىپ، سەلىم ئەپەندىنى كۆرسىلا كۆزى قىزىرىپ، كاللىسى قوداڭشىيدىغان بولۇپ قالدى. دانىشمەنلەر توغرا ئېيتىپتىكەن: ھەسەتخور ئادەملەر جاھان شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، كەڭلىك ھېس قىلمايدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ھامان، ئۆچلۈك قىلىپ، ئازابتىن تولغىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى ھەمىشە — قابىلىيەت، نام — ئابرۇي، ئورۇن ۋە مەرتىۋە جەھەتلەردە ئۆزىدىن يۇقىرى ۋە ئەۋزەل بولغانلارغا قارىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى ۋە ئېشىپ كېتىشى!...

لېكىن ھاۋاز بەختى ئۇنىڭغا ھەرقانچە ھەسەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى ۋە ئېشىپ كېتىشىدىن ھەرقانچە قورقسىمۇ، سەلىم ئەپەندىنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، خۇي - پەيلى ھامان ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردى، ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىشى، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى ھامان ئۇنى نەچچە ھەسسە ئالغا ئاشۇرۇۋەتتى.

بۇ هال ھاۋاز بەختىنى تېخىمۇ دەردتە، ئەلەمدە قويدى، شۇڭا ئۇ ھەمد- شە سەلىم ئەپەندىنىڭ كۆزىگە تىكەن، يولىغا يىكەن بولۇشنى ئويلايتتى...

يىغىندا تالاش ـ تارتىش كۈچىيىپ كەتتى، بەزىلەر سەلىم ئەپەن- دىنى ياقلاپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى. بەزىلەر ھاۋاز بەختىگە ما- يىل بولۇپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بولۇپمۇ، فاكۇلتېت پارتىيە يا- چېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھاۋاز بەختىنىڭ پىكرىنى تەكىتلەپ: «ۋەتەن- دىن يۈز ئۆرۈش جىنايىتىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، شەۋكەتكە قاتتىق چارە كۆرۈپ، ئىبرەت قىلىش كېرەك!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن روشەن ھالدا ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا بىر قارارغا كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ياقۇپ كەرىمى ئاخىرىدا سۆلھى بىلەن مۇنداق تەكلىپ بەردى:

— تالاش ـ تارتىشنىڭ بولغىنى ياخشى، تالاش ـ تارتىش بول- غاندا ھەق ـ ناھەق ئېنىق ئايرىلىدۇ. مېنىڭچە، ئوخشاشمىغان پىكىر- لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتى مەكتەپ پارتكومىغا يوللايلى، ئاخىرقى قارارنى شۇلار چىقارسۇن!

بۇ پىكىر يىغىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ياقتى، دوكلاتنى شۇ يو- سۇندا يېزىپ، يۇقىرىغا يوللاش قارار قىلىندى.

**9**

ئىككى سوتكىدىن بېرى توختىماي يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بۇ، شار- قىراپ ياغقان تۆكمە يامغۇر ئەمەس ياكى شامال ئارىلاش كەلگەن ئۆتكۈنچى يامغۇرمۇ ئەمەس، خۇددى ئاسماننىڭ تۈگىمەس يىشىدەك سىم ـ سىم يېغىۋاتقان ئاق يېغىن ئىدى. ئىس تارتىپ كەتكەن مەينەت پاختىدەك قارامتۇل، بوزامتۇل بۇلۇتلار بىردە تۈرۈلۈپ، بىردە يېيىد- لىپ، ئاسمان يۈزىنى بەئەينى يۇندى چاچقاندەك سەتلەشتۈرۈۋەتكە- نىدى. كىشىلەر ئەنە شۇ تۇتۇق، سۆرۈن، كۆڭۈلسىز ئاسمانغا قاراپ،

ئۇ يەردە قاچاندۇر كۈندۈزى قۇياش، كېچىسى ئايمۇ چىققان بول-
غىيمىدى، دەپ غەشلىك ئىچىدە ئەسلەپ كېتەتتى.
يامغۇر كىشىلەرگە كۆڭۈلسىزلىكلا ئەمەس، ئاپەتمۇ ئەكېلىشكە باش-
لىدى، نۇرغۇن ئۆيلەردىن تامچە ئۆتۈپ، بەزىلىرى خەتەرلىك ھالغا
كېلىپ قالدى، شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىدىن ئەنسىزلىك، ساراسىمە،
داد ــ پەرياد ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گېزىت ۋە رادىئولارمۇ بۇ
قېتىمقى يامغۇر ئاپىتىنىڭ زىيىنى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە ــ
تەدبىرلىرى توغرىسىدا توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى...
تەبىئەتنىڭ پەيلى بۇزۇلغان مانا شۇنداق جۇدۇنلۇق كۈندە، زايىت-
نىڭمۇ تۇيۇقسىز ئەلپازى ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ شەۋكەت ئۈستىدە يېڭى
بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى ھاۋاز بەختى ئۇنىڭ بى-
لەن ئۇزاق مۇڭداشتى، شەۋكەتنىڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان
توققۇز كىشىلىك ھېلىقى يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى
ۋە دەرھال بىرەر شەكىل بىلەن مەكتەپ پارتكومىغا تەسىر كۆرسىتىش-
نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى. زايىت شۇ كۈنى ئۇزاق ئويلىدى، پىلان
تۈزدى، ئاخىر ئىتتىپاق ئەزالىرى نامىدىن يېزىلىدىغان بىر پارچە «تە-
لەپنامە» نىڭ كوپىيىسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئەمدى ئۇنى پاراللېل ئىككى
سىنىپتىكى بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرىنى يىغىپ، شۇ يەردە ئوقۇپ،
ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمزا قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم
ئىدى. ئۇ شۇ مەقسەتتە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، پاراللېل ئىككى سى-
نىپتىكى يىگىرمە يەتتە ئىتتىپاق ئەزاسىنى بىرلەشمە دەرسخانىغا يىغىپ
پەۋقۇلئاددە يىغىن ئاچتى. يىغىنىنىڭ بېشىدىلا يوغان بىر تاختا ئاق قە-
غەزگە خۇش خەتچىلەپ يېزىلغان «تەلەپنامە» ئۈنلۈك ئوقۇلدى، ئۇ-
نىڭدا شەۋكەتنىڭ خائىنلىق، مىللەتچىلىك جىنايەتلىرى پرىنسىپقا
كۆتۈرۈلۈپ يېزىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەرھال مەكتەپتىن
قوغلاپ، قانۇن بويىچە چارە كۆرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.
«تەلەپنامە» ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، زايىت بارلىق ئىتتىپاق ئەزالى-
رىنىڭ ئۇنىڭغا ئاكتىپ قول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارنى قوز-

غاش نىيىتىدە تەنتەنىلىك ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— بارلىق ھەقىقىي، سادىق ئىتتىپاق ئەزالىرى! بىز شەۋكەتنىڭ ۋەتەندىن يۇز ئۆرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش. تەك ئىتتىپاق ئەزالىرىغا يات بولغان جىنايى قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئە. يىبلىشىمىز كېرەك! بۇ «تەلەپنامە» ئىتتىپاق ئەزالىرى نامىدىن يېزىل. دى، ھەربىر ئىتتىپاق ئەزاسى ئۆزىنىڭ مەيدانى، پوزىتسىيىسى ۋە بۇر. چىنى ئويلاپ بېقىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۆزى ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتتىكى لىرىكا بىلەن خىمىيىدىكى كىسلو. رود توغرىسىدا بېرىدىغان ئىمتىھانىدەك، ئاددىي ئىش ئەمەس! ھازىر بىزدىن نەق تۇرمۇشتىكى، ئۆز ئىچىمىزدىكى جىددىي كۈرەشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ! ئەپسۇسكى، ھازىر بەزىلەر ئىنقىلاب قىزىل بايرىقىنىڭ لەپىلدەۋاتقانلىقىنىلا كۆرۈپ، دۈشمەنلەر. نىڭ قىلىچىنى بىلەۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتىدۇ!...

زايىتنىڭ كۆزىدىن غالىبلارغا خاس بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن تە. مەننا كۈلكىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يىغىندا، زايىتنى چۆرىدەپ توپلىشىۋالغان بىر غوۋزەك ئوقۇغۇ. چىلارنىڭ شەۋكەت ئۇستىدىكى قەھر ـ غەزەپ، دەرد ـ شىكايەت ھەم ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن قىلغان سۆزلىرى خۇددى بورانلىق كۈن. دىكى ئورماندەك ۋىژىلداپ، گۈركىرەپ، بىرلەشمە دەرسخانىنى پاتىر. پاراق قىلىۋەتتى. شۇ چاغدا، خۇددى پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا يو. غان بىر پارچە مۇز تاشلىغاندەك، كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال يۈز بەردى.

— ھەي زايىت! سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟! — خۇددى تۇيۇق. سىز بومبا پارتلىغاندەك كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاۋاز ھەممەيلەننى ھەيران قال. دۇردى، بۇ ئورنىدىن لوككىدە تۇرۇپ، زايىتقا تۇرگۈنلۈك بىلەن تىن. كىلىپ تۇرغان ئاقنىيازنىڭ كەسكىن ئاۋازى ئىدى، — بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئادەم ئالداپ، تەشكىلگە بېسىم ئىشلىتىش ئەمەسمۇ ؟! بۇ مۇ. نەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ياكى ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى سايلايدىغان سايلام ئەمەسقۇ ؟! ھەركىم ئۆز پىكرىنى سۆزلەشكە ھو.

قۇلۇق! بۇنداق تەشكىللىك، پىلانلىق ئىش قىلىشىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەتىگەندىن بېرى، خۇددى شاتۇتىغا ئوخشاش، سىنىپ، سىنىپى كۈرەش، ھايات ـ مامات كۈرىشى دەۋەردىڭ! سېنىڭ سەپسەتەڭ بويىچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز پۈتۈنلەي سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟! مېنىڭچە، سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈر دېسە، ھەممە يەردە شۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، مەكتەپنىڭ ئەھۋالى مېنىڭچە، باشقىچە ...

— قانداق باشقىچە؟! — بايا خۇددى كومشىرىغا تۇيۇقسىز كاللا يېگەن ئادەمدەك ئېسىنى يوقىتىپ قويغان زايىت ئەمدى بىر ئاز ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئاقنىيازغا غەزەپ بىلەن ھۆرپەيدى، — سەن ئىتتىپاق تەشكىلىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىسەن ئاقنىياز، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتىسەن! بىلىپ قوي، بۇ ئىشىڭ ساڭا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ!

شۇ تاپتا، ئاقنىياز بىلەن زايىت بەئەينى بىر ـ بىرىنى چوقۇش ئۈچۈن تۇمشۇق سوزۇپ تۇرغان ئىككى سوقۇشقاق خورازغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بولدى، ئۇنچە ئۆپكەڭنى قاقما، زايىت! — دېدى ئاقنىياز ھەم مەسخىرە، ھەم جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىلىمەن، سەن تېرىككەك، مەن بولسام سەندىنمۇ بەتتەررەك، چۈنكى مەن قىزىل مۇچنى كۆپرەك يەپ چوڭ بولغان جۇمۇ! سەمىڭگە سەپ قوياي، سەن ھازىر ئىگىسى نېمە دېسە شۇنى دورايدىغان شاتۇتىغا، پاتېفونغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن! ئاغزىڭدىن كەچكىچە «ئىنقىلاب، كۈرەش» دېگەن گەپ چۈشمەيدۇ! بىلەمسەن، ئىنقىلاب، كۈرەش دېگەن زادى نېمە؟! مېنىڭچە، ئىنقىلاپ، كۈرەش دېگەن بۇرۇنقىلار مېڭىپ باقمىغان يولدا مېڭىش، بۇرۇنقىلار يارىتالمىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىش دېمەكتۇر! بولدى، سەن بىلەن دەتالاش قىلىدىغانغا ۋاقتىم يوق. ھازىر ئادەم قۇتقۇزۇش مۇھىممۇ، ئادەمگە چارە كۆرۈش مۇھىممۇ؟ يولداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار، مۇشۇ تاپتا مەكتەپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ

ئەھۋالى چاتاق، ئاق يىغىن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، بىز ياشلار، ئىنتىپاق ئەزالىرى سىنىپىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بالايىئاپەتتىن قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟! بىز ئاۋۋال ئادەمنى قۇتقۇزايلى!...

ئاقنىيازنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىك، ئاۋازىدىكى ئۆتكۈر تەنە ۋە قۇتراتقۇلۇق زايىتنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بەئەينى قىزغىن، تەنتەنىلىك چاقىرىقتەك زايىتنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى كۆيۈپ ـ پىشىپ قىلغان ئىشىنى بىردەمدىلا بىر تىيىن قىلىۋەتتى. ئىنتىپاق ئەزالىرى ئىچىدە جىددىي تەۋرىنىش بولدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى «خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى» گە ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى، «تەلەپنامە» گە قول قويۇش بىر چەتتە قايرىلىپ قالدى.

ئەلەم ۋە غەزەپ تەسىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە بەزگەك تىترىكى ئولىشىپ كەتكەن زايىت ئۆزىنى تۇتالمىدى، قوللىرىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ شىلتىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— سەن ئاقنىياز، بىلىپ قوي، ئىنتىپاق يىغىنىنى بۇزدۇڭ! ئىنتىپاق ئەزالىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدىڭ! ۋەتەن خائىنى، مىللەتچى شەۋكەتكە چاپان يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دىلو ئاغدۇرۇۋاتىسەن! سەنمۇ بۇ جىنايەتلىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! بىلىپ قوي، ئاقنىياز! بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۇلۇغ، پىرىنسىپال كۈرەش دەۋرى! كىمدە كىم ئۇنىڭدىن سەللا چەتنەيدىكەن ئۇزۇل ـ كېسىل غۇلايدۇ!...

زەردە بىلەن ئېيتىلغان بۇ ئاچچىق گەپلەر ئاقنىيازنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە بىھوش ياتقان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىردىنلا ئويغىتىۋەتتى.

— سەن ماڭا ھۆر كىرىمە، زايىت! ئاچ بۆرىدەك ھۆر كىرىمە! — دېدى ئۇ تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، — دوستۇم ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ھەرقانداق ئىشنى قىلىمەن! سەنچۇ، سەن شۇ ھۆركىرەشنى، قۇرۇق ۋالاقلاشنى، دونكىخوتلۇق قىلىشنى بىلىسەن! مەن بولسام ئىش قىلىمەن، يۈرۈڭلار كەتتۇق!

ئاقنياز شۇنداق دېدى ـ دە، شاقىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بىر-
لەشمە دەرسخانىدىن گۇس ـ گۇس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كا-
رىدوردىن ئۆتۈپ، پەلەمپەينىڭ يېنىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قارىدى، ئۇ-
نىڭ ئارقىسىدىن ئون ئۈچ ئوقۇغۇچى خۇددى باھار قارلىغىچىدەك تى-
زىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئۆتۈپ، چوڭ دەرۋا-
زىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۈچ ئوقۇغۇچى ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، ئارىسال-
دى بولۇپ قالدى. ئاقنياز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، «بىرەر ئىش بول-
دىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار ئىچ كۆيەرلىك بىلەن مۇنداق دېيىش-
تى:

— بىز سىزنى ئويلاۋاتىمىز، ئاقنياز! زايىت مۇشۇ ئىشقا باھانىداپ،
ھاۋاز يېتەكچىنىڭ قولى بىلەن سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەۋرەزگە ئىت-
تىرىۋەتمىسۇن، دەيمىز!

— خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭلار، — دېدى ئاقنياز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى
تىنچىتىپ، — ئەگەر ئۇ مېنى راستتىنلا ئىتتىرىمەن دېسە، ئۇ ئەۋرەز-
گە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە چۈشمەن!

شۇ ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇراق پەيدا بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا
بوي، قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، چا-
نىقىغا پاتقان كۆزلىرى ياغ سەپكەن سۇدەك نۇرسىز پىلدىرلاپ قالغا-
نىدى. قارا چىبەرقۇت كەمزۇلىنىڭ ياقىسى كىر ۋە مايدىن قېتىپ
كەتكەن، تۇگمىسىمۇ يەكپاي ئېتىلگەنىدى. ئۇ ئون نەچچە كۈننىڭ
ئالدىدا دوختۇرخانىدىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن دەرسكە تولۇق قات-
ناشمايتتى، كۆپرەك ياتاق بىلەن تاماقخانا ئارىلىقىدا لەيلەپ يۈرەتتى.
بەزىلەر ئۇنىڭ غەلىتە، بىر قىسما ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، «ئېلىشىپ قال-
دىمۇ، نېمە؟» دەپ گۇمانمۇ قىلىشاتتى.

— سەن نېمىدەپ كەلدىڭ، تۇراق؟ — سورىدى ئاقنياز قولىنى
ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ.

— سىلەر نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — تۇراق ياندۇرۇپ سورىدى، —
سىلەر نېمىدەپ كەلگەن بولساڭلار، مەنمۇ شۇنى دەپ كەلدىم.

— بىز يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنى قۇتقۇزغىلى بارىمىز، — دېدى ئاقنىياز ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — سەن ياتاققا بېرىپ دەم ئال...

— ئۇ يەردە نان بارمۇ؟ بىز ئۇلارنى قۇتقۇزساق بىزگە ئاش - نان بېرەمدۇ؟ — تۇراقنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، ئويناپ كەتتى، — مەنمۇ بېرىپ ئىشلەي، ماڭىمۇ نان بەرسۇن ...

— ياق، تۇراق، ئۇلار بىزگە ئاش - نان بەرمەيدۇ، — ئاقنىيازنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك ئاۋازىمۇ مىسكىن چىقتى، — ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ قىيىن، بىز ئۇلارغا خالىس ئىشلەيمىز! سەن ياتاققا كېتىپ دەم ئېلىپ تۇرغىن، ھېلى تاماق ۋاقتى بولىدۇ، ماقۇلمۇ!

تۇراق سالپىيىپ قالدى، ئاش - نان بەرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشقىمۇ قىزىقمىدى، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى غىڭشىپ ئاقنىيازلاردىن يىراقلاپ كەتتى. ئون نەچچە ئوقۇغۇچى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى، بىرسى «قاياققا ماڭىمىز؟» دەپ سورىۋىدى، سەلەي قاشاڭ دەرھاللا:

— يۇرۇڭلار، ماۋۇ سىنىپىي كۈرەش يوق كوچىدىن ماڭايلى!— دەپ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى تۆۋەن مەھەللىگە باشلاپ كەتتى.

ئون تۆت ئوقۇغۇچى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، يېرىم كۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىدى. ئادەتتىكىچە تامچە ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، لاي - پاتقاققا مىلىنىپ، تۆشۈك، يوچۇقلارنى ئەتتى، قېپىپ قالغان سۇلارنى چۈشۈردى، خەتەرلىك ئۆيلەرنىڭ مال - مۈلۈك، بىساتلىرىنى بىخەتەر جايلارغا يۆتكىدى. قېرى، مېيىپ، كېسەللەرنى ھاپاشلاپ بىخەتەر جايلارغا كۆچۈردى. ئىشقىلىپ، يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، ھۆلچىلىكتىن، مەينەتچىلىكتىن، جاپادىن، چارچاشتىن قورقمىدى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن تاشقىن غەيرىتى چاققان، ئەپچىل ۋە قەيسەر ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەندى. بىر چاغدا ساۋاقداشلارنىڭ بىر نەچچىسى چارچاپ ھالىدىن كېتىپ، ئاقنىيازغا:

— ئەمدى بىر ئاز دەم ئالايلى، ئاداش! — دېگەندە، ئاقنىياز چاقچاققا يۆلەپ :

— دەم ئېلىۋاتىمىزغۇ، قولۇڭ بىلەن پۇتۇڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرسىلا بولدى! — دەپ ئۇلارنى يەنە يېڭى ئىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئۇلار بىر نەچچە ئائىلىنى قۇتقۇزۇپ، ئاخىرىدا ئوڭچى قالپىقى بار بىر زىيالىينىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۆي ئىگىسى ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەن ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر يۈرەك كېسىلى بار ئىدى، بالىلىرىنىڭ ھەممىسى قىز بولغاچقا، تورۇستىكى تامچە ئۆتۈۋاتقان يەرلەرنى ئېتىش، ھويلىغا كۆلدەك توشۇپ كەتكەن سۇلارنى سىرتقا توشۇشتا ئامالسىز قالغانىدى. ئاقنىياز ئارتۇقچە ئويلاپ تۇرمىدى، ھەمراھلىرىغا «بۇمۇ ئادەمغۇ، دەرھال ئىشقا كىرىشڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئالدى بىلەن ھويلىدىكى سۇنى چىقىرىش ئۈچۈن «كۆلچەك» كە كىردى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوڭچى قالپىقى بار زىيالىينىڭمۇ ئۆيى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى، ئۇ ئادەم ئاقنىياز باشلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا رەھمەت ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كەچ كىرگۈچە بىر مەھەللىدىكى ئون يەتتە ئائىلىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ياتار يېرى يوق بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز بالىنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئاقنىياز ھارغان، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا لىڭشىپ كېلىۋاتاتتى، تېخىچە يامغۇر تامچىپ تۇرغان غىلتاڭ يول ئۇنى بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا تېيىلدۇراتتى. ھاۋا نەم ۋە سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى خۇددى قىزىغان تونۇردىن ھېلىلا چىققاندەك ھىل ـ ھىل قىزىرىپ، تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، غۇنچەقىزنى چاقىرىپ، ئۈچ قىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ۋە بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئورنىدىن، گېلىدىن خەۋەر ئېلىشنى جېكىلىدى. بەش ئوغۇلنى ئۆزى بىلەن ياتاققا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا، بىر ساۋاقدىشى ھەم ئەجەبلەنگەن، ھەم ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى :

— ئاقنىياز، ئاداش، بۇ باللارنى ياتقۇزۇشتىغۇ قىينالماسمىز، يوتقان - كۆرپە بار، ئۆزىمىزنىڭ يەتمىسە، ئۆيگە كېتىپ كەلمىگەن بىر نەچچە قاچاقلارنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىمۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. لېكىن ... لېكىننزە، قورساقنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ «كانايىنى ياغلىغىلى ياغ يوق، سۇنايىنى ياغلىغىلى نەدە؟» دېگەندەك ئىش بولارمىكىن؟ ...

ئاقنىياز كېسىپلا جاۋاب بەردى:

—«كۆڭلۈك دۇرۇس بولسا، ساتىممۇ ئايۋان - ساراي» دېگەن گەپ بار. قورساقىمۇ بىر ئامال تېپىلىپ قالار، ئاللا ئىگەم ھەممە ئادەمنى ئۆز رىزقى بىلەن ياراتقان!...

## 10

شۇ كۈنلەردە، شەۋكەت خېلى ئازادىلىككە چىقىپ قالدى. ھېلىقىدەك بىھۇدە سوئال - سوراق، تاياق - دەشنەملەر توختىدى. ھاۋاز بەختى بىلەن زايىتمۇ ئۇنى قايتا ئىزدەپ ئاۋارە قىلمىدى. ئۇ ھازىر مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئاخىرقى قارارىنى كۈتۈپ يېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يەنە شۇ مەتكېرەم مەتقاسىم بىلەن گايىت مايىت كۆپرەك ھەمراھ ئىدى. ھازىر بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ «خەۋپلىك سىنىپىي دۈشمەن» ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەكلا كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، يېقىنچىلىق، دىلكەشلىك بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى كەچتە گايىت مايىت ئۇنى يوشۇرۇنچە ئۆزى بىلەن بىللە «ئارشىن مال - ئالان» تىياتىرىغا ئېلىپ باردى. ھەيۋەتلىك خەلق تىياتىرىدا ئويغۇرچە ئوينالغان بۇ كومېدىيىلىك داڭلىق ئەسەر شەۋكەتنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دەرد - ئەلەم بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن مىسكىن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆڭلىنى ئالەمچە شاد - خۇراملىققا چۆمدۈردى. ئۇ ئويۇندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھاياجىنىنى، تەسىراتىنى باسالماي،

بىردەم كىچىك بالىدەك سەكرەپ ئويناقلايتتى، بىردەم تىياترنىڭ
شوخ، يېقىملىق ناخشىلىرىنى دوراپ توۋلايتتى، بىردەم ئۇنىڭدىكى
ئۆتكۈر ھەجۋىي سۆزلەرنى كىملەرگىدۇر قارىتىپ تەكرارلايتتى. ئىش-
قىلىپ، بۈگۈن ئۇ خۇشاللانغان، سۆيۈنگەن، ئارام تاپقانىدى. ئۇنىڭ
ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان بۇنداق غەلىتە قىلىقى گايىت مايىتقا
زادىلا ئەجەبلىك تۇيۇلمىدى. ئۇ بۇنى گويا ئۇزۇن ۋاقىت تار ۋە
قاراڭغۇ ئۆيگە سولانغان توخۇ بىردىنلا كۈن نۇرى چاقناپ تۇرغان
كەڭ يەرگە قويۇۋېتىلگەندە، ئۆزىنى ئۇچىرىغانلا يەرگە ئۇرۇپ، پالاق-
شىپ، جىسمىنىڭ قان بولۇپ كېتىشىدىن قورقمىغاندەك، ھەرقانداق
بىر جانلىقتا بولۇشقا تېگىشلىك ئەركىنلىككە، يورۇقلۇققا، ئازادىلىككە
نىسبەتەن ئىنتىلىش، سېغىنىش ۋە بېسىلغۇسىز تەشنالىق دەپ چۈ-
شەندى. شۇ ئاخشىمى شەۋكەت تولىمۇ تاتلىق، شېرىن ئۇخلىدى،
چۈشىدە ئۆزى ئارشىن مال ـ ئالانىڭ رولىغا چىقىپ، كوچىمۇ كوچا
يۈرۈپ، گۈلچېھرىنى ئىزدەپ تاپقاندەك مۇھەببەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى
كۆردى ۋە ئويغىنىپلا بادامگۈلنى ئەسلەپ كەتتى. ئەسلىمە ۋە خاتىرى-
لەر بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ ھالال ۋە شېرىن شارابىنى
ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ غەمكىن دىلىنى ھۇزۇرلاندۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئۇنىڭغا شەپقەتسىز جۇدالىقنىڭ ئاچچىق نەشتىرىنى ئۇرۇپ، ئۇ-
نىڭ زەخىم يېگەن كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلاتتى... «ئۇ ھازىر
نەدىدۇر؟ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇ مېنىمۇ ئويلىمىدىغاندۇ ياكى مۇ-
شۇ چەك ـ چېگرا ئاجراتقان پېتى يىراقلىشىپ كېتەرمۇ؟... ئاھ
خۇدا!... مۇھەببەت دېگەندە ۋىسالدىن كۆرە جۇدالىق، خۇشاللىقتىن
كۆرە ئازاب، بەختتىن كۆرە بەختسىزلىك كۆپ ئىكەنغۇ! يامغۇر ھاۋا
ئېچىلىش بىلەن توختايتتى، لېكىن مۇھەببەت يامغۇرى مەڭگۈلۈك
بولىدىغان ئوخشىمامدۇ!؟...»

خىياللار — ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ئازاب بىلەن خۇشاللىق،
سېغىنىش بىلەن بىزارلىق گىرەلىشىپ كەتكەن چىگىش خىياللار ئۇنى
خېلى كۈنلەرگىچە ساراسىمىگە، بىئاراملىققا سالدى. لېكىن ئۇ، ھېس-

سىياتى زىيادە ئۆرلەپ كەتكەن بۇنداق چاغلاردا ئەقىل بىلەن ئۆزىنى تۇتالايدىغان تەمكىن يىگىت بولغاچقا، كۆڭلىدىكى غەشلىك بىلەن پاراكەندىچىلىكلەرنى باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇش ۋە مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن يېڭىپ كەتتى.

بۇ گۈن چۈشتىن كېيىن، دىجورنىلىك نۆۋىتى يەنە مەتكېرەم مەتقاسىمغا كەلدى. ئۇ «كامېر» غا كىرىپ، شەۋكەت بىلەن قىسقىلا سالاملىشىپ قويۇپلا كارىۋىتىغا يانپاشلىدى ۋە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» كونسپېكتىنى خالار ـ خالىماس ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟— سورىدى شەۋكەت خاتىرە دەپتىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ھەئە، — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم كونسپېكتتىن كۆز ئۈزمەي، — كېلەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» دىن ئىمتىھان ئالماقچى.

— ھازىر قايسى دەۋرنى ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — شەۋكەت ئۆزىچە قىزىقىپ سورىدى.

مەتكېرەم مەتقاسىممۇ دەرس ئوقۇش تازا خۇشياقمايۋاتقان ۋاقىتتا بۇنداق بىر پاراڭچىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك، كونسپېكتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتىنى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئاتاقلىق شائىرلارمۇ كۆپ ئىكەن. خىرقەتى دەمدۇ، سالاھى دەمدۇ، خاراباتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇن نەچچىگە بارىدىكەن، ئەسەرلىرىمۇ كۆپ.

— شۇنداق، بۇ ئون ئالتىنچى ئەسىر بىلەن ئون يەتتىنچى ئەسىر ئارىلىقىدىكى خوجىلار بىلەن جۇڭغارلار دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى شەۋكەت خىيالچان ھالدا، — بۇ دەۋر ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ، كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن تىنچسىز دەۋر. بۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ جاھىل خوجىلار تەرىپىدىن «ئاق تاغلىق»، «قاراتاغلىق» دەپ ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا قانلىق جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇۋاتقان؛ جۇڭغارلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، جۇڭغا-

رىيەگە سۈرگۈن قۇل كۆچۈرۈۋاتقان پاجىئە ئوچىقىغا ئايلانغانىدى.
ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چارەك كەم بىر ئەسىرگە يېقىن
ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، خەلقنى پاراكەندە قىلىدىغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ
بېرىشى نەتىجىسىدە، تەسەۋۋۇپلۇق، ساختا كارامەتچىلىك، ئەۋلىياپە-
رەسلىك ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن، تەقۋادارچىلىق ئاساسىدىكى
دىنىي شېئىرىيەت ۋە خۇشامەتچىلىك ئاساسىدىكى ئوردا ئەدەبىياتى
قانخور خوجىلار ھاكىمىيتى بىلەن ئۇنىڭ دىنىي ئالدامچىلىقلىرىنى
كۈچەپ مەدھىيىلەپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.
مانا شۇنداق چىدىغۇسىز، قالايمىقان، ئەنسىز شارائىتتا، خىرقەتى، زە-
لىلى، نۆبىتى، خاراباتى، ئەرشى قاتارلىق بىر تالاي شائىرلار ئەل ـ
يۇرتنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە نەزەر سېلىپ، خۇددى بۇرۇقتۇرمىلىق
ئىچىدە كىشنىگەن تۇلپاردەك جاھالەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ
چىقتى، ئۇلار يۈرەك قېنىدا يېزىلغان ساپ ۋە ئۆتكۈر مىسرالىرى بىلەن
خەلقنىڭ نىجاتلىققا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار ئۆزلى-
رىنىڭ «سەپەرنامە»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، «گۈل ۋە بۇل-
بۇل» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە، تارىخىي ھەقىقەت بىلەن ئىجتى-
مائىي ئادالەتنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن گۈزەل-
لىك، ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىق، ھەقىقەت ھەم ئادالەتنى ئوخشاشمىغان
نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بەردى!...

شۇ دەۋر ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى قىسقا، مېغىزلىق بۇ سۆزلەر شۇ
ھامان مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭ كاللىسىغا ئورناپ قالدى. ئۇ كونسپېكتنى
ئوقۇپمۇ بۇنچىلىك يەكۈنگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇ، تۇ-
رۇپلا يەنە ئەجەبلەندى.

— بۇ دەرسنى سۆزلىگەندە سىز سىنىپتا بولمىسىڭىز، ئەجەب
ئوبدان بىلىۋاپسىزا؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىقىنى باسالماي.

شەۋكەت كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى قىزغىن ۋە سەمىمىي
ئىدى.

— بىلىم ئېلىشنى سىنىپ بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ، مەت-

كېرەم مەتقاسىم! — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ ئوچۇق كۆڭۈل-لۈك بىلەن، — مېنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى دەل مۇشۇ تېمىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىۋاتقىنىمغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. مەن بۇ-نى ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى قىلىپ يېزىشقا تەييارلىق قى-لىۋاتاتتىم، كۈتۈلمىگەن يەردىن بۇ پېشكەللىككە يولۇقۇپ، پىلانلىرىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى...

شەۋكەت چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزدىن توختىدى. مەتكېرەم مەتقاسىممۇ خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كونا يارىنى تاتىلاپ قويغاندەك، ئوڭايسىز بىر ھالدا جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، شەۋكەت سۆزىنىڭ تېمىسىنى بىراقلا يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ كىنوغا بېرىش ئىستىكىنى بىلدۈرۈش نىيىتىدە مۇنداق سورىدى:

— مەتكېرەم مەتقاسىم، ئەتراپتىكى كىنوخانىلاردا يېڭى كىنولار قويۇلۇۋاتامدۇ؟

— قويۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم ئالمان - تال-مان، — يېنىمىزدىكى «ج س د ج»① كۇلۇبى بىلەن ئەخمەتجان كو-چىسىدىكى يازلىق كۇلۇبتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يېڭى بىر سەھەر»، «ئۇلۇغ گىراژدان»، «ئۈچ يۈز يىل مۇقەددەم»، «خەتەرلىك ئەگىم»؛ جۇڭگونىڭ «داجى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى»، «پارتىيە قىزى»، «ھەممە قۇشلار كۈنگە قاراپ ئۇچماقتا» دېگەن كىنولىرى قويۇلۇۋاتىدۇ.

— سىز قايسىنى كۆردىڭىز؟

— ھەممىنى كۆردۈم. ئىشقىلىپ، قورسىقىم ئېچىپ كەتسىلا، كى-نوغا بېرىپ ۋاقتنى ئۆتكۈزدۈم!

— سىزگە قايسى كىنو ياردى؟

مەتكېرەم مەتقاسىم كۆزىنى قىسىپ، ئېڭىكىنى سىلاپ، بىرئاز ئويلاندى.

— ھە... ھېلىقى ...، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن قولى بىلەن

① «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى»

بىر نەرسىنى كۆرسەتكەندەك ئىشارە قىلىپ، — ھېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «خەتەرلىك ئەگىم» دېگەن كىنوسى ياخشىكەن، ماڭا ياردى. ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي دەڭە: رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىر ئايال مۇخبىرى يېرىم كېچىدە خىزمەتكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدىكەن، خەتەرلىك بىر ئەگىم بار جايغا كەلگەندە، ئارقىسىدىن كەلگەن بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپى سوقۇۋېتىپ، ئېغىر يارىدار بولىدىكەن. شوپۇر ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولغاچقا كېتىۋېرىدىكەن، كېيىن بىر ئىنژېنېر پىكاپ بىلەن خەتەرلىك ئەگىمدىن ئۆتكەندە، بىرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىكاپىنى توختىتىدىكەن ۋە قانغا مىلەنگەن بىر ئايالنى كۆرۈپ، بولدىلا، ئۆزۈمگە پالاكەت تېپىۋالماي، دەپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئارقىسىدا ھېلىقى ئايال مۇخبىر ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشقا ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر سۇژىتى ئاستا ـ ئاستا قانات يېيىپ، ھەر خىل خاراكتېردىكى ئادەملەر مەيدانغا چىقىدىكەن، فىلىمدىكى ھەممە ۋەقە ئاشۇ «خەتەرلىك ئەگىم» نى چىڭ تۇتقا قىلىپ ئىشلەنگەن، مۇھىم ۋەقەلىكمۇ خەتەرلىك ئەگىمدە يۈز بەرگەن...

— راست، ياخشىكەن، — دېدى شەۋكەت غايىبانە قىزىقىش بىلەن، — كىنونىڭ ئىسمىمۇ مەنىلىك ئىكەن. دېمىسىمۇ، ھەرقانداق يوللاردا خەتەرلىك ئەگىم بولىدۇ، ئەگەر ئېھتىيات قىلمىسا، ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋا ـ ماشىنىلار بۇنداق خەتەرلىك ئەگىم بار جايغا كەلگەندە، خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتىدىمۇ خەتەرلىك ئەگىملەر بولىدۇ. ئادەممۇ خەتەرلىك ئەگىمگە دۇچ كەلگەندە، ئوڭايلا بىرەر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئومۇمەن، كىشىلىك ھاياتتىكى «خەتەرلىك ئەگىم» ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىدىيىسىنى سىنايدىغان سىناق تېشى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ھېچقانداق يوشۇرۇن نەرسە بولمايدۇ، ھەممە نەرسە ئاشكارىلىنىدۇ.

شەۋكەت بۇ سۆزىگە يېقىندىن بۇيانقى ئەمەلىي تەسىراتى بىلەن ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يۇغۇرۇۋەتكەنىدى. مەتكېرەم مەتقاسىممۇ ئۇنىڭ-

دىن ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك، بېشىنى لەرزان لىڭ-شىتىپ قويدى.
شەۋكەت ئەمدى مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:
— مەتكېرەم مەتقاسىم، بۇگۈن مېنى ئاشۇ كىنولارنىڭ بىرەرسىگە ئاپىرىپ كەلمەمسىز؟ نېمە ئۈچۈندۇر ئىچىم سىقىلىپ تۇرىدۇ...
مەتكېرەم مەتقاسىم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىرئاز ئويلانىدى ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ:
— بوپتۇ، بارساق بارايلى، — دېدى رازىلىق بىلدۈرۈپ، — لېكىن سەل تەخىر قىلىڭ، ساۋاقداشلار كەچلىك تەكرارغا كىرىپ كەتسۇن، ئاندىن ماڭايلى!
ئۇلار ئىككىسى شۇنداق دېيىشىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە كەچلىك تەكرارغا چېلىنىدىغان قوڭغۇراقنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى.

× × ×

يورۇق، ئازادە سىنىپتا كەچلىك تەكرار كېتىۋاتاتتى. ئوتتۇزغا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشى، كەيپىياتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزىلەر ئەتە-كى دەرسنىڭ كونسپېكتلىرىنى ۋاراقلىسا، بەزىلىرى رومان ئوقۇيتتى، بەزىلەر شېئىر يازسا، بەزىلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇۋېلىپ، پەس ئاۋازدا نېمىنىدۇر مۇلاھىزە قىلاتتى. تېخى مۇشۇنداق غاۋۇر - غۇۋۇر ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. دېرىزە تەرەپكە قويۇلغان پارتىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يانمۇ يان ئولتۇرغان ئىككىسى ئەنە شۇنداق خىرامان ئۇيقۇغا كەتكەنلەر ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى — پاكار بوي، پۇتى تاشمايماق بولغاچقا، سەل ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان، چېچىنى سول چېكىسىدىن ئايرىپ، ئىككى تەرەپكە ياتقۇزۇپ تارايدى-غان، كىم بىلىسە ئارقىسىدىن كېتىۋېرىدىغان تۆگە مىجەز، سادا

يىگىت ساۋۇت ئىدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنى «ساۋۇت پىستەك » دېسە، بەزىلىرى «ساۋۇت داپ » دەپ ئاتايتتى. ھەر ئىككى ئىسىمغا ئۇ كۆنۈك ئىدى. ئۇ ھازىر ئېشەك تېرىسىدىن كېرىلگەن قوپال بىر داپنى بېشىغا قويۇپ، ئەتىكى دەرس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتىھان دېگەنلەرنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي، غەمسىز ئۇيقۇغا كەتكەنىدى؛ يەنە بىرسى — ئېگىز بوي، يوغان كۆزلىرى لاپ - لاپ قارايدىغان، قاردـ مۇتۇق، كۆكۈلچەك يىگىت ھېلىم ئىدى. ئۇنى ساۋاقداشلىرى ئومۇمـ يۈزلۈك «ھېلىم غېجەك » دەپ ئاتايتتى. ئۇمۇ ھازىر غېجىكىنى دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەپ قويۇپ، يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنـ دى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ياكى بىرەر يەردىكى توي، بەزمە، ئولتۇرۇشتا بولۇشىغا نەغمىكەشلىك قىلىپ، شۇ يەردىن ھېلىلا قايتىپ ئۇدۇللا سىنىپقا كەلگەن ياكى ئەمدى راسا بىر ئۇخلىۋېلىپ، تەكراردىن كېيىن بىرەر يەرگە بېرىپ، يېرىم كېچىگىچە ساز چېلىپ، ناخشا توۋلاپ قورساق باقماقچى!...

دەل شۇ چاغدا، سىنىپقا تۇيۇقسىز ھاۋاز بەختى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن بايا قالايمىقان، ئىختىيارىي يۈرگەن ئوقۇغۇـ چىلار ئۈپۈر - تۈپۈر بولۇپ جاي - جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇردى. كىمـ دۇر بىرسى ھېلىم غېجەك بىلەن ساۋۇت داپنىمۇ تۈرتۈپ ئويغىتىۋەتـ تى. ھاۋاز بەختى قولىنى ئارقىغا تۇتقىنىچە گىدىيىپ، ئۇياقتىن - بۇـ ياققا ماڭدى. ئوقۇغۇچىلار جىمجىت ھالدا قولىدىكى كونسىپىك، خاـ تىرە ۋە كىتابلارنى شۇرىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھاۋاز بەختى سىنىپـ نى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، توساتتىن تەھدىتلىك بىر تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ سىنىپتا ئېقىمغا قارشى تۇرغۇچى قەھرىمانلار پەيدا بوپتۇ، قالتىسقۇ! — ئۇ بىردىنلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قېقىقلاپ، ھاـ ھالاپ كۈلدى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە كىمنىدۇر كەمسىتىپ، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل كۆرەڭلىك بار ئىدى، ئۇ ھەممەيلەنگە سوغۇق نەزەر بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئارقىدىكى پارتىدا خۇددى ئۆرۈك

كۆتىكىدەك مەزمۇت ئولتۇرغان ئاقنىيازغا كەلگەندە، چىپپىدە توختاپ، كۆزلىرىنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ داۋام قىلدى، — سىز، يولداش ئاقنىياز، ھەقىقەتەنمۇ ئۆلگە بولۇۋاتىسىز، بەكمۇ ئۆلگە بولۇپ كەتتىڭىز! قانداق، بۈگۈنمۇ پىشىڭىزنى قىقىپ، چالۋاقاپ چىقىپ كېتەمسىز ـ يە!؟

بۇ سۆزلەرنىڭ زەھەرلىك تەنە ۋە مەسخىرە ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. ھاۋاز بەختى بۇ يەردە ئاقنىيازنىڭ ئۆتكەن كۈنى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ يىغىنىدىن ئون نەچچە ساۋاقدىشىنى باشلاپ، يامغۇر ئاپىتىدە قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەيىبلەۋاتاتتى. زايىت بۇ ئەھۋالنى شۇ كۈنى كەچتىلا ھاۋاز بەختىگە يەتكۈزگەن ۋە يىغلىغۇدەك بولۇپ، ئاقنىياز ئۈستىدىن دادخورلۇق ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا، ھاۋاز بەختى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، بىر تەرەپتىن: «زايىت، ئېسىڭىزدە بولسۇن، تۇرمۇش خۇددى بەيگە ئېتىغا ئوخشايدۇ، بەيگىگە چۈشۈش تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەقىبىنى يېڭىش ئۈچۈن!» دەپ ئۇنى قۇتراتقان ۋە بۇ مەسىلىنى دەرھال فاكۇلتېت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى نامىدىن مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىغا يازما ماتېرىيال قىلىپ يوللاشنى ئېيتقانىدى. بۈگۈن ئۇ يەنە ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئاقنىيازنىڭ راسا بىر «ھەيۋىسى» نى ئۇرۇش ئۈچۈن يامان ئەلپازدا سىنىپقا كىرگەنىدى.

— سىز ئاقنىياز، شۇنداق بىر جىددىي سىنىپىي كۈرەش، شۇنداق بىر چوڭ ھەق ـ ناھەق كۈرىشى ئالدىدا ئۆزىڭىزنى نەدە قويدىڭىز؟! — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھاۋاز بەختى كەسكىن سوئال ـ سوراق بىلەن، — سىزدە سىياسىي مەۋقە، سىنىپىي مەيدان دېگەن نەرسىلەر بارمۇ، يوقمۇ؟! سىز تېخى بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئاپەتتىن قۇتقۇزدۇم، دەپ بۇ جىددىي مەسئۇلىيەتتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتمەكچىمۇ؟! ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق! سىزنىڭ ئۇ قىلغىنىڭىز بەئەينى پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپماقچى بولغاندەكلا ئەخمىقانە ئىش!... —

ئۇ يەنە شۇنداق قولىنى ئارقىغا تۇتقان پېتى بىر تەرەپتىن ئاغزى بې-
سىلماي سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ناھايىتى سالماق قەدەم بىلەن پۈتىنى
قاتتىق بېسىپ ئاقنىيازنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ پارتىسىدا ئېچىقلىق
تۇرغان ئۆزبېكچە «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى بىر سانىنى
كۆرۈپ، تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى، — سىز... سىز زادى نېمە قىل-
ماقچى؟! كېلەر ھەپتە سىياسەتتىن ئىمتىھان تۇرسا، سىز بۇ چەت ئەل-
نىڭ غەلىتە ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپسىزغۇ؟! ئاقنىياز، سىزدىكى
بۇرژۇئا تۇيغۇلىرى بىلىنمەستىن نام - شۆھرەتكە، ئاخىر ئاستا - ئاس-
تا قايناق سىياسىي ھاياتتىن چەتنەشكە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن
خەتەرلىك جۇمۇ! ... قېنى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، سىز لېكسىيىلەر-
دىن خاتىرە يازامسىز؟ خاتىرىڭىز بارمۇ؟ ...

ئاقنىياز ئېرىنچەكلىك بىلەن پارتا ئىچىدىن بىر دەپتەرنى چىقاردى،
قارىماققا بۇنى دەپتەر دېگىلىمۇ بولمايتتى، باسما زاۋۇتىنىڭ قىيىندا
قەغەزلىرىنى قېلىن قىلىپ تۈپلىۋالغان تار، ئۇزۇنچاق بىر دەپتەرچە
ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا بىر ئەمەس، بىرنەچچە خىل دەرسنىڭ
قىسقا - قىسقا سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىخچام خاتىرىسى بار ئىدى.
ھاۋاز بەختى دەپتەرچىنى قولىغا ئالدى ۋە خۇددى ئۇنىڭدىن يىرگەن-
گەندەك، كۆزىدىن نېرى تۇتۇپ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى ۋاراقلىدى ھەم
بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— ئېيتىڭە، سىز جەمئىيەتكە نېمە بىلەن چىقىپ كەتمەكچى؟!
مۇشۇنداق چۇپرەندە نەرسىلەر سىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئالغان بىلد-
مىڭىزنىڭ خاتىرىسىمۇ؟!

ئاقنىياز ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— مۇئەللىم، ئالەم چەكسىز، بىلىشمۇ چەكسىز! — دېدى ئۆزىنى
تۇتقان ھالدا، — ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىر توقاي خاتىرە ۋە كونسى-
پېكلارنى ئېلىپ جەمئىيەتكە چىقىش بىلەن بىزنىڭ بىلىشىمىزنى تو-
گىدى دېگىلى بولمايدۇ! بىلىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئەمەلىي قىسمى
تېخى جەمئىيەتتە. مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىن بىر ساندۇق دەپتەر، كونسى-

پىك ئەمەس، بەلكى توغرا ئەقىل، ياخشى ئەخلاق ۋە ساغلام بەدەننى ئېلىپ چىقىپ كەتسەملا بولدى!...

دەرۋەقە، ئاقنىيازنىڭ ھەرقانداق لېكسىيىلەردىن ئۆزىگە خاس خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇ دەرس ۋاقتىدا باش كۆتۈرمەي، سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە خاتىرە يېزىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. بەلكى ئوقۇتقۇچىلار لېكسىيە سۆزلىگەندە، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى، كېيىن ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەۋھەرلىرىنى يىغاتتى، مەركىزىي ئىدىيىسىنى خۇلاسىلەپ، ئاخىرىدا ئەنە شۇ «چۈپرەندە» دەپتىرىگە ئىخچام يېزىۋالاتتى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىغىمۇ مەسلىھەت بېرىپ: «ئوقۇتقۇچى نېمە دېسە، شۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىشنىڭ ئۆزى تېپىك دوگمىچىلىق! ھازىرغۇ كۆچۈرۈپ، يادلاپ بىر ئىش قىلارسەن، كېيىن جەمئىيەتكە چىققاندا قانداق قىلىسەن؟ ئۇ چاغدىمۇ ساڭا ئوقۇتقۇچىلار سۆزلەپ بېرەمدۇ؟ يەلكەڭدە ئۆزۈڭنىڭ كاللىسى بولۇشى كېرەك!» دەيتتى.

ھاۋاز بەختى ئاقنىيازنىڭ سۆزىدىن مەڭدەپ قالدى، بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۇمەللىدىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن گەپ چىقماي، لەۋلىرى قىسىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «بۇ بەكمۇ تۈيغۇن نەرسە ئىكەن، تۈيغۇن ئادەم خەۋپلىك بولىدۇ» دېگەن خىياللار چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىر سەل ـ پەل ئۆزىنى بېسىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ــــ سىز بەكمۇ گەپدان، بىلەرمەن ئىكەنسىز، ئاقنىياز! لېكىن ئۇنچە كېرىلىپ، گىدىيىپ كەتمەڭ! ئىت ئۆگزىگە چىقىۋالسىمۇ، بەرىبىر ئىگىسىدىن پەس تۇرىدۇ!

ئاخىرقى سۆز ئاقنىيازنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى. ئۇ كەمسىتىلگەندەك، ھاقارەتلەنگەندەك، چوڭقۇر خورلۇق ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ، كۆز ئالدىدا گىدىيىپ، ئۆزىنى بىلمەي تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ

قانداقتۇر ئوقۇتقۇچىلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتى دېگەنلەرنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۈچ قىرلىق بىگىزدەك تۈرۈلۈپ، «سىزدەك سالاپەتلىك ساختا ئىت باقارلاردىن ئۆگزىگە چىقىۋالغان ۋاپادار ئىت ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ! » دەپ، بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، تۇۋ-يۇقىسىز قوڭغۇراق چېلىنىپ، كەيپىيات ئۆزگەردى، سىنىپ ئىچى ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى. ھاۋاز بەختى غالىبلاردەك مەيدىسىنى كېرىپ، تەمەننا كۈلكىسى بىلەن ھىجىيىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى، ئاقنىياز ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، خۇددى يىلتىزىغا ئورغاق تەگكەن قىياق-تەك لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ...

× × ×

زايىتىنىڭ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىغا يوللىغان ماتېرىيالى ئۇلارنىڭ خېلى دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاز بەختىنىڭ بۇ ئىشقا بىۋاستە قول تىقىپ، ئاقنىيازنى سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەت-تىن قارىلاپ، ئەيىبلىشى بۇ يەردە كۈچلۈك سادا پەيدا قىلدى. ھاۋاز بەختى ئىتتىپاق كومىتېت شۇجىسى بىلەن سۆزلەشكەندە، ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— توغرا، ئاقنىياز دەرستە ياخشى، شېئىر يېزىشتىمۇ ئىقتىدارى بار. لېكىن، ئۇنىڭ سىياسەت بىلەن كارى يوق. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق كې-تىۋەرسە چوڭ چاتاق چىقماي قالمايدۇ! ئۆگەنگەن بىلىمىنى نەگە ئىش-لىتىشنى بىلمەي قالىدۇ! چاتاققۇ چىقتى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭى چىقىشى مۇمكىن. ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرگەنسىز، ئۇنىڭدا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى پاكىت، ئەمەلىيەت! ھا-زىر ئۇ تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ، سىنىپتا خۇددى پىلخانۇپتەك ئولتۇرىدى-غان، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى دېگەنلەرنى پىسەنتىگىمۇ ئال-مايدىغان بولۇپ قاپتۇ! ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا سەگىتىپ، باشقىلارغا قات-

تىق ئىبرەت قىلمىسا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ يامان تەسىرى بىلەن سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ!...

مانا شۇنداق ماتېرىيال يوللاش، چۇشەندۈرۈش ۋە ئېزىپ ئېچۇرۇشكە ئوخشاش قاتمۇقات خىزمەتلەر بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتى ئاخىر ئاقنىيازغا «ئىتتىپاقتىن قوغلاش» جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلار قارارنى تەييارلاپ، مانا ئېلان قىلىمىز، ئەنە ئېلان قىلىمىز، دەپ تۇرغان ۋاقىتتا، كۇتۇلمىگەن بىر مۆجىزىلىك ئىش يۈز بەردى. ئۈرۈمچى تىيانشان رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن مەكتەپكە بىر تەشەككۈرنامە بىلەن بىر دۇخاۋا لەۋھە كېلىپ قالدى. تەشەككۈرنامىدە، ئاقنىياز باشلىق ئون تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ يىرىم كۈن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، يامغۇر ئاپىتىدە قالغان ئون يەتتە ئائىلە بىلەن سەككىز بالىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىق ۋەقەسى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق خالىس، پىداكارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان، رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتىلغانىدى. چىرايلىق ئىشلەنگەن قىزىل دۇخاۋا لەۋھەدە بولسا، «ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ يېتىلگەن ياراملىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تەقدىم» دېگەن سەلتەنەتلىك خەتلەر يېزىلغانىدى. بۇنداق ئىككى ئەتىۋار بۇيۇمنىڭ تاسادىپىي كېلىپ قېلىشى مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىچىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇلار بۇنى خەلقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان يۈكسەك باھاسى، مەدھىيىسى ۋە قىزغىن ئالقىشى، دەپ چۈشەندى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇنداق چوڭ شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلگەن ئاقنىياز باشلىق ئون تۆت ئوقۇغۇچىدىن چوڭقۇر ئىپتىخارلىق، مىننەتدارلىق ھېس قىلىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە مەزكۇر ئون تۆت ئوقۇغۇچىنى چوڭ يىغىن ئېچىپ تەقدىرلەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئاقنىيازغا چارە كۆرمەكچى بولغان ھېلىقى ئاتالمىش قارارى خۇددى تاغدىن تاشقىنلاپ چۈشكەن ئۇلۇغ سۇ ئۆز يولىدىكى ھەممە غەلدە ـ غەشتىلەرنى تامام ئېقىتىپ

كەتكەندەك، شەپىسىزلا بېسىلىپ قالدى، ھېچكىم ئۇنى قايتا ئېغىزغا
ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى!

فاكۇلتېتتىكى تەقدىرلەش يىغىنى ئەتىسىلا ئېچىلدى. يىغىنغا پۈتۈن
ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتناشتى، ھەممەيلەن خۇشال
ھەم قىزغىن ئىدى، پەقەت ئىككى ئادەم — ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ناخۇش ئولتۇرغان ھاۋاز بەختى بىلەن ئوقۇ-
غۇچىلار ئارىسىدا سالپىيىپ خامۇش ئولتۇرغان زايىتلا خاپا ۋە روھسىز
ئىدى. يىغىندا ياقۇپ كېرىمى ئاقنىياز باشلىق ئون تۆت ئوقۇغۇچىنى
ھۆرمەت بىلەن مۇنبەرگە چىقاردى، مەمنۇنلۇق بىلەن بىرمۇبىر تو-
نۇشتۇردى ۋە ئۇلارغا گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە مەكتەپنىڭ، فاكۇل-
تېتنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا، بارلىق ئوقۇغۇ-
چىلارغا ئۆزىنىڭ ئۈمىد - ئىستىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ساۋاقداشلار، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ تۇر-
مۇشنى، ھايات يولىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر غايە، ئەقىدە بو-
لۇشى لازىم. غايە، ئەقىدە ياشلارغا نىسبەتەن، بولسىمۇ بولىدىغان، بول-
مىسىمۇ بولىدىغان بىزەك ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردىكى
مەنىۋى تۈۋرۈك! تۈۋرۈك بولمىسا، ئۆي - ئىمارەت ئۆرە تۇرمىغاندەك،
غايىسىز، ئەقىدىسىز ئادەممۇ كىشىلىك ھايات يولىدا نىشانسىز ئېزىپ
يۈرىدۇ! سىلەر جەمئىيەتكە چىققاندا، ھازىرقىدىنمۇ يۈكسەك، جاپالىق
ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىگە دۇچ كېلىسىلەر. بۇ ھال سىلەردىن
تېخىمۇ ئۇلۇغۋار غايە، تېخىمۇ مۇستەھكەم ئەقىدە، تېخىمۇ مول پەن -
مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ
ئەڭ قىممەتلىك، ئەتىۋار ياشلىق باھارىڭلارنى ئۆگىنىشكە، ئەھمىيەتلىك
ئىشلارنى قىلىشقا سەرپ قىلىپ، غايىلىك، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشۈڭلارنى
تىلەيمەن ھەم ياشلىق باھارىڭلارنىڭ گۈزەل، پارلاق بولۇشىنى ئۈمىد
قىلىمەن!...

ياقۇپ كېرىمى ئالدىدىكى ئىستاكاندىن بىر يۇتۇم چاي ئوتلاپ تو-

رۇۋېدى، بىر سى تـامدىن تارىشا چۈشكـەندەكلا ۋارقىـراپ ئورنىدىن تۇردى :

ــ پىكىر!... رۇخسەتمىكىن!... بۇ يىغىنغا نېمە ئۈچۈن ئاشپەزلـەر كەلمەيدۇ؟ ئۇلار مۇ كەلسۇن!

ھەممەيلەن ھەيرانلىق بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، سۆزلىگۈچىگە قارىدى. ئۇ كۆزلىرىنى مىت قىلماي پارقىرىتىپ، يادىغان، تاتارغان چىرايىدىن غەلىتە ئىپادىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرغان تۇراق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يىغىنغا قاچان كىرگەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. يېقىندىن بېرى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. گەپلىرى چەلەڭگۈش، پىكرى خىرە ئىدى. سۆزلەپ كېتىۋېتىپ ئازاتتى، باغدىن سۆزلەۋېتىپ، تاغقا كېتىپ قالاتتى. ئورا كۆزلىرى ھەمىشە قىزارغان، ئېلىشاڭغۇ كۆرۈنەتتى. بۇرۇنقى بېجىرىم جىسمىمۇ بارغانسېرى زەئىپـ ـلىشىپ، يۈز سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، قاڭشىرىمۇ قىڭراقتەك تىكلىشىپ كەتكەنىدى. سەلەي قاشاڭنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر ئىشكىنىڭ قىسلچىقىدا قالغان ئاۋاقلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ــ مېنى ئاشپەزلەر بوزەك ئەتتى! ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تۇراق پەلپەتىش سۆزلەپ، ــ ئۇلار مېنى ئاشخانىدىن قوغلاۋاتـ ـتىدۇ... كۆكتاتنىڭ شۆپۈكلىرىنى يىغقىلى قويمىدى... ئۇلار مېنىڭ تامىقىمنى يەپ كەتتى... ئۇلار يىغىنغا كەلسۇن... ھەممىمىز تىللايلى ئۇلارنى... ئۇلار ماڭا بەرمەي يەپ كەتتى...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈپ، ئەندىكـ ـكەندەك، باللارنىڭ قىستا ـ قىستاڭ ئارىسىدىن ئالمان ـ تالمان سۇـ ـغۇرۇلۇپ چىقىپ :

ــ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى... ۋاي ـ ۋاي... ئاشخانىغا باردـ ـمەن... نان... نان...، ــ دېگىنىچە دۈگجۈپ زالدىن چىقىپ كەتتى.

يىغىن مەيدانى بىر ھازاغىچە جىمجىت سۈكۈتكە چۆمۈپ كەتتى...

## 11

«قىزلار، قىچىڭلار! تۇراق ساراڭ كېلىۋاتىدۇ، ئەنە كېلىۋاتىدۇ، قىچىڭلار!...» راست، ئۇ كېلىۋاتاتتى، ئالچاڭلاپ، غەلىتە ھېجىيىپ، غالدا ـ غۇلدۇڭ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ چاچلىرى تېخىمۇ پاخپايغان، پاخالدىن تارتىپ توزغاققىچە يېپىشىپ، تېخىمۇ كىر، مەينەتلەشكەن، يۈزىنى ئالا ـ بۇلىماچ بوياپ، چەت ئەلنىڭ سېرك ئارتىسلىرىدىنمۇ ئۆتەر كۈلكىلىك بولۇپ قالغان...

راست، ئۇ ئەمدى ساراڭ بولۇپ قالغانىدى، ھازىر ئۇنى ھەممەيلەن بۇرۇنقى «تۇراق توشقان» دېگەن چىرايلىق، تېتىك ئىسمى ئورنىغا «تۇراق ساراڭ» دېگەن قوپال، ئېچىنىشلىق ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ياتاق بىلەن تاماقخانىنىڭ ئارىسىدا سوكۇلداپ، قاچانلاردۇر يادلىۋالغان بىر شېئىرنى بەزىدە ئۈنلۈك، بەزىدە خىرە ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ يۈرەتتى:

بىر قاراپلا ساق دېمە، مەن بىر قۇرۇق ئىسكىلىت،
تومۇرلاردا قېنىم قاتقان، گۆشلىرىم كۆيگەن ئىسسىت!
يىلىكلىرىم قۇرۇپ پۈتتى، ئۇستىخىنىم بولدى قاق،
يۈرىكىمدىن ئۆچتى يالقۇن، مەن دېمەتلىك ياشقا باق!...

بەزى كۈنلىرى ئۇ مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپ جىممىدە ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىدىن مۆل ـ مۆل ياش تۆكەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى...

ئۇ قورسىقى ئاچقان ھامان تاماقخانىغا كېلىپ، ئاشپەزلەر بىلەن ئېيتىشاتتى. پەشخۇنغا دۈۋۈلەپ قويغان قوناق مومىسىنى، داش قازاندا قايناۋاتقان ئۇماچ ياكى سۇيۇقئاشلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي قازان

بېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئېتىلاتتى، ئاشپەزلەر كىرگۈزمىسە، ئاغزىغا
كەلگەن گەپ بىلەن تىللايتتى، ئاخىر ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئۇزۇن ساپ-
لىق چۆمۈچنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، يەنە ئامالسىز يىراققا قاچاتتى ۋە
تاماقخانىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، كۆكتات شۆپۈكلىرى ئارىسىدا تاش-
لىنىپ قالغان پارچە ـ پۇرات سەۋزە، ياڭيۇ، قىزىلچىلارنى ئىزدەپ تې-
پىپ، شۇ پېتىلا قاساپ، كاسىلدىتىپ يەپ كېتەتتى...
ئۇ بەزىدە قىزلارنىمۇ قوغلايتتى، لېكىن قوپاللىق قىلمايتتى، بەلكى
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ماڭا نان بېرىڭلار، نان بەرسەڭلار سۆيۈپ
قويىمەن...» دەيتتى تېخى! شۇڭا، قىزلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن هامان ئۇنىڭ تەلۋىلىك بىلەن قۇچاقلىۋېلىشى-
دىن قورقۇپ قاچاتتى، لېكىن يانچۇقلىرىدا بىرەر تال كەمپۈت ياكى
پېچىنىلەر بولسا، يېقىن كەلمەي تاشلاپ بېرەتتى. ئېشقىلىپ، ئۇ ئۇنچى-
لىك قەبىھ، غالجىر ساراڭلاردىن ئەمەس ئىدى، دوستلىرىنى،
ساۋاقداشلىرىنى تونۇيتتى، ئۇلار گەپ قىلسا، ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلايت-
تى، لېكىن قورساققا كەلگەندە، ئۇنى ئاجايىپ بىر قۇدرەتلىك ئىلاهىي
كۈچ ئۆز ئىسكەنجىسىدە قاتتىق باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
تۇراقنىڭ «ساراڭلىق ئىش ـ ئىزلىرى» كۆپەيگەنسېرى، فاكۇلتېت
رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قا-
تۇردى. تۈنۈگۈن ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدىمۇ بۇ مەسىلە ئۆز-
لۈكىدىن ئوتتۇرىغا چۈشتى. يىغىندا، يەنە شۇ هاۋاز بەختى ھېچكىم-
نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاهىدە بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
بىر مۇنچە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى:
— مەن تۇراقنىڭ ھەقىقىي ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەي-
مەن! — دېدى ئۇ جىددىي ئەلپازدا، — ئۇنى كالللىسى ئېلىشىپ، رو-
ھىي جەھەتتە ساراڭ بولۇپ قالدى دېگەندىن كۆرە، «جاھان سارى-
ڭى» دېگەن تۈزۈك! ئەجەبا، بىزنىڭ تالاي ئەجدادلىرىمىز يىگىرمە
بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەردەك ئاشۇنداق ئازابلىق، مۈشكۈل ئىن-
قىلاب شارائىتىدىمۇ، ئاچارچىلىقتىن ساراڭ بولۇپ قالمىغان! ئەمدى

كىلىپ، مۇشۇنداق بەختلىك دەۋردە، كىچىككىنە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق
شارائىتىدا ساپىساق بىر ياش ساراڭ بولۇپ قالامدۇ ؟! ئۇ ساراڭ ئە-
مەس، ئۇ مۇشۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتكە نارازى-
لىق بىلدۈرمەكچى، ئۇنىڭ غەرىزى ئىنتايىن يامان! بىز بۇ ئىشنى
تەكشۈرۈپ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى ھازىرقى ۋەزىيەت تەربىيىسى
ئۈچۈن جانلىق دەرسلىك قىلىشىمىز كېرەك!
بۇ پىكىر كىشلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەچكە، بەزىلەر
ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بەزىلەر دەماللىققا تېگىگە يېتەلمەي، كۇسۇر ـ
كۇسۇر بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنىڭغا قارشى بىرىنچى پىكىرنى يەنە
سەلىم ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويدى :
ــــ مېنىڭچە، يولداش ھاۋاز بەختىنىڭ پىكرىنى سىياسىي سەزگۈر-
لۈكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دەر-
ۋەقە ئۇرۇش يىللىرىدا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز سى-
نىپىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئاچارچىلىققا چىداپ، زور قۇربانلارنى بەر-
گەن. بۇ ئەلۋەتتە شۇ چاغدا ياشىغان خەلققە تارىخنىڭ يۈكلىگەن
مەسئۇلىيىتى! لېكىن، نورمال تىنچ شارائىتتا، ئادەم جىسمانىيىتىنىڭ
ھامان چېكى بولىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش، يېرىم ئاچ، يېرىم
توق تۇرمۇش ۋە تىنچسىز، قىستا ـ قىستاڭ تۇرار جاي شارائىتى كى-
شىلەرنى ئاسانلا غەمكىن، ئىرادىسىز، چۈشكۈن قىلىپ قويىدۇ! بۇنداق
شارائىتتا، بەزىلەرنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشى، بەزىلەرنىڭ تۇراقىا
ئوخشاش ساراڭ بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس! چۈنكى
ھازىرقى زامان جەمئىيىتى تەرەققىياتى تېز، رىقابەت جىددىي، ئەلالىرى
ئۆتۈپ، ناچارلىرى چۈشۈپ قالىدىغان يېڭى جەمئىيەت!
ھاۋاز بەختى ئولتۇرالماي قالدى، سەلىم ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگە ـ
تۈگىمەيلا چالۋاقاپ كەتتى :
ــــ بۇنداق دېيىش ئىنقىلابىي ئەنئەنە بىلەن ئىنقىلابىي روھنى
چەتكە قاققانلىق! ئىنقىلابىي ئەنئەنە بىلەن ئىنقىلابىي روھ ئېغىزغا ئې-
لىنمىسا، جەمئىيەتتىكى، مەكتەپتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈرگى-

لى بـولمايدۇ! مەن يـەنە ئۆز پىكرىمدە تۇرىمەن، تۇراقنىڭ ئىشى يـەك-
كە ـ يېگانە ئىش ئەمەس، بەلكـى ئۇ بىر تـۇركۇم يامان ئـادەملەرنىـڭ
هازىرقى ۋەزىيەتكە نارازىلىق بىلدۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ تـىپىك ئـىنكاسـى!
ئۇنىڭ هەمىشە ئوقۇيدىغان هېلىقى شېئىرى، ئايرىم يەرلەردە قىلىدىغان
گەپ ـ سۆزلىرى هەم دوختۇرنىڭ ئۆتكەنكى دىئاگنوزى مېنىڭ پىك-
رىمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ!...
بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىلار سەۋرسىزلىك بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتتى:
ـــ تۇراقنىڭ ساراڭ ياكى ساراڭ ئەمەسلىكىنى تالـىشىشنىـڭ نېمـە
هاجىتى!؟

ـــ توغرا، هازىرقى تېببىي پەن شۇنىمۇ ئايرىيالامدۇ ؟!
ـــ ساراڭ بولماي نېمە ئۇ ؟
ـــ قىپقىزىل ساراڭ...
ـــ هاي ـ هاي ... هاقارەت بولۇپ قالدى...
ـــ ئەمىسە نېمە دەيمىز ؟
ـــ ئېلىشىپ قاپتۇ دەيلى...
ـــ هەببەللى... ئۇنى قانداق قىلىمىز ؟
ـــ يۇرتىغا كەتكۈزىۋېتەيلى...
ـــ ياق، داۋالىتايلى...

يىغىن خېلى ۋاقىتقىچە ئەنە شۇنداق ئەركىن، كەڭتاشا پىكىرلىشىش
ئارقىلىق تۇراقنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرتۈش، ئاخىرقى قارارنى دوخ-
تۇرلارنىڭ پىكرىگە قاراپ چىقىرىش يەكۈنى بىلەن ئاخىرلاشتى.
شۇ يىغىندىـن ئۈچ كۈن كېـيىن، ئوقـۇغۇچىلار ئـارىسىدا «تـۇراق
ساراڭنى يۇرتىغا قايتۇرىدىكەن » دېگـەن گەپ ـ سۆز كۆپـىيىپ قـال-
دى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى، سىنىپداشلىرى، يـا-
تاقداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇپ پاراڭلىشىدىغان، ئـۇ-
نىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك، قۇۋناق كۈنلىرىنى ئەسلىشىدىغان
بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىـل بىر يـا-
تاقتا ياتقان گايىت مايىت ئۇنىڭدىن ئايرىـلىشقا كۆزى قىيـمىغانـدەك

غەمكىن، خامۇش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىگە تولغان بىر تالاي ئەسلىمە، خاتىرىلەر خۇددى تۇنۇگۇن ياكى بۇگۇن بولغاندەك، شۇنداق ئېنىق ھەم تەپسىلىي ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ بىر ۋەقە مەڭگۇ ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى. بۇ يىل ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرىدىكى سوغۇق، جىمجىت بىر كېچىدە، تۇراق ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋارقىرىشىدىن گايىت مايىتمۇ ئويغاندى.

— ئويغىنىۋەتتىم - ھە، ئاداش! — دېدى تۇراق خىجىل بولغاندەك ۋە يوتقاننى يەلكىسىگە تاشلاپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى، — تازا بىر چېكىشۋالمايلىمۇ! قورساقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارسۇن!

گايىت مايىت تەكىيىگە جەينەكلەپ ئۆرە بولدى، ئۇلارنى دېرىزىدىن ئۇدۇل چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. تۇراق تاماكا خالتىسىنى، يانچۇقىنى قېقىشتۇرۇپ يۈرۈپ، باشمالتاقتەك يوغان بىر تاماكا ئورىدى، قەيەردىندۇر ئىككى - ئۈچ تال يېشىل گۇڭگۇرتلۇك سەرەڭگە تېپىپ، ئۇنى دەسلەپ كەشىنىڭ چەمگە، كېيىن كارىۋاتنىڭ ياغىچىغا سۈركەپ يۈرۈپ تەسلىكتە ياقتى، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى قاتتىق شورىدى - دە، يۆتىلىپ قېقىلىپ كەتتى.

— ئەمدى سەن بىر شورىغىنە، ئاداش، ئاتتىن چۈشكەندەك يېرىكەن! — دېدى ئۇ تاماكىنى گايىت مايىتقا ئۇزىتىپ.

— بايا ئەجەب ۋارقىراپ كەتتىڭا، تۇراق، — دېدى گايىت مايىت ئاچچىق، قاڭسىق تاماكىنى ھۇزۇر قىلىپ شورىغاچ، — چۈشۈڭدە بىرەر جانان تاشلاپ كەتكەنمىدى - يە؟

— جانان؟ ھى... ھى ...، — تۇراق دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى، — بۇ كۈنلەردە جانان خىيالىڭغا كىرەمدۇ؟ ئوڭۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ ئويلايدىغىنىم، كۆرىدىغىنىم نان ئەۋلىيا بىلەن ئاش پەيغەمبەر، ئاداش! بايىمۇ شۇ، چۈشۈمدە ئالدىمغا بىر لېگەن بەتتە پولۇ كەپتۇ دېگىنە...

— ئاپلا!... ئۆزۈڭ يالغۇز يېدىڭما؟ — دېدى گايىت مايىت لىك-

كىدە بىشنى كۆتۈرۈپ، — مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ؟
— راست، سېنى ئويغاتسام بوپتىكەن، بەلكىم ئىككىمىز ھېلىقى مەخلۇققا تەڭ كىلىپ، پولۇنى تارتىۋالاركەنمىز...
— نېمە، يېيەلمىدىڭما؟ بىر سى تارتىۋالدىما؟! — خۇددى رېئاللىقتا بولۇۋاتقان ئىشلاردەك، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھولۇقۇپ سورىدى گا-يىت مايىت.
— ھەئە، يوغان مۈڭگۈزلۈك بىر نەرسە — كالىمۇ، تۆگىمۇ، ئىشقىلىپ، چۆچەكلەردىكى يالماۋۇزدەك بىر نەرسە نەدىندۇر پەيدا بولدى دېگىنە، مەن ئاشقا قول ئۇزاتقىچە، لىگەندىكى پولۇنى ئىككى يالماپلا تۈگەتتى، ھەي!... داغدا قويدى كاساپەت!...
تۇراقنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى، ئىشتىيى ئېچىلىپ، قورساقلىرى تارتىشقاندەك بولدى. چۈش دېگەنمۇ قىزىق، ئادەم كې-چىسى نېمىنى ئويلاپ ياتسا، شۇنى چۈشەيدىكەن! شۇ كۈنلەردە، تۇراقنىڭ چۈشىگە راستتىنلا ئاش ـ ناندىن باشقا ھېچ نەرسە كىر-مەيتتى. چۈشەشنىغۇ چۈشەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ تاماققا ئاغزى تەگمەيتتى، يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاقىت، خۇددى «ئىت توشقانغا يەتكەندە، سىيگىسى كەپتۇ» دېگەندەك ياكى ھېلىقىدەك مۈڭگۈزلۈك مەخلۇقلاردىن بىرەرسى كىلىپ يەپ قاچاتتى، ياكى بوران چىقىپ ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئاچقان قورسقى تېخىمۇ قاتتىق ئېچىپ، ئۇيقۇسىنىمۇ ھارام قىلاتتى.
— ئەمدى ئۇخلىيالمايمىز، ئاداش! — دېدى تۇراق ئاغزىدىكى سې-رىق سۇنى غۇرت ـ غۇرت يۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي: قايسىبىر دۆلەتنىڭ كاتتا پادىشاھى بىر كۈنى ۋەزىرى بىلەن شاھمات ئويناپتۇ. ۋەزىرى ئويۇن ئارىلىقىدا پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ: «كېرەملىك شاھىم، بېشارەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، دۆلىتىمىز-دە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ بېشىغا ئاچارچىلىق ئاپەتتى چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ». پادىشاھ ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، دەسلەپ بۇ سۆزگە ئېرەنشىمەپتۇ، كېيىن تاسادىپىي خىيالىغا كىلىپ قىلىپ،

كېچىچە قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق ئۈستىدە ئويلاپتۇ ۋە يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاچقانلىقىنى بىلىپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ نەپسىنى باسالماي، ئاخىر ئاشپەزلەرنى ئويغىتىپ، تاماق ئەتكۈ-زۈپ يەپتۇ!... مانا كۆردۈڭمۇ گىرىت مىرىت، ھېچقاچان قورساقنى ئويلىمايدىغان پادىشاھنىڭمۇ قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق دېگەن گەپلەر-نى ئاڭلاپ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، قەھەتچىلىك ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ قورسىقى ئالاھىدە ئاچسا كېرەك!

— ھازىر سېنىڭمۇ ئاچتىمۇ؟ — گايىت مايىت ئۆزىدىكى ئاچلىق تۇيغۇسىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ئاچتىمۇ دەيسەنغۇ! — دېدى تۇراق ۋە بويىنىنى سوزۇپ دېرى-زىدىن ئاسمانغا قارىدى، تىنىق ئاسماندا يوپيورۇق ئاي بىلەن ئاقۇچ بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇ دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغان ئاق پاختىدەك يوغان بىر پارچە بۇلۇتنى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — ئەگەر خۇدا راست بولسا، ھازىر بىر مۆجىزە يارىتىپ، ئاشۇ بۇلۇتنى يوغان بىر نانغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە، ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، قاساپ - قاساپ بىر يەپ تويسام، ئاندىن خۇدا جېنىمنى ئېلىپ كەتسىمۇ رازى ئىدىم!...

— نېمە دەيدىغانسەن، تۇراق! — دېدى گايىت مايىت كارىۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، — ئۇنداق گەپلەرنى ئاز قىل، ئادەم كەچكىچە شۇ گەپ، شۇ خىيالدىلا يۈرسە تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىدى-كەن. سېنىڭ ھېلىقى ئىشىڭ ئەپلەشتىمۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، نورما كۆپەيتىش ئىشىچۇ؟

— ھە، ھېلىقى ئىشنى - دە! — ئۆتكەندە، كىمدۇر بىرسى تۇراققا راستىنىمۇ ياكى قىزىقچىلىق قىلىپمۇ، ياكى قەستەن ئۇنى ئەخمەق قى-لىش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر «دوختۇرغا بېرىپ، قورسىقىمدا قۇرت بار دې-سەڭ، نورماڭنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ» دېگەنىدى، — باردىم، خېلى چوڭ دوختۇر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم دېگىنە، لېكىن ئەپلەشمىدى، دوختۇر

نېمە دەيدۇ ـ دە : «ئاۋۋال قورسىقىڭدىكى قۇرتنى تەكشۈرىمىز، تۆتتۆ
قۇرتى بولسا بولمايدۇ، كالتە مەددە قۇرتى بولسىمۇ بولمايدۇ، ئۇزۇن،
ياپىلاق مەددە قۇرتى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولۇپ قالساڭ، قۇرتنىڭ
ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ، بىر يېرىم جىڭدىن ئۈچ جىڭغىچە نورما
قوشۇپ بېرىمىز » دەۋاتىدۇ! ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇنداق دېگۈچە، قورسىقىڭدا
لەھەڭ ياكى ئەجدىھا بولۇشى كېرەك، دېسىچۇ، كىسپۇرۇشلار!...

ئۇلار ئاشۇنداق ئۆزىنى، ۋاقتىنى ئالدايدىغان پاراڭلار بىلەن تاڭ
ئاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. تاڭ شەپىقىنىڭ ھارارەتسىز، سۈزۈك
ھال رەڭ نۇرى دېرىزىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ياتاقنى يورۇتۇۋەتتى...

شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىنكى جىمجىت يېرىم كېچىدە، تۇراق
يەنە ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويغىنىپلا ئاچلىق ۋەھىمىسىنى سەز-
دى، ئاچلىق ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى قارماپ تارتىۋاتقاندەك، تېخىمۇ
ئاچچىق سۈيىنى چىقىرىش ئۈچۈن تولغاپ سىقىۋاتقاندەك ئازابلاۋاتات-
تى. بۈگۈن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ باشقىچە ئىدى. ئۆز جىسمى-
دىن، ئەقىل ـ ئىدراكىدىن سىرتتا تۇرۇۋاتقان غەيرىي بىر ئىلاھىي
كۈچ ئۇنى باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ خۇددى بىرسى كوماندا
بەرگەندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، قاراڭغۇدا تەمترىمەي ئىشىكنى
ئاچتى ۋە يالاڭغىداق، يالاڭۋاشتاق، كۇسار بىلەن مايكىدىن باشقا ھېچ
نەرسە يوق ھالدا سىرتقا چىقتى. تېخى يېڭىلا ياغقان يۇپقا سېرىق قار
بىلەن پۈتۈن جاھان كۈمۈشتەك يالتىراپ كەتكەنىدى. ئۇ، زېمىنغا ئاق
شايىدەك تەكشى يېيىلىپ ياتقان ئەنە شۇ ئىزسىز، يۇمشاق قار ئۈستى-
گە سالماق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، بەئەينى زۆرۈر ئىشى بار ئادەمدەك،
تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى. چوڭ يولغا چىققاندا بولسا، يۈگۈرۈشكە
باشلىدى. يولدا ئادەم تۈگۈل، ماشىنىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى.
ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان يول ياقىسىدىكى ئاسما چىراغلار بە-
ئەينى كېسەل ئادەمنىڭ كۆزىدەك خىرە پىلدىرلاپ تۇراتتى. ھاۋا
شۇنچىلىك ئوچۇق ۋە ساپ ئىدىكى، كۆكتە يالتىراپ تۇرغان يۇل-
تۇزلار بىلەن يەردە كىيىمسىز، يەككە ـ يېگانە ھالدا يۈگۈرۈپ كې-

تىۋاتقان ئاشۇ ئادەم ئوتتۇرىسىدا زەررىچىمۇ غۇبار يوق ئىدى. قىرو چۈشكەندەك يالتىراپ تۇرغان دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراق بەرگىلىرىدىن ئاخىرقى سىرىق قارنىڭ ساپ ۋە سوغۇق پۇرىقى كېلەتتى. تېمپېراتۇرا يەنىلا نۆلدىن تۆۋەن بولغاچقا، يالىڭاچ بەدەن تۈگۈل، چاپان كىيگەن ئادەمنىڭمۇ گەجگىسى قورۇلاتتى.

تۇراق ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىر خىل تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نىشانى ئېنىق ئىدى، ئۇ بۈگۈنكى چۈشىدىمۇ تاماق كۆردى، يەنە يېيەلمىدى، ئەلەم ۋە غەزەپتىن يېرىلاي دەپ تۇرغاندا، تېببىي ئىنستىتۇتنىكى تولۇق ئوتتۇرىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئۇنى چاقىرغاندەك قىلدى، ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ قول ئىشارىتىنى كۆرگەندەك، ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇلار ئۇنى ئۆتكەن ھەپتە ياتىقىدا ئۆيلىرىدىن كەلگەن مايلىق توقاچ، قورۇتۇلغان گۆشلەر بىلەن ئوبدان مېھمان قىلغانىدى. ھازىر تۇراقنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ نەرسىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى، ئاغزىدا شۇ نەرسىلەرنىڭ تەمى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ كېچىنى، قورقۇشنى، سوغۇقنى ۋە چارچاشنى سەزمەيۋاتاتتى، كاللىسىدا بىرلا خىيال ـــ تېببىي ئىنستىتۇتقا قانچە تېز بارسام شۇنچە ياخشى، ساۋاقداشلىرىمنى تېپىپ قورسىقىمنى تويغۇزىمەن، دەيدىغان بىرلا خىيال ھۆكۈمران ئىدى. بۇ خىيال ئۇنى ھازىر ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە تەييار تۇرغان قورقۇمسىز بىر تەلۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى...

ئۇ بەزىدە يۈگۈرۈپ، بەزىدە سوكۇلداپ، بەزىدە مېڭىپ ئىككى يېرىم سائەت دېگەندە، تېببىي ئىنستىتۇتقا يېتىپ كەلدى. لېكىن، مەكتەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر خىل رەڭ، بىر خىل پاسوندىكى رەت ـ رەت بىنالارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تەمتىرەپ قالدى، ئۆتكەندە كىرگەن ياتاق بىناسى قايسى بولغىيدى؟ ئۇ، ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ يان ئىشىكىنى ئىتتىرىۋىدى، تاقاقلىق چىقتى، يەنە بىر سىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئۇمۇ ئىچىدىن تاقاقلىق چىقتى. تۇراق ئاي نۇ-

رى تەكشى سىپىلگەن يوپيورۇق مەكتەپ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا دوقۇرۇپ، قايسى بىناغا كىرىشنى بىلەلمەي تەمتىرىگەن هالدا ئايلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا، ئۇنى بىنالارنىڭ ئارىسىنى ئايلىنىپ يۈرگەن قېرى كۆزەتچى كۆرۈپ قالدى. كۆرۈپ قالدىيۇ، قورقىنىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، يىراقتىن زەن سالدى. بىردەملىك كۆزىتىشتىن كېيىن كۆزەتچى ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى: «يائاللا!... دەل ئۆزى شۇ، شەك ـ شۈبهىسى يوق، ئۆتكەنكىگە ئوپمۇئوخشاش، ئۆلۈكخانىدىن تىرىلىپ چىققان روھ بۇ!» كۆزەتچى قورقتى، قورققانسېرى پۇت ـ قوللىرى لاكاسلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆتكەن ئايدىمۇ ئۇ بىر قېتىم مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قالغانىدى. سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە، ئاشۇنداق قىپيالىڭاچ بىرسى توساتتىن پەيدا بولۇپ، ئالتاغىل ۋارقىرىغىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرگەن، كۆزەتچى ئۇنى ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئوغرى بولسا كېرەك، دەپ قورقۇپ قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بەرگەن، ئۇ يەردىن ئىككى قوراللىق ئادەم كېلىپ، ئۇنى تۇتقان، كېيىن تەكشۈرۈپ قارىسا، ئۆلۈكخانىدا تىرىلىپ قالغان «ئۆلۈك» بولۇپ چىققان. ئەسلىدە ئۇ، شوك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم بولۇپ، دوختۇرلار ئېھتىياتسىزلىقتىن «ئۆلۈپتۇ» دەپ هۆكۈم قىلىپ، مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ ئۆلۈك قويىدىغان ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان. كېيىن ئۇ، ئاستا ـ ئاستا هوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئۆلۈكلەر بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە بۇ دەهشەتلىك كۆرۈنۈشتىن قورقۇپ، ساراسىمىگە چۈشكەن هالدا ۋارقىرىغىنىچە ئۆلۈكخانىنىڭ دېرىزىسىنى بۇزۇپ قېچىپ چىققان!...

بۈگۈنمۇ كۆزەتچىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ ۋەقە، كاللىسىدا شۇ ئىش قايتا نامايان بولۇپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ ئاران تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى، دەرەخنىڭ سايىسى، بىنالارنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ، قوغداش بۆلۈمىگە باردى. يەنە ئىككى قوراللىق ئادەمنى باشلاپ، تۇراقنى تۇتۇش ئۈچۈن شەپە چىقارماي بېسىپ كەلدى.

تۇراقنى تۇتۇش ئانچە تەسكە چۈشمىدى، سوغۇق، چارچاش، ۋە ئاچلىق ئۇنى ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ جالاقلايتتى، كۆزلىرى ۋەھىمىلىك چەكچىيىپ، جاۋغىيىدىن كۆپۈك بۇژغۇپ قالغانىدى...

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېسىنى يىغىپ، نەدىن، نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئاران ئېيتىپ بېرەلىدى، ئەتىسى تېببىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. بۇ چاغدا ئۇ، پۈتۈنلەي ئېسىنى يوقىتىپ، ئوت ـ ئاتەش ئىچىدە قىزىپ ياتاتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپلا ئەسەبىيلىك بىلەن: «كېتىڭلار، نېرى كېتىڭلار! سىلەر مېنى ئاتقىلى كەلدىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. چۈشكە يېقىن، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقداشلىرى چىقىپ، ماشىنا بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ كىردى ۋە مەكتەپنىڭ يېنىدىكى «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزدى.

ئۇ ئىككى سوتكىدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە، بۆرىكىگە قاتتىق سوغۇق تەگكەنىدى. بىر مەزگىللىك داۋالاشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە مەسئۇل بولغان دوختۇرنىڭ كېسەل تارىخىغا دائىر سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «دوختۇر، سىزگە راستىنى ئېيتاي، مېنىڭ زادىلا قورسىقىم تويمىدى، چىدىيالمىدىم. بىر كۈنى بىر ئادەمدىن: ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا تويغۇچە تاماق بېرىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ‹ساراڭ بولۇۋېلىپ، شۇ يەرگە بېرىپ قورساق باقاي› دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم!...»

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە «قورساق سارىڭى» دېگەن گەپلەرمۇ ئانچە ـ مۇنچە تارقىلىپ يۈردى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى، بۆرىكى خېلى ئۇزاق داۋالاشتىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نازۇك نېرۋىلىرى خۇددى قاتتىق بوراندا زەربىگە ئۇچرىغان سۇمبۇل نوتىلىرىدەك، تەلتۆكۈس ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققاندىمۇ، ئوڭ بىلەن ساراڭنىڭ

ئارىلىقىدىكى مەجنۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى...»

## 12

ئاقنىياز دەرستىن چۈشۈپ، كۇتۇپخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئالدىراش كېتىۋاتقانىدا، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى بىر سى تـوۋلاپ توختاتتى:

— ئاقنىياز، سىزگە خەت!

ئۇ چىپپىدە توختاپ، ئارقىغا بۇرۇلدى، ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ تۇراتتى. ئاقنىياز خەتنى ئالدى، تۇرغۇنىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى، ئالدىراشچىلىقتا كونۋېرتنىمۇ قىيپاش يىرتىپ قويدى:

«... دوستۇم ئاقنىياز! خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، يازمىشلىرىڭدىن ۋاقىپ بولدۇم. شەۋكەتكە ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭغا ئۇۋال بوپتۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇنىڭ كۆڭلى بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىكى تاغدەك ئوچۇق - يورۇق ئىدى. يۈرىكىمۇ خۇددى ئاشۇ تاقىر تاغدەك، تېشىدا كۆرۈنۈپ تـۇراتتى! خەير، بۇمۇ تەلۋە تەقدىرنىڭ ۋاقىتلىق چاقچىقى بولۇپ قالار! دېمىسىمۇ، ھازىر ھەممە يەردە سىنىپىي كۈرەش تارى قاتتىق تارتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «تارس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىشتىن قورقۇۋاتىمەن. چۈنكى، ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە، ھەرقانداق نەرسە چېكىدىن ئاشسا، ئەكسىگە قايتىدۇ ئەمەسمۇ؟ يېقىندا، بىزنىڭ گۇڭشېدىكى ساي مەھەللىسىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاجايىپ بىر «يېڭى يۈزلىنىشى» بولۇپ ئۆتتى. سەن شائىر بولغاچقا، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بۇنداق «يېڭى ئىشلار» نى ئاڭلاپ قوي: ئۇ يەردە زۇنۇن پاشا ئىسىملىك بىر دۆيجاڭ بولىدىغان، كىشى-

لەر ئۇنى ئارقىسىدىن «زۇلۇم پاشا › دەپمۇ ئاتايدىكەن. ئۇ ئەت-
رەتنىڭ خېلى يارامLiق بىر كالىسىنى ئىككى يىل شەخسىي ئىش-
لىتىپ، جۇلۇقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. كالا يېغىر بولۇپ، كۆزى چا-
پاقلىشىپ، ئۆلەرمەن بولۇپ قالغاندا، ئەترەتتىكى شايىت پاڭقاي
ئىسىملىك بىر پومبىشچىكقا بېرىپ: «بۇ كالىغا سەن ئىگە بول-
سەن، كوللېكتىپنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا ئىشلىتىسەن، ئەمما ئۆل-
تۈرۈپ قويساڭ، ئىككى كالا تۆلەيسەن! › دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىچارە پومبىشچىك (ئاپلا، بۇ گەپنى خاتا قىلدىم ـ ھە!) زۇنۇن
پاشانىڭ بۇيرۇقىنى ئاللانىڭ ئەمرىدەك قوبۇل قىلىپ، كېچە ـ
كۈندۈز كالىنىڭ يېنىدىن نېرى بارماپتۇ، ئۆلۈپ قېلىشىدىن
قورقۇپ، ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، ئىچمەي ئىچكۈزۈپتۇ، بىر
نەچچە ئاي بولدى دېگەندە، كالا بايقۇش ئاستا ـ ئاستا ئەس-
لىگە كېلىپ، ماي تامغۇدەك سەمرىپتۇ، تۈكلىرى پارقىراپ،
كۆزلىرىمۇ چاقنايدىغان بوپتۇ. بىر بازار كۈنى شايىت پاڭقاي
ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە بازارغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپتۇ. مۆرىتى
كەلگەندە، شۇنى ئېيتىپ قوياي ئاداش، بۇ يەردىكى دېھقانلار-
نىڭمۇ خاراكتېرى ئالاھىدە: ئاچ قالسىمۇ ئارپا يېمەيدۇ؛ يالاڭ
ئاياغ قالسىمۇ چورۇق كىيمەيدۇ؛ پىيادە قالسىمۇ مېدە ئېشەك
مىنمەيدۇ؛ پۇلى بولمىسىمۇ بازاردىن قالمايدۇ!
شايىت پاڭقاي بازارنى بىر قۇر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن،
كالىنى يولنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ،
ئۆزى ئۇششاق ـ چۈششەك سودىلىققا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا، بازار
ئايلىنىپ يۈرگەن ھېلىقى دۈيجاڭ زۇنۇن پاشا كالىنى يىراقتىنلا
كۆرۈپ تونۇپتۇ ۋە شۇ يەردىلا ۋارقىراپ كېتىپتۇ: «بۇ پومبىش-
چىك كوللېكتىپنىڭ كالىسىنى شەخسىي ئىشقا سېلىپ بازارغا
ئېلىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىش كېرەك!... ›
كىم بىلسۇن، شۇ چاغدا كالىمۇ دۈيجاڭنى تونۇپ قاپتۇ، بۇ
تىلسىز ھايۋان دۈيجاڭنىڭ ئۆزىنى ئۇزۇن ۋاقىت قاتتىق ئىش-

لەتكەن، ئازابلىغان، ئاچ قـويغان ۋە خورلـىغان قـىلمىشـلىرىنـى ئـەسلەپ، كۆز ئـالدىغا كـەلتۈرۈپ، دەرغـەزەپـكە كەپـتـۇ ـ دە، باغلاقلىق يېرىـدىن يۇلقۇنۇپ، ئارغامـچىنى ئـۈزۈپ، دۈيجاڭغا قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە ئۇنى بازاردا قـوغلاپ يۈرۈپ ئۈسـۈۋېرىپتـۇ، تېپىپتۇ... ئەگەر شايىت پاڭقاي ۋاقتىدا يېتىپ كەلـمىگەن بـول- سا، ئەسەبىيلەشكەن كالا زۇنۇن پاشانى چوقـۇم ئۆلتۈرۈپ قـو- يىدىكەن. خۇداغا شۈكۈر، ئاز ـ تولا قان تۆكۈلگەن بـولسىمۇ، قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرمەپتۇ...

ئەتىسى بۇ ئىش پۈتۈن گۇڭشېغا تارقىلىپ، يېقىندىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئالاھىدە خەۋەر تەرىقىسىدە غۇلغۇلا قىلىندى. گۇڭشې ۋە دۈي كادىرلىرى ساي مەھەللىسىگە دەۋرەپ كېلىپ، چوڭ يىغىن ئاچتى، شايىت پاڭقاي قاتتىق كۆرەشكە تارتىلدى، كۆرەش يىغىنىدا گۇڭشې شۇجىسى ناھايىتى جىددىـيلەشكـەن، خاپا بولغان ھالدا مۇنداق دېدى:

‹خالايىق، ھازىر سىنىپىي كۆرەش ئۆتكۈرلـىشىپ شـۇ دەرى- جىگە يەتتىكى، دۈشمەنلىرىمىز ھايـۋاندىن پايـدىلىنىـپ، بىز گـە ھۇجـۇم قىلماقتا! جـاھىل پومېشچىك شايىت تـىلسـىز كالىنـى ئۆزىگە كۆندۈرۈپ دۈيئا ئوقۇتۇپ، ئىنقىلابىي كـادىرلارغا زىيـان- كەشلىك قىلىشنى ئۆگەتكەن! پومېشچىكنىڭ قولىدا زەھەرلەنگەن بـۇ كالا ئاخـىر بىزنـىڭ ئىنقـىلابىي كـادىرىمـىز زۇنۇن پاشانـى ئۈسسۈپ ئېغىر يارىلاندۇرغان! مانـا بۇ سىنـىپىي كـۆرەشنـىڭ بـىزنىڭ گۇڭشېدىكى يـېڭى ئـىپادىـسى، يېڭى يۈزلىنىشى!...›

كۆرەش يىغىنى يېرىم كۈن ئـېچىلدى، يـىغىننىڭ ئاخىرىـدا ئاتمىش يەتتە ياشلىق شايىت پاڭقاي مىلتىقـنىڭ پايـىنىكى، كـە- مەرنىڭ توقىسى بىلەن ئۇرۇپ ـ سـوقۇلۇپ شۇ يـەردىلا قولغـا ئېلىندى!... ھېلىقى ‹زەھەرلەنگەن› بىچارە كالىمۇ ھـۆكۈمنـىڭ سىرتىدا قالمىدى، ئۇنىڭ يەنە ‹دېلو› پەيدا قىلىشـىدىن ساقلـى- نىش ئۈچۈن، قاسساپقا سېتىلىپ، بوغۇزلىنىش قارار قىلىندى!

ئاقنىياز، خېتىمنىڭ مۇشۇ يەرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ قانداق تەسراتقا كەلگەنلىكىڭنى بىلىمەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا، ئەتراپىمدىكى ئاشۇنداق تۇرمۇشتىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ناداىلىق، مەنىۋى گادايلىق بەئەينى ئىنسان جىسمىدىكى مەڭگۈ يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىرغا ئوخشايدىكەن!... خۇددى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ:

نادانىدىن زارلايدۇ ھەتتا تاغۇ تاش،
نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش!

دېگىنىدەك بولىدىكەن!

سەن خېتىڭدە، زايىت توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى نەقىل قىپسەن:

ئەي يارەنلەر، قورقما شەيتاندىن،
شەيتان چىقتى بۇ كۈن ئىنساندىن!

تولىمۇ جايىغا چۈشۈپتۇ. شەيتان دېگەن بۇ مەلئۇن ئۆز زامانىسىدە ئاللا تەرىپىدىن جەننەتتە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئۈچۈن ياسالغان ئەدەن باغچىسىغا يىلان سۈرىتىدە كىرىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، چەكلەنگەن مېۋىنى يېگۈزۈپ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بوپتىكەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ، ئادەملەر ئارىسىدا ھەر خىل سۈرەت، ھەر خىل رەڭدە پەيدا بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پاكلىقىنى، ئېجىللىقىنى، سەممىيلىكىنى بۇزۇۋاتىدۇ. زايىتقا ئوخشاشلارنى راستىنلا «دوستلۇق، ساداقەت، مۇھەببەت» دېگەندەك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغان ئالدامچى، ساختىپەز، ۋاپاسىز شەيتان دېسە بولىدۇ! راستىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەيتان ئۇۋا سېلىپتىكەن، ھەرقانداق شۇملۇقلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ! ئۇنىڭ يۈزسىز، نامەردلىكىنى ئاڭلاپ، بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىم، كۆز ئالدىمدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. مېنىڭچە، ئۇنداق ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى سېتىپ، نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ

نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن تار بولىدۇ. ئۇلار بۇگۈنىلا بىلىپ، كەلگۈسى بىلەن كارى بولمايدۇ. نەتىجىدە، مىسقال پايدىنى دەپ، تۇمەنلىگەن كىرىمدىن قۇرۇق قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ماگە ـ ماگە ئاخىر بىرىپ شەخسىيەتچى، قارانىيەت، سوغۇق، شەپقەتسىز ئادەمگە ئايلىنىپ، نە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە نە دوستلۇق دېگەنلەردىن مەھرۇم بولۇپ، يەككە ـ يېگانە ھېلىم دىۋانە بولۇپ قالىدۇ!

ياخشى دوست كىشىگە ئۇلۇغ خەزىنە، دېگەن گەپ بار! مېنىڭچە، ھەقىقىي دوستلۇق پەقەت سەمىمىي، كەمتەر ئادەملەر ئارىسىدىلا پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆزئارا قىلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈچىيىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن پاك ۋە مۇقەددەس تۇيغۇ!

يېقىندا، بىر قەدىمىي كىتاب قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بىر يېرىدە دوستلۇق ھەققىدە مۇنداق يېزىپتۇ:

«ئالىيجاناب كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق سۈزۈك سۇدەك تازا بولىدۇ، چاكىنا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق شارابتەك لەززەتلىك بولىدۇ؛ ئالىيجانابلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ‹سۈزۈك › بولغاچقا، ئۇ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ؛ چاكىنا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ‹لەززەتلىك › بولغاچقا، ئۇ ئاخىر بۇزۇلىدۇ. » شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ زايىت بىلەن بولغان ئۈچ يىللىق دوستلۇقىمىز كېيىنكى تىپقا كىرىدىكەن، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ مۇقەررەر ئىكەن! ئەسلەپ قارىسام، بىر چاغلاردا زايىت گوركىينىڭ ‹بورانقۇش قوشىقى › نى يادقا ئېلىپ، سىنىپتا، ياتاقتا ۋارقىراپ ئوقۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇنىڭ نېمىسگە قىزىققان بولغىيتتى؟! بورانقۇشقىمۇ ياكى پىنگۋىنغىمۇ؟ ئەمدى قارىسام، ئۇ پىنگۋىنغا قىزىقىپتىكەن!

دوستۇم، شەۋكەتنى ھەقىقەتەن قارا باسقاندەكلا ئىش بوپتۇ، ئۇنىڭدا شۇنداق بىر ئۇلۇغ مۇھەببەت، سالاپەت ھەم تەسىر بار ئىدى. بىزدىچۇ؟ مەندە پەقەت ئىنتىلىش، سەندە ئىلھام،

زايىتتا بولسا، ئۇلۇغ نەزەرىيە سۆزلەشلا بار ئىدى. شەۋكەت ئۆز
ۋاقتىدا بىر تۆت دوستىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىمىز ئىدى! ئېسىڭـ
دىمۇ، ئۇنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنى
سىنىپتا ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلغاندا، سەلىم ئەپەندى نېمە دېگەنـ
دى؟ «شەۋكەتنىڭ ماقالىلىرىدە، تولستويچە راۋان ئۇسلۇب بىـ
لەن تۈرگىنىۋچە لىرىك ھېسسىيات بار... » مانا بۇ تەلەپچان
بىر ئۇستازنىڭ ئۆز شاگىرتىغا بەرگەن ئادىل باھاسى، ئۈمىدى
ھەم قىزغىنلىقى ئىدى! ئۇنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتا، ئىستىلىستىكا مۇـ
ئەللىمى تاپشۇرغان «پەزىلەت»، «روھ»، «مەنىۋى كۈچ» دېگەنـ
دەك تېمىلار ئاساسىدا يېزىپ، بىرلەشمە دەرسخانىدا ئوقۇپ ئالـ
قىشلانغان ماقالىسىدىكى مۇنۇ سۆزلەر ھېلىغىچە يادىمدا تۇرۇپـ
تۇ: «... بىز ياشاۋاتقان ناچار، پايدىسىز مۇھىت بەلكىم بىزگە
ناھايىتى چوڭ ئامەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ناچار شارائىت بىزـ
نىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچى بولۇپ قالىدۇ. ئېھتىمال، بىتخوۋېن گاس بولغاچقىلا
ئەڭ يېقىملىق، مەشھۇر سىمفونىيىلەرنى ئىشلەپ چىققاندۇ، ئەـ
گەر دوستويېۋسكى ئۆز ۋاقتىدا غايەت زور روھىي ئازابقا دۇچ
كەلمىگەن بولسا، يىگىرمە ئالتە كۈندە «قىمارۋاز» دەك مەشھۇر
ئەسەرنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى. ئازاب ۋە بېسىم ئەينى
ۋاقىتتا، بىر خىل قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ!... »

مانا شۇنداق ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك ياخشى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ
بۈگۈنكى كۈندە تۈيۈقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، سوراققا تارتىـ
لىۋاتقانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ! دانىشمەنلەر توغرا ئېيـ
تىپتىكەن:

ئېشەك ھالۋا دېدى، يېدى سامانىنى،
پەلەك پەرق ئەتمىدى ياخشى ـ يامانىنى!

ئاقنىياز، مەن ھەمىشە مۇنداق ئويلايمەن: ئادەم ھامان بىر كۈنى يىقىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەرگە ئەمەس، ئەل ـ ئاغىنىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلالىسا، مانا ئۇ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ! شەۋكەت يىقىلىپتۇ (گەرچە ۋاقىتلىق بولسىمۇ!)، مۇشۇنداق چاغدا مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن، بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، سېنىڭ بولغانلىقىڭدىن كۆڭلۈم توق بولدى. ئۇ سېنىڭ يېنىڭدا، سېنىڭ قۇچىقىڭدا تۇرۇپتۇ. سەن ئۇنىڭ ھالىغا يېتىسەن، ئۇ سەن بىلەن ئۆزىنى كۈچلۈك، مەغرۇر سېزىدۇ، چۈنكى سەمىمىي دوستلۇقنىڭ ئۆزى تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت! ئۇنىڭغا مېنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىم بىلەن بىللە ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتىنى يەتكۈزۈپ قوي:

جاپا ـ ئازاب چېكىپ ئادەم ھۆر بولۇر،
سەدەپتە قامىلىپ قەترە دۇر بولۇر!

يىراقتا بولسامۇ، كۆڭۈل رىشتىمىز ئۈزۈلگىنى يوق، مەن ئۇنىڭ قايغۇ ـ ئازابلىرىغا تەڭ ئورتاق!...

مەن ھازىر ناھىيىلىك پىلانلاش ئەترىتىدە ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتىمەن، مەكتەپتە ئۆگىنىپ قويغان خەنزۇتىلى ئەسقاتتى، ئالا كالتەك كۆتۈرگەن بىر نەچچىسگە تىلماچلىق قىلىمەن، ئىشىمىز جاپالىقراق، ئەتىگەندە بىر ـ ئىككى ناننى بەلگە تۈگۈپ ئۆيدىن چىققانچە، گۇگۇمدا گۆشسىز يېزا يۇرىمىز!...

ھازىرچە خوش.

ساڭا ۋە شەۋكەتكە ساقلىق، ئامانلىق، خۇشاللىق تىلەپ قالغۇچى ناقابىل دوستۇڭ:

تۇرغۇن

1962 ـ يىل 23 ـ ئىيۇن، ئىگىزيار گۇگشى»

# ئىككىنچى قىسىم

## ئىجتىھات، نان، سۆيگۈ...

### 1

كۈنلەر... ئەنە شۇ قىسمەتلىك كۈنلەر خۇددى ئاپئاق چوقىقلىق بوغدا تېغى ئۈستىدىكى يېنىك بوز بۇلۇتلارغا ئوخشاش كەينى ـ كەينىدىن ئۆتمەكتە...

شەۋكەت «كامىر» دىن ئازاد قىلىندى. مەكتەپ پارتكومى ئۇنىڭ ئۈستىدىن «دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈلۈپ، ئەمگەك بىلەن ئۆز-گەرتىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. ئۇ تەبىئەتنىڭ كەڭ قوينىغا قايتتى، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى قى-سىلىشتىن جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى بۇ گۈزەل ۋە كەڭ بوشلۇقتا چىقىپ خېلى ئارام تاپتى. ئەركە تەبىئەت، خۇشال ئەمگەك، نورمال ئىنسانىي مۇناسىۋەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى، روھى ئۇرغۇدى، ئىچكى دۇنياسى گويا باھار پەسلىدىكى چۈغلۈق تاغدەك يوپيورۇق، ئىللىق بولۇپ قالدى...

ئۇ «كامىر» دىن بوشىتىلىپ، ئەمگەككە قاتناشقان كۈننىڭ ئەتى-سى ئاقنىياز ئۇنى يوقلاپ كەلدى. كەڭ دالىدا ئىشلەۋاتقان ئەر ـ ئايال ئىشلەمچىلەر خېلى كۆپ ئىدى، تومۇزنىڭ ھىل ـ ھىل تەپتى بەدەننى قىزدۇرۇپ، يۈزلەرنى يېلىنجىتاتتى. مايكىچان بولۇپ كۆكتاتلىقتا ئىش-لەۋاتقان شەۋكەت يىراقتىنلا ئاقنىيازنى كۆرۈپ، قىرغا چىقتى، ئىك-كىسى قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، ئېرىق بويىدىكى دەرەخ سايىسىغا كەلدى، دەسلەپ ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى، كېيىن تاماكا ئوراپ چەك-

كەچ پاراڭغا چۈشتى. ئاقنىياز بۈگۈن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىر تۇ-
تۇپ كەلگەن كۆڭۈلسىز ئىشنى ئوچۇق ئېيتىش قارارىغا كەلگەنىدى،
شۇڭا قولىدىكى ئاچچىق تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچىنى
شوراپ، شۇنىڭ كۈچى بىلەن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئاداش... شەۋكەت... ئەمدى... ئېغىر كەلسىمۇ... بادامگۈلنى
كۆڭلۈڭدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەت!... ئۇ... ئۇ... زايىتنى تېپىۋال-
دى!...

بۇ گەپلەردىن شەۋكەتنىڭ دىلى خۇن بولۇپ كەتتى، لېكىن
ئۇزاققا بارماي، بۇ خىل دىلى خۇنلۇق باشقا نەرسىگە — ئۆزىنى بىد-
لىشكە، تەسەللىگە ۋە كۆڭۈلنى ئەركىلىتىدىغان بىر خىل خۇشخۇي
بەزلەشكە ئايلاندى. ئۇ خۇددى تومۇرلىرىدا شۇۋۇلداپ ئېقىۋاتقان
ئىسسىق قانلىرىنى سوۋۇتماقچى بولغاندەك، ئىككى قولىنى ئېرىقتىكى
سوغۇق سۇغا بېغىشىغىچە چىلاپ بىر هازا جىممىدە تۇردى. كېيىن
قولىنى سۇدىن ئېلىپ، قانسىراتقان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن هۆل
قول بىلەن دەسلەپ تاقىر بېشىنى، كېيىن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ
مۇنداق دېدى:

— كېرەك يوق، ئاداش... پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇ ئوخ-
شايدۇ. بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىدىغان ئوخشايمەن! بوپتۇ، دۇن-
يادا ئارمانسىز ئادەم بارمۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خۇدامۇ ئادەم ئاتىنى
مۇكەممەلرەك يارىتالمىغانلىقىدىن ئارماندا ئىكەن!...

ئاقنىياز شەۋكەتنىڭ مۇڭلۇق، ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ خىيالغا
پاتتى. بۇ كۆزلەر بىر نەچچە يىللىق دوستلۇق يولىدا بىرەر قېتىممۇ
سەمىمىيەتسىزلىك ۋە قىزغىنىش بىلەن ئالىيىپ باقمىغانىدى. بۇ كۆز-
لەر دوستلارغا نىسبەتەن هامان سەمىمىي، مېهرىبانلىق بىلەن يالقۇنجاپ
تۇراتتى.

— مەنمۇ سېنىڭ بۇ ئىشلارغا توغرا قارىيالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەت-
تىم، — دېدى ئاقنىياز خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، — مۇهەببەت
تولىمۇ پاك، مۇقەددەس بىر هېسسىيات، شۇڭا ئۇنىڭدا گۈلدەك

چىراي، شېرىن ـ شېكەر سۆز، ئېسىل سوۋغات بولمىسىمۇ بولۇۋېرىد-
دۇ. بىراق، زادى كەم بولسا بولمايدىغىنى، قوش يۈرەكنىڭ بىر ـ بى-
رىنى چۈشىنىشى! ھەرھالدا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى چۈشىنىش دەل
ۋاقتىدا بولدى، بولغاندىمۇ، مۇجمەل ئەمەس، ئۇزۇل ـ كېسىل بول-
دى!

شەۋكەت بېشىنى لىڭشىتىپ ئورنىدىن تۇردى، ئوزايىدىن ئەمدى
ئۇنىڭ بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇسىمۇ، گەپ ئاڭلىغۇسىمۇ يوقتەك قىلات-
تى. ئايرىلىدىغان چاغدا ئاقنىياز ئۇنىڭغا بىر ئىشنى تاپىلىدى:

— ئۆگۈنلۈككە شەنبە ئىكەن، بىر نەچچىمىز سېنىڭ يېرىم ـ يار-
تا ئەركىنلىككە چىققانلىقىڭنى تەبرىكلەپ «قارشى ئېلىش زىياپىتى»
قىلماقچى! كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىزنىڭ ياتاققا بارغىن!

— يولداشلارغا يەنە سىلىق ساپسەن ـدە! — دېدى شەۋكەت ئاق-
نىيازغا مەنىلىك قاراپ، — نېمە قىلاتتىڭلار ئاۋارە بولۇپ، كۆرۈشۈپ
تۇرغاندىكىن بولمىدىمۇ!

— بۇمۇ ساۋاقداشلارنىڭ ساڭا بولغان كۆڭلى، — دېدى ئاقنىياز
كېتىۋېتىپ، — ئۇنتۇپ قالما ـ ھە، شەنبە كەچ...

دېگەندەك، شەنبە كەچ قىزغىن ئۆتتى. ئاقنىيازنىڭ ياتىقىدىكى
«زىياپەت» كاتتا ھەم تەنتەنىلىك بولدى. ئون نەچچە ساۋاقداش
كىچىككىنە شىرەنى چۆرىدەپ قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئىچىدە ئولتۇرات-
تى. شىرە ئۈستىگە قالايمىقان قويۇلغان «نازۇ نېمەت» لەردىن قارد-
غاندا، كىم نېمە تاپسا، شۇنى ئەكېلىپ قويغاندەك قىلاتتى. پارچە ـ
پۇرات نانلاردىن تارتىپ، خىلمۇخىل كەمپۈتلەرگىچە، تۇرۇپ بىلەن
تەرخەمەكتە قىلىنغان خام سەيدىن تارتىپ، پىنتوزا بىلەن كاۋىدا قو-
رۇلغان پىششىق قورۇمىغىچە، ئىچىگە قۇرت چۈشكەن گۈلە ـ قاقتىن
تارتىپ، چىش ئۆتمەس بولۇپ كەتكەن ئېرىمچىك، بوغۇرساقلارغىد-
چە، پېچەتلىك ھاراقلاردىن تارتىپ، پارچە ھاراقلارغىچە، «شەرەپ»
ماركىلىق پاپىروستىن تارتىپ، مۇچ ياغىچىدىن سوقۇپ ياسالغان
ئاچچىق تاماكىغىچە ھەممە ... ھەممىسى بار ئىدى. قارىماققا ئاددىي ـ

ساددا، غورىگىل كۆرۈنگەن بۇ داستىخان، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ كىچىككىنە ئۆيدە گىرە بولۇپ ئولتۇرغان ئون نەچچە ياشنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى — بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت ـ ھىممىتى ۋە سەمىمىي ـ ساداقىتى ئىدى. شۇڭا ئۇلار — يېمەك ـ ئىچمەك چۆپچىل بولسىمۇ، غۇربەتچىلىك ھېس قىلمايتتى، ياتاق كىچىك بولسىمۇ، قىستاڭچىلىق سەزمەيتتى، ئۇلار ھەممىنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىخلاس تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، شۇنداق قىزغىن، باياشات ھەم بەھۇزۇر ئولتۇراتتى...

بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ساقىيسى سەلەي قاشاڭ ئىدى، ئۇ كىچىككىنە ئەينەك رومكىدىن تارتىپ، كۇرۇشكا ۋە ساپال تاۋاقلارغىچە قۇيۇلغان ھاراقنى ھەممەيلەنگە تارقىتىپ، ئاخىرقى بىرسىنى ئۆزى ئالدى ۋە «تۇنجى قەدەھ نۇتقى» نى سۆزلەشكە باشلىدى:

— پىس ـ پىس ـ پىس، ياخشىمۇسىز ئاغىنىلەر! بىلىپ قويۇڭلار، پېقىر قاشاڭ بۈگۈنكى «زىياپەت» نىڭ قانۇنلۇق ساقىيسى بولدۇ. بىز بۈگۈن «كامىر» دىن بوشىتىلىپ، «مەيدان» غا چۈشۈرۈلگەن ئاغىنىمىز، بۇرادىرىمىز، ساۋاقدىشىمىز شەۋكەتنىڭ يېرىم ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىمەكچى، ياشىسۇن ئەركىنلىك! بۈگۈن بىز يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ، كۆڭۈل ئاچىمىز. شۇڭا، بۈگۈن ھاراقنى ياخشى ئىچىپ بەرمىسەڭلار، مانا مۇشۇ قورۇمىدىكى پىنتوزا بىلەن بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ، ئالدىڭلاردا ئۆلۈپ بېرىمەن! قېنى ئەمىسە، كۆتۈردۇق، ھەممىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ھەم ئىمانىمىزنىڭ قۇۋۋەت تېپىشى ئۈچۈن خوشە!...

سەلەي قاشاڭنىڭ بۇنداق قىزىق، يۇمۇرلۇق سۆزلىرىنىڭ كۈچى بىلەن بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى رومكىلار غىدىلىك ـ پىدىڭسىز ئېچىلىپ كەتتى. قانلار قىزىپ، يۈزلەر قىزاردى، تىللار راۋانلىشىپ، گەپ ـ سۆزلەر كۆپىيىشكە، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەۋجىگە چىققىشقا باشلىدى. گايىت مايىت يوغان ھېجىردىكى ھاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— قېنى ئاغىنىلەر، بۈگۈن ئىچتۇق، چاۋىمىزنىڭ يېغىنى زاكوسكا

قىلىپ ئىچتۇق! ــ دېۋىدى، ئارقىدىنلا سۇلايمان قىزىل بۇرۇن :
ــ ئىچسەڭمۇ، قورساققا ئازراق كالتە چەم سېلىۋېلىپ ئىچمە.
سەن! قاسماق دوپپاڭنى پۇراپ ئىچىۋېرىپ، ئەتىسى زەردەڭ قاينىسا،
ۋىجدانىم قايىندى، دەپ سوقۇشماستىن باشقا ئىش يوق! ــ دەپ ئۇ.
نىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇشتىن يالتايدى.
ــ غەم قىلما، قىزىل بۇرۇن، ــ دېدى سەلەي يەنە ئوتتۇرىغا چىـ.
قىپ، ــ ھېلى كاتەكتىكى چارخورازنى سويىمەن، ئۇچەي ـ باغرىنى
سېنىڭ ئامرىقىڭ روشەنگۇل ئۆپكە ـ ھېسىپ قىلىپ قۇيىدۇ، تېرىسىـ.
نى سەن بۇ يىل قىشتا جۇۋا تىكتۈرۈپ كىيىسەن، قانداق؟
بىر سىنىڭ «ۋەيت!...» دېيىشى بىلەن ئومۇمىي كۈلكە كۆتۈرۈلـ.
دى، كۈلكە بىلەن تەڭ قىزىل بۇرۇن ئالدىدىكى ھاراقنى سىلكىنىپ
تۇرۇپ تەسلىكتە ئىچىۋەتتى. ئەمدى ئاقنىياز يوغان رومكىدىكى
ھاراقنى قولىغا ئالدى.
ــ ئاغىنىلەر، يەنە بىر كۆتۈرەيلى، ــ دېدى ئۇ سالماق، لېكىن
بىر خىل ھېسسىياتلىق تۇيغۇ بىلەن، ــ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇشـ.
مۇ ئادەم ئۈچۈن بىر خىل لەززەت بېغىشلايدۇ، ئۇ سېنى چەكسىز خىيـ.
ياللار دۇنياسىغا تاشلايدۇ، سەن ئۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىـ.
رىلەرنى كۆرىسەن، كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلىدۇ...
ــ دېمەك، سەن بۈگۈن نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك، مەي
ئىچىدىن يار ئەركىسىنى كۆرىدىكەنسەن ـ دە! ــ دېدى سەلەي قاـ.
شاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ــ بوپتۇ، بۈگۈن ئەمسە روھىمىز بىـ.
ھوش بولغۇدەك ئىچەيلى، سەنمۇ ئاشۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەرـ.
نى غۇنچەقىز بىلەن تاماشا قىلغىن!
ھەممەيلەن ھاراقلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئىچەيلى دەپ تۇرغاندا،
خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك مەتكېرەم مەتقاسىم ۋارقىرىدى :
ــ توختاڭلار، بۇنداق ئاسان ئىچىۋېرىدىغان گەپ يوق، ئۇ شېـ.
ئىر ئوقۇپ بەرسۇن!
بۇ تەكلىپ ھەممەيلەنگە ياقتى، ئۇلار قوللىرىدىكى ھاراقنى يەنە

جايىغا قويۇپ چۇرقىراشتى :
ــــ توغرا، شېئىر ئاڭلايلى!
ــــ ئوقۇ، ئاقنىياز!
ــــ ماياكوۋىسكىدەك ئوقۇ!
ــــ ياق، پوشكىندەك ئوقۇسۇن!
كۈچلۈك، ئىنىق هاراق ئاقنىيازنىڭ ۋۇجۇدىدا هارارەت دولقۇنى پەيدا قىلغانىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى مەستانىلىشىپ كەتكەنىدى، بۇنداق چاغدا، ئۇ تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كېتەتتى.
ــــ ماقۇل، ئوقۇسام ئوقۇدۇم! ــــ دېدى ئۇ ۋە قولىدىكى رومكىنىمۇ قويماي، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، دولقۇنلۇق ئىنتوناتسىيە بىلەن بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى :

يەتتە رەت يۇيساڭمۇ دەريادا ئىتنى،
يەنىلا ئىپلاستۇر بولسا ئۇ هامان.
ئەيسانىڭ ئېشىكى مەككىگە بارسا،
قايتقاندا يەنىلا ئېشەكتۇر هامان!

ــــ قالتىس ئوقۇدۇڭ!
ــــ پاھ، پاھ!...
ــــ ياخشى شېئىر ئىكەن!
ــــ ۋاھ! ۋاھ!...
مەستلەرگە خاس قى ـ چۇلار، ئالىتاغىل ۋارقىراشلار ياتاقنى بىر ئالدى. ئاشۇنداق تەرتىپسىز، ئەبجەش ئاۋازلار ئىچىدىن كىمدۇر بىرسىنىڭ بوغۇق، لېكىن ۋەزمىن خىتابى هەممىنى بېسىپ چۈشتى :
ــــ هېساب ئەمەس، ئاقنىياز ئۆزىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇسۇن!
بىرسى ئۇنىڭغا سوئال قويدى :
ــــ ئەمىسە، هازىر ئوقۇغىنى كىمنىڭكى؟

— كىمنىڭ بولاتتى، شەيخ سەئىدىنىڭ شېئىرى، ئۇ بىزگە ئۆزد-
نىڭ يازغىنىنى ئوقۇپ بەرسۇن!
— توغرا، ئۆزۈڭنىڭكىنى ئوقۇ!
— مۇھەببەت لىرىكىسىنى ئوقۇسۇن!
— ئوقۇمامسەن، هوي! قارا، ئۇنىڭ ئېشەك هەيدەيدىغان تاياقتەك
دىڭگىيىپ تۇرغىنىنى!
— ئۇ هازىر شېئىر توقۇۋاتىدۇ!
— تېز ئوقۇ ئاقنىياز، بولمىسا هەممىمىزنىڭ هارىقىنى ئىچىسەن!
ئاقنىياز لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى، هاراقتىن قىزىرىپ خۇمارلاش-
قان كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، لېۋىنى يالاپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتتى،
ئاندىن قولىدىكى رومكىنى هەممەيلەنگە دوملاپ قويۇپ، يېقىملىق،
هاياجانلىق ئاۋاز بىلەن تېخى يېقىندىلا يازغان بىر كۇپلېت شېئىرىنى
زوق - شوخ بىلەن ئوقۇپ كەتتى:

سەندىدۇر كۆزلىرىم، سەندىدۇر كۆڭۈل،
سەن ئۆمرۈم كۆكىدە پارلىغان قۇياش،
سەندىدۇر ئىشەنچىم، سەندىدۇر يۈرەك،
سەن باركى، كۆزلىرىمگە يولىمايدۇ ياش...

شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن جىمجىت بولۇپ كەتكەن سو-
رۇننى سەلەي قاشاڭنىڭ مەستانە ئاۋازى بۇزۇۋەتتى:
— ئاھ، غۇنچەقىز، قايدا سەن دىلدار...
سېنى دەپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم بىكار...
شوخ، خەندان كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئاقنىيازنىڭ ئۆزىمۇ سەلەينىڭ
چېچەن ۋە چاققانلىقىغا قايىل بولۇپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلگەندىمۇ، يۈ-
رىكىدىن چىقىرىپ، دىلكەشلىك بىلەن قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلدى.
راست، سەلەي ئۇنىڭ يۈرىكىدىكىنى تاپقانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدى-

كى غۇنچەقىزغا بولغان زوقلىنىش ئاستا ـ ئاستا شېرىن تەلەپكە ئايلانغاندى، تەلەپ بولسا، ئارزۇغا؛ ئارزۇ ھېسسىياتقا؛ ھېسسىيات بولسا، ئاخىر بېرىپ سۆيگۈگە ئايلانغاندى! لېكىن شۇ كۈنلەردە، ئۇ «مەشۇقسىز ئاشىق» لىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتاتتى! بۇنداق «مەشۇقسىز ئاشىق» بولۇش ئاقنىيازنى بارا ـ بارا قىزنىڭ قەلب قەسرى ئالدىدىكى غايىبانە بىر دىۋانىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. لېكىن ئۇ، غۇنچەقىزغا بولغان بۇنداق پاك، يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئاشقانە قەلبىدە پىنھان ساقلاپ كېلىۋاتاتتى!

— ئاقنىياز، ئاداش! سەن غۇنچەقىزغا بولغان ھېسسىياتىڭنى خۇددى چېچوپىنىڭ غىلاپ بەندىسىدەك نىقابلاپ كېلىۋاتىسەن! — دېدى يەنە شۇ سەلەي دوستانە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن، — مۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر يۈرىكىڭنى كاردىن چىقارمىغىن! ياكى كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىندەك ھۇجۇمغا ئۆت ياكى ئوتنى تارتىپ، ھارارەتنى پەسلەت!

— مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر شۇ ئوخشايدۇ، سەلەي! — دېدى يۈرىكىدىكى يۈزىگە تېپىپ تۇرىدىغان، كۆڭلىدە كىرى يوق بۇ يىگىت تەقدىرگە تەن بەرگەن قىياپەتتە، — مەن خۇددى شېكسپىر ئېيتقاندەك مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ لەززەتلىك ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ يۈرۈۋېرىدىغان ئوخشايمەن!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، قولىدىكى ھاراقنى بىر تىنىق بىلەنلا ئىچىۋەتتى.

— ھەي سەلەي، سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگىنە! — دېدى ھاراق بىلەن تەڭشىلىپ قىيامىغا يەتكەن گايىت مايىت كۆزلىرىنى ئۈچبۇرجەك قىسىپ، — سەن ئويلاپ باقە، ئىشق ـ مۇھەببەتتى يوق ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنداق ئادەم بەئەينى شەپەرەڭگە ئوخشاش بۇ نۇرلۇق دۇنيانى قاراڭغۇ گۆردەك ئۆتكۈزىدۇ، دەرھال قىز تاپ، سەنمۇ بىر سىگە كۆيۈپ باق!

سەلەي ئورنىدىن يېرىم قوزغىلىپ، كىچىككىنە پىستە كۆزلىرىنى

مىت قىلماي چەكچەيتىپ، گايىت مايىتقا ھەيران بولغاندەك قىزنىقىپ قاراپ مۇنداق دېدى :

— ۋاي - ۋاي - ۋاي!... پىس - پىس -پىس، ياخشىمۇسىز، ئارىمىزدىن يەنە بىر «ھېسسىيات پەيغەمبىرى » چىقتىمۇ، نېمە؟ بىلىپ قوي، گىرىت مىرىت! ماڭا ئوخشاش يىلىكى توشقان، بۇقاپاتاڭ يىگىتنى كۆرسە، ھەرقانداق قىز دېگەن ھەشقىپىچەكتەك يۆگىشىۋالىدۇ، جۇمۇ! لېكىن مەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ يۈرۈۋاتىمەن. چۈنكى، مەن ئۇچراۋاتقان قىزلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى تېخى مېنىڭ ئۆلچىمىمگە توشقىنى يوق!...

ئارىدىن بىرسى قىزىقىپ سورىدى :

— سېنىڭ ئۆلچىمىڭ قانداق؟ ئېگىزمۇ، پاكارمۇ، ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ؟

— مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى مۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى سەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ شىلتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — كۆكرەكلىرى تەكشى يېتىلگەن بولۇش، بېلى ئىنچىكە، مۇسكۇللىرى ئېلاستىك بولۇش، ياغ ئاز بولۇش، ئاقسىل كۆپ بولۇش، ساغرىسى تولۇق بولۇش، بىلەك ۋە پاچاقلىرى تۈز ۋە ماسلاشقان بولۇشتىن ئىبارەت!

— ھەي، قاشاڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق، ئاندىن ناغرا قاق، دېگەن گەپ بار جۇمۇ! — دېدى قىزىل بۇرۇن قولىدىكى ياغاچ چوكىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ھەي، بىچارە دوستۇم، رەڭگارەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن، دېگەندەك سەن تېخى قىزلارغا ئۆلچەم قويۇپ يۈرەمسەن! ئۆزۈڭگە بىر قارىغىنا، تۇرقۇڭ ئەنە شۇ، بۇ سالپاڭ قۇلاقلىرىڭنى كېسىۋەتكىلى بولمىسا، بۇ چوقۇرلىرىڭنى قارا سۇۋاق بىلەن سۇۋاپ سىلىقلىغىلى بولمىسا...

بىرسى «ۋەيت!... » دەپ ۋارقىرىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا

پاراق ـ پاراق كۆلكه كۆتۈرۈلـدى، سەلـەيـنـىڭ ئۆزىـمۇ كـۆلـۈپ كەتتى...

بۇنىڭ ئىچىدە، ھاراقنىمۇ بۇقۇرۇپ ـ بۇقۇرۇپ ئىچىپ، كۆلكىنىـمۇ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ كۈلۈپ، پۈتۈن سورۇننىڭ پەيزىنى ئۇغرىلاپ، ھەممىدىن تىمەن ۋە ھەممىدىن سەگەك ئولتۇرغىنى شەۋكەت ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ راستىنلا كۆڭلى ئېچىلدى، دىلى يايرىدى، ئويلاپ قارىسا، ئۇنىڭ دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى، تەڭتۇشلىرى بىلەن مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك جەم بولۇپ، دىلكەشلىك بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغىنىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار بوپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، خۇشاللىق، كۈلكە، چاقچاق دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ! بۈگۈن ئۇ، گويا ئۆز ئەكسىگە، ئۆز ماھىيىتىگە، ئۆز توپىغا قايتقاندەك، شۇنداق خۇشال ھەم رازى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ، پۈتۈن سورۇننىڭ پەيزىنى ئوغرىلاپ، شۇنچە ئىچسىمۇ مەست بولماي، چاقچاقنىڭ، قىزىقچىلىقنىڭ، كۈلكىنىڭ قەنتىنى چېقىپ، ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى...

ئەمدى قايسىدۇر بىرسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئولتۇرۇش ساز، ناخشىغا قاراپ يۈزلەندى. ياتاقتا كونا بولسىمۇ پەدە، تارلىرى جايىدا بىر دۇتار بار ئىدى. بۈگۈن بۇ يەردە ھېلىم غېجەك بىلەن ساۋۇت داپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچىسى دۇتار ھەۋەسكارلىرى ئىدى، ئالدى بەش ـ ئالتە، كەينى ئىككى ـ ئۈچ ناخشىغا چېلىپ ئېيتالايتتى.

ــــ قېنى، دۇتارنى كىم چالىدۇ؟ ــــ دېدى ئاقىنياز كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئېسىلغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، ــــ سەن چالامسەن، گىرىت مىرىت؟

ــــ ياق، قىزىل بۇرۇنغا بەر، ــــ دېدى گايىت مايىت بىر كەمپۈتنى خۇددى ئات قوناق يېگەندەك كوسۇلدىتىپ چايناپ تۇرۇپ، ــــ ئۇ مەندىن ياخشى چالىدۇ، مەن ناخشىغا ياندىشاي.

دۇتارنى قىزىل بۇرۇن ئالدى، ئۈياق ـ بۇيىقىغا قاراپ قويۇپ،

خەرەكنى تۇكۇرۇپ تۇرغۇزدى. ئاندىن قۇلاقنى بىردەم ئالدىغا، بىر دەم كەينىگە تولغاپ يۇرۇپ، سازلاشقا باشلىدى. سازلاپ بولۇپ، خۇددى ئۇستا سازەندىلەردەك، تېز ۋە چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن ئالىقانداق بىر مەرغۇلغا تىرىڭشىتىپ بېقىپ، ئاندىن «نېمىگە چالىمىز؟» دېگەن مەنىدە يېنىدىكىلەرگە قارىدى.

— كۆڭۈل پادىشاھ، نېمىنى خالىساڭ شۇنىڭغا چال! — دېدى بىرسى.

— ياق، ئۇ «بىۋاپا» نى چالسۇن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى يەنە بىرسى، — ھەممىمىز ئېيتىمىز!

قىزىل يۇزۇننىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ھەۋەس بىلەن ئېيتىدىغان ناخشىسى شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە، دۇتارنى قورسىقىغا تىرەپ، پائۇزا ئۇرۇشقا باشلىدى. ساز مۇڭلۇق، ناخشىمۇ مۇڭ ئىچىدىن تۆرەلگەن ئارزۇ-ئارماندەك، مىسكىن ھەم يىغانلىق ئىدى...

سەنمۇ قىلدىڭ بىۋاپا،
مېنى قىلماس دېمىگىن.
نېمە كويلاردا يۇرىسەن،
مېنى بىلمەس دېمىگىن.

نېمە قىلدىم مەن ساڭا،
بىۋاپالىق قىلغىلى.
يۇرىكىمگە دەرد سېلىپ،
باغرى تاشلىق قىلغىلى!

مەستمەن، مەستانىمەن،
مەست بولمسام ئىچەمدىمەن!
مەستلىكىمگە پايلىماي،
ياقام يىرتىپ يىغلامدىمەن!...

ناخشىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنى قىزىل بۇرۇن ئېيتقان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كەلگەندە، گويا تورۇسنى ئېچىۋەتكۈدەك شاۋقۇنلۇق بىر ئومۇمخورغا ئايلىنىپ كەتتى...

ناخشا شەۋكەتنى ئەسىر قىلىۋالدى، ئۇ گويا ئۆزىگە تۇيۇقسىز قانات پەيدا بولۇپ قالغاندەك، پايانسىز كۆككە قاراپ پەرۋاز قىلماقچى بولدى. شۇ تاپتا، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ھەممە قىسمەتلىرى — ئۇ كۆرگەن خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ، راھەتمۇ، ئازابمۇ، ئۈمىدمۇ، ئۈمىدسىزلىكمۇ، مۇھەببەتمۇ، نەپرەتمۇ تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قورشىۋالغانىدى...

ناخشا ئۈزۈلمەي، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، شادلىق بىلەن ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەردىن ئۈزۈلمەي چىقىۋەردى. ئۇ خۇددى تاشلىقلاردىن يېرىپ چىقىپ، يىراقلارغا ئۇچقۇغان ۋە ئۆز يولىدا نۇرغۇن قاقاسلىقلارنى گۈللەپ - ياشناتقان مۆلدۈر بۇلاقلارغا ئوخشاش، بۇ يەرگە توپلانغان بىر مۇنچە يېرىم ئاچ، يېرىم توق يىگىتلەرنىڭ چاڭقاق قەلبى بىلەن ھالسىز جىسمىنىمۇ تويۇندۇرۇپ، سەگىتىپ ئۆتمەكتە ئىدى...

## 2

ئادەم تەكشىلىكتە تۇرغاندا، ئاران بەش كۋادرات كىلومېتىر ئۇپۇقنى كۆرەلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ بىر مېتىر ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قارىسا، ئون كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، تېخىمۇ يىراقنى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسى بىردىنلا كېڭىيىپ كەتكەندەك بولىدۇ.

بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار موسكۋا كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «قىرىق بىرىنچى» نى كۆرۈپ، ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتتا بولدى...

ئۈرۈمچىگە يېقىندا كېلىپ، ئىچكى جەھەتتە قويۇلۇۋاتقان بۇ كىنو-نى سەلىم ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 64-يىللىق 1 - ۋە 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تونۇگۈن كەچتە كۆرگەنىدى. سەلەي قاشاڭ كىنودىن چىقىپلا ئۆز تەسىراتىنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

— ئەر - ئايال پۈتۈن بىر يەر شارىنى قاق يېرىمىدىن ئىگىلىگەن-لىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچە تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلىپ، شارنىڭ يەنە بىر يېرىمىغا قويىنىنى ئاچىدىكەن، مۇھەببەت دېگەن مانا شۇ!...

تەبىئىتى ئېغىر، كالا مىجەز مەتكېرەم مەتقاسىممۇ كىنونىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ھاياجان بىلەن مۇنداق دەپ سالدى:

— بىزنىڭ كىنولىرىمىزدا ئىشقىي ھېسسىيات دېگەن نەرسىلەر يوق، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ھەمىشە دوگماتىزم ۋە ئەقلىي ھۆكۈم-لەرگە تايىنىپلا ئىجاد قىلىدۇ. مانا بۇ كىنونى قاراڭلار، خەقلەر باش-قىچە يازىدىكەن، بۇنى بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى بىر ئۇقۇم دې-يىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇرۇشنىڭ ئوبرازى، ئۇرۇشنىڭ سىمۋولى دې-گەنلەر ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي پىكىر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن...

— ھەي، كاشال گەپ قىلما! — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى سۇلايمان قىزىل بۇرۇن جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىلەمسەن، سېنى بۇ كىنوغا ماختاپ بەرسۇن دەپ ئەكىرمىدى، بەلكى ئىبرەت ئالسۇن، سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرسۇن، دەپ ئەكىردى جۇمۇ!

يەنە بىرسى ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى:

— راست، بەزىلەر بۇ كىنونى «بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكى» بىلەن «بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى» كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان ھازىرقى زامان شىۋجېڭجۇيىسىنىڭ سەنئەتتىكى ئەۋرىشكىسى دەۋېتىپتۇ. ئەس-لىدە، ھاۋاز يېتەكچى «بۇ كىنونى ئوقۇغۇچىلار كۆرۈشكە بولمايدۇ» دەپ بىزنىڭ كۆرۈشىمىزنى توسۇپتىكەن، لېكىن سەلىم ئەپەندى

«ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ...» دەپ بىزنى ئۆزى تەشكىللەپ ئەكىرىپتۇ...

بۇلارنىڭ پارىڭىغا يېڭىلا كېلىپ قىستۇرۇلغان گايىت مايىت چالۋاقىغاندەك مۇنداق دېدى:

— كىم نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئىشقىلىپ، مەن يامان دېمەيمەن! ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا گۈزەللىك قارىشى بولىدۇ. ئاڭلىسام، بۇ كىنو 1957-يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن «گانا خەلقئارا كىنو فېستىۋالى» دا، پەۋقۇلئاددە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتىكەن. ياخشى بولمىسا، خەقلەرمۇ ئۇنداق كاتتا مۇكاپات بەرمەستى!...

قىزىل بۇرۇن ئۇنىڭ پىكرىگە ئۆكتە قوپتى:

— ھەي گىرىت مىرىت، بۇ مۇكاپاتنىڭ پارىژدەك قېرى جاھان-گىرلىكنىڭ ئۇۋىسىدا بېرىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ياخشى دەي-سىنا؟! ئەگەر ئۇ پارىژدا ئەمەس، بېيجىڭ، ھاۋانا ياكى تىرانادا بېرىلگەن بولسا، ئاندىن ياخشى دېسەڭ بولاتتى، ئەخمەق!...

كىنودىن چىقىپلا باشلانغان بۇ تالاش - تارتىش، مۇنازىرە ياتاققا بارغاندىمۇ بېسىقمىدى. ياشلار يېڭىلىققا قىزىقىدۇ، ئىنتىلىدۇ، بۇ جە-ھەتتە ئۇلار ئۆز پىكرىنى ئۆتكۈزۈش، قايىل قىلىش ۋە شەرھلەشتە ناھايىتى قەيسەر، ناتىق ۋە بىلىملىك بولۇپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى، بىر نەچچە ياتاقتا خېلى ۋاقىتلارغىچە چىراغ ئۆچمىدى، «قىرىق بىرىن-چى» كىنوسى ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تىنچسىز بولۇپ كەتتى. ياتاقنىڭ ئوچۇق ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن غاژ - غۇژلار، تەنە - مەسخىرىلەر، ئۆكتە قوپۇش ۋە چالۋاقاشلار خۇددى پوجاڭزى-دەك پاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى.

ئاقنىيازنىڭ ياتىقىغا ئون نەچچە ساۋاقداش توپلىشۋالغانىدى. سە-لەي قاشاڭ، گايىت مايىت، غۇلام تورپاق، قىزىل بۇرۇن، مەتكېرەم مەتقاسىم قاتارلىقلار ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ مۇنازىرىلىشۋاتاتتى. ئاقنى-ياز كارىۋىتىدا يانپاشلاپ، ھېچكىمگە ئارىلاشماي، كىتاب كۆرگەن بو-لۇپ ياتاتتى.

ـــ ھەي، بىغەرەز، سەن ئويلاپ باقە، ـــ دېدى گايىت مايىت
ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەچكە خىرقىراپ، ـــ ماليۇتكىمۇ، گېئوروخ ئوتـ
روكمۇ ئادەمغۇ، ئادەم بولغاندىمۇ، يات جىنسلىق ئىككى ئادەمغۇ! مۇـ
ھەببەت دېگەن ئادەم تۇغۇل، ھايۋانلاردىمۇ بار. ئاتلارنىڭ بىر ـ بىـ
رىگە قاراپ كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ ئىز قوغلاپ مۆرەشلىرى،
ئېشەكلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ ھاڭراشلىرى ئۇلارنىڭ بىر ـ
بىرىگە بولغان كۆڭلىنى، ئىشقىنى ئىزھار قىلىشى ئەمەسمۇ؟

ـــ ھەي! ... سەن بۇ گېپىڭ بىلەن ماھىيەتلىك بىر پەرقنى ئىنـ
كار قىلىۋەتتىڭ، ساراڭ! ـــ دېدى قىزىل بۇرۇن جىلە بولۇپ، ـــ
بىلىپ قوي، ئادەمدە ئىشق ـ مۇھەببەت، ھايۋانلاردا بولسا، تەبىئىي
خۇسۇسىيەتلا بولىدۇ، جۇمۇ!

ـــ ئۇنىڭ ئىنكار قىلغىنى يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ـــ دەپ قىزىل بۇـ
رۇنغا بولۇشتى غۇلام تورپاق، ـــ ئۇ ئەڭ مۇھىم بولغان يەنە بىر
نەرسىنى ـــ سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي پەرقنى ئىنكار قىلىـ
ۋەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بىز قانداقتۇر، پرولېتارىيات ئادەملىرى، بۇرـ
ژۇئازىيە ئادەملىرى، ئىنقىلابىي ئادەملەر، ئەكسىلئىنقىلابىي ئادەملەر
دەپ ئايرىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟! ئۆز دۈشمىنىنى
ئۇنتۇش، ئۆز دۈشمىنىنى سۆيۈش ـــ بۇ كىنودىكى ئاتالمىش ئىنسانـ
پەرۋەرلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك! ئۇ بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى؟ ئەـ
گەر ئىنقىلابىي گراژدانلار ئۇرۇشى بولمىغان بولسا، بۇ ئىككى «ئاـ
دەم» ئۆزئارا مۇھەببەت باغلاپ، بەختىيار ئۆتكەن بولاتتى، دېمەكچى!
دېمەك: بۇ فىلىمدە تۇرمۇش قوپاللىق بىلەن بۇرمىلانغان بولۇپلا قالـ
ماستىن، بەلكى يەنە ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابىي ئۇرۇش «ئىنسانىيەتسىز»
دەپ ھاقارەت قىلىنغان!

گايىت مايىت قايىل بولمىدى، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئۆزىنىڭ يېـ
ڭى پىكرىنى شەرھلىدى:

ـــ مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتىدە ئۈچ ئامىل بار.

بىر سى، مۇھەببەت؛ بىر سى، تىنچلىق؛ يەنە بىر سى، ھەقىقەت! مانا مۇشۇ ئۈچ ئامىل ھازىرلانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر ھەقىقىي، مەڭگۈ-لۈك بەخت ــ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. «قىرىق بىرىنچى» فىلمىدە، ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان مانا شۇ غايە ۋە ئارزۇ ــ ئىستەك سەنئەت يولى بىلەن نامايان قىلىنغان!

— توغرا، توپتوغرا! — دېدى سەلەي قاشاڭ قوللىرىنى يېنىك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — ئەر ــ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئىشق ــ مۇھەببەت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىشق ــ مۇھەببەتنىڭ كۆز بىلەن كۆر-گىلى بولمايدىغان ئەڭ سىرلىق، گۈزەل مىنۇتلىرى بولىدۇ، بىزنىڭ كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغىنىمىز دەل ئەنە شۇ قىممەتلىك، گۈزەل مى-نۇتلار!...

— ھەي، قاشاڭ، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟...

— سەنچۇ، تورپاق!...

— ھەي، توختىغىنە، مېنىڭ گېپىم تۈگىمىدى...

— سەن، توختا، ۋالاقتەگكۈر...

كۆزلەر ئالايدى، شۆلگەيلەر چاچرىدى، ئېغىزلار مايماقلاشتى، چىرايلار پۈرلەشتى. لېكىن بۇنداق ئاپىغى چىقماس گەپ ــ سۆزلەر بىلەن قاتتىق قايناشلار ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى.

ئەگەر، قوشنا ياتاقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئۇيقۇمىزغا تەسىر يەتتى» دېگەن نارازىلىقى ۋە ئۆكتىسى بولمىغان بولسا، بەلكىم ۋاراڭ ــ چۇرۇڭلۇق مۇنازىرە تېخىمۇ قىزىپ، تۈن نىسپىدىن ئېشىپ كەتكەن بولاتتى...

لېكىن، مۇنازىرە يېرىم يولدا توختاپ قالمىدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن رەسمىي، تەشكىللىك ھالدا يەنە ئېلىپ بېرىلدى. پاراللېل ئىككى سى-نىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن بىرلەشمە دەرسخانىغا توپلاندى. فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كېرىمى، سىياسىي يېتەكچى ھاۋاز بەختى، سەلىم ئەپەندى ۋە «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ئوقۇتقۇ-

چىسى ئۆمەر شېرىپ بىلەن «لوگىكا» مۇئەللىمى شەمشىدىن قاتارلىقلارمۇ سىرتتىن قاتناشتى. كلاسكوم غۇلام تورپاق يىغىننى باشقۇردى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ، — بىز ئۆتكەندە، سەلىم مۇئەللىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھېكايە فىلىمى «قىرىق بىرىنچى» نى كۆردۇق، مۇئەللىم بىزگە بۇنى كۆرسىتىشتە، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. دېگەندەك، كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، يولداشلار ئۆزلۈكىدىن ناھايىتى قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەرنى قىلىشتى. بىر مۇنچە ئوخشاشمىغان پىكىر ۋە نەزەرىيىۋى قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، بۇنداق جانلىق بەس - مۇنازىرىلەر بىزنىڭ ئاڭ - سەۋىيىمىزنى، بىلىم قۇرۇلمىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بۈگۈن بىز شۇ كىنو ھەققىدىكى كۆزقاراشلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق، سىستېمىلىقراق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ يىغىننى ئاچتۇق. ھەممەيلەننىڭ ئاكتىپ، قىزغىن پىكىر بايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۆتكەنكى قىزغىن مۇنازىرىچىلەرمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، شۈكلەپ قېلىشتى.

چۈنكى، ئۇلار بۇ يەرنىڭ كوچا ياكى ياتاق ئەمەسلىكىنى، ئۇ يەردىكىگە ئوخشاش ئاغزىغا كەلگەنچە ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەشكە بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق پىكىر ياكى كۆزقاراشلارنى مەلۇم قائىدە - قانۇنغا سېلىپ، نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن شەرھلەشنىڭ لازىملىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە فاكۇلتېت مۇدىرىدىن تارتىپ، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارغىچە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئازراقلا كەتكۈزۈپ قويساڭ، سېنىڭ بىلىمىڭدىن، ئىدىيەڭدىن، كۆزقارىشىڭدىن گۇمانلىنىدۇ، ئاخىر ئۆزۈڭمۇ ئىشەنچسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسەن! ئەڭ ياخشىسى، غىت قىسىپ ئولتۇرغان تۈ-

زۈك! سۆزلەشكە خۇمارداپ قالغانلار سۆزلىسۇن، ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقى-
مۇ ئادەم كېرەك!...

بىر هازا جىملىقتىن كېيىن بىرىنچى توپنى يەنىلا زايىت ئاتتى، ئۇ
ئۆزىنى كۆرسىتىشكە بولىدىغان مۇنداق كاتتا سورۇنلاردا هەرگىزمۇ
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، قولى بىلەن چې-
چىنى تاراپ قويۇپ، فاكۇلتېت مۇدىرى بىلەن هاۋاز بەختىگە ئالاهىدە
نەزەر بىلەن غىلمىيىپ قارىدى، ئاندىن گېلىنى قىرىپ، يۇتقۇنۇپ،
ئالدىرىماي، ئاۋازىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن «قىرىق بىرىنچى» نى كۆردۈم، بەزى ئۇستازلار بىلەن
پىكىر ئالماشتۇردۇم ۋە بىرنەچچە كۈندىن بېرى چوڭقۇر ئويلاندىم.
مېنىڭچە، بۇ فىلىمنى هازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيىسىنىڭ سەنئەتتىكى
ئەۋرىشكىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ فىلىمدە تارقىتىلغان بۇرژۇئا ئىنسان-
پەرۋەرلىكى پۇراقلىرى هازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيى لۇشيەنىنى،
سوتسىيالىزمدىن كاپىتالىزمغا «تىنچ ئۆزگىرىش» دىن ئىبارەت سى-
ياسىي تەلەپنى سەنئەت ۋە ئىدېئولوگىيە ساهەلىرى ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەرگەن! — ئۇ سەل توختىدى، قولىدىكى كىچىككىنە قە-
غەزگە لەپپىدە بىر قارىدى، ئۇنىڭدا ئېيتماقچى بولغان پىكىرلىرىنىڭ
مۇهىم نۇقتىلىرى تېزىس قىلىنغانىدى، — بۇ فىلىمدە، پەقەت شەخ-
سىي بەخت ـ سائادەتلا هەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇ هەممىدىن ئەلا،
دېگەن چېرىك بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى تەشۋىق قىلىنغان. كىنو-
دىكى ماليۇتكىدىن ئىبارەت چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئايال جەڭچىنىڭ
ئوبرازى سوۋېت ئىنتىپاقىنىڭ ئىنقىلابىي خەلقى ۋە ئىنقىلابىي قەهرى-
مانلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق هاقارەت ئەمەسمۇ؟! ئاپتور بۇ ئايالنى دەس-
لەپ شۇنداق قەهرىمان، قەيسەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ، كېيىن ئۇنى بو-
لۇشىغا خۇنۈكلەشتۈرۈپ، بىر ئاق ئوفىتسېرنىڭ شەرمەندە ئاشىنىسىغا،
ئەركە ـ نايناق، شاللاق خوتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دېمەك، ئە-
سەرنىڭ بېشىدىكى كوممۇنىزم هەقىقىتى ۋە كۈچىنىڭ سىمۋولى بول-
غان مۇنەۋۋەر جەڭچى ماليۇتكا ئاخىرىغا بېرىپ سىنىپىي دۈشمەن

گېئوروخ ئوتروك بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەسىرىگە
ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنقىلابىنىڭ خائىنى ئورنىغا چۈشۈ-
رۈپ قويۇلىدۇ. پۈتۈن فىلىم ئۇلۇغ گىراژدانلار ئۇرۇشىغا قارشى بىر
خىل پۇشايمان بىلەن مازاقلاش پۇرىقىنى تارقىتىدۇ. شۇڭا بۇ فىلىمنى
ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ پۇشايماننامىسى ۋە تووۋىنامىسى دېيىش كېرەك!
بىز بۇنى ئۆزىمىزنىڭ «ئاق چاچلىق قىز »، «قىزىل بايراق شەجەرد-
سى » قاتارلىق فىلىملەردە ئىپادىلەنگەن ئەمگەكچىلەرنىڭ فېئودال پو-
مېشچىكلار سىنىپىغا قارشى مۇقەددەس غەزەپلىرى؛ «دۇگسۇگرۇي »،
«شياگگەنلىڭ چوققىسى » قاتارلىق فىلىملەردە ئىپادىلەنگەن ئىنقىلابىي
جەڭچىلەرنىڭ جاھانگىرلىك ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان چوڭقۇر
ئۆچمەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە پىداكارانە روھى، ئېگىلمەس —
سۇنماس ئىنقىلابىي ئىرادىسى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭدىكى ئىدى-
يىنىڭ ئىنتايىن چۈشكۈن، روھىنىڭ ئىنتايىن زەئىپ، ھېسسىياتىنىڭ
ئىنتايىن قۇرۇق، پۇچەكلىكىنى كۆرىمىز. دېمەك، «قىرىق بىرىنچى »
ناملىق بۇ زەھەرلىك فىلىمدە، كىشىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دۈشمەن
يوق، دۈشمەن — ئۇرۇش دېمەكتۇر، دېگەن ئىنتايىن زىيانلىق بىر
سەپسەتە تەرغىب قىلىنىپ، قانداقتۇر «ئادەمگەرچىلىك »، «ئىنسان
تەبىئىتى »، «ئىنسانىي مۇھەببەت » دېگەندەك بۇرژۇئازىيىنىڭ كونا
ماللىرى بازارغا سېلىنغان. بۇ فىلىمنىڭ يازغۇچى ۋە رېژىسسورلىرى
بۇرژۇئازىيە ئالدىدا تىز پۈكۈپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان غەرب بۇرژۇئا-
زىيە ئەدەبىياتىنىڭ خەپرۈكلىرىدىن ئەپيۈن ياساپ، سوۋېت خەلقىنى
ۋە بىزنى زەھەرلىمەكتە. شۇڭا بىز شۇنداق جىددىي سىناق ئالدىدا
ھەر ۋاقىت ھوشيار ۋە سەگەك تۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشى-
رىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبى-
يات سەنئىتىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم! سۆزۈم تۈگىدى...

خېلى كۈچلۈك چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى، لېكىن تەكشى ئەمەس
ئىدى. ۋاقىتمۇ ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى، پەقەت ھاۋاز بەختىلا ھەم-
مەيلەن توختىغاندىمۇ يەنە ھاياجىنىنى باسالماي، خۇشاللىق بىلەن

چاۋاك ئۇرۇۋاتاتتى. زايىت ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزىدىن ۋە پۈتۈن تۇرقىدىن خۇددى جىددىي ئىمتىهاندا ئۇتۇپ چىققان ئوغلى ياكى ئىنىسىدىن رازى بولغاندەك بىر خىل خۇشاللىق، قايىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. زايىتنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار سۆزلىدى، ئۇلارنىڭ سۆزى قىسقا ـ قىسقا ئىدى، تەلەپپۇزى، مۇقامى زايىتنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايتتى. ئۇلار سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سىنىپ ئىچى يەنە بىر پەس جىمىققا چۆكتى. سەلەي قاشاڭ بىلەن مەتكېرەم مەتقاسىم ھەدەپ بويۇنداپ، ئاقنىيازغا قارىدى ۋە قاش ـ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، بىرنەرسە دېمەمسەن، دېگەندەك ئىشارەتلەرنى قىلدى. ئۇلار ئاقنىيازنىڭ سۆزلىسىلا ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىنى، چوقۇم زايىتقا قارشى مۇقامدا گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. لېكىن بۈگۈن ئاقنىيازنىڭ سۆزلەش نىيىتى يوق ئىدى، «قىرىق بىرىنچى» توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئاۋۋال شەۋكەت بىلەن ئوبدان پىكىرلىشىپ، كېيىنرەك بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە قىلىپ يېزىش ئويىدا ئىدى. ئەمدى بولمىدى، زايىتنىڭ كۆرەڭ ئاۋازى، گىدىيىپ تۇرۇشلىرى، ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن تېزىس تۈزەپ سۆزلىشى ئۇنىمۇ بىرنەرسە دېيىشكە ئۈندىدى، بولۇپمۇ ھاۋاز بەختىنىڭ بىمەنە قىلىقلىرى، ئۇنىڭ تېخىمۇ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پارتىغا تىرەۋالغان يوغان ئۈگىلىك قوللىرى ھاياجاندىن سېزىلەرلىك تىترەۋاتاتتى.

— ئادەم قەيەردە چوڭقۇر ئويغا پاتسا، شۇ يەردە يېڭى پىكىر، يېڭى ئەقىل تاپىدىكەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — مەن «قىرىق بىرىنچى» نى كۆرۈپ، شۇ كېچىسى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم، بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى كۆردۈم، يەنە ئويغا پاتتىم. بۇ كىنودا زادى نېمە دېمەكچى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى توپ ئىدىيە، شۇ دەۋردىكى ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچى-

لىقلىرىنى، بولشېۋىكلارنىڭ باتۇرلۇقىنى يېزىش بىلەن بىر قىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت! لېكىن، بىز ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىكى»، «ئىنسان تەبىئىتى» دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلغان، دەپ ئەيىبلەۋاتىمىز! ھەقىقىي ئەھۋال زادى قانداق؟ ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىنسان تەبىئىتى — ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببەت، ئاتا - بالىلىق مۇھەببەت، قىز - يىگىتلىك مۇھەببەت ھەم ئادەملەرنىڭ گۈزەل نەرسىلەردىن ئورتاق لەززەتلىنىشى، زوقلىنىشى قاتارلىقلار ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن، قەشقەرنىڭ شېرىن ئانىرىدىن، تۇرپاننىڭ تاتلىق ئۈزۈملىرىدىن ھەرقانداق مىللەت، ھەرقانداق سىنىپتىكى ئادەملەر — مەيلى گاداي ياكى پومېشچىك بولسۇن، مەيلى ئىشچى ياكى كاپىتالىست بولسۇن ئورتاق لەززەتلىنىدۇ. ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىنىپىي مەيدانى، دۇنيا قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق بىر كونكرېت ئادەمدە بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئادەم مۇرەككەپ نەرسە، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم نازۇك، ئەدەبىيات ئادەمنى يازىدىغان، ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پەن بولغاچقا، ئۇ ئادەم تەبىئىتىدىكى ئەنە شۇ نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، «قىرىق بىرىنچى» فىلىمدە، ئادەم تەبىئىتىدىكى مانا شۇ خۇسۇسىيەتلەر ناھايىتى توغرا ھەم ماھىرلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن! — ئاقنىياز چوڭقۇر تىنىۋالدى، پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا خۇددى مارجان تىزىقلىرىدەك شۇنداق ئېنىق ۋە دانە - دانە كېلىۋاتاتتى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىشتى، قىزىق قېنى تومۇرلىرىدا شۇۋۇلدايتتى، — بىز ئىنسان تەبىئىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى بىلەن يامان تەرىپىنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھەم بىر - بىرى بىلەن

تىركىشۋاتقان تەرپىنى، شۇنداقلا ياخشى ـ يامان دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولمايدىغان نازۇك، سىرلىق، يوشۇرۇن ۋە ئەبجەش تەرەپلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە، ھەم كۈچلۈك، ھەم ئاجىز، ھەم گۈزەل، ھەم خۇنۈك، ھەم ئۇلۇغ، ھەم چاكىنا. مېنىڭچە، بۇ كىنودا ئادەم تەبىئىتىدىكى مانا شۇنداق قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى توغرا ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن! بىزمۇ ئەسەرلىرىمىزدە نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق زېددىسى بار قەھرىمانلارنى يازالمايمىز؟! دۇنيادا مەشھۇر يازغۇچىلار شۇنداق يازغانغۇ! شولوخوپنىڭ «ئېچىلغان تىڭ» رومانىدىكى داۋىدوۋ ئوبرازى ئەنە شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كوممۇنىستىك غايە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ناھايىتى يۈكسەكلىكتە تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ يەنىلا تىرىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا كۆڭلى تارتقان قىز ـ چوكانلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدۇ. داۋىدوۋنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ شۇ يەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىكىدە! مەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىۋاتىمەن. ھازىرچە پىكرىم شۇ، توغرىمۇ، خاتامۇ ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار! چېخوپنىڭ بىر گېپىنى ئېسىڭلارغا سېلىپ قوياي: «پىكىر دېگەن خەققە تېڭىپ بېرىدىغان خوتۇن ئەمەس!»

گۇلدۇراس چاۋاك كۆتۈرۈلدى، بولۇپمۇ سەلەي، گايىت مايىت، مەتكېرەم مەتقاسىم دېگەنلەر دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتقىلى تاس قېلىشتى. سەلىم ئەپەندىنىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ، ھاياجاندىن كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى. ئۇ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئېلىش يولىدىكى بۇنداق سەممىي، ئەستايىدىل ئىزدىنىشىدىن، ئۆزىنىڭ يېڭى، مۇستەقىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى بۇنداق دادىل، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىدىن چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

لېكىن، ئاقنىيازنىڭ پىكرىگە قارشى ئۇيەر ـ بۇيەردىن نارازى غو-

دۇراشلارمۇ ئاڭلاندى :

— بۇ ئۆزى ئاق باندىتنى مەدھىيىلەپ، شەھۋانىيلىكنى تەرغىب قىلغان سىرىق ئەسەرگە مەدھىيە ئوقۇش بولدىغۇ!

— بۇرژۇئا «ئىنسانپەرۋەرلىكى» گە ئالتۇن تاج كىيگۈزدى ئۇ!

— سىنىپىي كۆرەشنى ئىنكار قىلغان ئەسەرنى ئاشۇنداق دېسە بولامدۇ، قانداق گەپ بۇ؟!

— شۇنداق گەپ بۇ ئاغىنە، چىچىلما! — بىر بۇلۇڭدىن سەلەي قاشاڭنىڭ كىنايىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۇ ئۆزى قارىمۇ قارشى-لىقنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنيا. شۇڭا، ئىگەممۇ ئىككىنى دوقاققا، ھوناقنى پوقاققا ياراتقان!

دەرسخانىدا، بايىقى سۆزلەرنىڭ تەسىرى ۋە سالمىقى بىلەن ئۆزئارا كۇسۇرلىشىش ۋە داۋالغۇش بولۇپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا كىمدۇر بىرسى :

— ئەمدى سەلىم ئەپەندى سۆزلەپ بەرسە قانداق؟ — دەپ تەلەپ قىلىۋىدى، شۇ ھامان تۇشمۇتۇشتىن :

— توغرا، سەلىم مۇئەللىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلايلى!

— سەلىم مۇئەللىم سۆزلەپ بەرسۇن! — دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.

سەلىم ئەپەندى ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، سۆزلەي دېسە، ئۆز سۆزىنىڭ تالاش - تارتىشقا يەكۈن بولۇپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئەركىن - ئازادە پىكىر قىلىشىغا توسقۇن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، سۆزلىمەي دېسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ لەۋزى يەردە قېلىپ، يىغىننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كىبىرىمى ئۇنىڭغا «سۆزلەڭ» دې-گەندەك باش ئىشارىتى قىلدى.

سەلىم ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى، مۇدىرنىڭ ئۈندىشى بىلەن ئاخىر مۇنبەرگە چىقتى. سەلىم ئەپەندى ئۇستا ناتىق ئىدى، ئۇ ئۆزد-

نىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى رام قىلغۇچى مەردانە ئاۋازى، مۇلايىم، شوخ
خىسلىتى ۋە سالاپەتلىك سىيماسى بىلەن ھەممىشە، ھەممىلا يەردە كۆ-
رۈنەرلىك ئۇتۇققا ئېرىشەلەيتتى.
— ساۋاقداشلار، — دېدى ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئوقۇغۇ-
چىلارغا مېھىر بىلەن قاراپ، — بۈگۈن مەن ناھايىتى خۇشال بول-
دۇم، سىلەرنىڭ ئويلاشقا، سۆزلەشكە ۋە ئىزدىنىشكە شۇنچىلىك جۈر-
ئەت قىلغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولدۇم. مەن ئويلايمەن، بىر ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىرەر كىتاب، بىرەر كىنو ۋە بىرەر كلاسسىك
ئەسەر توغرىسىدا چوڭقۇرراق بىر چۈشەنچە بېرەلمىسە، بىرەر پارچە
ئىلمىي قىممىتى بار ماقالە يازالمىسا، كۆن بويى قۇرۇق گەپ قىلىپ،
سىياسىي شوئارلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ ئۆتسە، ئۇنى قانداقمۇ ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگىلى بولىدۇ؟! ئۇ جەمئىيەتكە چىققاندا، زادى
نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ قەدىمكىلەر توغرا ئېيتقان: «تالىپ ياغى-
چاق سۆرىسە ئالىم بولالمايدۇ!» ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئىنسانىيەت بىر-
نىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ ئالغا كېتىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇن
ئەجدادلار ئۆتمىدىمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار قەدىمكى ئادەملەرگە
ئايلاندى، بىزمۇ يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە قەدىمكى ئادەملەرگە ئاي-
لىنىپ كېتىمىز، پەقەت ئەسلىگۈدەك ئىش قىلالىساڭلا، شۇنداق بول-
سەن، بولمىسا، تارىخ سېنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىۋېرىدۇ. چەت-
ئەلدىن ئالساق، گومېر، دانتى، پوشكىن، بالزاك، تولستوي؛ ئۆزد-
مىزدىن ئالساق فارابى، نەۋائىي، يۈسۈپ خاس ھاجىب، مەھمۇد قەش-
قەرى دەۋرلىرىدە، ئۇلار بىلەن بىللە ياشىغان زامانداشلار ئازمىدى؟
ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ، پەقەت
ئاشۇلارلا ئىنسانىيەت قەلبىدىن ئۆچمەي كېلىۋاتىدۇ. ئادەم ئۈچۈن
تاج ۋە باشقىلار زىننەت بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا زىننەت ئۇلارنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى بىلىم! شۇڭا، ئادەم يەرگە دەسسىگەنىكەن، چوقۇم ئىز
قالغۇدەك چىڭ دەسسىشى كېرەك، بولمىسا يەر يۈزىدە ھايات يۈرگەن-

نىڭ ئەھمىيىتى بولماي قالىدۇ! ــــ سەلىم ئەپەندى سۆزىدىن توختاپ، ئالدىدىكى ئىستاكاندىن بىر يۇتۇم چاي ئوتلىدى، سىنىپ شۇنداق جىمجىت ئىدى، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، سەلىم ئەپەندى ھال رەڭ يىپەك ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، ــــ بايا ساۋاقداشلار «قىرىق بىرىنچى» كىنوسى ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوخشاشمىغان پىكىر ۋە تالاش ـ تارتىشنىڭ بولغىنى ياخشى. بىز تارىختىن بۇيان، «ئىنسان ۋە ئىنسان تەبىئىتى» توغرىسىدا سۆزلىدۇق، ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى باشقا نۇرغۇن ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم باسقۇچىدا ئېرىشكەن مېۋىلىرى بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىگىلا خاس نەرسىلەر ئەمەس، شۇنداقلا بۇ نەزەرىيىنىڭ ھەممىسىلا شاكال، ھەممىسىلا پرولېتارىياتقا كېرەكسىز، زىيانلىق نەرسىلەرمۇ ئەمەس! شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتى سۆزلىنىش بىلەنلا، كىشىلەرنىڭ سىنىپىيلىكى ئىنكار قىلىنغانلىق بولىدىكەن؟ پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىنسان تەبىئىتى چىقىشالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ؟! ماركسمۇ ئۆزى توغرىسىدا: «ئىنسانغا خاس بولغان نەرسىلەر ماڭا يات ئەمەس» دېگەنغۇ! بەزىلەر ئۈچۈن، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئۇلارغا ئەڭ زۆرۈر ئەخلاق ھېسابلاندى! كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قارغىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدىكى نالىسى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا كۈيى بولدى. بىر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى نېمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؟ ئەلۋەتتە، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىز تۇلپارنى ئۇنىڭ قىممەت باھالىق ئېگەر ـ جابدۇقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جاسارىتى ھەم يۈگۈرۈكلۈكى ئۈچۈن ماختايمىز! شۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن شەيئى ـ ھادىسىلەرنى ئۆز

قىممىتىگە ئاساسەن باھالىمايمىز؟! بىزنىڭ بىلمەكچى بولغىنىمىز، ھەرگىز غىلاپ ئەمەس، بەلكى غىلاپ ئىچىدىكى خەنجەرنىڭ قىممىتى ئەمەسمۇ؟! لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان، بىزدە ۋە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە، بىر كىشىنىڭ قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى شۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، سالاھىيىتى، ستاژى ۋە ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەپ كېلىۋاتىدۇ! نەتىجىدە، بىزنىڭ كىنولىرىمىزدا، ئەسەرلىرىمىزدە مەيدانغا چىققان پېرسوناژلار قانداقتۇر روھى پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان، ئەمما جىسمانىيىتى قېتىپ قالغان، ئىدىيىسى يۈكسەك، ئەمما ھېسسىياتى قۇرۇق شەخسلەر بولۇۋاتىدۇ. ئىنجىلدا: «مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ نەرسە بار: ئىمان، ئۈمىد ۋە مۇھەببەت، بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى يەنىلا مۇھەببەت!» دېگەن سۆز بار. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى مۇھەببەت كەڭ مەنىدىكى ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ مۇھەببىتى شۇنداق بولىدىغۇ! ئۇ ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ، كرېستقا مىخلىنىشقا رازى بولدى...

سەلىم ئەپەندىنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ھاۋاز بەختى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ گويا دۈمبىسىدە بۈرگە ياكى چۈشىدەك بىر نەرسە ئۆمىلەپ، چېقىپ يۈرگەندەك، ھەدەپ بوينىنى تولغاپ، يەلكىسىنى قېقىپ، زادىلا ئارام تاپالمىدى، ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىر ئاچچىق تۈيغۇ دەرھال چىرايىغا چىقىپ، ئەپتى ئۆڭگىنى تېخىمۇ خۇنۈك ۋە سۈرلۈك قىلىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ، سەلىم ئەپەندىنى سۆزدىن توختاتماقچى، ئۇنى «ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلەپ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭدىڭ» دەپ ئەيىبلىمەكچى بولدى، لېكىن يەنە چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئەلەم بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئورنىدىن تۇرغانىكەن، سۆزلىشى كېرەك، سۆزلىگەنىكەن، سەلىم ئەپەندىنى لەت قىلىشى كېرەك!

ئەمما هازىر ئۇنىڭدا سەلىم ئەپەندىنى لەت قىلغۇدەك مادار يوق ئىدى. ئۇ «ئىنسان تەبىئىتى»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» دېگەنلەرنىڭ ياخشى نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش» دېگەن مۇرەككەپ، نازۇك ئۇقۇملار بىلەن زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما قانداق ياخشى ئەمەس، قانداق چۈشەنگىلى بولمايدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، ئۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بايا سەلىم ئەپەندى ئۆز پىكرىنى شەرھلەپ ماركسىنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل قىلغاندا، ئۇ ھەتتا دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. ئىنجىلدىن مىسال كەلتۈرگەندە بولسا، تېخىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ «ئىنجىل» دېگەن گەپنى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىلىم ۋە تەلىماتلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. سەلىم ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگەپ، بىرلەشمە دەرسخانىدا چاۋاك ئالقىش سادالىرى ياڭراۋاتقان ۋاقىتتىمۇ، ھاۋاز بەختى يەنە شۇ ئۆز پىكرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاچچىق يۇتۇپ، ئەلەم چېكىپ ئولتۇراتتى. يىغىندىن كېيىن، ئۇ ياقۇپ كېرىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى ۋە ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا ئىشخانىسىغا كىردى.

— مۇدىر، بۈگۈنكى يىغىن ئەپلەشمىدى، سەلىم ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلەپ كەتتى! — دېدى ئۇ خۇددى كىچىك بالا دادىسىغا دادخورلۇق ئېيتقاندەك بىچارە قىياپەتتە، — بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق مۇتەخەسسىس بولۇش يولىنىلا قالماي، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا باشلاۋاتقانلىقىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. ئەمدى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىشقا بولمايدۇ، مۇدىر! دەرھال ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى رەتلەپ پارتكومغا يوللايلى!...

— شۇنداق ئېغىرمۇ؟! — ياقۇپ كېرىمى بۇلغار تاشلىق ئورۇندۇقىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ، ھولۇقماي سورىدى.

— مېنىڭچە ئېغىر! — دېدى ھاۋاز بەختى بايىقى جىددىيلىكىنى قىلچە بۇزماي، — ئەگەر يەنە يول قويۇپ كېتىۋېرىدىغان بولساق، فاكۇلتېتىمىزدا ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە بىر مۇنچە قالايمىقانچىلىقلار

پەيدا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىمۇ باشقۇرالماي قالىمىز!

— مۇنداق دەڭ! — ياقۇپ كېرىمى قولىدىكى قىزىل قېرىنداشنى يېزىق ئۈستىلىدىكى قېلىن ئەينەككە ئاستا ئۇرۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە كۆزلىرىنى يېرىم - يارتا يۇمۇپ خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ سەلىم ئەپەندىنىڭ بايىقى سۆزى توغرىسىدىكى پىكرى ھاۋاز بەختىنىڭكىگە ئانچە ئوخشاشمايتتى. گەرچە، ئۇ ئىچىدە سەلىم ئەپەندىنى بىر ئاز تاپتىن چىقىپ كەتتى دەپ ئەيىبلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ھاۋاز بەختى ئېيتقاندەك، ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلىگەن قارا سۆز، دەپ قارىمايتتى. ئەگەر شۇنداق دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، سەلىم ئەپەندىدەك ئازادلىقتىن كېيىن يېتىشكەن، پارتىيە ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىگەن، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بىر ئوقۇتقۇچىنى يەنىلا ئاسراش، يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشكىلا بولاتتى، ھە دېسىلا ئۇنىڭغا «ئاق» ياكى «بۇرژۇئازىيە» دېگەندەك قورقۇنچلۇق قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، نابۇت قىلىشقا بولمايتتى!

— ئۇنىڭ سۆزىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى ياقۇپ كېرىمى ئاخىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭچە، بۇ يەنىلا ئىلمىي مەسىلە. ئىلىم -پەندىكى بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق تەدرىجىي ئايدىڭلاشتۇرىدىغان مەسىلە. بۇنى فاكۇلتېت نامىدىن ماتېرىيال قىلىپ يوللاشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەگەر پىكرىڭىز بولسا، سەلىم ئەپەندىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرساڭلار بولىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئاشۇنداق تالاش - تارتىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

ھاۋاز بەختى گويا تەخسىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىچارىدەك ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئۆز تەلىپىنى بۇنداق سىپاگەرچىلىك بىلەن رەت قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى.

— بوپتۇ، فاكۇلتېت نامىدىن ماتېرىيال يوللاشقا بولمىسا، مەن جىن شۇجى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — دېدى ئۇ دوق قىلغاندەك

چالۋاقاپ، — كېيىنكى ئىشقا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولسىڭىز بولىدۇ، مۇدىر!

— بولىدۇ، سۆزلىشەيلى، — دېدى ياقۇپ كېرىمى خاتىرجەم ھالدا، — فاكۇلتېت نامىدىن ئەمەس، شەخسىي نامىڭىزدىن سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ. كېيىنكى ئىشقا ئەلۋەتتە مەن مەسئۇل، ھاۋاز بەختى!

ئۇلار سوغۇقلا خوشلاشتى، ھاۋاز بەختى جىددىيلەشكەنلىكتىن بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

## 3

كۆركەم تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۇس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركىدى، ئۇنىڭ زەر تالالىرى دېرىزىدىن ئاستا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئاقنىيازنىڭ يۈز - كۆزىنى غىدىقلىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈردى، ياتاقداشلىرىنىڭ بەزىسى پۇشۇلداپ، بەزىسى خورەك تارتىپ، سەھەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. ئاقنىياز دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ، دەرھال كىيىنىشكە باشلىدى. بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى، يەكشەنبە تاماق ئىككى ۋاخ بولغاچقا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كۈن چاشكا بولغۇچە ئېغىناپ ئۇخلايتتى. كېيىن بازارغا چىقىپ، كىنوغا كىرىپ، كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ئاقنىياز بۈگۈن مەدىكار ئىشلەپ، ئازراق پۇل تېپىش خىيالىغا كەلگەنىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇپ قالدى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن كەلگەن قەلەم ھەققىلىرىمۇ خەجلىنىپ تۈگىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا غەيرەتكە كېلىپ، غۇنچەقىزنى كىنوغا تەكلىپ قىلىۋىدى، لەۋزى يەردە قالمىدى، غۇنچەقىز ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئاكىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندەك، شۇنداق قىزغىن، مۇلايىم ۋە دوستانە ھالەتتە ئولتۇرۇپ كىنو كۆردى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەركىن -ئازادە تۇتۇپ پاراڭلاشتى، ھەتتا ئاقنىياز بەزىدە ھاياجاندىن ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ قالغاندا، ئۇ ئاق كۆ-

گۈللۈك بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ياكى بىلەكلىرىنى تۇتۇپ، شوخلۇق،
دىلكەشلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەردى. ئۇ ئاقنىيازنى
چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل،
مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنەتتى، ئۇنى گويا ئۆز ئاكىسىنى
ياخشى كۆرگەندەك، بىر خىل ئىپتىخارلىق، ئىخلاسمەنلىك تۇيغۇسى
بىلەن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن بۇ مۇھەببەت ئەمەس ئىدى، بەلكى ها-
يات يولىدىكى ۋاپادار دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە
ئەقىدىسىدەك ساپ ۋە غەرەزسىز ھېسسىيات ئىدى، غۇنچەقىزنىڭ
ھېسسىياتى، نازاكىتى، سالاپىتى، قىسقىسى، بارلىق يۈرۈش - تۇ-
رۇش، سۆز - ھەرىكىتىدە ئەنە شۇنداق كۈچلۈك، دوستانە مەنىۋى
دولقۇن بار ئىدى. ۋەھالەنكى، ئاقنىيازنىڭ ئاشقانە يۈرىكى بۇ دولقۇن-
نىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا تىنماي چايقىلاتتى. ئاقنىياز ئەقىللىق،
تۇيغۇن يىگىت ئىدى. ئۇ گەرچە غۇنچەقىزنىڭ مەڭگۈ ئۆزىگە تەۋە
بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمى ئاللىقاچان باشقا بىرسىگە
تەئەللۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، غۇنچەقىزنىڭ پەقەت ئەدەپ ۋە ھۆر-
مەت يۈزىسىدىنلا، ئۆزى بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن
ئۇ، يەنىلا قىز زاتىغا بولغان تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ تەلۋە ئىسكەنجىسى-
دىن چىقالماي، غۇنچەقىزنىڭ بىرەردەملىك شېرىن سۆھبىتىدىن ،
شوخ بېقىشلىرىدىكى ناز ۋە ھارارەتتىن، بۇلبۇلدەك قېقىنداپ كۈلۈش-
لىرىدىكى سېھرىي تەبەسسۇمدىن ئۆزىگە بىر خىل روھىي مەدەت ۋە
تەسەللى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. مانا شۇنداق چاغلاردا، ئۇ مۇھەببىتىنىڭ
ھەقىقەتەنمۇ رەھىمسىز ھۆكۈمران، شەپقەتسىز خاقان ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ قانداقتۇر چەك - چېگرا، قائىدە - نىزام دېگەنلەرنى بىلمەيدى-
غانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قائىدە - نىزاملىرى
بارلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ تەلەيسىز تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۆت-
مەكچى بولاتتى.

ئۇ غۇنچەقىزنى يەنە بىر قېتىم كىنوغا تەكلىپ قىلىشنى ئويلىدى.

شۇنداق قىلغاندا، يۈرىكىدىكى كۆيۈك ھارارىتى بىر ئاز پەسلەپ، بىر
نەچچە كۈنگىچە ئۆزىدە بىر خىل روھىي كۈچ ۋە قانائەت تۇيغۇسى
پەيدا بولاتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە، يانچۇق قۇرۇق ئىدى. بىر قىزنى
كىنوغا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئەدناسى، تۆت موچەنگە ئىككى بېلەت
ئېلىشى، ئىچ پۇشۇقى چىقىرىش ئۈچۈن، ئىككى موچەنلىك گازىر ئې-
لىشى، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە يانچۇقتا، كىنودىن چىقىپلا ئۇسسۇزلۇقنى
بېسىش ئۈچۈن گاز سۈيى ياكى مېۋە سۈيى ئىچىدىغانغا بەش ـ ئالتە
موچەندەك پۇل بولۇشى كېرەك. لېكىن ئۇنچىلىك پۇل ھازىر ئاقنى-
يازدا يوق. بىر ئايدا بىر قېتىم بېرىدىغان ئۈچ يۈەن تۇرمۇش پۇلىمۇ
يەنە ئون ئىككى كۈندىن كېيىن تارقىتىلىدۇ، تېخى ئۇ تارقىتىلغىچە
چاچلار ئۆسىدۇ، كىيىملەر كىرلىشىدۇ، تاماكىمۇ تۈگەيدۇ. دېمەك، ئۇ
پۇلمۇ ساتىراشقا كېتىدۇ، مۇنچىغا تۆلىنىدۇ، سوپۇن ئالىدۇ، تاماكا
ئالىدۇ... ۋاي خۇدايىمەي!... قۇرۇسۇن بۇ نامرات ئوقۇغۇچىلىق !
تېيىننى تېيىنگە ئۇلاشتۇرالماي، موھتاجلىق، غۇربەتچىلىكتە ئۆتەمدۇ
كىشى!؟...

ئاقنىياز مانا شۇ موھتاجلىقتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
بۈگۈن يەكشەنبىدە مەدىكار ئىشلەش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ ھەمراھ-
لىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ياتاقتا ئاستا، يەڭگىل ھەرىكەت
قىلىپ، كىيىملىرىنى كىيدى، يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيدى ۋە ئاخشام
تەييارلاپ قويغان يېرىم ناننى داغ سۇغا چىلاپ ئىچىپ، راھەتلىنىپ
بىر كېكىردى ـ دە، ياتاقتىن چىقتى. سەھەرنىڭ ھاۋاسى ساپ ۋە
سالقىن ئىدى، ئۇ ئازادە نەپەسلىنىپ، غۇلاچ تاشلاپ ماڭاتتى. يۇم-
شاق، بۇجغۇر چاچلىرى يېنىك شامالدا يەلپۈنۈپ، ئاق خەسە كۆڭلە-
كى پىرىلداپ ئۇچاتتى. ئۇ يوغان قەدەملەر بىلەن تېز ـ تېز مېڭىپ،
دۆڭكۆۋرۈكتىكى مەدىكار بازىرىغا بىردەمدە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر-
دە ياقا يۇرتلاردىن ئېقىپ كەلگەن ھەقىقىي ئىشلەمچىلەرمۇ، لاغايلاپ
كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىكار تەلەپلەرمۇ بار ئىدى. بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ

يېنىغا بېشغا چىمەندوپپا، ئۇستىگە ئاق كەمزۇل كىيگەن، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق پىشماق بىر ئادەم كەلدى. ئۇ مەدىكارلارنى بىر قۇر كۆز ئۆگىدىن ئۆتكۈزدى، كۈچ ۋە دىتىنى بىلمەكچى بولغاندەك، رەڭگىرويىغا، پۇت ـ قوللىرىغا زەن سېلىپ قارىدى، ئاخىر ئاقنىياز ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىمۇ قانداق، ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مۇلايىم يۈزىدىن چىقىپ تۇرغان باللارغا خاس ساددىلىق بىلەن ھالاللىقنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى توختاتقان ھالدا سورىدى:
— ئۇكام، ئىشلەمسىز؟
— ھەئە، ئىشلەي دەپ كەلدىم.
— نېمە ئىش قىلالايسىز؟
— ھەممە ئىشنى قىلىمەن! — دېدى ئاقنىياز ئۆگىلىرى بۆرتۈپ چىققان يوغان، كۈچلۈك قوللىرىنى يېيىپ.
— تام سۇۋايمىز، سۇۋاق لاي ئېتەلەيدىغانسىز؟ — ھېلىقى ئادەم يەنە ئەزۋەيلەپ سورىدى.
— ئېتىمەن ئاكا، ئون نەچچە ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ لاي بىلەن ھەپىلەشكەنمەن!
— ياخشى، ئۇنداق بولسا بۈگۈن كارامىتىڭىزنى كۆرىدىكەنمىز ـ دە، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئاقنىيازنى خاتا تاللىمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — ھويلىنىڭ تاملىرى زەيلەپ كەتكەن، شۇنى ئۇلدايسىز، ياخشى ئىشلىسىڭىز، چۈشتە بىر ۋاخ تاماق بىلەن بىر كوي بېرىمەن.
— ئاكا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئىشنى سىز رازى بولغۇدەك ياخشى قىلىمەن، — دېدى ئاقنىياز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭماقچى بولۇپ، — لېكىن بىر كوي سەل ئاز بولۇپ قالدى، بىر يېرىم كوي بېرىڭ، بولامدۇ؟
ھېلىقى ئادەم بىر ئاز تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىنى قىسىپ بىر نەرسىلەرنى ئويلىدى ۋە ئاخىر مۇجمەلرەك قىلىپ:
— قېنى، ئاۋۋال ئىشلەڭ، — دېدى مىڭىشقا تەمشىلىپ، — سىز

مېنى رازى قىلىسىڭىز، ئىنشائاللا، مەنمۇ سىزنى رازى قىلىمەن!
ئاقنىياز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، ئۇلار «بوغدا مۇنچىسى» نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي يولغا چىقتى ۋە ئۇ يەردىن تۆت كۆۋرۈك تەرەپكە قايرىلىپ كەتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆيى ئاشۇ يەردىكى بىر خالتا كوچىدا ئىدى. ئاقنىياز بىغىررەڭ سىردا سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرىپلا، كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۈچ ئېغىز ئۆيى بار ئازادە هويلا پاكىز ھەم كۆركەم ئىدى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغان چاققانغىنە گۈللۈك ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى. قىزىلتاجى، گۈلىيەسىمەن، ئەجدىھاگۈل، ئەنبەرگۈل، ئەنبەرگۈل ۋە قىزىل، ئاق، هال رەڭدىكى ئەتىرگۈللەر بەس ـ بەستە پورەكلەپ ئېچىلىپ، هويلىغا كۆكۈلنى غىدىقلىغۇچى خۇشبۇي هىد چېچىپ تۇراتتى. گۈللۈكنىڭ چەت ـ چۆرىسىگە تىكىلگەن كاۋىلارمۇ ياپراق چىقىرىپ، پىلەك يېيىپ، ئۆگزىگە تارتىلغان يىپلارغا بىرەر غۇلاچچە يۆگىشىپ چىققانىدى. ئىشقىلىپ، تاملىرى ئاقارتىلغان، گۈللۈكى تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىنغان، ھەممە نەرسىلەر دىت بىلەن جاي ـ جايىغا قويۇلغان رەتلىك، پاكىز بۇ هويلىغا قارىغاندا، بۇ ئۆيدە قانداقتۇر گۈزەللىككە ئامراق، تەبىئەتنى سۆيىدىغان چېۋەر، ئىشچان بىر سىنىڭ بارلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى.
ـــ بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ ئۇكام، ـــ دېدى هېلىقى ئادەم ئاقنىيازنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ، ـــ قىلىدىغان ئىش ئەنە ئاۋۇ يەرلەرنى ئۇلداش، ـــ ئۇ قولى بىلەن هويلا تاملىرىنىڭ زەيلەپ كەتكەنلىكتىن هاكلىرى ئۇركۇپ، قارا سۇۋاقلىرىمۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇلىنى كۆرسەتتى، ـــ لايىنى مانا مۇشۇ يەرگە ئازراق ئورەك كولاپ ئېتىسىز، ئەنە ئاۋۇ يېڭى توپا، سامان، مانا كەتمەن، سۇ ئاۋۇ يەردە...
هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىككى ـ ئۈچ تاغار كەلگۈدەك ئەت توپا، بىرەر مىشكاپ سامان تۇراتتى، سۇمۇ گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى تۇرۇبىدا تەييار ئىدى. ئاقنىياز دەرهال ئىشقا چۈشۈپ كەتتى، دەسلەپ كەتمەننى غۇلاچلاپ چېپىپ، لاي ئورىكنى كولىدى، ئاندىن سەندەل كە-

شىنى، كۆڭلىكىنى، شىمىنى سېلىپ تاشلاپ، مايكا ۋە كۇسار بىلەنلا
لاي ئېتىشكە باشلىدى. ئۇ ئىشنى شۇنداق كۈچ ۋە دىت بىلەن ئىشلە-
دىكى، گۈللۈكنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئۆي
ئىگىسىمۇ چىن كۆڭلىدىن تەسىرلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، سامان
ئارىلاشتۇرۇلغان لاينى كەتمەن بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تىزىغىچە پات-
قاققا چۆكۈپ، پېتىقداپ، چەيلەپ ئېتىۋاتاتتى. بۇنداق ياخشى پىشۇ-
رۇلغان، ئۆزلۈك لايدا سۇۋالغان يەرنىڭ ھەم سىلىق، ھەم مەزمۇت بو-
لىدىغانلىقىنى ئۆي ئىگىسى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئاقنىيازدىن
بەكمۇ رازى بولدى ۋە تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۇنى بىردەم ئارام ئېلىپ،
چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

— ئۇكام، كىچىككىنە دېمىڭىزنى ئېلىپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىۋېلىڭ.

— رەھمەت ئاكا، تېخى چارچىمىدىم، — دېدى ئاقنىياز چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى بىلىكى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال لاينى ئوبدانراق پىشۇرۇۋالاي...

نۇرغۇن كۈچ ۋە ئەجىردىن كېيىن لايمۇ تەييار بولدى. ئاقنىياز بىر ئاز دېمىنى ئېلىپ، بىر - ئىككى پىيالە چاي ئىچىپ، ئەمدىلا تام ئۇلداشقا كىرىشۋىدى، سىرتتىن قانداقتۇر بىرسىنىڭ تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاشقانسېرى ئاقنىيازنىڭ قۇلىقىغا ناھايىتىمۇ سىڭىشلىق، تونۇش ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «كىمدۇر بۇ؟ غۇنچەقىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ ياق، ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟...» ئاقنىياز ئويلاپ، قىياس قىلىپ، بىرەر پىكىرگە كەلگۈچە، تاقىلدىغان ئاياغ ئىگىسى — بېشىغا پىستە رەڭلىك كاپرون ياغلىق چىگكەن، ماڭلاي چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپ، كىچىككىنە خۇرۇم سومكىسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ھويلىغا كىرىپ بولدى. ئاقنىياز ئۇنىڭغا قاراپلا داڭ قېتىپ قالدى.

— ئاقنىياز، سىز...

— سىز ...غۇنچەقىز ...

ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىغىنىچە بىر دەقىقە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. ئاقنىيازنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، تاتارغاندەك، چەكچەيگەن كۆز-لىرى قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىق، خىجىللىق تۇيغۇسى بىلەن پارقىراپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن غۇنچەقىزنىڭ جەرەننىڭكىدەك دۈگىلەك، يوغان كۆزلىرى خۇشال ۋە ئوتلۇق ئىدى، خۇددى سەبىي باللارنىڭ-كىدەك غەرەزسىز پارقىرايتتى. ئۇ دەرھال ئۆزىگە كېلىپ، ئاقنىيازنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆز-لەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ، ئاخشام ھەدەمنىڭكىدە قونۇپ قالغان، دادام سىزنى تېپىپتۇ ـ دە، ئەجەب ياخشى بوپتۇ...

ئۆي ئىچىدىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— غۇنچەقىز، كەلدىڭمۇ قىزىم!

غۇنچەقىز ئاقنىيازغا «ھازىرلا چىقىمەن» دەپ قويۇپ، دادىسى، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھويلىدا يال-غۇز قالغان ئاقنىياز خۇددى بىرسى تۇيۇقسىز كومشىرىغا كېلىشتۇرۇپ مۇشت قويغاندەك، سىلكىنىپ ئېسىگە كەلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، قو-لىدىكى سوۋاق سايمانلىرىنى تاشلاپ، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى، با-يا سېلىپ تاشلىغان كىيىملىرىنى ئىزدىدى، لېكىن كىيىمى كۆرۈن-مەيتتى، بەلكى ئۇنى ھېلىقى ئادەم پاكىزەك تۇرسۇن، دەپ ئۆيگە ئە-كىرىپ قويدىمىكىن؟ ئاقنىياز ئالدىراپ قالدى، ئەمدى كۇتۇپ تۇ-رۇشقا بولمايتتى، غۇنچەقىز يەنە ھويلىغا چىقىپ قالسا، بۇ يەردىن قۇ-تۇلۇش تەس ئىدى. شۇ تاپتا، ئاقنىيازنىڭ كاللىسىدا بىرلا پىكىر — ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىشلەشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بارمۇ، دېگەن غەلىتە بىر پىكىر ھۆكۈمران ئىدى. بۇ پىكىر زادى نەدىن كەلدى، ئۇنىڭغا قانداق تەسىر قىلدى، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم بۇ يىراقتىكى غايىبانە كۆڭىدىشى سۇلتاننى ئويلاپ، ئۆزىگە سې-

لىشتۇرۇپ شۇنداق پىكىرگە كەلگەندۇ...
راست، بايا ئۇنىڭ كاللىسىدىن — غۇنچەقىزنى كۆرگەن ئاشۇ مىنۇتتا — شۇنداق بىر پىكىر غىللىدە ئۆتكەندەك قىلغانىدى: ئەجەبا، ئۇ چەت ئەلدە ئوقۇپ، ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئەركىن - ئازادە يۈرسۇنۇ، مەن بۇ يەردە مەدىكار ئىشلەيمەن!... غۇنچەقىزنىڭ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكى ئۇنىڭ ئاشۇ ئەۋزەل شارائىتى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆزۈمنى قايسى دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدۇم —ھە!.. ئاھ خۇدا، بۇ ھاياتتا نېمە ئۈچۈن خۇشاللىقتىن ئازاب كۆپتۇ! نېمە ئۈچۈن، جاۋابتىن سوئال كۆپتۇ!؟...
ئاقنىياز ئاشۇنداق چىگىش ۋە ئازابلىق خىياللارنىڭ قىسىشى بىلەن ئىشنى تاشلاپ قېچىش قارارىغا كەلدى. لېكىن كىيىمچۇ؟ ئاپلا، ماۋۇ پېشكەللىكنى! ئۇ ئالدىراپ، تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلغاندەك قىلدى، ئاقنىياز غۇنچەقىزغا يەنە كۆرۈنۈپ قېلىشنى خالىمىدى، ئۇ كىيىم - كېچەك، ئۇيات - نومۇس دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي كاللىسىدىن چىقىرىپ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى!
خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭغا خالىي، خىلۋەت يول تېپىلدى. ئۇ شارقىراپ سۇ ئېقىۋاتقان «ياشلار ئۆستىڭى» نى بويلاپ، يۇقىرىغا ماڭدى. ئاندا - مۇندا ئۇچراپ قالىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ تۇرقىغا قاراپ «تەنھەرىكەتچى ئوخشايدۇ» دېگەن خىياللار بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاقنىياز ئۆستەڭدە پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ، بىر پەس ئارام ئېلىش ئۈچۈن سېمونت قاشقا چىقىپ ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە يېڭى پىكىر تۇغۇلدى. سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ نازۇك يەرلىرىنى ئويلاپ، يىگىتلىك غۇرۇرىغا ئېلىپ، غۇنچەقىزنىڭ ئۆيىدىن قېچىشنىغۇ قاچتى، ئەمدى نەگە بارماقچى؟ كوپكوندۇزدە مۇشۇ پېتى — ئېيىقتەك يېرىم يالىڭاچ ھالدا مەكتەپكە قايتىشقا بولامدۇ؟ قىزلار ئۇچراپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ساۋاقداشلىرى كۆرسە نېمە دەيدۇ، ئەگەر سەلەي قاشاڭ ئۇنى مۇشۇ پېتى كۆرۈپ قالسا، شۇ ھا-

مانىلا «ئاقنىياز كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قىماردا ئۇتتۇرۇپتۇ » دەپ لەتى-
پە توقۇپ تارقىتىشتىن يانمايدۇ! ھەي ئاقنىياز، ساڭا مەدىكار ئىشلەش-
نى، پۇل تېپىپ قىزلارنى كىنوغا ئەكىرىشنى كىم قويۇپتۇ!؟ كىتابىڭنى
ئوقۇپ، شېئىرىڭنى يېزىپ، گۈلنى دېرىزىنىڭ سىرتىدىن پۇراپ يۈ-
رىۋەرسەڭ بولماسمىدى؟!...

ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە كايىغانمۇ بولدى، لېكىن ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە
پۇشايمان قىلىش ئەخمەقلىق ئىدى. ئاقنىياز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا
قارىدى، غەرب تەرەپتە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇتەللىپنىڭ قېلىن قارىياغاچ-
لىقى كۆرۈندى. بۇ يەر ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى، بىر نەچچە قېتىم
ساۋاقداشلىرى بىلەن دەرس تەكرارلاشقا كەلگەنىدى. ئۇ شۇ يەرگە
بېرىپ، كۆڭلىنىڭ كەچ بولۇشىنى كۈتۈش قارارىغا كەلدى، قاراڭغۇ
چۈشكەندە مەكتەپكە بىمالال قايتالايتتى، ياتىقىغىمۇ خاتىرجەم ئۆسۈپ
كىرەلەيتتى...

ئۇ يەنە شۇ ئۆستەڭنى ياقىلاپ مېڭىپ، ھايالشمايلا مۇتەللىپنىڭ
قارىياغاچلىقىغا كېلىۋالدى. قارىياغاچلىق سالقىن ھەم خىلۋەت ئىدى.
تارام ـ تارام ئېرىقلاردىن شىلدىرلاپ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى.
تەرەپ ـ تەرەپكە چاتاقلاپ، يېيىلىپ ئۆسكەن قېرى، باراقسان دە-
رەخلەرنىڭ ئاسما شاخلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، گىرەلىشىپ، قا-
رىياغاچلىقنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھەر خىل قۇشلار پىرىلداپ
ئۇچۇپ، چىرايلىق تىلللىرى بىلەن ۋىچىرلىشاتتى، بولۇپمۇ دەرەخلەر-
نىڭ ئېگىز، قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بۇلبۇللارنىڭ
خەندان ئۇرۇپ سايرىشى بۇ يەرنى ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان سىر-
لىق تۇيغۇلار ئالىمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئاقنىياز قارىياغاچلىق-
نىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى، ئېرىق بويىدىكى يېشىل چىملىققا سوزۇلدى
ۋە پوكىنىنى نەم يەرگە يېقىپ، بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ
ياتتى. قويۇق دەرەخزارلىق، سالقىن ھاۋا، بۇلبۇل ۋە ئۇنىڭ سايرىشى،
بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى ئوت ـ ئاتەش بولۇپ كۆيدۈرۈپ يۈر-

گەن مۇھەببەت سەۋدالىقى، غايىبانە كۇنداشلىك قاتارلىقلار ئۇنىڭ قەلبىدە كۆتۈرۈلۈپ، مەۋج ئۇرۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر ۋە نازۇك شېئىرىي پىكىرلەرنى ئويغاتتى. پىكىرلەر پىشىپ، تاۋلىنىپ، شۇنداق چىرايلىق مىسرالارغا ئايلاندى ۋە بۇ مىسرالار ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن بىرمۇ بىر ئۆتۈشكە باشلىدى:

بۇلبۇلۇڭ كەپتۇ جېنىم سېنى سېغىنىپ،
چىللىۋال بۇلبۇلچە سايراپ قېشىڭغا.
قانچە چۆل ـ دەشتلەرنى باسقاندۇ ھېرىپ،
سۆي ئۇنىڭ مەڭزىگە، قوندۇر بېشىڭغا!
.....

ئۇنىڭ سەگەك، ئۆتكۈر كاللىسىدا مۇشۇنداق شېئىرىي پىكىرلەردىن بىرقانچىسى پەيدا بولدى ۋە ئۇلار ئاستا ـ ئاستا مىسرالارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلدى...

كۈن تىكلىشىپ، چىڭقى چۈشتىن خەۋەر بەردى، ھەركۈنى ئۈچ ۋاخ تاماققا ـــ گەرچە غورىگىل ۋە ئاز ـ ئاز بولسىمۇ كۆنگەن قورساق ئەمدى تارتىشقاندەك، ئاچقاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەرخىل نانلار بىلەن تاماقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇ ئويلىماسلىققا، كۆرمەسلىككە تىرىشىپ، پىكرىنى باشقا ياققا قاچۇرغان، كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن داستىخانغا تىزىلغان خۇش پۇراق نانلار بىلەن تەخسە، چىنىلەرگە تولدۇرۇلغان ھەر تۈرلۈك مەززىلىك تاماقلار ئۇنىڭ باش ـ كۆزى ئەتراپىدا پىرقىراپ ئايلىناتتى، ئۇچاتتى. بۇ خىيالىي مەنزىرىلەر ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىشتىيىنى ئېچىپ، شۆلگەي بەزلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىختىيارسىز سېرىق سۇ كەلدى ۋە ئۇنى دەممۇ دەم غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ بىر ئاز بولسىمۇ نەپسىنى بېسىش ئۈچۈن، ئېرىقتىكى مۇزدەك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ تاماقنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى،

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ «قورسىقىمنى لىقلىۋالدىم» دېگەن ئالداش تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ، مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. كۈن غەربكە ئاغدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاقنىيازنىڭ ئاچلىق ئازابىمۇ ئەۋجگە چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاشقازىنى تۆۋەنگە تارتىشىپ، قورسىقىنى خۇددى قۇرت ـ قوڭغۇزدەك بىر نەرسىلەر چېقىۋاتقاندەك، ئازابلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ، بىر تۈپ كاداڭ قارىياغاچقا يۆلەندى، ئۇنىڭ يوغان غولىنى بوغماق ـ بوغماق ئۆسمىلەر قاپلاپ كەتكەچكە، ئاقنىيازنىڭ دۈمبىسىنى ئاغرىتتى، لېكىن ئۇ ھازىر بۇنداق جىسمانىي ئاغرىقنى سەزمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن نېرۋىلىرىنى ئىگىلىۋالغان نەرسە ئاچلىق ۋە ئۇنىڭ زەھەردەك ئاچچىق ئازابى ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق بېجىرىم تېنى ئاستا ـ ئاستا ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداق ئۆتكۈر، روشەن پىكىرىمۇ بارغانسېرى خىرەلىشىپ «نان» دېگەن بىر ئۇقۇمنىڭ دائىرىسىدىن نېرى ئۆتەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ ئېرىقتىكى سۇغا تىكىلىپ تۇرغان خىيالچان كۆزى تۆۋەن ئېقىمدىن پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ كەلگەن بارماقچىلىك ئىككى بېلىققا چۈشتى. ئۇ ئۆزىگە ئەرمەك تاپقاندەك خۇشال بولۇپ، ئېرىققا ئېڭىشتى ۋە بىردەم بولسىمۇ ئاچلىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، بېلىقنىڭ سۇدىكى ئەركىن، غەمسىز ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. كىچىككىنە بېلىقنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن، ياشاش ئۈچۈن ئېقىمغا قارشى شىددەت بىلەن پىلتىڭلاپ ئۈزۈۋاتقانلىقى، ئۆز يولىدا ئۇچرىغان نەرسىلەر ئىچىدىن ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن يەم تېپىپ يەۋاتقانلىقى ۋە قاپقارا قۇمچاقلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاقنىيازنىڭ بىردىنلا تەپەككۇرى جانلاندى. پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئېسىگە تېخى يېقىندىلا ئوقۇغان ئامېرىكا يازغۇچىسى جېك لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دېگەن مەشھۇر ھېكايىسى كەلدى. بۇ ھېكايىنى ئۇ بىر ئەمەس، ئۈچ قېتىم ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ قىممىتىنى، گۈزەللىكىنى سەزگەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك

بىلەن مەردانە ياشاشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ-
دىن ھاياتلىق ئۇچۇن، ياشاش ئۈچۈن تۈگىمەس - پۈتمەس مەنىۋى
كۈچ - قۇۋۋەت ئالغانىدى. بايىقى بېلىقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا ھېكايىدىكى ئاچلىق دېۋىسى بىلەن، ئاغرىق ئازابى بىلەن،
شەپقەتسىز تەبىئەت بىلەن، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن يەككە - يېگانە
جەڭ قىلىپ، ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن
قەيسەر، ئىرادىلىك ئەزىمەتنىڭ يارقىن سىيماسى كەلدى. ئاقنىياز ئۇ-
نىڭدىكى جاسارەت، ئىرادە ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئىنسان ۋۇجۇدىدى-
كى يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئىقتىدارنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ھېس قىلغانى-
دى. ئۇ ئادەم بىر نەچچە كۈن ئاچ قالغاندا جانىنى ساقلاش ئۈچۈن
ئاخىر جىلغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئوت - چۆپلەرنى، ياۋا گىياھلارنى
خۇددى كالىدەك يالماپ يېگەن، كۆلچەكتىكى بارماقتەك تەڭگە بې-
لىقلارنى تۇتۇپ خام پېتى چاينىغان، كەكلىك ئۇۋىسىدىن ئەمدىلا
تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كەكلىك باللىرىنى تۇتۇپ، تىرىك پېتىچىلا
ئاغزىغا سالغان، كەكلىك باللىرى ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدا خۇددى
تۇخۇم شاكىلىدەك قىرسىلىغان، ئۇ يەنە ھاياتلىق ئۈچۈن، يىرتقۇچ
بۆرىلەر غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن بۇغا بالىسىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئاغزى-
غا سېلىپ، چىشلىرى سۇنۇپ كەتكۈچە چاينىغان، شورىغان، ھەتتا
ئۇستىخاننى تاش بىلەن يانجىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يۇتقان...
شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن كېسەل بۆرىنىڭ ھەر خىل
خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرغان، ئاخىر ئۇنى يېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى
ئاچقاندا، بۆرىنىڭ كېكىردىكىدىن چىشلەپ ئۆلتۈرگەن... ياشاش بۇ
ئادەم ئۈچۈن شۇنداق مۇشكۈل، ئازابلىق بولسىمۇ، ھايات ئۇنىڭغا
شۇنداق دەرد- ئەلەم ۋە كۈلپەتلەرنى ئاتا قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا مەڭگۈ
ئارام تاپىدىغان، قىينىلىش، ئازابلىنىش ۋە بارلىق پېشكەللىكلەردىن
بىراقلا قۇتۇلىدىغان ئۆلۈمنى خالىمىغان! نېمىشقا خالىمىغان؟ چۈنكى،
ئۇنىڭ تېنى بىلەن جېنىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان ھايات رىش-
تىسى شۇقەدەر مۇستەھكەم، شۇ قەدەر شېرىن ئىدى. ھايات گۈزەل-

لىككە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، جۇشقۇنلۇققا تولغان تېتىك، ساغلام هايات ئىدى. ئۇ شۇنچە يىل ياشاپ، شۇنچە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى چەككەنـدىن كېيىن، ئۆلۈپ كېتىشنى تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش ھېسابلايتتى. تەقدىر ئۇنىڭغا ھەرقانچە شەپقەتسىزلىك قىلغان، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆلۈمگە بويسۇنۇشنى خالىمىدى. ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مانا شۇنداق باتۇرلۇق، مەغرۇرلۇق بىلەن ياشاش ھېسابىغا، ھايات تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ قىممەتلىك بولاتـتى!...

ئاقنىياز جىك لوندۇننىڭ قەلىمىدىن چىققان بۇ يالقۇنلۇق ئوبرازنى ۋە ئۇ ھەقتىكى سەممىي، تەسىرلىك بايانلارنى ئەسلەپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىدە يېڭى بىر كۈچنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىشـكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنى قەلبىدىكى ئاشۇ غايىۋى ئادەم بىلەن سېلىشـتۇرۇپ، چوڭقۇر خىجىللىق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلدى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ ئادەم ھەپتە ئاچ قالغان، ئۇنى ئاز دېگەندەك، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز سىناقلىرىغا، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ مۇدھىش خىرىسلىرىغا دۇچ كەلگەن. شۇنداق ھالەتتىمۇ، ئۇ يەنە قاتمۇ قات ئازاب ـ ئوقۇـبەتنى، جاپا ـ مۇشەققەتنى، ئاخىر بېرىپ ئۆلۈمنى يېڭىپ ھاياتقا، تىـرىكلىك كۆرۈنگەن ساھىلغا، ئىنسانلار ئارىسىغا قاراپ، قۇم ئۈستىدە بەئەينى يارىلانغان تاشپاقىدەك تولغىنىپ، سۆرىلىپ ئالدىغا ئۆمىلەـگەن! ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئاقنىيازنىڭ يىرىم كۈن ئاچ قېلىشى نېمىتى!؟ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى بارمۇ بۇنىڭ!؟ ئۇ تېخى خىلۋەت دەرەخلىكتە، سالقىن ئېرىق بويىدا، ئازراقمۇ كۈچىنى خوراتماي، ئازادە دەم ئېلىپ ياتامدۇ!...

ئاقنىياز ئەنە شۇنداق جانلىق، تەسىرلىك خىياللارغا بېرىلىپ، ئۆزىنى ئەنە شۇنداق يارقىن، يۈكسەك ئوبرازلارغا سېلىشتۇرۇپ ئولـتۇرۇپ، كۈننىڭ ئاللىقاچان پاتقانلىقىنى، قارىياغاچلىقنى گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانلىقىنى سەزمەي قالدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ ياتىقىدا غۇنچەقىز پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاقنىيازنىڭ تۈنۈگۈنكى كىيىملىرى تۇراتتى. چىرايلىق قاتلانغان كۆڭلەك بىلەن شىم يۇيۇلۇپ دەزماللانغانىدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز ئۇ ئاقنىياز؟! — دېدى غۇنچەقىز دومساراپ، — بىزنىڭ ئۆي خۇددى تۇرمىدەك ھەممىنى ئۇنتۇپ قېچىپسىزغۇ؟

ئاقنىياز نېمە دېيىشنى بىلمەي قىزدىن كۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى قىلىقىنىڭ زادى نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

— كەچۈرۈڭ، غۇنچەقىز، — دېدى ئۇ ئەيىبكارلاردەك مىسكىن ئاۋازدا، — نېمە قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن!...

بۇ سۆز ھەرھالدا غۇنچەقىزغا چىن ۋە سەممىي تۇيۇلدى، دېمىسىمۇ تۇرمۇشتا، ئادەم بەزىدە ئۆزىمۇ بىلمەي قىلىپ سالىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ شۇڭا ئۇ، چىرايىنى سەل - پەل ئېچىپ، ئازراق تارتىنغان، قورۇنغان ھالدا، دادىسىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئامانەت گېپىنى يەتكۈزدى:

— تۈنۈگۈن سىز قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، دادام دەسلەپ خاپا بولدى، كېيىن بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك، ئۆيدىكىلەرگە، «قالتىس يىگىت ئىكەن، ياخشى يىگىت ئىكەن، قاراڭلار، ئوقۇۋېتىپمۇ ئۆزىنى خار قىلماي، كۆچىنى خار قىپتۇ، بۇنداق ھالال، غۇرۇرلۇق يىگىت كەم تېپىلىدۇ» دەپ سىزنى بەك ماختاپ كەتتى! — دېدى، لېكىن دادىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «بالا قىلىۋالسا بولغۇدەك يىگىت ئىكەن» دېگەن گېپىنى يوشۇرۇپ قالدى.

ئاقنىياز ئۈچۈن غۇنچەقىزنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك ماختاش گەپلەرنى ئاڭلاشمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

— دادىڭىزنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، — دېدى ئۇ غۇنچەقىزنىڭ قولىدىكى كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ، — ئېيتىپ قويۇڭ، دادىڭىز مەندىن رەنجىمىسۇن! سىزگىمۇ رەھمەت، كىيىملىرىمنى يۇيۇپ ئاۋارە بوپسىز!

— ئەرزىمەيدۇ، خوش، مەن كەتتىم!
ئۇلار سوغۇق كۆرۈشۈپ، ئىسسىق خوشلاشتى.

## 4

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۈگۈنكى پارتىيە ئۆگىنىشىدە، سەلىم ئەپەندى بىلەن ھاۋاز بەختى يەنە تۇتۇشۇپ قالدى. ئۆگىنىش دەسلەپ گېزىت ئوقۇشتىن باشلىنىپ، ئاخىرى فاكۇلتېتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ئۈستىگە كەلگەندە ھاۋاز بەختى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى نوقۇل مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئۆلچىگەندە، خاتا بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، بۇ پرولېتارىيات ئۆلچىمىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ جېڭىگە سالغانلىق بولىدۇ. لېكىن، ھازىر بىزدە شۇنداق ئىش يۈز بەردى، بەزى ئوقۇغۇچىلار ھە دېسىلا ھېكايە، شېئىر، ماقالە يېزىشقا بېرىلىپ، سىياسىي بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. بەزىلەرگە قەلەم ھەققى دېگەن ئىشىكتىنمۇ، دېرىزىدىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىپ، ئۇلارنى چىرىك بۇرژۇئا تۇرمۇش يولىغا باشلاۋاتىدۇ. بەزىلەر تېخى تەپ تارتماستىن: «بىز ئوقۇتقۇچىلاردىن ئېشىپ كەتتۇق، يەنە ئېشىپ كېتىمىز!» دەپ گىدىيىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ...

— ئۇنىڭ نېمىسى يامان!؟ — دەپ ھاۋاز بەختىنىڭ سۆزىنى قاپ بەلدىن بۆلۈۋەتتى سەلىم ئەپەندى، — ئوقۇغۇچىلار بىزدىن ئېشىپ كەتسە، بىز ئۇنىڭدىن خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىمىز، ئۇلارغا دىيەك قويۇپ، پىشاك قىستۇرۇپ، تېخىمۇ ئېشىپ كېتىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىش — ھەقىقىي بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇسى، بەختى!...

— سىز ئالدىرىماڭ، مەن سۆزلەپ بولاي! — دېدى ھاۋاز بەختى ئۆڭۈپ، تاتىرىپ، — مەن بۇلارنى ھازىر فاكۇلتېتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ناچار، زىيانلىق ئىللەت دەپ قارايمەن. ئەگەر بىز بۇنى تەدبىر قوللىنىپ چەكلىمىسەك، تۈزەتمىسەك، بىزنىڭ

مەنۋى تۇرمۇشىمىز بۇلغىنىدۇ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش ئەۋج ئېلىپ، قىزىللىشىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ...

— قانداق تەدبىر قوللىنىمىز؟ — كىمدۇر بىرسى تۇلۇمدىن تـوق-ماق چىققاندەكلا سورىدى.

— مېنىڭچە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى هاۋاز بەختى چوڭ سىياسىئونلاردەك كۆرەڭ قىياپەتتە، — تەدبىر ناهايىتى ئاددىي: بىـ-رىنچىدىن، فاكۇلتېتتا سىياسىي ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز، بۇنى ئـو-قۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ئېلىـپ بېرىشىمىز لازىم؛ ئىككىنچىدىن، هازىر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن تانسىنى چەكلىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، تانسا مەيدانى — مۇهەببەتلىشىش سورۇنى، تانسا ئويناشنىڭ ئۆزى ئىشـ-قىۋازلىق!...

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يىغىن مەيدانى داۋالغۇپ، جانلىنىپ كەتتى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئەجەبلەنگەن، دېلىغۇل بولغان، قوللىغان هەم نارازى بولغان پىكىرلەر كۆتۈرۈلدى:

— تانسىنى چەكلەش؟!...

— بۇ قانداق بولار؟...

— توغرا. چەكلىمىسە، بۇلغىنىش بولىدۇ!

— ئادەمگە مەنىۋى تۇرمۇش كېرەك ئەمەسمۇ؟

— قورساق تويمايۋاتسا، ئويۇن ـ كۈلكىگە نەدە هەۋەس!

— ئەمىسە، يىغلاش كېرەكمۇ؟!...

......

— هازىر قىيىنچىلىق دەۋرى، — دەپ رەسمىي سۆز ئالدى سەلىم ئەپەندى، ئۇ هاۋاز بەختىنىڭ بايىقى تانسا توغرىسىدىكى «ئۇلۇغ سۆز» لىرىگە قارشى تىغمۇ تىغ هۇجۇمغا ئۆتكەنىدى، — ماددىي جەهەتتە بىز ئوقۇغۇچىلارنى قانائەتلەندۈرەلمەيمىز. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان مەنىۋى جەهەتتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىشـ-نىمۇ چەكلىسەك، ئۇ چاغدا مەكتەپتە قانداق ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؟

بۇرۇقتۇرمىلىق، غەيۋەت ـ شىكايەت ئەۋج ئالىدۇ! قورسىقى تويماۋات-قاننىڭ ئۈستىگە، ئازراق ئويۇن ـ تاماشىنىمۇ چەكلەش ـــ دەل ئۆل-گەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولىدۇ! ئەمما مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئادەم مەلۇم ياشقا يەتكەندە، جەزمەن مۇھەببەتلىشىدۇ، تـوي قىلىدۇ، بۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئېھتى-ياجى! بۇ ھەرگىزمۇ كىمنىڭدۇر ئىرادىسى بويىچە، ئۇنداق ياكى بۇنداق بولىدىغان ئىش ئەمەس! مۇھەببەت تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. كىشىلىك ھاياتتا مۇھەببەت بولمىسا، خۇددى كۆك ئاسماندا قۇياش، زېمىندا گۈل بولمىغانغا ئوخشاش، تۇرمۇش قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. يىگىرمە ياشتىن ھالقىغان ياشلار دەل «كۆيۈپ قېلىش»، «مۇھەببەتكە تەشنا بولۇش» دەۋرىدە تۇرغان بو-لىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت كىشىگە ئىلھام ۋە كۈچ ئاتا قىلىدۇ، كىشى-لىك ھاياتقا تېخىمۇ گۈزەل مەنىلەر بېغىشلايدۇ، مۇھەببەت كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ شوخ، ئەڭ گۈزەل كۈي!... تانسىنى چەكلەش بىلەن ئۇنى توسۇپ قالغىلى، ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولارمۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئەخ-مىقانە ئۇرۇنۇش!

ـــ سىز... سىز سەلىم ئەپەندى... نېمە دەۋاتىسىز!؟ ـــ ھاۋاز بەختى ئاچچىقلاپ، دۇدۇقلاپ، ئولتۇرالماي قالدى، ئەلپازىدىن ئۆز پىكرىنى توغرا، توغرا بولغاندىمۇ، ئاسماندىن ـ يەرگىچە توغرا دەي-دىغان بىر خىل تەلۋە جاھىللىق چىقىپ تۇراتتى.

ھېسسىياتى سۇس، مىجەزى قوپال كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تۇيغۇسى ھامان مېھىر ـ شەپقەتسىز ھەم مەنىسىز بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھلار ئېچىلغان يېشىل يايلاقتا پەقەت ئوت ـ چۆپنىلا كۆرىدىغان ئات ـ كالىغا ئوخشاش، گۈزەللىككە، ئېچىللىققا، قىزغىنلىققا تولغان ھاياتتىن تولۇق بەھرە ئالالمايدۇ! بىز-نىڭ ھاۋاز بەختىمۇ ئەنە شۇ خىلغا مەنسۇپ ئادەم بولغاچقا، ئۇ قاي-نام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ياش ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ گۈزەل ۋە يۈللۇق ئىنتىلىشلىرىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇلارنىڭ

مەنۋى ھاياتتىكى ئوي ــ خىيال، تەلەپ ــ ئارزۇلىرى ئۇنىڭغا بىگانە ئىدى. ياشلارغا خاس جۇشقۇن، قىزغىن ۋە رومانتىك تۇرمۇش ئۇ-نىڭغا ھەمىشە تىنچسىز، ھەددىدىن ئاشقان ھەم يولسىزلىق بولۇپ تۇ-يۇلاتتى. شۇڭا ئۇ بايىقى پىكرىنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە داغدۇغىلىق ھالدا يەنە ئوتتۇرىغا قويدى :

— تانسىنى چەكلەش كېرەك!

ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي پىكرىدىن، مەغرۇر ئاۋازىدىن ھەۋەسلىنىپ كۈلدى، لېكىن كۈلكە ئۇنىڭ ئاغزىدىلا ئىدى، ئىچىدە بولسا، سەلىم ئەپەندىنى چاپناپ پۈركۈۋەتكۈدەك ئۆچمەنلىك بار ئىدى!

ئۆگىنىش ۋاقتى توشۇشقا ئاز قالدى. تانسا توغرىسىدىكى پىكىرلەر بىر يەردىن چىقمىدى، ئىككى خىل پىكىرنىڭ قارىمۇقارشىلىقى خېلى كەسكىن ئىدى. ھەممەيلەن فاكۇلتېت مۇدىرىغا قارىدى، ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ كاتتىسى بولغاچقا، قائىدە بويىچە، بىر نەرسە دېيىش كېرەك ئىدى. ئۇ سائەتكە قاراپ قويۇپ قىسقىلا سۆزلىدى :

— يولداشلار، ئادەم ئاددىي بولىدۇ، لېكىن ئۇنى تەربىيىلەپ يې-تىشتۈرۈش ئاددىي ئىش ئەمەس! مېنىڭچە، تۇرمۇشتا مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن چەكلىگىلى بولىدىغان نەرسىلەر بار، چەكلىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ بار. تانسا توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى مەكتەپ رەھبەرلىكى-گە دوكلات قىلىپ كۆرەيلى. چۈنكى، بۇ فاكۇلتېتىمىزدىكى ئىش ئەمەس، مەكتەپ خاراكتېرلىك ئىش. بەلكىم بىزنىڭ پىكرىمىز ياخشى بىر تەكلىپ بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

× × ×

ھاۋاز بەختى كەچلىك تامىقنى يەپلا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەت-تى. ئۇ يەردە چۈشتە كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇگۈنكى گېزىتلەر بار ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە، دەسلەپ گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە كۆز يۇگۈرتتى، ئەگەر ئۇ يەردە باش ماقالە ياكى بىرەر مۇھىم يىغىننىڭ

خەۋىرى بولسا، ئۇ چالا قويماي ئوقۇيتتى، ئادەتتىكى خەۋەرلەر بولغان بولسا، ماۋزۇلىرىنى ئوقۇپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بۈگۈنكى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتى ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى، ئۇ دەرھاللا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۈچىنچى بەتنى ئاچتى. ئۇ يەردىكى «بىلىم يۇرتى» سەھىپىسىدىن نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى بىلىۋالاتتى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە يېڭى ۋە قىزىقارلىق ماۋزۇلار چېلىقتى: «كۈن نېمە ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە چوڭ كۆرۈنىدۇ؟»، «پوچتىدا نېمە ئۈچۈن يېشىل رەڭ بەلگە قىلىنىدۇ؟»، «قۇلاق كولاشنىڭ زىيىنى»، «ئاچچىقسۇنىڭ پايدىسى»... لېكىن ئۇنىڭ دىققىتىنى شۇ سەھىپىنىڭ ئاخىرىدىكى «نېمە ئۈچۈن پاراخوت غەربكە ماڭغاندا بىر سوتكا يىگىرمە تۆت سائەتتىن ئۇزۇن، شەرققە ماڭغاندا يىگىرمە تۆت سائەتتىن قىسقا بولىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇ تارتىۋالدى. ئۇ «بۇنداق نەرسىلەرنى بىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق، بىرەر قېتىملىق سۆزلۈمگە قىستۇرۇپ قويسام، كىشىلەر ھەيران قالامدۇ!» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى: «1519-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى بەش دانە ئىسپانىيە پاراخوتى ماگېللاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، سالىكار پورتىدىن غەربىي شارغا ساياھەتكە چىقىدۇ، ئۇلار دېڭىز، بوران ۋە دولقۇن بىلەن ئېلىشىدۇ...»

شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، ئۆيگە زايىت كىرىپ كەلدى.

— چاقىرىپتىكەنسىز، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغىنىچە.

— ھە، ھە... توغرا، سىزنى كېلىپ كەتسۇن دېۋىدىم، — دېدى ھاۋاز بەختى قولىدىكى گېزىتنى چاي ئۈستىلىگە تاشلاپ، — قېنى ئولتۇرۇڭ، مانا بۇ يەرگە...

زايىت ئۇنىڭ يېنىدىكى ساپاغا ئولتۇردى. ھاۋاز بەختى تاشقىرىقى ئۆيگە بويۇنداپ ۋارقىرىدى:

— ھوي قىزىم، ئاپىڭىزغا دەڭ، چاي تەييارلىسۇن.

— رەھمەت مۇئەللىم، ئۆيدىكىلەرنى ئاۋارە قىلماڭ، — دېدى زايىت تۇزۇت بىلەن، — مەن تاماق يەپلا كەلدىم.

— ئەمىسە، پاراڭلىشىۋېرەيلى، — دېدى ھاۋاز بەختىمۇ تەكەللۇپ قىلمايلا، — قانداق، تۇرمۇش ئىشىدا خاتىرجەم بولغانسىز؟ ھازىر ئادامگۇل بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداقراق؟

— خېلى ياخشى، — دېدى زايىت ئانچە قانائەت قىلمىغاندەك قىيا-پەتتە، — ھەر ھالدا شەۋكەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك قىلىدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئەمدى سىزگە ئوڭچە قالدى، — دېدى ھاۋاز بەختى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ، — لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ئۇنى تولا ماختاپ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋەتمەڭ، كەپتەرنىمۇ چالا پوكان باقمىسا، قاپاق شالدىرلاتقاندا ئۆگزىگە چۈشمەيدىغان بولۇۋا-لىدۇ! ئەمدى رەسمىي گېپىمىزگە كېلەيلى، بۈگۈن سىزنى چاقىرتى-شىم، بەزى ئىشلارنى سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش. ئاڭلىسام، بەزىلەر بىزنى «سول» چىللىق قىلىۋاتىدۇ، دەپتۇ. توغرا بىز سولچىلار، بىز شەيئىلەرنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي كۈچ. بىز سىنىپىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. سىنىپىي كۈرەش ھەرگىزمۇ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئەڭ باي، ئەڭ جانلىق ۋە كىشىنى ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغان تۇرمۇش مەز-مۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزگە قارشى تۇرىدىغانلار بىزنىڭ دەل ما-نا مۇشۇ كۈرەشچان ئىرادىمىزدىن ۋە پرولېتارىياتقا خاس قەتئىيلىكى-مىزدىن قورقىدۇ! — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالدى، بايا ئۆچۈرۈپ قويغان تاماكىسىنى قايتا تۇتاشتۇرۇپ دەم بىلەن ئىچىگە تارتتى ۋە ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان كۆككۈچ ئىسلارنى پۈۋلەپ بولۇپ، زايىتتىن تاسادىپىيلا سورىدى، — سىز « خۇشى گۇرۇھى » توغرى-سىدا ئاڭلىغانمۇ؟

— ھەئە، گېزىت - ژۇرناللاردىن ئازراق ئوقۇغان.

— مانا شۇ «خۇشى گۇرۇھى» ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇزۇن يىل ياشلارنى زەھەرلەپ كەلگەن «نوپۇزلۇق ئەرباب»، — دېدى ھاۋاز

بەختى كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، ــ ئەنە شۇنداق «كاتتا كىشلەر» گە پەقەت ئىككى نە-پەر «ئاددىي كىشى» تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، خۇشى گۇ-رۇھىنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيئالىزمغا ئوت ئېچىپ، ئاخىر «چوڭ مەخلۇق» ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۆزىنى «بىلىملىك، مۇتەخەسسىس» دەپ ئاتىۋالغان بىر «ئەرباب» بار. بەزى نادان ئو-قۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇ شۇنداق قارىلىۋاتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ نە-زىرىمىزدە، ئۇ «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ كىچىك بىر جارچىسى. ئەمما ئۇنى كىچىك دەپ، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ، مۇنبەردىن، لېكسىيىلەردىن ۋە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن پاك، سەبىي ياشلارنى زەھەرلەپ كېتەلەيدۇ. ئۆتكەنكى بىرلەشمە دەرسخانىدا «قىرىق بىرىنچى» فىلىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدە شۇنداق بولدىغۇ! شىۋجېڭجۈيىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئەۋرىشكىسى بولغان ئاشۇنداق چوڭ زەھەرلىك چۆپنى ئاشكارا ماختاش كىچىك ئىش ئەمەس! قانداق دېدىم؟

ــ توغرا مۇئەللىم، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، ــ دېدى زايىت ئۇنىڭغا دوست تارتىپ، ــ سەلىم ئەپەندىنىڭ شۇ كۈنكى سۆزى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى، نەزەرىيىۋى ئاساسى خېلى ئوبدان ئوقۇغۇچىلارمۇ تېڭىرقاپ قالدى...

ــ مەن بۇ ئەھۋاللارنى جىن شۇجىغا ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قوي-ماي ئېيتتىم، ــ دېدى ھاۋاز بەختى تېخىمۇ دېدىللىشىپ، ــ ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت قىلدى ۋە يازما ماتېرىيال تەييارلىشىمنى تاپى-لىدى. مېنىڭچە، بىز سەلىمنىڭ لېكسىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ با-قايلى، بولۇپمۇ سىز ئۇنىڭ سىنىپتىكى سۆزلىرىگە زەن سېلىڭ...

بۇ سۆز زايىتنىڭ پىكرىنى جانلاندۇرۇپ، ئەسلىمىسىنى كۈچەيتىد-ۋەتتى، ئۇ بىردەم چوڭقۇر ئويغا پاتتى، كۆزلىرىنى قىسىپ، قاشلىرىنى يىمىردى، كېيىن بىردىنلا روھلىنىپ، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك

ھولۇقۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— بۇ گېپىڭىز بىلەن بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى، مۇئەللىم، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمگە كەلدى، سەلىم ئەپەندى تېخى يېقىندىلا دەرس سۆزلەۋېتىپ، مۇنداق بىر گەپنى ئېيتقانىدى، ئويلاپ قارىسام، بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلىدۇ...

— قانداق گەپ؟ — ھاۋاز بەختى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ، زايىتقا يۈزلەندى. زايىت بىر تەرەپتىن ئەسلەپ، بىر تەرەپتىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— مۇنداق گەپ، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى : «يازغۇچى، شائىرنىڭ مېڭىسى قوي قوتىنى بىلەن توخۇ كاتىكىنىلا ئويلايدىغان ئاددىي دېھقاننىڭ مېڭىسى ئەمەس، شۇنداقلا سەندەل بىلەن بازغانىنىلا كۆزلەيدىغان ئاددىي ئىشچىنىڭمۇ مېڭىسى ئەمەس، يازغۇچى، شائىر دۇنيانى ئويلايدۇ، ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئالەم سىغىدۇ، قەلبى چوڭقۇر ھەم چەكسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ!...»

— مانا، مانا! — ھاۋاز بەختى قوللىرىنى كېرىپ، خۇشال بولۇپ كەتتى، — ئەكسىيەتچى دېمىگەندىمۇ، زەھەرلىك سۆزنىڭ نەق ئۆزى. قارىڭە، بۇ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر دېگەن شەرەپلىك نامنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش، مەسخىرە قىلىش ئەمەسمۇ!؟ ئىشچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىپ بەرمىسە، دېھقانلار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەرمىسە، بىزنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىمىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟! بىر ئازراق بىر نەرسىنى بىلىۋېلىپلا ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىساق بولامدۇ؟! بۇ دەل بۇرژۇئا ئىدىيىسى بولماي نېمە؟! قانداق كىشىلەر ئۆزلىرىنى دېھقانلاردىن زېرەك، ئىشچىلاردىن ئەقىللىق دەپ چاغلايدۇ؟! دەل بۇرژۇئازىيە، چىرىگەن بۇرژۇئازىيە! بولدى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سەلىمنىڭ ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان بۇرژۇئا زىيالىيسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. سىز زايىت، بۇلارنى تېزدىن رەتلەپ، بىر ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ چىقىڭ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇڭ، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى! قانداق، بۇن-

چىلىك ئىشنى قىلالامسىز ؟

— ئەلۋەتتە قىلىمەن، مۇئەللىم، — دېدى زايىت ئىخلاسمەنلىك بىلەن، — ئۆز ۋاقتىدا شەۋكەت، ئاقنىيازلارنىڭ مەكتەپكە پاتماي كۆرەڭلەپ كېتىشى ئاشۇ سەلىم ئەپەندىنىڭ يانتاياق بولۇشىدىن بولغان، شەۋكەتقۇ تۈگەشتى، ئەمدى ئاقنىيازنىمۇ كۆرىمىز!

— شۇنداق، چوڭ دەرەخ يىقىلسا، مايمۇنلارمۇ توزۇيدىغان گەپ! — دېدى هاۋاز بەختى، — بولىدۇ ئەمىسە، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر تور سېلىنمىسا، بېلىق كۆلدە ياشاۋېرىدۇ، جۇمۇ!

زايىت خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، هاۋاز بەختى هېلىقى گېزىتنى قولىغا ئېلىپ بايا ئوقۇيالماي قالغان يەرگە كۆز يۈگۈرتتى، لېكىن كاللىسىغا هېچ نەرسە چۈشمىدى، كۆزى گېزىتتە بولغان بىلەن خىيالى سەلىم ئەپەندىدە ئىدى...

## 5

ئۈچ يېرىم قەۋەت بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر نەچچە تۇۋاش ياتاقنىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى. قارىغاندا، بۇ ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىلار نېمە ئۈچۈندۇر مىللىي ئاشخانىدا بولۇۋاتقان كاتتا تانسىغا بارمىغاندەك قىلاتتى. گاۋ شۈجى ئۇدۇل بىناغا كىرىپ، ئاشۇ ياتاقلارنى نىشانلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى.

ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى، ئىچكىرىدىن بىرسىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان «مەرھەمەت» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. گاۋ شۈجى ئىشىكنى ئېچىپ ياتاققا كىردى، تۆت بۇلۇڭغا تۆت كارىۋات قويۇلغان تارغىنە ياتاقتا ئالتە ئوقۇغۇچى بىر خىل مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرۇشاتتى، ياتاقمۇ هەر خىل تاماكىنىڭ ئاچچىق ۋە قاڭسىق ئىسلىرىغا تولۇپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار گاۋ شۇجىنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن تەشرىپىدىن هەيران بولۇپ، قانداق هەرىكەت ۋە قىياپەتتە بولغان بولسا، شۇ پېتى

داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىرسى كارىۋىتىدا قىيپاش يېتىپ، سامان تەكىيىنى قۇچاقلاپ، خۇددى سۆيگىنى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھاياجانلىق ھالەتتە ئىدى، يەنە بىرسى ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان پېتى شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆ-تۈرۈپ، گويا چوڭ بىر شائىرنىڭ يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسى-يە قىلىۋاتقاندەك تەسىرلىك ھالەتتە ئىدى... ئىشقىلىپ، ئالتىسى ئالتە خىل چىراي ۋە ئالتە خىل ھەرىكەتتە ھەم كۈلكىلىك، ھەم يۇمۇرلۇق قىياپەتلەردە ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى — قاندداقتۇر بىر كونسپېكتنى سىقىملىغان پېتى بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان گۆمۈش چىراي گايىت مايىت تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ھا-لەتكە چۈشۈپ قالدى. قورقۇش، ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چەك-چىيىپ، لەۋلىرى خۇددى دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز مى-تىلداپ كەتتى، قولىدىكى كونسپېكتنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇياق-قا - بۇياققا تولغاۋېرىپ يىرتىۋەتكىلى تاس قالدى...

كۆك رەڭلىك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، ئەجدىھا گۈللۈك گالستۇك تاقىغان گاۋ شۇجى بىر قارىماققا، ناھايىتى خۇش چىراي، قەددى - قامەتلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا سوكنادىن تىكىلگەن پارتىيە شەپكىسى بىلەن پۇتىدىكى لاتا خېيى ئۈستىدىكى كاستۇم - بۇرۇلكىلارغا ئانچە ماسلاشمىغاندەك، ئۇنى مە-تۇ چىراي قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا تانسىغا چىقماي، ياتاقتا توڭگۇز تورپىقى ئويناپ ئول-تۇرىسىلەر؟ — دېدى گاۋ شۇجى ئىشكىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتقا ئول-تۇرۇۋېتىپ، — سىلەر ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغۇ دەي-مەن، ئەدەبىياتچى دېگەن گۈزەللىكنى سۆيمەمدۇ؟ تانسا، ناخشا - مۇزىكا دېگەن نەق گۈزەللىكنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى بىلمەمسىلەر - يا؟

— بىلىمىز، تازا بىلىمىز!

بىر - ئىككى ئوقۇغۇچى شۇنداق دېگەچ، بايىقى چۆچۈگەن، ھو-

دۇققان قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشتى.

— ئەمسە، نېمە ئۇچۇن تانسىغا چىقمىدىڭلار؟ — گاۋ شۇجى بۇ سوئالنى جىددىي تەلەپپۇزدا سورىغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايى ئوچۇق ۋە ئىللىق ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، بىردەم جىم بولۇپ قېلىشتى. بىر هازادىن كېيىن، ئارىدىن كىمدۇر بىرسى غەيرەتكە كېلىپ مۇنداق دېدى:

— گاۋ شۇجى، بىزنىڭغۇ ئوتتەك تانسا ئوينىغىمىز بار، لېكىن مۇ-ئەللىم... بىزنىڭ سىياسىي يېتەكچىمىز تانسىغا بېرىشىمىزنى چەكلەپ قويدى... كىم بارسا، ئەخلاق نومۇرىدىن قىرقىيمەن دېدى... شۇڭا ياتاقتا توڭگۈز تورپىقى ئويناپ كۆڭلىمىزنى ئېچىۋاتىمىز....

گاۋ شۇجىنىڭ قويۇق قاشلىرى يىمىرىلىپ، كۆزى قىسىلدى.

— قايسى مۇئەللىم ئۇ؟ — دەپ سوغۇققىنە سورىدى ئۇ.

ئوقۇغۇچىلار بولغۇلۇق بولدى، دېگەندەك، سىياسىي يېتەكچىنىڭ ئىسمىنى ئوچۇقلا ئېيتىشتى:

— هاۋاز بەختى...

— هاۋاز بەختى؟ — گاۋ شۇجى بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك خېلى ئويلاندى ۋە ئاخىرىدا «بولدى قوي!» دېگەندەك قو-لىنى سوغۇق شىلتىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — هە، بىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭلار، تانسىغا بېرىشىڭلارغا مەن رۇخسەت قىلدى-مەن، ئەگەر سىلەردىن «نېمە ئۈچۈن باردىڭ!؟» دەپ سوراپ قالسا، «گاۋ ئىسىملىك بىرسى ئاتايىن ياتاققا چىقىپ، بىزنى مەجبۇرىي بار-غۇزدى» دەپ ماڭا ئارتىپ قويۇڭلار، بولامدۇ؟ — ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىر - بىردىن قاراپ چىقىپ، چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن سۆزى-نى داۋام قىلدى، — ساۋاقداشلار، ئەسلىدە، سىلەرگە ناهايىتى ئوبدان يېگۈزۈشىمىز، كىيگۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى، سىلەرگە قانچە قىلساق ئەرزىيتتى، چۈنكى سىلەر 60-يىللارنىڭ ئەۋلادى، بىزنىڭ نۇرغۇن ئەجدادلىرىمىز، جۈملىدىن ئۆزۈممۇ سىلەرنى بەختلىك كۈنلەرگە ئې-

رىشتۇرىمىز، دەپ قان تۆككەن! لېكىن ھازىر دۆلەتنىڭ بېشىغا كەل-
گەن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، قولىمىز قىسقا بولۇپ قالدى،
شۇ سەۋەبتىن، سىلەرمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدىڭلار، گەرچە
ئاراڭلاردىكى بىر قىسىملار ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك بىلەن سەپتىن
چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىكىڭلار تەقدىرىڭلارنى دۆ-
لەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاپ، ۋەتىنىمىزنى قۇدرەت تاپ-
قۇزۇش يولىدا جاپاغا چىداپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىۋاتىسىلەر، سىلەر-
نىڭ ناميڭلار چوقۇم تارىخنامىلەرگە يېزىلىدۇ، ئەۋلادلارمۇ سىلەرنى
ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. مەن بايا نېمە ئۈچۈن سىلەرنى تانسىغا
تەكلىپ قىلدىم؟ بىز ھازىر ماددىي جەھەتتە نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتى-
مىز، سىلەرمۇ يېرىم توق، يېرىم ئاچ ئۆتۈۋاتىسىلەر، ماددىي جەھەتتى-
كى بۇنداق بوشلۇقنى ھەر خىل مەنىۋى پائالىيەتلەر بىلەن تولدۇرمى-
ساق بولامدۇ؟ كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئادەمنىڭ
روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى يوقىتىدۇ، ناخشا - مۇزىكا
ئادەمدە ئېتىك، جۇشقۇن خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، دەرستىن
سىرتقى ۋاقىتلارنى ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن
خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈڭلار، شۇنداق قىلغاندا، ئاچلىقنىڭ، ئۈ-
مىدسىزلىكنىڭ ئازابىنى يېڭىپ، ھەمىشە كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە تۇرالاي-
سىلەر!...

گاۋ شۇجىنىڭ ئۈمىدۋار، سەمىمىي سۆزلىرى ئوقۇغۇچىلارغا
چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ئۇلار راستتىنلا خۇشال بولدى، كۆڭلى تاغ-
دەك كۆتۈرۈلدى، خۇددى ئەقىللىق ئاتا - بوۋىلىرىمىز «بۇغداي نې-
نىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى!» دېگەندەك، بۇ يېقىملىق
سۆزلەر ئۇلارغا دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن بۇغداي نېنىدەك شېرىن، لەز-
زەتلىك بىلىندى. ئۇلار بايىقى ئاچلىق ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇن-
تۇش ئۈچۈن، خىيالىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلغان قىلىقلىرىدىن ئۆزلى-
رىچە ئۇيىلىپ، دەرھال تانسىغا بارماقچى بولدى، گاۋ شۇجىمۇ ئوقۇ-
غۇچىلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، تۇيۇقسىز

كۆزى گايىت مايىتنىڭ ئېخچە ھاڭۋېقىپ تۇرغان قىياپىتىگە چۈ-
شۈپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن سورىدى :

— سەن بىلەن ئىككىمىز كونا تونۇشقۇ، دەيمەن ؟

بۇ سۆزلەر ناھايىتى تەبىئىي ھەم سىلىق - سىپايە ئېيتىلغان بول-
سىمۇ، لېكىن گايىت مايىت نېمە ئۈچۈندۇر ئېخىمۇ ھولۇقۇپ كەتتى،
چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ۋەھىمە بىلەن كېڭەيدى. گاۋ شۇجى
ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ، دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆز-
گەرتتى :

— كونا تونۇش دېگەن بىر - بىرىدىن بۇنداق تارتىنىپ، قېچىپ
يۈرسە بولمايدۇ، ئىسمىڭ نېمىتى ؟

گايىت مايىت ئۆزىنى ئوڭشاپ ئېغىز ئاچقۇچە يېنىدىكى ساۋاقدىشى
ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ دېدى :

— بۇنىڭ ئىسمى گىرىت مىرىت...

— نېمە - نېمە ؟ گىرىت مىرىت ؟ — گاۋ شۇجى قىزىقىپ سورى-
دى، — بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەمەستۇ، بىرەرسىلار ئۇنىڭغا
ئاشۇنداق ئىسىم قويۇپ قويغان ئوخشىمامسىلەر ؟

— تاپتىڭىز گاۋ شۇجى، — دېدى ھېلىقى ئوقۇغۇچى قايىل بو-
لۇپ، — بۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى گايىت مايىت...

— مۇنداق دېگىنە، — دېدى گاۋ شۇجى كۈلۈپ، — ئىسمىڭدىن
قارىغاندا، تۇرپان ياكى توقسۇن تەرەپلەردىن ئوخشىمامسەن ؟

— راست ئېيتتىڭىز گاۋ شۇجى، ئۇ تۇرپان ئاستانىدىن، — دې-
يىشتى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ توغرا قىياس قىلغانلىقىدىن ھەيران بو-
لۇپ.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىياس ۋە ھۆكۈمنى پەقەت كۆزىتىش ھەم
پىكىر قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەملەرلا قىلالايتتى.

گاۋ شۇجى خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە ھەممەيلەن
بىلەن قول ئېلىشىپ كېلىپ، گايىت مايىت بىلەن خوشلاشقاندا،
ئۇنىڭ قولىنى ئۇزۇنراق ھەم چىڭراق قىستى :

— بۈگۈن تېخىمۇ يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئەمدى مېنى ئۇرمايدىغانسەن ؟...

گايىت مايىت نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئاڭغىچە گاۋ شۇجى ھەممەيلەننى يەنە بىر قېتىم تانسىغا بېرىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ياتاقتا يەنە مالىمانچىلىق باشلاندى، گاۋ شۇجى بىلەن گايىت مايىت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن «ئاجايىپ بىر ئىش» دىن خەۋىرى يوق ئىككى ئوقۇغۇچى گايىت مايىتقا يېپىشىۋېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. گايىت مايىت چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، بايا گاۋ شۇجى كىرىش بىلەنلا جىددىيلىشىپ، تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى ئەمدى بوشاپ، ئۆز جايىغا چۈشتى. ئۇ ئىككى ساۋاقدىشىنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەشكە باشلىدى...

گاۋ شۇجىنىڭ مىجەزى قىزىق ئىدى، مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن قۇرۇلغان ئالاھىدە كىچىك ئاشخانا تۇرسا، ئۇ كۆپ ھاللاردا، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىرىۋېلىپ، بالىلار بىلەن تالىشىپ - تارتىشىپ تاماق يەيتتى ۋە شۇ جەرياندا ئەھۋال كۆزىتىپ، مەسىلە تېپىپ، بار ئىمكانىيەت ئاساسىدا تاماقنى قانداق ياخشىلاشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئۇ يەنە كادىرلارنىڭ ئايرىم مۇنچىسى تۇرسا، بەزىدە ئۇ يەرگە كىرمەي، ئوقۇغۇچىلار مۇنچىسىغا كىرىۋالاتتى ۋە شۇ باھانىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل سادالىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۆتكەندە، ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلار مۇنچىسىغا كىرىپ، بىر چەتتە يۇيۇنۇشقا باشلىدى، مۇنچا ئىسسىق پار بىلەن تولغاچقا، ئادەملەر بىر - بىرىنى ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممەيلەن قىپيالىڭاچ، يۈز - كۆزلىرىدە سوپۇن مازغاپلىرى بولغاچقا، بىر - بىرىنى تېخىمۇ تونۇيالمايتتى. ئوقۇغۇچىلار مۇنچىسى قىيا - چىيالىق، ئەنسىز بىر دۇنيا ئىدى. بىرلىرى ئالىتاغىل ناخشا توۋلاۋاتقان، بىرلىرى

قىزىق لەتىپە ئېيتىۋاتقان، بىرلىرى قىز ـ ئاياللار تـوغرىسـىدا ئەپسانـە سۆزلەۋاتقان، ئىشقىلىپ، كىم نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىپ باقىدىغـان ئەركىن، پىنھان يەر ئىدى. كۈلكە ـ چاقچاقلار راسا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە، گايىت مايىتنىڭمۇ قىزىقچىـلىق قىـلغۇسى كـېلىپ، يـۈز ـ كۆزىدىكى سوپۇن مازغاپلىرىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۇيدى ـ دە، يېنىـدا يۇيۇنۇۋاتقان ساۋاقدىشىنىڭ يالىڭاچ كاسىسىغا شـاپىلاقلاپ تـۇرۇپ ۋارقىرىدى :

ــــ قاراڭلار ئاغىنىلەر، ھېكىم گوپەينىڭ قوڭىغا، نېمىدېگەن ئـاق، نېمىدېگەن سېمىز!... پـاھ! پـاھ!... قىز بولغان بولساڭ ئۆزۈملا ئالاتـ تىم ـ دە، سېنى!... ــــ ئۇ بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن شاـ پىلاقلايتتى.

«ھېكىم گوپەي » :

ــــ ۋاي ـ ۋاي!... ئەدەپسىـزلىكقـۇ بۇ!... ــــ دېگىـنىچە، بـاش ـ كۆزىدىكى مازغاپلارنى ئېرتىپ، تۇيۇقسىز شاققىدە ئارقـىغا ئۆرۈلـدى، گايىت مايىتنىڭ يەنە بىر قېتىم شاپىلاقلاش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى، ھەيرانلىقتا ئۇنىڭ ئاغـزى كاماردەك ئېچىلـىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ پېتى ئەجەبـ لەنگەن، قىزىقسىنغان ھالدا تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ ساۋاقدىشـى «ھېكىـم گوپەي » بولماستىن، بەلكى مەكتەپنىڭ ئابرۇيلۇق، سالاپەتلىك بـاشـ لىقى گاۋ شۇجى ئىدى.

گايىت مايىت جىددىيلەشكىنىدىن قولىدىكى «ئىپارخان » ماركىلىق سوپۇن بىلەن نىمكەش لۆڭگىنىمۇ تاشلاپ، مۇنچىدىن چىقىشقا ئالدىـ رىدى، لېكىن گاۋ شۇجى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك :

ــــ يىگىت، قـاچما، بېرى كـەل، بىر ـ بىرىمىزنـى يـۇيۇپ قويـايـ لى! ــــ دەپ ئۇنى توۋلىدى، لېكىن بۇ چاغدا خىجىللىق ۋە قورقـۇشـ تىن ئۆڭىسۆلى ئۆچكەن گايىت مايىت ئاللىقاچان مـۇنچىدىـن چىقىپ بولغانىدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانـلار ھەر خىل تـەھلىل قىـ لىشتى، بەزىلەر «ھېچ گەپ يوق، يوغان بىر شۇجى بىزدەك مىترىقـلار

بىلەن بىللە مۇنچىغا چۈشكەندىكىن، ئۆزىنىڭ شورى ئۆزىگە!» دەپ،
گايىت مايىتقا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياسىدى، لېكىن سەلەي قا-
شاڭ قەستەن ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ: «سەن قاراپ تۇر ئەخمەق،
شۇنداق كاتتا شۇجىنغا ئەدەپسىز چاقچاق قىلغانلىقىڭنىڭ جاجىسىنى
كۆرىسەن، تېخى! شۇجىنىڭ قوڭىغا شاپىلاقلاپسەن ـ ھە؟!» دەپ
ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن بېرى، گايىت ما-
يىت ئۆز بېشىغا كېلىدىغان بىرەر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈ-
تۈپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈرەتتى. بۈگۈن گاۋ شۇجىنىڭ ئۆز ياتى-
قىغا شۇنداق تۇيۇقسىز ۋە بىمەھەل كىرىپ كېلىشىنى ئۇ دەسلەپ،
سەلەي قاشاڭ دېگەندەك يامانلىققا جوراپ، خېلى ساراسىمىگە چۈش-
كەندى، كېيىن گاۋ شۇجىنىڭ شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ كۆڭلى ئاستا ـ ئاستا جايىغا چۈشتى...

## 6

زايىت يېقىندىن بۇيانقى ئامتىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى، مۇھەب-
بەت سەۋدالىقىدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنىڭ تۈگەپ، ۋىسال ھارپىسى-
دىكى تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى سېزىپ،
ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ بادامگۈلنى
خۇددى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورققاندەك، ئۆزىدىن بىردەممۇ
نېرى قىلمايتتى. ئۇلار دەرسلەرنى بىللە تەكرارلايتتى، ئىمتىھانغا بىللە
تەييارلىق قىلاتتى، كىنو ـ تانسىلارغا بىللە باراتتى، بۇنداق ئۈزۈل-
مەس، تەكرار پائالىيەتلەر بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ مەھ-
كەم تۇتاشتۇرىدىغان ئىسسىق قان ـ تومۇرغا ئايلاندى!

بۈگۈنكى شەنبە كېچىسىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا، ئۇلار
تۈنۈگۈنلا پۈتۈشۈۋالغانىدى. زايىتنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن
بادامگۈل بۈگۈن «قىزىل بىنا» دا بولىدىغان كۆڭۈللۈك تانسىدىنمۇ،
«دوستلۇق» كىنوخانىسىدا قويۇلىدىغان چەت ئەلنىڭ «ئاق كېچە»

ناملىق كىنوسىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن «رومانتىك سەيلە»
گە چىقىشقا رازى بولغانىدى. ئۇلار كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۆزلىد-
رىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋېلىپلا، مەكتەپنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ
كەتتى.

بادامگۈل بۈگۈن ئۇستىگە ئۆرۈك سېرىقى چىتتىن ئويما ياقىلىق
كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئات باغرى رەڭگىدىكى نېپىز رومالچە تاش-
لىۋالغانىدى. ئۇزۇن، قاپقارا ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېقىمىدا يىلاندەك
سويلاپ تۇراتتى. ئۇنى ئوڭ تەرەپتىن قولتۇقلىۋالغان زايىت بولسا،
بۇرۇت ـ ساقىلىنى پاكىز قىرغان، ھەمىشە سالۋاراپ تۇرىدىغان چې-
چىنى ئاندا ـ مۇندا مايلاپ، ئۇستۋاشلىرىنىمۇ خېلى تۈزەشتۈرۈۋالغا-
نىدى.

بۇنداق خالىي، يالغۇز، جىمجىت كېچىلەردە، ئاشىق ـ مەشۇقلار-
نىڭ كۆڭلى تۇغۇلىدۇ، ئۇلار سۆزلىشىپ ھارمايدۇ، خۇشاللىق بىلەن
دېيىشمىگەن گېپى قالمايدۇ! بۇ ئىككىسىمۇ دەسلەپ مەكتەپنىڭ، سى-
نىپنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ، كېيىن جەمئىيەتنىڭ، ئىچكىرىنىڭ، دۇن-
يانىڭ گەپلىرىنى قىلىشتى ۋە ئاخىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، ئىس-
تىقبالى ۋە مۇھەببىتى توغرىسىدا سۆزلىشىپ مېڭىپ، چەت بىر مەھەل-
لىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ
مەھەللە چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرد-
سىدا ئىدى. مەھەللە بۇرۇنلا ئۇيقۇغا چۆمگەندەك جىمجىت ھەم خا-
مۇش كۆرۈنەتتى. ئاندا ـ مۇندا ئۆيلەرنىڭ پەنجىرىسىدىن غۇۋا
چىراغ نۇرلىرى لىپىلداپ تۇراتتى، ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلارنىڭ ئۇ
يەر ـ بۇ يېرىگە ئەھيا قىلىنغان جىگدىلىك بىلەن قويۇق بونجالىقلار
يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

ــــ نەگە كەپقالدۇق، زايىت؟ ــــ سورىدى بادامگۈل سەل ئەندىك-
كەندەك كەيپىياتتا، ــــ نېمانداق تىنچ، سۈرلۈك يەر بۇ؟

زايىت ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى:

ــــ ئادەم ياشاۋاتقان يەرمۇ سۈرلۈك بولامدۇ! قارىغە! ئاۋۇ ئۆيلەر-

دىكى تىرىك جانلارنى، بىز ھازىر مەكتەپنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى-
دە ئىكەنمىز، ماۋۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ...

زايىتنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. توساتتىن ئالدى تەرەپتىكى بىر
ھويلىدىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، ئارقىدىنلا خۇددى
دوست تارتقاندەك، ئۇلارنىڭ تۆت تەرىپىدىن بىرمۇنچە ئىتلارنىڭ
ئېگىز - پەس قاۋىغان، ھاۋشىغان ۋە خىرىس قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭ-
لىنىشقا باشلىدى. بادامگۈل قورقۇپ كەتتى، زايىتمۇ «غالجىر ئىتلار-
نىڭ ئارىسىدا قالدۇقمۇ، نېمە؟» دېگەن ئوي بىلەن جىددىيلىشىپ
قالدى. لېكىن يېنىدا ياخشى كۆرگەن قىزى بولغاچقىمۇ، دەرھال ئۆ-
زىنى تۇتۇپ، باتۇر، قورقۇمسىز يىگىتلەردەك قىياپەتتە بادامگۈلنىڭ
بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— قورقماڭ، يۈرۈڭ، ئۆزىمىزنى دالىدىغا ئالايلى، ماۋۇ ئېرىقنىڭ
ئىچى بىلەن مېڭىپ، جىگدىلىككە بېرىۋالايلى! — دېدى - دە، بادام-
گۈلنى يېنىك سۆرىگەن پېتى ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن جىگدىلىككە
قاراپ يۈگۈردى. ئىتلارنىڭ بەس - بەستە قاۋىغان ئاۋازى بىردەم يې-
قىنلىشىپ، بىردەم يىراقلىشىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈ-
رەتتى. ئۇلار جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ جىگدىلىككە كېلىۋال-
دى، ئەمدى بىرەر ئىت كۆرۈپ قالمىسىلا، خەتەردىن قۇتۇلغانىدى.
زايىت بىر دوڭغاق جىگدىگە يۆلىنىپ، ھاسىرىغان پېتى ئۇھ تارتتى،
بادامگۈل قورققىنىدىن ھولۇقۇپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغانىدى...

مۇھەببەت بەزىدە ئادەمنى قورقۇمسىز باتۇرلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ،
بەزىدە بولسا، يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىشىدىنمۇ چۆچۈيدىغان توخۇ يۈ-
رەك قىلىپ قويىدۇ. بادامگۈل نېمە ئۈچۈندۇر، كۆڭۈل تىزگىنىنى
زايىتقا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق قورققاق بولۇپ قالغانىدى،
ھەمىشە نېمىدىندۇر ئەندىككەندەك، بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ياشايت-
تى. بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى ئەركىن، بىمالال ھەم مەغرۇر تۇتىدىغان
روھلۇق، جۇشقۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى...

ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى يىراقلاپ، سەل - پەل بېسىقتى، ئۇنىڭ ئور-

نىغا قاراڭغۇ تۈن ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كەلدى، ئەتراپ ئادەمسىز جىمجىت بوشلۇققا ئايلاندى. ھاۋا تازىلىنىپ، ئوت ـ چۆپ، گۈل- گىياھلارنىڭ يۇرىقى تارقالدى، قاراڭغۇلۇققا چۆككەن جىگدىلىكتىن ئاندا ـ ساندا قۇشلارنىڭ خامۇش سايراشلىرى ئاڭلاندى...

— ئەمدى قايتايلى، زايىت، — دېدى يۈرىكى بىر ئاز ئىزىلغا چۈشكەن بادامگۈل، — نېمدېگەن ئەنسىز يەر بۇ!

— قورقۇپسىز ـ ھە؟ — زايىت ئاستا قولىنى سوزۇپ، بادامگۈل- نىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان بۇدرۇق بارماقلىرىنى تۇت- تى، — قورقماڭ، يېنىڭىزدا مەن بار...

زايىت بىر خىل بېسىلغۇسىز تەشنالىقنىڭ كۈچى بىلەن بادامگۈلنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى گىرەلىشىپ، ئىسسىق، ھاياجانلىق تىنىقلىرى بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئۇلار يەنە كىچىككىنە مىدىرلىسا، يۈرەكلىرىمۇ، لەۋلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، سۆيگۈ ئىشقى بىلەن ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كېتەتتى. لېكىن نېمە ئۈ- چۈندۇر، ھەر ئىككىسى ئاشۇ كىچىككىنە ئارىلىق قالغاندا، گويا ئۇ يەر ھالقىپ ئۆتۈش تەس بولغان چوڭقۇر بىر ھاڭدەك، چېپىندە توختاپ قېلىشتى. شۇ دەقىقىدە زايىتنىڭ كۆز ئالدىغا شەۋكەت كەلدى، تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە بۇ بۇدرۇق قوللارنى ئاشۇ تۇتۇپ، بۇ چىرايلىق، ئىسسىق لەۋلەرگە شۇ ۋەتەن خائىنى سۆيگەن ئەمەسمىدى؟! ماڭا تە- ئەللۇق بولغان بۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن نېمە ئۈچۈن شەۋكەت دېگەن چۈپرەندە ئالدىن بەھرىمەن بولىدۇ؟!... زايىتنىڭ گېلىغا بىر نەرسە غىق قىلىپ تىقىلغاندەك بولدى، يۈرىكىنى ھەسەت ۋە كۈنداشلىق ئوتى كۆيدۈردى، ئەلەم ۋە ئازاب ئەسىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە بەزگەك تىترىكى ئولىشىپ كەتتى...

شۇ دەقىقە، بادامگۈلنىڭ كۆز ئۆڭىدىمۇ شەۋكەت گەۋدىلەنگەنى- دى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك، ئەمما سالاپەتلىك، مەردانە سىيماسى ھې- لىقى كىچىككىنە بوشلۇقتا پەيدا بولۇپ، بادامگۈلنى ئەيىبلەپ، مەس- خىرە قىلىۋاتقاندەك، ئەزەلدىن ئۆزىگە تەئەللۇق بۇ سۆيگۈ لەززىتىدىن

بىگانە بىر سىنىلىڭ بەھرىمەن بولماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا قارشى چۇقان كۆتۈرۈۋاتقاندەك، پەرىشان، ئەمما غەزەپلىك ھالەتتە ئىككىسىنى تو-سۇپ تۇراتتى...

بادامگۈلنىڭ نۇرلۇق، ئاق ـ قارىسى ئېنىق خۇشال كۆزلىرى مۆڭ-لىنىپ، بىردىنلا بۇلۇت توسقان قۇياشتەك تۇمانلاشتى. ئۇ ھەم تە-ئەججۇپ، ھەم قانداقتۇر بىر ئىچكى ھەسرەت بىلەن كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان خىيالىدىكى شەۋكەتكە ناخۇش قاراپ قالدى...

بادامگۈل يۈرىكىنىڭ ھولۇقۇشىنى بېسىش ئۈچۈن، چىشىنى چى-شىغا چىڭ بېسىپ، زايىتنىڭ چاڭگىلىدىكى بارماقلىرىنى ئاستا يۇ-مۇۋالدى...

بۇلۇتلۇق ئاسمانغا ئاي چىقتى، ئۇ ھەربىر پارچە بۇلۇت ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، نۇرلۇق جامالىنى كۆرسەتكەندە، جىمجىت، خىلۋەت جىگدىلىككە سۇرمە رەڭلىك نۇرىنى چېچىپ ئۆتەتتى...

شۇ چاغدا، زايىت بىلەن بادامگۈل خىيال ۋە ئەسلىمىلەر ئىسكەن-جىسىدىن تېزلا يۇلقۇنۇپ چىقىپ، بايىقى تاغ سۇلىرىدەك شوخشۇپ كەلگەن قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن كۆڭۈل شادلىقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. زايىت يۈرىكىگە خىتاب قىلدى: بۇ مېنىڭ سۆيگۈ ـ مۇ-ھەببىتىم، ئاران قولغا كەلتۈرگەن بەختىم! ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بۇلغىنامتى؟ ئۇ ئەمدى مېنىڭ، ئۇ ماڭا تەئەللۇق، ھەممى-سى ماڭا تەئەللۇق!...

بادامگۈلمۇ بىر خىل زەئىپ، لېكىن سەمىمىي ئاۋاز بىلەن ئۆزىگە شىۋىرلىدى: تۇرمۇشتا بىر ئۆمۈر مەمنۇن بولغۇدەك سۆيگۈ ـ مۇھەب-بەتكە كىم ئېرىشىپتۇ؟! مۇھەببەتلىشىش، جۇدا بولۇش، يەنە مۇھەب-بەتلىشىش ــ ئەلمىساقتىن بېرى بولۇۋاتقان ئىشقۇ! مەن خۇدا ئال-دىدا، ۋىجدانىم ئالدىدا گۇناھ قىلمىدىم، گۇناھ دېيىلسە، ئۇ ماڭا ئەمەس، باشقىلارغا تەئەللۇق!...

شۇ خىياللار كۆڭلىدىن ئۆتكەن بادامگۈلنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، كىرپىكلىرى پىلدىرلاپ، يۈزىگە مۇلايىم تەبەسسۇم يۈگۈردى، ھېقىق-

نەك سۆزلۈك لەۋلىرى بەزىدە يىمىرىلىپ، بەزىدە يېيىلدى. ئۇ كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ، ئىللىق نەزەر بىلەن زايىتقا لەپپىدە قاراپ قويدى. زايىتمۇ ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىك بىلەن ئىنتىلىپ، مۆلدۈرلەپ قارىدى. بادامگۈلگە ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق مۆلدۈرلەپ قارىشىلا ياقاتتى. بۇ ئادەتتىكى مۆلدۈرلەش ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتكە، يېلىنىشكە ۋە سىرلىق تۇيغۇلارغا تولغان ئاجايىپ يېقىملىق، تەسىرلىك مۆلدۈرلەش ئىدى...

ئۇلارنىڭ قوللىرى قايتىدىن گىرەلەشتى، دەل شۇ چاغدا، يەنە ھېلىقى بىر توپ لەنىتى ئىتلارنىڭ نەدىندۇر ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. بادامگۈل يەنە قورقۇشقا، زايىت جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئىتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ، قاۋىشى كۈچەيگەندە، زايىت بادامگۈلنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ سورىدى:

— قورقۇۋاتامسىز؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ ۋە زايىتنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتتى، بارماقلىرىغا يىگىتنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئېنىق بىلىنگەندەك قىلدى، بىر خىل ئاجىز سۆيگۈ ھېسسى بارا - بارا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى، ئۇ ئاستا پىچىرلىدى، — زايىت، سىز مېنى قوغداڭ... سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا قورقۇش ھېس قىلمايمەن!...

— شۇنداق، بادامگۈل، بىز ھازىر ھېچ نەرسىدىن قورقمايمىز! سۆيگۈ — تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسى، دېگەن گەپ بار، بىز ھازىر مۇشۇ پەللىدە كېتىۋاتىمىز. مېنىڭچە، بۇ پەللىدە تۇرغان ئادەملەر ئۈچۈن، پەقەت بەخش ئېتىش، ھەممىنى ئۇنتۇش بۇرچىلا بولىدۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، شېكسپىرنىڭ جولېتتاسى مۇنداق دېگەنغۇ: «مېنىڭ مۇھەببىتىم دېڭىزدەك چەكسىز ۋە چوڭقۇر، سىزگە بەخش ئەتكىنىم قانچە كۆپ بولسا، ئۆزۈممۇ شۇنچە باي بولىمەن، چۈنكى بۇنىڭ ھەر ئىككىسى تۈگىمەس - پۈتمەستۇر!»

بۇ قېتىم ئىتلار جىگدىلىكتە يېقىنلا يەردە پەيدا بولدى، مەھەللە ئىتلىرى سىرتتىن كەلگەن يات بىر ئىتنى قوغلىغان بولسا كېرەك،

جىگدىلىكنىڭ يېنىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىغان، ھاۋشىغان، خىرىس قىلغان پېتى توپۇرلىشىپ ئۆتتى، شۇ چاغدا، بادامگۈل ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى زايىتنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، زايىت غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى، ئۇنىڭ تەشنا لەۋلىرى قىزنىڭ تىترەپ تۇرغان مەڭزىگە تەگكەندە، ئۇ بوگۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى...

ئۇلار ئۇزاققىچە قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى، يەنە قۇچاقلاشتى، يەنە سۆيۈشتى. ھېسسىيات بارا ـ بارا قىيامىغا يەتتى. يېشى، تېنى، خىيالى ۋە تەلپىي ۋايىغا يەتكەن بۇ بىر جۇپ يات جىنىس خۇددى بىر ـ بىرىگە تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلىپ، قوشۇلۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە قويىنىنى ئېچىپ تۇرغان ئىككى پارچە يېرىم شاردەك تەبىئىي ھالدا يېقىنلىشىپ كەتتى. زايىت ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇنىڭ قولى بادامگۈلنىڭ قوغۇشۇندەك ئېرىشكە باشلىغان تەسىرچان، ئىسسىق بەدىنىدە ئەركىن ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى...

— زايىت... ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭ ... ۋاقتى ئەمەس...، — بادامگۈل بۇ گەپلەرنى خۇددى باچكىنىڭ بوقۇلدىشىدەك مۇلايىم ئاۋازدا دېدى.

— بادامگۈل، جېنىم... سىز قاچان بولمىسۇن مېنىڭ... مېنىڭ! — زايىتنىڭ ئاۋازىمۇ بىھوشلۇق ھالەتتە چىقىۋاتقاندەك، تەسىرلىك، ھاياجانلىق ئىدى.

بادامگۈل تېپىرلاپ قالدى، ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشقا، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان شېرىن تۇيغۇلارنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى بىھوشلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ساقلىنىشقا شۇنچە ئۇرۇنىسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ تاپتا، ئۆز ئەركىدىن، ئىرادىسىدىن ئاستا ـ ئاستا مەھرۇم بولۇپ، ھېسسىياتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھېسسىيات ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان بۇنداق پەيتتە، ئەقىلمۇ، غۇرۇرمۇ ئاجىزلىشىپ، تومۇرلىرىدىكى شۇنچە ياۋاش، مۇلايىم قانلار بەئەينى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ماگمىدەك قىزىپ، قۇتراپ ھەممىنى كۆيدۈرۈشكە، ۋەيران قىلىشقا تەييار ئىدى...

ئاي يەنە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، جىگدىلىك تېخىمۇ خا-
لىي، تېخىمۇ تىمتاس بولۇپ قالدى. يېقىن ئەتراپتىكى بېدىلىكتىن
ئۈيقۇسىرىغان كەكلىكنىڭ ئاندا ـ ساندا تاماق قاققان ئاۋازى ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى...

زايىت بىلەن بادامگۈلنىڭ نەزىرىدە، شۇ تاپتا، دۇنيادا ئۆزلىرىدەك
بەختىيار ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار ھازىر گىرەلەشكەن، سۆيۈشكەن،
ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، بۇ مەۋجۇت دۇنيادىن ئايرىلىپ، خۇددى
يەڭگىل قاناتلىق قۇشلاردەك، كۆپكۆك ساماۋى ئاسماندا پەرۋاز قىلات-
تى. سۆيگۈ ھارارىتى بىلەن ئېرىشكە باشلىغان ۋۇجۇدلىرىنى پۈتۈنلەي
ئىلاھىي تۇيغۇلار ئىلكىگە تاپشۇرغانىدى...

## 7

كونىلارنىڭ: «خەت ـــ يېرىم دىدار» دېگىنى راست ئىكەن.
تۇرغۇننىڭ بۈگۈن كەلگەن خېتى ئاقنىيازنى بەئەينى ھېيت ـ بايرام
خۇشاللىقىغا چۆمدۈردى:

«ئاقنىياز، ساڭا ئاپىرىن ئېيتىمەن، دوستۇم! «شىنجاڭ گې-
زىتى» نىڭ يېقىنقى «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىگە چىققان
ئۈچ شېئىرىڭ ياخشى يېزىلىپتۇ، ھەقىقەتەن يەتكۈزۈپ يېزىپ-
سەن! شېئىرىڭنى مەنلا ئەمەس، ئوقۇغانلا ئادەم ماختاشتى، شۇ
باھانىدە مەنمۇ سېنى «دوستۇم، ساۋاقدىشىم» دەپ يەتكۈچە
ماختىنىۋالدىم. يېزىمىزدىكى نۇرغۇن ياشلار ئىككىنچى شېئىر-
ىڭنى مۇنۇ كۇپلېتىنى يادلىۋاپتۇ:

«سەھەردە كۈن بولۇپ سىڭسەم كۆزۈڭگە،
نۇرىدىن گۈل بولۇپ ئۈنسەم يۈزۈڭگە.
قاچىسەن نېمىشقا مەندىن يىراقلاپ،
رەنجىمنى سەپەرداش قىلىپ ئۆزۈڭگە!»

شېئىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىياتلىق يېزىلغان، ئاداش! مې-
نىڭچە، ھازىر بىزدە كۆپلىگەن شائىرلارغا تەگكەن بىر كې-
سەل : ئۇلار ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرۈش ئورنىغا، كۆپرەك ئۆز
كەچۈرمىشلىرىگە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇقۇملارغا مەھلىيا
بولۇپ كېتىدۇ. ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم سەلىم ئەپەندى شېئىرد-
يەت ئۈستىدە ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ : «بىر پارچە شېئىردا
كوممۇنىزم سۆزىنى ئەڭ يارقىن سۈپەتلەر بىلەن بىرنەچچە قې-
تىم تەكرارلاشقا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كوممۇنىزم يو-
لى يېقىنلاپ قالمايدۇ! » دېگەنىدى. ئويلاپ قارىسام، ئۇ ناھايد-
تىمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. ھەرقانداق ئېسىل شوئارۋازلىق، بايان-
چىلىق ھەرگىزمۇ ئاددىي ۋە سەمىمىي ھېس - ھاياجانىنىڭ
ئورنىنى باسالمايدىكەن! ھېسسىياتتا ھەقىقەتەنمۇ زور كۈچ ۋە
ئىلھام بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۈچى ئادەمنى ئالغا يېتەكلىسە، ئىل-
ھامى ئادەمنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىكەن! سەن بۇ ئۈچ شې-
ئىرغا ھەقىقىي ئىجادىيەتچىگە خاس يۈرەك قېنىڭنى سەرپ
قىپسەن! ئەمما، ئاداش، ئۈچىنچى شېئىرىڭنى ئوقۇپ، بىر ئاز
ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ بادامگۈلگە قارىتىلغاندەك قىلامدۇ،
قانداق؟ ئەلۋەتتە، شەۋكەت، بادامگۈل ۋە زايىتلارنىڭ ئىشىدىن
خەۋەرسىز ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئويلىمايدۇ، بەلكى شېئى-
رىڭنى دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە ۋاپا توغرىسىدىكى ئەخلاقىي،
پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىكەن، دەپ قارايدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن
بادامگۈلنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك قىلدىم. ئەگەر سەن
راستتىنلا شۇنداق ھېسسىياتتا يازغان بولساڭ، ئۇ چاغدا، بادام-
گۈلگە بەرگەن باھايىڭ تازا ئاقىلانە بولماي قالىدۇ. مېنىڭچە،
ئۇنى شەۋكەتكە ۋاپاسىزلىق قىلدى، دېگەندىن كۆرە، مۇھەب-
بەتتە ئىرادىسىزلىك قىلدى، دېگەن تۈزۈك! بىر تەرەپتە ياخشى
كۆرگەن ئادىمىنىڭ تۇتقۇنلۇق ھالىتى؛ يەنە بىر تەرەپتە، تەش-

كىلىنىڭ قاتتىق سىياسىي بېسىمى؛ يەنە بىر تەرەپتە، مۇھەببەت ئوغرىسىنىڭ قارماق يېمى! ئۈچ تەرەپتىن تەڭلا قاپساپ كەلگەن بۇنداق روھىي بېسىمغا ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك، غەمسىز، رىيازەتسىز چوڭ بولغان نازۇك بىر قىزنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشى تەس! ئومۇمەن، قىزلار ئوغۇللارغا قارىغاندا، باغرى يۇمشاق، ھېسسىياتچان، تەسەۋۋۇرغا باي كېلىدۇ، ھاۋاز يېتەكچى بىلەن زايىت قىزلار پسىخىكىسىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن پايدىلانماي قالارمۇ ؟! دوستۇم، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قەلەم ـ سىياھلار بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن مەزمۇنلار بولىدۇ. ئۇلار شۇ كىشىنىڭ ھېسسىياتى، ۋەھىمىسى، ئېتىقادى، ئاجىزلىقى ۋە گۇمانى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق سىرى ھەم يوشۇرۇن ئېڭى بولىدۇ. بۇنى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاش ھەقىقەتەنمۇ تەس، ئەگەر ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغاندا، ئادەمدە چوقۇم بىر خىل ئىچكى جاسارەت پەيدا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بادامگۈلدەك غۇرۇرلۇق، ئىچى كۆچلۈك قىزلاردىن بۇنى كۈتۈش بەئەينى سەدەپ قۇلۇلىسى ئىچىدىن گۆھەر ئالماقچى بولغاندەكلا قىيىن ۋە مۈشكۈل! بۇنداق ئادەملەر ھەممىنى ئىچىگە سېلىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئاخىر تۇيۇقسىز پارتىلىغان يانار تاغدەك، ھەممىنى بىراقلا ئاشكارىلايدۇ!...

دوستۇم، تۇرمۇشتىكى يېتىشسىزلىكلەر بەزى ھالدا تۇرمۇشقا نىسبەتەن بىر خىل گۈزەل ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر خاتىرە ئاتا قىلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچى شېئىرىڭ مەندە ئاشۇنداق تەسىرات قالدۇردى! بولدى، شېئىرلىرىڭ توغرىسىدىكى ماختاشنى شۇنچىلىك يازاي! مارك تۋېن: «بىر ئېغىز چىرايلىق ماختاش بىلەن ئىككى ئاي ياشىۋالىشىم مۇمكىن» دەپتىكەن. مەن سېنى بىر ئېغىز ئەمەس، بىر نەچچە ئون ئېغىز ماختىۋەتتىم!

ئەمدى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، غەرەزلىك ئۇچۇرۇش بولۇپ قالمىسۇن يەنە! مەن ھەمىشە ئاللادىن : تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان تۆھمەتخور ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغىن، دەپ تىلەيمەن! بۇنداق ئادەملەر خۇددى ئاچچىق، تەلۋە شىۋىرغاندەك، ئىنسان قەلبىنى مۇزلىتىدۇ، نابۇت قىلىدۇ!...

خوش، ئەمدى يېڭى گەپكە كېلەيلى. ھاۋاز يېتەكچى بارمۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ (بۇنداق تۇيۇقسىز سوئالىمدىن ھەيران بولما، يېقىندا ئۇ ئادەم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، خۇددى قارا باسقاندەك...) ئېھتىمال، يەنە شۇ سەلىم ئەپەندى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەندۇ؟ قىزىق ئادەم ـ ھە! ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىيدۇ! ئەگەر ئۇنىڭ مۇناسىۋەتشۇناسلىقتىكى ئاشۇ يۈكسەك ئىقتىدارى بىرەر پايدىلىق ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنغان بولسىدى، ئۇ جەزمەن ئەتراپىدىكى زامانداشلىرىدىن خېلىلا ئۆزۈپ كەتكەن بولاتتى! لېكىن، ئۇلۇغ ئەدىب شېكسپىر «يېشىل كۆز ئالۋاستى» دەپ ئاتىغان ھەسەت ئوتى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى كاردىن چىقاردى. ھەسەت دېگەنگۇ ھەممە ئادەمدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولىدىكەن، لېكىن شۇنداقتىمۇ، ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىشى كېرەك ـ دە! دۇنيادا ئۆزىنى بىلگەن ئادەمدىن ئارتۇق ئەقىللىق مەخلۇق بولمىسا كېرەك! بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى، دانىشمەن سوقرات ئەۋلادلارغا «ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش» توغرىسىدا نەسىھەت قىپتىكەن. ۋەھالەنكى، پەن ـ تېخنىكا ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان، ئالەم كېمىسى باشقا ئاسمان جىسىملىرىدىكى مەدەنىيەتنى تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشى تېخىچە بالىلار باغچىسىدىكى گۆدەكلىك ھالىتىدە تۇرماقتا! سوقرات ئېيتقان ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ـــ ئەسلىدە، بىزنىڭ قەلبىمىزنى

تېخىمۇ پاراسەتلىك، ھاياتىمىزنى تېخىمۇ قىممەتلىك قىلاتتى.
شۇڭا، ئۆز - ئۆزىنى بىلىشنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور دانىشمەن-
لىك، دەيدىكەن! مەن يېقىندا، بالزاكنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە
قىلىنغان بىر كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇنداق بىر سۆزنى
خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم، سەنمۇ ئاڭلاپ باققىن: «تەڭرى
بىزنى ياراتقاندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنى يەنە قايتىدىن يارى-
تىپ، تەڭرىگە قارشى ئىش قىلىمىز!» ئويلاپ قارىسام، بۇ ناھا-
يىتىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ئىكەن. ئەسلىدە، تەڭرى بىزنى
ناھايىتى پاك ياراتقان، لېكىن بىز ئالا كۆڭۈللۈك، ساختىلىق،
ھەسەتخورلۇق، سۇخەنچىلىك قاتارلىق رەزىل ئىشلارنى قىلىپ،
ئۆزىمىزنى بۇلغايمىز. شۇنداق يۇمشاق كىچىك تىلىمىزنى بول-
مىغۇر غەيۋەت - شىكايەتلەرنى، نى - نى يامان گەپلەرنى قى-
لىشقا كۆندۈرىمىز؛ شۇنداق نازۇك، ساپ نېرۋىلىرىمىزنى كې-
چىسى دەم ئالدۇرماي، يامان ئىشلارنى ئويلاشقا، شۇم خىياللار-
نى سۈرۈشكە ئۆگىتىمىز... شۇنداق قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئىرادى-
سىگە، ھۆكمىگە قارشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەڭرىگە
قارشى چىقىمىز! مەن ھاۋاز بەختىنىڭ ئوبرازىدىن، ۋۇجۇدىدىن
بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆزىنى قايتىدىن ياراتقان،
ياراتقاندىمۇ، خېلى بېجىرىم ياراتقان ئادەم ئىكەن!... يېقىندا
مەھەللىمىزدىكى قېرى بىر دېھقان ئېرىق بويىدىكى قۇمۇلاڭدا
ئولتۇرۇپ، مۇنداق بىر كۈلكىلىك تەمسىلنى ئېيتىپ بەردى:
بىر دۆلەتمەن باي بار ئىكەن، ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي،
ياش بىر چوكاننى توقاللىققا ئاپتۇ. ھەر كۈنى بىر خوتۇنىنىڭ
يېنىغا كىرىدىكەن ۋە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يا-
تىدىكەن. بىر كۈنى چوڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان
ساقىلىغا قاراپ، بىر خىيالغا كەپتۇ: «ئەگەر بۇنىڭ ساقىلىدىكى
ھەممە قارا ساقاللارنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئاق ساقاللىرىنىلا قويسام،
كىچىك خوتۇن ئۇنى قېرىكەن، دەپ چانىدۇ، ئېرىم پۈتۈنلەي
ماڭا قالىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ، باينىڭ ساقىلىدىكى قارا سا-

قاللارنى بىر ـ بىرلەپ يۇلۇپتۇ. لېكىن ئۇ كۆنى تۆگىتەلمەپتۇ.
باي ئەتىسى، كىچىك خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قۇچىـ
قىغا باش قويۇپ ئۇخلاپتۇ. كىچىك خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ ساقىلىغا
قاراپ بىر خىيالغا كەپتۇ: «ئەگەر بۇنىڭ ساقىلىدىكى ئاقلارنى
پۆتۆنلەي يۇلۇپ تاشلاپ، قارىسىنىلا قويسام، ئۇ چوقۇم ئۆزىـ
نىڭ ياشلىقىنى ئويلاپ، چوڭ كۆشەندەمدىن چېنىپ، پۆتۆنلەي
ماڭا قىلىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئېرىنىڭ ساقىلىدىكى ئاقلارنى
يۇلۇشقا باشلاپتۇ... شۇنداق قىلىپ، چوڭ خوتۇن قارا ساقالنى
يۇلۇپتۇ، كىچىك خوتۇن ئاق ساقالنى يۇلۇپتۇ، يۇلا ـ يۇلا
ئاخىر بېرىپ ئېرىنى سىپسىدام كوسا قىلىپ قويۇپتۇ...
قارىغىنە ئاقنىياز، بۇ نېمىدېگەن ئىبرەتلىك تەمسىل ـ ھە!؟
بۇ تەمسىلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن ھەمىشە بىزنىڭ ئىشلىـ
رىمىزنىڭمۇ ئاشۇنداق ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئىچى قاـ
رىلىق بىلەن ھېلىقى كوسا بولۇپ قالغان باينىڭ ساقىلىدەك،
زىيانغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. لېـ
كىن مەن ئويلايمەن، تارىختا، تۇرمۇشتا رەزىللىككە، ھەسەتـ
خورلۇققا تايىنىپلا ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بولـ
مىسا كېرەك!...
ئاقنىياز، دوستۇم، خەتنى يەنە كۆپ يېزىۋەتتىم، بىزار بولـ
مىغىن، راستىمنى ئېيتسام، بۇ يەردە ئويلىغانلىرىمنى ئورتاقلاشـ
قۇدەك ئادەم يوق. كاللا دېسەم، پاقالچاق دەيدىغانلار كۆپ.
شۇڭا خەت ئارقىلىق بولسىمۇ سەن بىلەن سىرداشقۇم،
مۇڭداشقۇم كېلىدۇ! سەلەي قاشاڭنىڭ يېڭى چاقچاق، لەتىپىدـ
لىرى بولسا، يېزىپ ئەۋەتكىن، بەكمۇ ئاڭلىغۇم كەلدى. خېـ
تىڭنى كۆتىمەن، مەكتەپتىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا كۆپرەك
يازغىن. سېنى، شەۋكەتنى سېغىنىپ قالغۇچى كەمىنە دوسـ
تۇڭ:

تۇرغۇن
1962ـيىل 29ـئىيۇن، بۆرەك مەھەللىسى.»

# 8

زايىت بۇ قېتىمقى «دۇنيا ئەدەبىياتى » ئىمتىھانىدا يىقىلغىلى تاس قالدى. ئىمتىھان چەك ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئېغىزچە ئېلىنغاچقا، ھەقىقەتەنمۇ تەس ھەم مۇشكۈل ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن نۇتۇق قابىلىيىتىنى سىنايدىغان سۇرلۇك سورۇن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇزۇن كەتكەن كارىدورنىڭ يېرىمى غۇژمەك - غۇژمەك بولۇۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىقانداق نام، ئىسىم ۋە يىللارنى ئۇنلۇك، ئالدىراش تەكرارلىشىدىن بەئەينى يىپ بازىرىغا ئوخشاش غاڭ - غۇڭ بولۇپ كەتكەنىدى، جىددىيلىكتىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قىزلار-نىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. كىمدۇر بىرسى، بۇنداق تەكرارلاشتىن بېشى ئاغرىپ زارلاشقا باشلىدى:

— قۇرۇپ كەتسۇن شۇ «دۇنيا ئەدەبىيات » لىرى! ئوقۇيمەن، ئوقۇيمەن، نەدىكى خۇدا ئۇرغان ناملار، يىللار، ئەسەرلەر... ھېچبىرى ئېسىمدە قالمايدۇ، بۇنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟!...

— نېمە بولدىڭىز ئايزىم ئوماق؟ — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى زايىت، — چېچىلىپ قاپسىزغۇ، قورقماڭ، بۇنداق ئىمتىھانلار ئادەمنىڭ ھەقىقىي بىلىمىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت تەلەي سى-ناش بېلىتىگە ئوخشاشلا بىر ئىش! كىم بىلىدۇ، تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ، ئاسان چەكتىن بىرسى چىقىپ قالامدۇ، تېخى!

— خۇدايىم دېگىنىڭىز كېلەر، زايىت، — دېدى ھېلىقى قىز خۇداغا تىۋىنغاندەك قىياپەتتە، — تەلىيىم كېلىپ ئاسانراق سوئاللار چىققاي ئىلاھىم...

ئۇ ئىسمىنىڭ دەرھال چاقىرىلىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، سىنىپ-نىڭ يېنىدىن نېرىراققا كەتتى ۋە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار يوچۇق

ماراپ توپلىشۋاتقان ئىشىككە ئەنسىزلىك بىلەن پات ـ پات قاراپ قويىدى…

ئىمتىھان نەتىجىسىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك بىلەن ياخشى ـ يامانلىقنىڭ ئۆز تەقدىرى، ئىستىقبالى ۋە شان ـ شۆھرىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىق ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئوقۇغۇچىلاردەك ئۇنداق چوڭقۇر ھەم بىۋاسىتە ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مانا شۇ نەتىجىسى بىلەن يىلدىن ـ يىلغا، ئايدىن ـ ئايغا، كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەل كېلەچەككە قاراپ، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھايات تۇپرىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمتىھاندىن ھەم قورقىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا قارشى جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىدۇ!

ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى زايىتنى توۋلىدى:

ـــ زايىت، تېز كىر، نۆۋىتىڭ كەپتۇ!

بايا قىزلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى خېلى تەمكىن تۇتقان زايىت ئەمدى ئىسمى چاقىرىلىش بىلەن تەڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ، پۇت ـ قوللىرى بوشاشقاندەك بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇشقا، روھىدىكى زەئىپلىكنى سىرتىغا چىقارماسلىققا خېلى ئۇستا ئىدى. شۇڭا ئۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، سىنىپنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئاچتى. كىرىپلا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن قېتىپ ئولتۇرغان ئۈچ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بولدى. ئۇلار دېرىزە بىلەن دوسكىنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇلۇڭغا كۆندىلەڭ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئىمتىھان ئېگىسى بولغان سەلىم ئەپەندى ئوتتۇرىدا، كۆزەتكۈچى بولۇپ كىرگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر شېرىپ بىلەن «لوگىكا» مۇئەللىمى شەمشىدىن ئىككى تەرەپتە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى سېرىق سىرلانغان ئۈستەلدە ئىمتىھان سوئاللىرى يېزىلغان چەكلەر تەكشى يېيىقلىق

تۇراتتى. بۇ چەكلەر دۇم قويۇلغان بولۇپ، ھەممىسى بىر خىل رەڭ بىلەن بىر خىل چوڭلۇقتىكى ئۆلچەملىك قەغەزلەر ئىدى.
— كىلىڭ زايىت، قېنى چەكتىن بىرنى ئېلىڭ! — دېدى سەلىم ئەپەندى ئۇستەلنى ئىشارە قىلىپ.
زايىت قەدەملىرىنى يوغان ئېلىپ، چىڭ — چىڭ دەسسەپ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولىنى سوزۇپلا ئۇدۇل كەلگەن چەكتىن بىرنى ئالدى. ئۇ ئورۇندۇق تەرەپكە كېتىۋېتىپ، چەكتىكى سوئاللارغا قاردى، قاردى ـ يۇ، رەڭگى ئۆچۈپ، بېشى پىرقىراپ كەتتى. چۈنكى، چەككە يېزىلغان تۆت سوئالنىڭ بىرسىنى چالا ـ بۇلا بىلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ناتونۇش نەرسە ئىدى، ئۇ ئامالسىز چەكنى ئالماشتۇرۇش خىيالىغا كەلدى، ئەگەر ئالماشتۇرمىسا، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى نۆلگە تاپشۇرۇپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئورنىغىمۇ بارماي، چەكنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئارقىغا ياندى.
— چەك ئالماشتۇرامسىز؟ — سورىدى سەلىم ئەپەندى ئۇنىڭ دومسىيىپ تۇرۇشىغا قاراپ، — بولىدۇ، ئالماشتۇرۇڭ، لېكىن بىر نومۇرنى نابۇت قىلىسىز ـ دە! بۇ قائىدىنى بىلەرسىز؟
زايىت ئەلۋەتتە بىلەتتى، چەك ئالماشتۇرۇلسا، شۇ ھامان بىر نومۇر قىرىلاتتى. ئۇ ئىككىنچى چەكنى ئالدى ۋە چەتتىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ قېتىمقى چەكمۇ يەنە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئۇ شۇنچە ئويلاپ، ئاران ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ چەكتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى بىرەر سىردىن مەدەت كۈتكەندەك، ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا، ئاندىن ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. شۇنچە چوڭ سىنىپتا تۆت ئوقۇغۇچى تۆت بۇرجەكتە ئولتۇراتتى. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىلىمۇ، بىرەر نەرسىنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن سوراپ بىلگىلىمۇ بولمايتتى. زايىت ئۆزى بىلەن بىللە ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇرغان تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسىنىڭ ئاقنىياز ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا كۆردى. ئۇ دېرىزە تەـ

رەپتىكى بۇلۇڭدا قولىدىكى چەككە قاراپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ئول-تۇراتتى. زايىت ئۇنىڭدىن دەرھال كۆزىنى قاچۇرۇپ، قولىدىكى چەككە قارىۋالدى.

— ۋاقىت توشۇپ قالدى، قېنى قايسىڭلار چىقىسىلەر! — دېدى سەلىم ئەپەندى سائەتكە قاراپ قويۇپ.

ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ چەكنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، چارەك سائەت ئويلىنىش ۋاقتى بولاتتى، دەسلەپ چەك ئالغانلارنىڭ ۋاقتى توشقانىدى. سىنىپ ئىچىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى، بۇ جىم-جىتلىق بەكمۇ تىنىچ ۋە سۈرلۈك ئىدى.

— مەن چىقاي! — دېگەن كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن بايىقى سۈر-لۈك جىمجىتلىقمۇ بۇزۇلدى، بۇ ئاقنىياز ئىدى.

— بولىدۇ، كېلىڭ!— سەلىم ئەپەندى ئۇنى ئالدىغا چىقىشقا ئىشا-رەت قىلدى. ئاقنىياز ئالدىغا چىقىپ، قولىدىكى چەكنى سەلىم ئەپەن-دىگە بەردى ۋە ئۆزى ئۈچ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا سوئالنىڭ سورىلى-شىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇردى.

— ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭ: بىرىنچى سوئال، — دېدى سەلىم ئەپەندى ئاقنىياز بايا بەرگەن چەككە قاراپ تۇرۇپ، — «ياۋروپا رو-مانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللى-رى كىملەر؟»

ئاقنىياز بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ، كۆزىنى دېرىزىگە تىككەن ھالدا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كلاسسىزمنىڭ بارلىق نىزام ـ ئۆلچەملىرىنى ئىنكار قىلىپ، رېئاللىققا ئەھمىيەت بەردى، كۆرەشكە ئىنتىلدى، ئۇ باي تەسەۋۋۇرغا، چوڭقۇر ھېسسىياتقا، ئاممىباب تىلغا ۋە ئەركىن ئۇسلۇبقا ئىگە... ياۋروپا رو-مانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى: گېرمانىيىلىك خولدېر-لىن، گېنرىخ گېنى؛ ئەنگلىيىلىك بايرۇن، شىللى؛ فرانسىيىلىك ستال خانىم؛ روسىيىلىك پۇشكىنلاردىن ئىبارەت.

ــ ياخشى، ــ دېدى سەلىم ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن، ــ ئەمدى ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىڭ: «جەھەننەم خاتىرىسى» بىلەن «كىچىك ناپولېئون» كىمنىڭ ئەسىرى، قاچان يېزىلغان؟

ــ «جەھەننەم خاتىرىسى» روسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى دوستويېۋسكىنىڭ رومانى، 1862-يىلى يېزىلغان؛ «كىچىك ناپولېئون» فرانسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى ئاتاقلىق رومانتىزم يازغۇچىسى ۋىكتور گيۇگونىڭ ئەسىرى، 1852-يىلى يېزىلغان!

ئاقنىياز سوئاللارغا دۇدۇقلىماي، ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب بېرەتتى، ئۆزىمۇ تەمكىن ھەم بەھۇزۇر ئىدى. ئۇ كېيىنكى «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران ئەدەبىياتى» غا تەئەللۇق ئۈچىنچى سوئالغىمۇ، ھىندىستان يازغۇچىسى تاگورنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىگە تەئەللۇق تۆتىنچى سوئالغىمۇ خۇددى ئۇستا ناتىقلاردەك راۋان ھەم جاراڭلىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى. ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆگىنىشكە، بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىدىن، ئىشتىياقىدىن ۋە شۇ يولدا قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە نەتىجىسىدىن خۇشاللانماي، پەخىرلەنمەي قالمايدۇ، ئاقنىيازنىڭ بۈگۈنكى تۆت سوئالغا بەرگەن جانلىق، ئەركىن جاۋابى، تېز ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇرى يالغۇز سەلىم ئەپەندىنىلا ئەمەس، بەلكى كۆزەتكۈچىلەرنىمۇ قايىل قىلدى، خۇشال قىلدى. ئاقنىياز ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ھامان ئۇنى قويۇپ بەرمەي، ئۇنىڭدىن ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشمىگۈچە تىنىم تاپمايتتى. بىرىنچى يىللىق ۋاقتىدىكى خەنزۇ تىل ــ يېزىقىنى ئۆگىنىشتىمۇ، ئۇ ئەنە شۇنداق روھ بىلەن سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانىدى...

ئاقنىياز سىنىپتىن خۇددى چېلىشتا يەڭگەن پالۋاندەك، خۇشال ھەم مەردانە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئوقۇغۇچى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى. زايىت تېخىچە بېشىنى قاشلاپ، بىردەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە قارىغىنىچە تىت - تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. سوئالنىڭ ئىككىسىگە يېرىم - يارتا جاۋاب تاپقاندەك بولدى،

يەنە ئىككىسى ھەرقانچە ئويلىسىمۇ خىيالىغا كەلمەيۋاتاتتى، ھەتتا مۇئەللىمنىڭ شۇنداق بىر دەرسنى ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى...

دەرس تەكرارلاشتا، زايىتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى بار ئىدى، ئىمتىھان يېقىن قالغاندا، ئۇ ئىككى كېچىلىك تاماكا، ئاز - تولا ئۇخلاتمايدىغان دورا غەملىۋېلىپ دەرس تەييارلايتتى. بۇنداق ئۇسۇلنىڭ پايدىسىنى ئۇ خېلى كۆپ كۆرگەنىدى. لېكىن، بۈگۈن شۇ ئۇسۇلدا قىلغان تەييارلىقلىرىمۇ ئەسقاتمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كونسپېكت ئوقۇيمەن، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن، دەپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، كۆزىنى دەپتەردىن ئۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ئاللىقانداق يەرلەردە پالاس قېقىپ يۈرگەنىدى...

زايىت ھەرقانچە ئارقىغا تارتسىمۇ بولمىدى، باشقىلار سۆزلەپ تۈگەتتى، ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىغا چىقتى، قولىدىكى چەكنى سەلىم ئەپەندىگە خۇددى يىرگىنچلىك بىر نەرسىنى بېرىۋاتقاندەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۇزاتتى. سەلىم ئەپەندى چەككە قاراپ تۇرۇپ بىرىنچى سوئالنى سورىدى:

— «پارىژ كوممۇنىسى ئەدەبىياتى» قانداق پەيدا بولغان؟

— ئۇ... پارىژ ئەدەبىياتى... ياق، كوممۇنىسى ئەدەبىياتى...، — زايىت قورقۇشقا، قورققانسېرى دۇدۇقلاشقا باشلىدى، — شۇنداق پەيدا بولغانكى، فرانسىيە پرولېتارىياتىنىڭ دۇنيادا... دۇنيادىكى تۇنجى ھاكىمىيىتىنى يارىتىش... ياق، تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا پەيدا بولغان... ئۇ يېڭى ئىدىيە، جەڭگىۋار كەيپىيات بىلەن تولغان ئەدەبىيات...

خۇداغا شۈكرى، زايىت دۇدۇقلىسىمۇ، تەمتىرىسىمۇ، ھەرھالدا بۇ سوئالغا جاۋاب بەردى.

— ھودۇقماڭ، ئالدىرىماڭ، — دېدى سەلىم ئەپەندى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، — ئەمدى ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىڭ: «گىلگا-

مش » ئېپوسى قايسى زامان ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ؟
زايىت. كۆزىنى چىمىلدىتىپ، لېۋىنى يالاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاغزىدىكى تۇكۇرۇكىنى ھەربىر يۇتقاندا، بوغىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن غىرتىلداپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئاسان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىدىن، كۆزەتكۇچىلەرنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ كەتتى. بۇنىڭ جاۋابى سوئالدىنمۇ قىسقا ئىدى، ناھايىتى «قەدىمكى زامان بابىل ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ» دېيىسلا ئىش پۈتەتتى، ھە!... زايىت، كالىلاڭ قوشۇقلۇققا چىقىپ قالغانمۇ سىنىڭ!؟...
ئۈچىنچى سوئال سورالدى:
— چېچكوۋ قانداق تىپ؟ كىمنىڭ، قايسى ئەسىرىدىكى پېرسو-ناژ؟
ھەرھالدا، بۇ سوئالغا «گوگول»، «ئۆلۈكجانلار» دېگەندەك يېرىم - يارتا جاۋابلار بېرىلدى، ئەمدى تۆتىنچى سوئالغا كەلگەندە، زايىتنىڭ يەنە ئاغزى يەملىنىپ قالدى.
— بالزاكنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟ «جىمجىت جىلغىدىكى گۈلسامساق» قايسى باسقۇچقا تەئەللۇق ئەسەر؟
ئەگەر، ئۇ ئازراقلا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلغان بولسا، بۇ سو-ئالغا جاۋاب بېرىش ئويۇن - چاقچاقنىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. لې-كىن ئۇ يەنە گۆشىيىپ، دومسىيىپ تۇرىۋەردى.
— بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلالماپسىز - ھە؟ — دېدى سەلىم ئەپەندى ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن، — ئەمدى سىزگە قانچە نومۇر قويساق بولار!
— تەييارلىقنىغۇ قىلاتتىم، مۇئەللىم، لېكىن باش ياچېيكىنىڭ ئىش-لىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ...
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سەلىم ئەپەندى غۇژژىدە ئاچچىقى كې-لىپ، — سىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى-ڭىزغا قارشى ئەمەسمەن! لېكىن، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئوقۇ-

غۇچى دېگەننىڭ بىردىنبىر، مۇقەددەس ۋەزىپىسى — ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش، دەرس ئاڭلاش! سىلەر ئۇچۇن ئۆگىنىشلا دائىملىق، ئىنچىكە، ھەقىقىي ئەمگەك بولىدۇ! لېكىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىسىز، زايىت ! دەرۋەقە، ئاجىزلىق دېگەن ھەممە ئادەمدە بولىدۇ، بەلكى سىز چوقۇنىدىغان ئادەملەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. لېكىن، رېئاللىققا توغرا قارىيالمايدىغان ئادەم — ھامان ئاجىز، ئىقتىدارسىز كېلىدۇ. ئادەم ئۆزىدىكى نۇقسانىنى يوشۇرۇپ يۈكسەك پەزىلەت ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس!...

زايىت كۆرۈنۈشتە بۇ گەپلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغاندەك بىچارە قىياپەتتە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كۈچلۈك بىر ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداۋاتاتتى : «سەن تېخى ماڭا نەسىھەت قىلىپ كېتىۋاتامسەن، سەلىم ئەپەندى! ئۆزۈڭگە پەخەس بول، پەيمانىڭ توشتى سېنىڭ! بەلكىم بۇ بىزنى ئاخىرقى قېتىم قىيناپ ئىمتىھان ئېلىشىڭ بولۇپ قالار! سېنىڭ دەرسىڭدىن ئۆتەلمىگەنگە يامان ئوقۇغۇچى بولۇپ قالمايمەن! ئىدىيىدە ئىلغار، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك بولسام، پارلاق ئىستىقبال مېنىڭكى!... »

زايىت كارىدورغا چىقىپلا، ئۇ يەر - بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىغا ئۆزىچە قايناپ سۆزلەپ كەتتى :

— بۇ سەلىم ئەپەندى دېگەننىڭ كاللىسى ئاللىقانداق «ئىسكى - ۋىسكى » دېگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئادەم ئىكەن! ئۇنىڭ دىلى، تىلى پۈتۈنلەي ئەجنەبىي قېلىپىدا سۇغىرىلىپتىكەن. ھە دېسىلا يۇناندىن، ئوتتۇرا ئەسىردىن، قەدىمكى بابىلدىن سۆز ئاچىدۇ، بىزگە بۇنداق چەت ئەلنىڭ قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدىن تېرىۋالغان پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى بىلىم قىلىپ بېرىپ، نېمە قىلماقچى؟ ئۇ كىمگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ ؟!...

ئۇنىڭ يېنىدىكى توپتا بىر نەچچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئاقنىياز بۇ چۈرۈمە - چۆچەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى.

ئۆتكەنكى تالاشتىن كېيىن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن نىزا پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن گەپلەشمەي ماي تارتىشىپ يۈرەتتى. ئاقنىياز شۇ تاپتا، ئۇ ئاداۋەتلەرنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاچچىق ئاربلاش دوق قىلدى:

— نېمە دەۋاتىسەن، زايىت!؟ ئۆزۈڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي، ئەمدى مۇئەللىم بىلەن ئىلىمنى قاربلاۋاتامسەن؟! بىلىپ قوي، دۇنيادا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن ئاۋازسىز كىنودىن تارتىپ هازىرقى ئەڭ يۇقىرى ئېلېكترونلۇق مېڭىگىچە بولغان كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ «ئېسكى ـ ۋېسكى» لار ئىجاد قىلغان، ئەمدى شۇنى سۆزلىمەي، سېنى سۆزلەمدۇ؟! دۇنيادا «تراگېدىيە ئاتىسى»، «كومېدىيە ئاتىسى» دەپ نام ئالغان ئارستوفىن بىلەن ئېسكولۇسلارمۇ قەدىمكى يۇنانلىق ئەمەسمۇ؟!

— توغرا، توغرا دېدىڭىز، ئاقنىياز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى بىر ئوقۇغۇچى دەرهاللا، — ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئاشۇ «ئېسكى ـ ۋېسكى» لارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىۋاتامدۇ!

زايىت خۇددى سوقۇشقاق خورازدەك ئاقنىيازغا ھۆرپەيدى:

— مەن سەلىم ئەپەندىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسام، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟! ئۇنداق «ئېسكى ـ ۋېسكى» لارنى بىلمەيمۇ، سىنىپىي كۆرەش قىلغىلى، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمامدىكەن!؟

— بولىدۇ، نېمىشقا بولمايدۇ! — دېدى ئاقنىياز كىنايىلىك كۈلۈپ، — يېزىدىكى ساۋاتسىز دېھقانلارمۇ، زاۋۇت ـ كانلاردىكى قارا قورساق ئىشچىلارمۇ سىنىپىي كۆرەش قىلىپ، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدىغۇ! ئۇنداق بولسا، سەن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا نېمە دەپ كەلدىڭ؟! شۇلار بىلەن بىللە بىر تەرەپتىن كەتمەن چېپىپ، كۆمۈر قېزىپ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ ـ كۇشادە سىنىپىي كۆرەش قىلىپ يۈرسەڭ بولمامتى!؟...

ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، بۇ كۈلكىدە ئاقنىيازنى

قوللاش، زايىتنى مەسخىرە قىلىشتەك ئاچچىق بىر تۈيغۇ يوشۇرۇنغا-نىدى.

— سەن!... سەن...، — دېدى زايىت جىلە بولغىنىدىن دۇ-دۇقلاپ، — سەن زادى نېمە دېمەكچى؟!

— ھە، مەن! — دېدى ئاقنىياز يەنە شۇ تەمكىنلىكى بىلەن، — مەن نېمە دەيتتىم، باشقىلارنىڭ سايىسىدە قولغا كەلتۈرگەن شان - شەرەپ ساختا بولىدۇ، پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن شان - شەرەپلا ھەقىقىي بولىدۇ، دېمەكچىمەن، بىلدىڭمۇ!؟

زايىت كۆپۈپ، بوغۇلۇپ، ئاقنىياز بىلەن ئېلىشماقچى بولغاندەك ئەلپازدا دىكىنىپ تۇرۇۋىدى، يېنىدىكى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى، ئۇ كېتىۋېتىپ چالۋاقىدى:

— بىلىپ قوي ئاقنىياز! ھەقىقىي شان - شەرەپنىڭ كىمگە مەن-سۇپ بولىدىغانلىقىنى تېخى كۆرىمىز!

— توغرا زايىت، تېخى كۆرىمىز! — دېدى ئاقنىيازمۇ سالماق ئاۋازدا.

ئىمتىھان داۋام قىلماقتا، ياخشى بەرگەنلەر كۈلۈپ، ھىجىيىپ؛ نا-چار بەرگەنلەر قايغۇرۇپ، سالپىيىپ سىنىپتىن ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. كۈلۈپ - ھىجايغانلار ھامان كۆپ سانلىق ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى ئىمتىھان ۋەھىمىسى بىلەن سۈرلۈك بولۇپ كەتكەن كارىدورنى قىزغىن ۋە جانلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى...

## 9

قىزىل بىنانىڭ ئالىيشىل چىراغلىرى چاراقلاپ يېنىپ، ئوچۇق دېرىزىلەردىن شوخ مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈن بۇ زالدا كاتتا تانسا ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ئاقنىياز بىلەن سەلەي قىزىل بىنا تەرەپكە كېلىۋېتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە توختاپ قېلىشتى.

— ھەي ئاقنىياز، تانسىغا مۇشۇنداقلا كىرسەك بولماس، — دېدى سەلەي، — ئازراقتىن قىلىن دورىسى ئىچىۋالمايمىزمۇ!

— ئىچسەكقۇ بولاتتى، — دېدى ئاقنىياز لەۋلىرىنى يالاپ، — لې-كىن پۇل قېنى، مەندە بىرنەچچە موچەنلا بار، سەندە بارمۇ؟

— توختا، قاراپ باقاي، كولاشتۇرسام مەندىنمۇ بىر نەچچە موچەن چىقىپ قالار، — دېدى سەلەي ۋە يېڭى كىيگەن كۆڭلىكى بىلەن شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى تىتىقلاپ يۈرۈپ، بىرنەچچە موچەنلىك قەغەز پۇل بىلەن بىرنەچچە پۇڭلۇق تىيىنلارنى تېپىپ چىقتى ۋە نوچىلىق بىلەن قولىنى شىلتىدى، — كەتتۇق، مانا پۇل دېگەن، قاۋاقخانىغا مارش!

ئۇلار مەكتەپنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە قاۋاقخانىغا كىردى، پەش-تاققا يۆلىنىپ تۇرۇپ، تۆت سەردىن هاراق بۇيرۇدى. بوينىغا لۆڭگە سېلىۋالغان قېرى، ئازغىن بىر بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پارچە هاراق كوزىسىغا كەمچەن سېلىپ، ئىككى ھېجىرغا تۆت سەر-دىن ھاراق قۇيدى. ئاقنىياز بىلەن سەلەي ھېجىرلارنى «خوشە» دەپ سوقۇشتۇرۇۋېتىپ، تىك تۇرما قىلىپلا ئىچتى ـ دە، قولىنىڭ دۈمبە-سى بىلەن ئاغزىلىرىنى ئېرتىپ، «چىرت» قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ، قاۋاقخانىدىن چىقتى. شۇ تاپتا، ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا دۇنيادىكى ئەڭ غەمسىز، دۆلەتمەن، خۇشال ئادەملەر ھېسابلايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىغا ئاللىقانداق بىر ناخ-شىلارنى تەڭكەش قىلىپ غىڭشىپ، قىزىل بىنا تەرەپكە كېلىشكە باش-لىدى.

ئۇلار زالغا كىرگەندە، كۆركەم، ئازادە زال خۇددى باھار تاشقىنى-دەك خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمگەنىدى. چىرايلىق، پۈزۈر كىيىنىۋال-غان قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ھېسابسىز ئىدى، ئۇلار گويا ئۈۋىسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىلەردەك قىم ـ قىم بولۇپ كەتكەن، باش ـ ئايىغى يوق ئىدى. مۇزىكانتلار زالنىڭ بىر چېتىدىكى خىلۋەتتە گىرە بو-لۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ ئىككىيلەن مۇۋاپىقراق ئورۇن تېپىش ئۈچۈن

ئەتراپقا بويۇنداپ، سول تەرەپكە سىلجىپ تۇرۇۋېدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن گايىت مايىت چىقىپ قالدى ۋە سەلەيىنىڭ تېخى بۇگۈن كىيگەن يېڭى شەتلەڭگە كۆڭلىكىگە قاراپ چاقچاق قىلدى :

ـــ پاھ، كۆرمەي قاپتۇق سەلەيجان، يېڭى كۆڭلەك كىيىپسەن، مۇبارەك بولسۇن، قانچىگە ئالدىڭ ؟

سەلەيمۇ بوش كەلمىدى، چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى :

ـــ كۆڭلەكنىڭ ئۆزىنى تۆت سوم يەتمىش تىيىنغا ئالدىم، ساڭا ئوخشاش مۇبارەك بولسۇن دېگەنگە تۆت موچەن بەردىم، يارىشىپتۇ دېگەنگە ئۈچ موچەن بەردىم، ھېسابلاپ باقە، قانچە بوپتۇ ؟

ئۈچىلىسى كۈلۈشتى، ئۇلار يەنە گەپكە ھازىرلىنىپ تۇرۇۋېدى، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن تانگونىڭ ياڭراق ئاۋازى زالنى بىر ئالدى، مۇزىكىنىڭ شوخ، يېقىملىق رىتىمى ھەممەيلەننىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل قوزغاتقۇچى كۈچكە ئايلىنىپ، ئۇلارنى ئويناشقا، سەكرەشكە، پىرقىراشقا ئۈندەيتتى، زال بىردەمدە جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان، سىردىشىدىغان مۇھەببەتلىك سورۇنغا ئايلىنىپ كەتتى...

ئاقنىياز كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، ھاراقنىڭ ھارارىتى بىلەن قىزىرىپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرى زالنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭلىرىغىچە تىكىلەتتى. ئۇ ئاخىر نېرىقى تەرەپتە بىرسىنى كۆردى. كۆردىيۇ، گويا بەدىنىگە توك تەگكەندەك، جىغغىدە بولۇپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئاقنىياز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ جەلپكار قىز ئاددىي، لېكىن يارىشىملىق كىيىملەر بىلەن رەڭگارەڭ چىراغ نۇرىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن غۇنچەقىز ئىدى. ئاقنىياز ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن، مۇزىكانتلار بار يەردىن ئەگىپ ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، نەدىندۇر ھېلىم غېجەك ئۇنى چاقىرىپ قالدى :

ـــ ئاقنىياز، بېرى كېلىڭە، مۇھىم ئىش بار...

ئاقنىياز ئامالسىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ مۇزىكا چېلىش نۆۋىتىنى

گارمونچىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى يېنىدىكى ناتونۇش بىرسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

— تونۇشۇپ قېلىڭلار ئاقنىياز، بۇ كىشى، — دەپ يېنىدىكى ئادەمنى كۆرسەتتى ھېلىم غېجەك، — ئاتاقلىق كومپوزىتور رەجەپ شادى بولىدۇ، تانسا بارلىقىنى ئاڭلاپ كەپتىكەن، ئازراقتىن ئىچىشىپ ئولتۇردۇق...

ئاقنىياز ئاتاقلىق كومپوزىتورنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكا ياراشقان جۇ-غى كىچىك، ئەمما تېتىك بەستىگە، سالۋاراپ تۇرغان قويۇق چېچىغا، ئاق، ياغاق يۈزىگە، ھەربىر گەپ قىلغاندا، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قويىدىغان شەھۋانە قىلىقلىرىغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك، مى-يىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە :

— بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئاڭلىغان، — دەپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، — بۈگۈن ئوبدان تو-نۇشۇپ قالدۇق، مېنىڭ ئىسمىم ئاقنىياز!

— بۇ بىزنىڭ فاكۇلتېتتىكى نامدار شائىر!... — دېدى ھېلىم غېجەك مۇزىكا قېپىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر بوتۇلكا ئالما ھارىقىنى ئېلىۋېتىپ.

— مۇنداق دەڭ، ياخشى بولدى، — دېدى رەجەپ شادى يەلكىلى-رىنى لىكىلدىتىپ، — مەن مۇزىكا يازىمەن، سىز شېئىر يازىسىز، تازا ئوبدان ماسلاشقۇدەكمىز!

رەجەپ شادىنىڭ كەيپى خۇش، ئۆزى بەك تەكەللۇپچان ئىدى. ئۇ ئاقنىيازنى بىقىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يېقىندىن بېرى نېمىلەرنى يازغانلىقى ۋە يازماقچى بولغانلىقى، ئاقنىيازنىڭ ئۆزىگە ماسلىشىپ، ياخشى ناخشا تېكىستلىرى يېزىپ بېرىشىنى كۈتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزى بېسىل-ماي سۆزلەپ كەتتى ۋە سۆز ئارىلىقىدا، پىيالىگە توشقۇزۇلغان ھاراقنى بەئەينى چاڭقاپ كەتكەن ئوتتۇنچىدەك، بۇقۇرۇپ - بۇقۇرۇپ ئىچىش-كە باشلىدى، ھارارىتى ئازراق ئۆرلىۋىدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مى-جەز - خۇلقىدىكى زەئىپ، سۇيۇق يەرلىرىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلى-

دى. ئەمدى ئۇ ئاقنيازنىڭ يەلكىسىگە گىرە سېلىپ:
— ئۇكام، ئۆزۈمنىڭ ئۇكىسى، — دەپ پو ئېتىشقا باشلىدى، — سىز شېئىر يېزىڭ، مەن مۇزىكا دېگەننىچۇ... چايكوۋىسكىدەك ... بىتخوۋېندەك ئىشلىۋېتىمەن!.... ئالەم ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ... بىر كېچىدە بىر مەشھۇر مۇزىكا دەگە!...
ئاقنيازنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، غىجىقى كەلگەنلىكتىن بەدىنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ، بايا بۇ كومپوزىتورنى كۆرۈپلا خىيالىغا كەلگەن بىر گەپنى پوسۇققىدە ئېيتىۋەتتى:
— ئاكا، شېئىر لازىم بولسا، مەن يېزىپ بېرەي، لېكىن سىز ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگكۇدەك، بىرەر مۇڭلۇق مۇزىكا ئىجاد قىلىپ باقسىڭىز بولامدۇ؟! «تارىم ناخشىسى»، «دوستلۇق كۈيى»، «ساڭا مەدھىيە» دېگەن مۇزىكىلىرىڭىز ساپلا غىلدىر ـ غىلدىر، دەستىكى ـ دەستەك، شادەستەك ... دېگەندەك مۇڭسىز، تەسىرسىز مۇزىكىلار، ئەمما ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۆزى مۇڭ تۇرسا، سىزنىڭ مۇزىكانىڭلىق ھۆجەيرىلىرىڭىز بۇنى سەزمەمدۇ؟! ياخشى مۇزىكا، ياخشى كۈي ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەت بىلەن ئەلەمنى ئالىدۇ، ھاياتنى ئاسرايدۇ!...
رەجەپ شادىنىڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇچىبۇرجەك بولۇپ قىسىلغان كۆزلىرى بۇ گەپ بىلەن تەڭ دىڭگىدە چەكچىيىپ، ئېسىلغان يۈزىمۇ ئۆڭۈپ ئالىپاساق بولۇپ كەتتى.
— ھەي بالا! ... سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ سىز نېمىنى بىلىسىز؟! — دېدى ئۇ بەئەينى قۇيرۇقىغا نۆشىدىل قىستۇرۇلغان ئېشەكتەك چىدىچاڭشىپ، — مېنىڭ مۇزىكىلىرىمغا تىل تەگكۈزگەن ئادەم تۇزكور بولىدۇ جۇمۇ! سىزدە ئازراقمۇ مۇزىكا تۇيغۇسى دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. بىلەمسىز، بىلمىسىڭىز بىلىپ قويۇڭ: مېنىڭ مۇزىكىلىرىمنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئۆلگەن ھۆجەيرىلىرى تىرىلىدۇ، ئۆلۈۋاتقانلىرى بولسا ياشىرىدۇ!
— مۇنداق دەڭ، بىلمەي قاپتۇق! — دېدى ئاقنياز تەنە ئارىلاش

كۆلۈپ، — سىزنىڭ مۇزىكىلىرىڭىز ئەسلىدە ھەرەمنىڭ زەمزەم سۈ-يى، جەننەتنىڭ مېھرىگىياھى ئىكەن - دە!

— ھەببەللى، شۇنداق دېسىڭىز بولىدۇ! — دېدى رەجەپ شادى قوللىرىنى ئېگىز - پەس شىلتىپ.

ئاقنىياز ئىچىدە كۆلدى، كۆلگەندىمۇ، بۇنداق ئۆزىنى بىلمىگەن، ھاماقەت ئادەملەرنىڭ ئارسىزلىقىدىن بىزار بولۇپ، نەپرەت بىلەن كۆلدى. ئەگەر شۇ چاغدا، ھېلىم غېجەك رەجەپ شادىنى چاقىرىپ قالمىغان بولسا، بۇنداق ئۇياتسىز پو ئېتىش بىلەن ئاچچىق كىنايە، مەسخىرىلەر خېلى داۋاملاشقان بولاتتى.

— سىزگە تەلەپ كەپتۇ، رەجەپ شادى، — دېدى ھېلىم غېجەك ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، — بىر - ئىككى ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، دەپتۇ.

— چاتاق يوق... ناخشا توۋلاپ تۆرەلگەن يىگىت بىز! — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن زالدىكىلەرگە قاراپ، — دۇتار بارمۇ؟

— بار، مانا.

رەجەپ شادى نەقىشلىك دۇتارنى قولىغا ئالدى، بىر پەس سازلاپ، تىرىڭشىتىپ، ئاندىن ھېلىم غېجەككە قاراپ شۇڭرلىدى:

— قايسىنى ئېيتسام بولار؟ كونىسىنىمۇ، يېڭىسىنىمۇ؟

ھېلىم غېجەك بىر نەرسە دېگۈچە ئۇنىڭ يېنىدىكى گارمونچى جاۋاب بەردى:

— ياخشىسىنى ئېيتىڭ!

رەجەپ شادى ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قويۇپ، خىيالىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ناخشىنىڭ پائۇزىسىنى ئۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى خىرگەي ئىدى، شۇڭا ناخشىنى بوغۇلۇپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

بۇلبۇللار سايرىسا، گۈلشەنلەر ئارا،
كەلدىمۇ يارىم دەپ، سېنى سورايمەن!
ئامرىقىم ئىشقىڭدا كۆيگەن يارىڭ مەن،
تەلمۈرۈپ ھەر تاڭدا يولغا قارايمەن!

ۋالىس ئاھاڭىدا ئوقۇلۇۋاتقان بۇ سوزۇلما ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ تانسىغا چۈشكەن بىرنەچچە جۈپ قىز ـ يىگىتلەر مەيداندا لەرزان پىرقىراشقا باشلىدى...

رەجەپ شادى بۇ ناخشىدىن كېيىن، «كۆز ئۆيقۇدا» دېگەن يەنە بىر ئېزىلەڭگۈ ناخشىنى ئېيتتى. ناخشا تۈگىگىچە زالدىكى بايىقى قايىنام ـ تاشقىنلىق كەيپىيات خېلىلا سۇسلاپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ناخشىسىدىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىققان گارمونچى يىگىتنىڭ شوخ، يېقىملىق جىرلىرى بىلەن زال ئىچى يەنە جانلىنىپ، تانسا قىزىپ كەتتى. ئاقنىياز غۇنچەقىزنى ئىزدىدى. ئۇ بايىقى جايىدىمۇ، باشقا يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا، ئۇنى بىرسى قارا دېگەندەك، مەيدانغا قارىۋىدى، غۇنچەقىزنىڭ بىلىدىن قورۇپ، تانگو ئويناۋاتقان رەجەپ شادىنى كۆردى. بۇ ماختانچاق، بىزەڭ ئادەمنىڭ قاچانلاردا غۇنچەقىزنى تېپىۋالغانلىقىغا ئاقنىيازنىڭ ئۆچلۈكى، كۈنداشلىقى كەلدى. تېخى ئۇنىڭ ساغرىسىنى تولغاپ، غىتتاڭشىپ ئويناشلىرىنى كۆرەي! بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇ يەنە غۇنچەقىزغا تۇمشۇقلىرىنى يېقىن سوزۇپ، بىر نەرسىلەرنى دەيتتى ۋە ئۆزىچە ئاغزىنى كالچايتىپ، هاماقەتلەرچە كۈلەتتى.

مۇزىكا توختىدى. ئاقنىياز غۇنچەقىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، قىستاڭچىلىقلاردىن سۇغۇرۇلۇپ ئۆتۈپ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ سىلجىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باراي دەپ قالغاندا، يېڭى مۇزىكا بىلەن ناخشا باشلىنىپ كەتتى، رەجەپ شادى يەنە غۇنچەقىزنى تارتىپ مەيدانغا چۈشۈۋالدى. ئاقنىياز ئۇلاردىن كۆز ئۈزمەي، ئەلەم بىلەن تۇرۇپ قالدى. تانسا يېرىملاشقاندا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: غۇنچەقىز نېمە ئۈچۈندۇر رەجەپ شادىنىڭ قولىدىن سىلكىنىپ بوشاندى ۋە تانسا ئويناۋاتقانلارنى نېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ، يۈزىنى تۇتقان پېتى مەيداندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئاقنىياز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە سىرتقا چىققاندىلا يېتى-شىۋالدى.

— نېمە بولدى غۇنچەقىز؟ — دېدى ئۇ ھولۇقۇپ، — بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— تازىمۇ بىر قىلىقى سەت، قېلىن ئادەم ئىكەن ئۇ! — دېدى غۇنچەقىز ئىسەدەپ، — مېنى نېمە كۆردىكىن!...

ئەلەم ۋە خورلۇقتىن غۇنچەقىزنىڭ شوخ ۋە يېقىملىق ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئىككى مۇرىسىنىڭ يەڭگىل سىلكىنىشىدىن يىغا تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— ھە، بىلدىم! — دېدى ئاقنىياز غەزەپتىن چىشلىرىنى غىرسىلى-تىپ، — ئەمدى كىرمەمسىز؟

— ياق، ياتاققا كېتىمەن، خوش...

— مەن ئاپىرىپ قوياي.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، يېقىنلىغۇ...

غۇنچەقىز يۈگۈرۈپ دېگۈدەك تېز مېڭىپ ئۇزاپ كەتتى، ئاقنىياز ئارقىسىغا قايتىپ، تانسا مەيدانىغا كىردى ۋە سەلەينى تېپىپ بىر چەتكە تارتتى:

— سەن ئاۋۇ ئاتاقلىق كومپوزىتورنى ھازىرلا سىرتقا باشلاپ چىقە، مۇھىم ئىش بار!

— نېمە قىلىسەن، نېمىدەپ باشلاپ چىقىمەن؟ — سورىدى سە-لەي ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— سىزنى بىر قىز چاقىرىۋاتىدۇ، دەپلا باشلاپ چىق! قالغىنىنى چىققاندا كۆرىسەن، — ئاقنىياز شۇنداق دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا سىرت-قا چىقىپ كەتتى. سەلەي مەيداننى بىر ئايلىنىپ رەجەپ شادىنى تاپ-تى، ئۇ يەنە بىر قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھەر خىل ئەپسانە گەپلەر بى-لەن ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى. سەلەي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كاستۇمىنىڭ پېشىدىن ئاستا تارتتى ۋە پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— سىزنى سىرتتا بىر قىز چاقىرىۋاتىدۇ، هازىرلا چىقسۇن، دەيدۇ!

— كىمكەن ئۇ! — رەجەپ شادى سەلەيگە سوغۇقلا نەزەر تاشلاپ سورىدى.

— چىققاندا بىلەمسىز، ئاكا. ئىشقىلىپ بىر قىز سىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ!

— راستىمۇ؟ — بىر خىل هارام نىيەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى قۇتراتتى، — كەچۈرۈڭ قىزچاق، مەن سىرتقا چىقىپلا كىرەي، — دېدى ئۇ يېنىدىكى هېلىقى قىزغا ئۆزرە بىلەن، — هازىرلا كىرىمەن، سىز بىلەن تېخى قانغۇدەك تانسا ئويناپمىز، جۇمۇ!

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى، سەلەيمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى قويۇق دەرەخلىككە كەلگەندە توختىدى.

— قېنى ئۇ قىز؟ — سورىدى رەجەپ شادى ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ.

— مانا مەن! — ئارقا تەرەپتىن ئاقنىيازنىڭ غودۇدۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شۇ هامان ئۇنىڭ كۈچلۈك قولى رەجەپ شادىنىڭ مۇرىسىدىن ئامبۇردەك قىستى.

— ۋاي... ۋاي.. نېمانداق قاتتىق قول بۇ! — رەجەپ شادىنىڭ ئوقرەك سۆڭىكى ئاغرىپ، بېلى تولغىنىپ كەتتى، — كىمسەن ئۆزۈڭ؟!

— ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ هەممە نېمىسى يۇمشاق، دەپ ئويلاپتىكەنسىز - دە، ئاتاقلىق كومپوزىتور! — دېدى ئاقنىياز ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تېخىمۇ قاتتىق قىسىپ، — بىلىپ قويۇڭ، مۇشۇنداق تولغاندۇرۇۋېتىدىغان قاتتىق نەرسىلىرىمۇ بار، جۇمۇ!

— هەي! ... سىز هېلىقى ئاقنىياز دېگەن شائىر ئوخشىمامسىز؟ — دېدى رەجەپ شادى ئارقىسىغا قىيپاش قاراپ، — نېمە بولدى؟ بىز بايا ئوبدانلا تونۇشۇپ قالغانتۇققۇ؟!

— نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھۆرمەتلىك كومپوزى-
تور! — دېدى ئاقنىياز ئاچچىق تەنە بىلەن، — ھاڭگىلىقنى ئاز قى-
لىڭ، بىزنىڭ ھاڭگىلارغا ئۇچراپ قالسىڭىز، سىزنى ئاختا قىلىۋەتمە-
سۇن يەنە!

رەجەپ شادىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، بۇ سۆزلەرنى ئۇ ئۆزىگە قىلىن-
غان قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك دەپ چۈشەندى. شۇڭا ئاقنىيازنى بىر-
دىنلا سەنلەپ چالۋاقىدى:

— ھەي!... سەن كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟! مەن سېنى تەربىيە
كۆرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمىكىن دېسەم، كوچىلاردا يۈرگەن
لالما لۈكچەككە ئوخشايدىكەنسەنغۇ!

ئەمدى ئاقنىيازنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆ-
زىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

— تەربىيە كۆرگەن ئادەم سەندەك بولسا، ئەپتىڭگە لەنەت! تەربىيە
دېگەن نەچچە خىل بولىدۇ، بىلەمسەن؟ مانا ماۋۇمۇ تەربىيىنىڭ بىر
تۈرى! — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، غەزەپتىن تۈگۈلگەن مۇشتى بىلەن
رەجەپ شادىنىڭ ئاغزىغا بىرنى سالدى. ئۇ ئىككى مېتىر يەرگە قاڭقىپ
بېرىپ پالاقىدە يەرگە يىقىلدى. «ۋاي ـ ۋايجان...» دەپ ئورنىدىن
تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئاغزىنى تۇتقان قولىغا ئىسسىق بىر نەرسە تەگ-
دى ۋە شۇ ھامان بېشى پىرقىرىغاندەك بولۇپ، يەنە جايىدا يېتىپ
قالدى. ئاقنىياز يەنە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا تەمشىلىۋىدى، سەلەي دەر-
ھال قولىدىن تارتىپ، ياتاق تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

تانسا مەيدانىدىن كۆتۈرۈلگەن شوخ مۇزىكا بىلەن يېقىملىق ناخشا
ئاۋازى خېلى يەرلەرگىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەيلەپ كەلدى:

ئاي توسايدۇ يۈزىنى،
يۇلتۇز قىسار كۆزىنى.
كىمدۇر ماڭا تەلمۈرۈپ،
يا ئېيتمايدۇ سۆزىنى!
......

× × ×

ئەتىسى ئاقنىيازنى نەس باستى، رەجەپ شادى ئۈچ ئىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىسىلىۋالدى. ئۇ يېقى مەكتەپ قوغداش بۆلۈمى، بۇ يېقى ئىلمىي باشقارمىغىچە ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا چارە كۆرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ قولياغلىقىغا ئورىۋالغان ئىككى دانە قان يۇقى چىشنى ئۇدۇل كەلگەنلەرگە كۆرسىتىپ:

— مانا قاراڭلار، ئاقنىياز دېگەن لۈكچەك ئىككى چىشىمنى سۇندۇرۇۋەتتى، ئىناۋىتىمنى تۆكتى، تۆلەپ بەرسۇن! — دەپ دادخورلۇق ئېيتتى.

بۇ ئىش ھاۋاز بەختى بىلەن زايىتقا بولۇپ بەردى. زايىتنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئاقنىيازنى يانپاشقا ئېلىشنىڭ پەيتى كەلدى، دەپ ئويلاپ، يۇقىرى - تۆۋەندە ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەتكۈچە شىكايەت قىلىپ، قارىلاشقا باشلىدى. «قاراڭلار ئۇنى! تېخى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، شائىرمىش! — دېدى ئۇ باش ياچېيكا يىغىنىدا قايناپ، — تۇفى! دۆڭكۆۋرۈكنىڭ لۈكچەكلىرىمۇ ئۇنىڭدىن نومۇسلۇقراق! ئۇ بىزنىڭ شەنىمىزگە داغ چۈشۈردى، مەكتەپتە ئاھانەت كەلتۈردى!...»

ئاقنىياز دەسلەپ ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئالدىدا، كېيىن ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىچىدە، ئۆزىنىڭ شۇ كۈنكى قىزىق قانلىقىنى، قوپاللىقىنى ۋە چوڭلارغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىنى زور بىر روھىي سىلكىنىش بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق چارە كۆرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا، غۇنچەقىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاۋاز بەختى بىلەن زايىتنىڭ ئاقنىيازغا «ئىتتىپاقتىن قوغلاش» چارىسىنى بېرىش پىلانىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

— ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، چارە كۆرىمىز دېسەڭلار، ماڭا كۆرۈڭلار! — دېدى قىز فاكۇلتېت بويىچە ئېچىلغان ئىتتىپاق يىغىنىدا

مەردانىلىك بىلەن، ــ سىرتتىن كەلگەن بولمىغۇر بىر ئادەم تانسا تەرتىپىنى بۇزسا، قىزلارنى بوزەك ئېتىپ، ئەخلاقسىزلىق قىلسا، بىر ئوغۇل ساۋاقداش ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئازراق ئەدىپىنى بېرىپ، قىزلارنى قوغدىسا، يەنە ئۇنىڭغا جازا بېرىلەمدۇ؟ بۇنى قانداقمۇ ئادىللىق دېگىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭ ئىگىمىز بارمۇ، يوقمۇ؟!...

غۇنچەقىزنىڭ سۆزىدىن كېيىن، بىر نەچچە قىز تۇشمۇ تۇشتىن سۆز ئېلىپ، ئۇنى قوللىدى، ئاقنىيازنىمۇ ئاقلاپ، گەرچە ئۇنىڭ ئىشى سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاجىزلارنى قوغداش يولىدىكى ھەققانىي ئىش، دەپ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇشتى. بۇ پىكىرلەرمۇ ئۆز يېتى رەھبەرلىككە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن زايىتنىڭ مۇددىئاسى تولۇق ئىشقا ئاشماي قالدى، غۇنچەقىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن رەجەپ شادىمۇ قارىسىنى كۆرسەتمەي قويدى. ئاخىر كېلىپ، بۇ ئىش خۇددى «دەۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۇتتەھەم كېلىدۇ» دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئازراق قان تۆكۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاقنىيازنىڭ ئۈچ ئايلىق تۇرمۇش پۇلى تۇختىتىلىپ، ئۇنى رەجەپ شادىنىڭ داۋالاش ھەققى ئۈچۈن بېرىش قارار قىلىندى...

## 10

مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان «ۋەزىيەت تەربىيىسى» چوڭ يىغىنى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. گاۋ شۇجى پىشقان ناتىق ئىدى، ئۇنىڭ سۆزىدە، ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز ــ نەسىھەتلەر، قۇرۇق چاقىرىق، ئۇلۇغ شوئارلار يوق ئىدى. بۇنداق كاتتا سورۇنلاردا، ئۇ ھەمىشە ئىخچام، مېغىزلىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى سەمىمىي پوزىتسىيە، چوڭقۇر مەنە، جانلىق، قىزغىن پىكىرلەر ئاڭلىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ شۇنداق تەسىرلىك ۋە ھاياجانلىق سۆزلىدى، خەلقئارا ۋەزىيەتتىن تارتىپ، ئىچكى ۋەزد-

يەتكىچە، مەكتەپ ۋەزىيىتىدىن تارتىپ، نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىق ئەھۋاللىرىغىچە بولغان شۇنداق كۆپ ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئۇ شۇنداق راۋان ھەم چۈشىنىشلىك، شۇنداق ئاددىي ھەم يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلىدى، ئاڭلىغۇچىلارمۇ بىر قېتىم يۇخادىن چىققاندەك كۆڭلى ئازادە بولۇپ قالدى. گاۋ شۇجى بىر سائەتكە سوزۇلغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق سەممىي ئۈمىدۋارلىق بىلەن تۈگەتتى:

— بىر ئەلگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي جاسارەت بولۇش كېرەك، بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋىجدانىي جاسارەت بولۇش كېرەك! مۇنداق جاسارەت بولمىسا، قىيىنچىلىق دەۋرىنىڭ ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدۇ! يولداشلار، بىزنى غەلىبە تەنتەنىلىرىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ جاپالىق كۈرەش تەنتەنىلىرى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمىزكى، ۋەزىيەت ياخشى، قىيىنچىلىق ئاز ئەمەس، ئىستىقبالىمىز پارلاق!

يىغىن ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن تۈگىدى. دەسلەپ ئوقۇتقۇچىلار، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار زالدىن چىقىشقا باشلىدى. ئوپۇر ـ توپۇر، قىستاڭچىلىق ۋە تاراق ـ تۇرۇقلار ئون مىنۇتتەك داۋام قىلدى. زالدا ئەڭ ئاخىرى يەتتە ـ سەككىز ئوقۇغۇچىلا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقنىياز، سەلەي ھەم گايىت مايىتلار بار ئىدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ، ئورۇندۇقلارنىڭ ئارىلىرىدا تىمىسقىلاپ، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ بايا چېكىپ تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىشتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار تېز، ئەپچىل ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇندۇقلارنىڭ ئارىسىدا باش كۆتۈرمەي يۈرۈپ، بىردەمدە بىرەر چاڭگالدىن تاماكا كۆتەكلىرىنى تېرىۋالدى.

— بۈگۈن تاماكىدىن مول ھوسۇل ئالدۇق! — دېدى سەلەي زالدىن چىقىۋېتىپ، — يۈرۈڭلار، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، بىر ـ ئىككىدىن چېكىشىۋالايلى!

ئۇلار زالنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، تام تۈۋىگىلا زوڭزايدى. ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قولياغلىقىنى يېيىپ، ئۈستىگە چاڭگىلىدىكى

تاماكا كۆتەكلىرىنى ئۇۋاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئاچچىق كۆك تاماكىدىن تارتىپ، قاڭسىق پاپىروسقىچە بار ئىدى.

— مۇشۇنداق يىغىندىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىپ تۇرسا، بىزمۇ تاماكىسىز قالمايدىكەنمىز جۇمۇ ئاغىنىلەر، — دېدى گايىت مايىت قولياغلىقىدىكى تاماكىنى دەڭسەپ كۆرۈپ.

— پاھ، پاھ، پاھ!.. نېمىدېگەن مەززىلىك، نېمىدېگەن خۇشپۇراق، — دېدى سەلەي يېڭىلا ئورىغان تاماكىنى راھەت بىلەن ئىچىگە شوراپ، — بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي سورتلۇق «مودەن» دىن تارتىپ، مۇچ، پىدىگەنىنىڭ ياغىچىنى قوشۇپ ياسىغان «توشقان» غىچە بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

— «ئەبجەش» دېگەن شۇ! — دېدى ئاقنىيازمۇ تاماكا ئوراۋېتىپ، — چەت ئەللەردە، «ئەبجەش ھاراق زىياپىتى» دېگەن زىياپەتلەر بار ئىكەن. بىزمۇ بۈگۈن «ئەبجەش تاماكا زىياپىتى» قىلدۇق!

سەلەي تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.

— خەپ، خەپ!.. — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۇھ تارتىپ، — مەنمۇ كادىر بولۇپ مائاش ئالارمەن، شۇ چاغدا، ھەر ئايلىق مائاشىمنىڭ بىر قىسمىغا بىرەر تاغار تاماكا ئېلىپ، ئىشخانامنىڭ، ئۆيۈمنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويۇپ، كىرىپ - چىققان ھەرقانداق ئادەمگە ئالدى بىلەن: «مەرھەمەت، بىرەر تال چېكىۋېلىڭ، تاماكا، قەغەز، سەرەڭگە مەندىن، پەقەت تۈكۈرۈكلا ئۆزىڭىزدىن!..» دەپ خالىغانچە تاماكا چەكتۈرۈپ، مۇشۇ كۈنلىرىمدىكى شۆپۈك تېرىپ، غازاڭ قوشۇپ چەككەن يوقسۇزلۇقلىرىمنىڭ ئۆچىنى ئالمىسام، ھەرگىز پۇخادىن چىقمايمەن!..

سەلەينىڭ بىچارىلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى، شۇ تاپتا، ئاقنىيازغىمۇ، گايىت مايىتقىمۇ ئورتاق ئىدى. ئۇلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇنداق ئېغىر، قىسمەتلىك كۈنلەرنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى، ئاچلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرۇپمۇ، خۇددى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر

تەكتىگە شۇڭغۇپ ئۆتچە ـ مارجان سۆزگەن غەۋۋاسلاردەك، بىلىم ئۈچۈن، كەسىپ ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن، ھەرقانداق مۇشكۈللەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان قىيىن تۇرمۇشلىرىنىڭ يىراق بىر تارىخقا ـــ شەرەپلىك، ئۇنتۇلماس تارىخقا ئايلىنىپ قېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلىشاتتى...

ئۇلار يەنە تاماكا ئوردى، بايا چەككەن بىر تال بىلەن خۇمارى بېسىلماي يەنە چەكتى، چېكىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

ـــ مەن دەيمەن ئاغىنىلەر، بۇ گاۋ شۇجى دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزى قۇيۇچتەك، قورسىقى دەريادەك ئىكەن، ـــ دېدى گايىت مايىت بايىقى يىغىننى ئەسلەپ، ـــ نېمىدېگەن بىلىم، نېمىدېگەن سۆز ئۇ!...

ـــ ئوقۇغانىنىڭ شاراپىتى دېگىنە! ـــ دېدى سەلەيمۇ ئۆز تەسراتىنى سۆزلەپ، ـــ بۇ ئادەم ئازادلىقتىن بۇرۇن، يەنە ئەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئازادلىقتىن كېيىن موسكۋادىكى «لومونوسوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى» دا ئوقۇپتىكەن ئەمەسمۇ! شۇڭا كونىلار : «كۆچى بار بىرنى يېڭىدۇ، بىلىمى بار مىڭنى» دەپ توغرا ئېيتقان. مەن بۈگۈن گاۋ شۇجىنىڭ سۆزىدىن «خەلقئارا شيۇجىڭجۇيى ئېقىمى»، «كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشى» دېگەن گەپلەردىن ئانچە قورقۇپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدىم. شۇ ئەمەسمۇ، بەزىلەر ھە دېسىلا ئۇ ئىزىم، بۇ ئىزىم دەپ، ئىسرىقتىن قورققان جىندەك، ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتتى. مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا مەيلى سوتسىيالىزم بولسۇن، مەيلى كاپىتالىزم بولسۇن ھەممىسىدە ئادەملەرنىڭ قىلىدىغىنى، ئوخشاشلا ئۈچ ئىش : يەيمىز ـ ئىچىمىز، گەندە بولىدۇ؛ قالايمىز ـ كۆيدۈرىمىز كۆل بولىدۇ؛ تۇغۇلىمىز ـ ئۆلىمىز جەسەت بولىدۇ. دۇنيانىڭ بارىدىغان يېرى مانا شۇ!

ـــ ھەي قاشاڭ، سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ ـــ دېدى گايىت مايىت ھەيران بولغاندەك چەكچىيىپ، ـــ گاۋ شۇجى نەدە ئۇنداق دېدى، سەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۇرمىلاۋاتىسەن، جۇمۇ!

ـــ مانا، مانا! شيۇجىڭجۇيى دېگەننى چەت ئەلدىن ئىزدىمىسەكمۇ،

ئۆز ئىچىمىزدىنلا چىقتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاقنىياز كۈلۈپ، — سەن سەلەي، يېنىمىزدىلا ئۇخلاۋاتقان شيۇجىڭجۇيى ئىكەنسەن!

— نېمە دېسەڭلار دەڭلار! — دېدى سەلەي غىمىدىمۇ يوق تاماكىسىنى شوراپ، — ئىشقىلىپ، گاۋ شۇجى: «شيۇجىڭجۇيى، كاپىتالىزم دېگەنلەردىن قورقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىش كېرەك!» دېدى.

— ماھىيىتى نېمىكەن، سەن دەپباقە؟ — سورىدى گايىت مايىت ئۇنىڭغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ماھىيىتى نېمە بولاتتى، بىرسى دۇنيا تاپسا، بىرسى خالتا تىككىدۇ، دېگەن گەپ! — دېدى سەلەي مەنىلىك قىلىپ، — بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە كۆشەندە!

ئۇلار مۇنداق تۈگىمەس پاراڭلار بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇۋېرىپ، ئاران يىغقان تاماكىلىرىنى تۈگىتىپ قويۇشتىن قورقتى، خېلىدىن بېرى زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچ، پۇتلىرى تېلىپ، بەللىرىمۇ ئاغرىدى. شۇڭا ئۇلار ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

— بولدى، پاراڭنىڭ داۋامىنى ئاخشاملىققا ياتاقتا قىلايلى، — دېدى ئاقنىياز مېڭىشقا تەمشىلىپ، — سەلەي، ئاڭغىچە سەن «خەلق گېزىتى» نىڭ يېقىنقى باش ماقالىلىرىنى كۆرۈپ قويغىن جۇمۇ! بولمىسا، شيۇجىڭجۇيىنىڭ سادىق جارچىسى بولۇپ قالىسەن!

ئاقنىياز بۇ گەپنى ئەستايىدىل ئېيتتىمۇ ياكى چاقچاق قىلىپ ئېيتتىمۇ، چىرايىدىن بىر نەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا، كۆتۈپخانا تەرەپكە ماڭدى. سەلەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غۇدۇراپ قالدى:

— ئەگەر بىر - ئىككى باش ماقالىنى ئوقۇپلا، كوممۇنىزمنىڭ سادىق جەڭچىسى بولغىلى بولسا، ئاسانكەنغۇ!...

× × ×

«ۋەزىيەت تەربىيىسى» يىغىنى ئىككى كۈندىن كېيىن، فاكۇلتېت بويىچە ئېچىلدى. فاكۇلتېت مۇدىرى ياقۇپ كېرىمى يىغىننى باشقۇردى. ئۇمۇ قىسقا ۋە مەزمۇنلۇق سۆزلەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق گەپلەر بىلەن تۈگەتتى:

— يولداشلار، ساۋاقداشلار، تۇرمۇشنىڭ ئالتۇن مىدالى هامان خەتەرلىك دولقۇنلارنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈۋالىدىغان ھەم ئۇنى قەتئىي يېڭىپ چىقىدىغانلارغا بېرىلىدۇ. غالىبلار ھامان كەسكىن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ، جاسارەت بىلەن ئالغا باسىدۇ. سىلەرنىڭ نىشانىڭلار زامانىۋى ئىلىم - پەن ئېگىلەش!

ياقۇپ كېرىمىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھاۋاز بەختى مۇنبەرگە چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي، ئاۋازى جەڭگىۋار ئىدى. سۆزىنى قول ۋە باش ھەرىكەتلىرى بىلەن تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— ئۆتمۈش قانداق ئىدى، ھازىر قانداق بولدى؟ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. بىز ئالەمچە ئالغا باستۇق، تەرەققىي قىلدۇق، گۈللەپ ياشنىدۇق. بىزنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە ھېچقانداق ئەجنەبىيلەر ئارىلاشقىنى يوق، ئۇلۇغ داھىمىز كۆرسەتكەندەك، بىز پەقەت ئۆز ئەقلىمىز، ئۆز كۈچىمىز بىلەن بۇ شان - شەرەپكە ئىگە بولدۇق. لېكىن بۇنىڭدىن بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىۋاتىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ بەختىمىزنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەمىشە، ھەممە يەردە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت، بەلكى ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر، دەيمىز! مەن سىلەرگە شۇنداق ئېيتىمەنكى، بىر چىنە تىنىق سۇدىمۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مىكروبلار بولىدۇ. يۈرەك ھەمىشە شال مايسىلىرى بىلەن ئوخشاش ئۆسىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتىكى دۈشمەنلەرمۇ دەل ئاشۇنداق! ماركسىزمغا قارشى چىقىدىغانلار ھامان ماركسىزم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. ھازىر بىزدىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ لېكسىيە مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، ساغلام بولمىغان، ھەتتا زەھەرلىك پىكىرلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپ قەلبىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ!...

بۇ سۆزلەر ئېيتىلغاندا، مەجلىسخانىدا يېنىك تەۋرىنىش بولدى، گويا پارتا ـ ئورۇندۇقلارغا جان كىرگەندەك، غاچۇر ـ غۇچۇر، غىرس ـ غىرس قىلغان ئاۋازلار ئەۋجىگە چىقتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەئەججۈپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىلىرى كۇسۇرلىدى. هاۋاز بەختىنىڭ يېنىدا بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، سىزىپ ئولتۇرغان ياقۇپ كېرىمىمۇ دەپتەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەم قىزىقىش، ھەم ھەيرانلىق بىلەن ئاغزىنى يېرىم ئاچقان ھالدا قاراپ قويدى...

هاۋاز بەختىنىڭ شوئارغا، تەھدىتكە، ۋەز ـ نەسىھەتكە تولغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزى ئاخىر تۈگىدى، تۈگىگەندىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ، بىزار قىلىپ تۈگىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، هاۋاز بەختىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى زايىت سۆزگە چىقتى. ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ، تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە نەزەر بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا، بىر خىل كۆرەڭلىك بىلەن تەمەننا تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇ خۇددى پاتېفونغا ئوخشاش، شۇنداق ئاھاڭ ۋە شۇنداق زوق ـ شوق بىلەن سۆزلىدىكى، ئۇنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان هاۋاز بەختى ئەس ـ هوشىنى يوقىتىپ، ئۆز شاگىرتىنىڭ بۇنداق زېرەك ھەم ناتىقلىقىدىن، سۆزىدىكى سىياسىي روشەنلىك بىلەن جەڭگىۋارلىقىنىڭ بۇنداق قويۇق ۋە يۈكسەكلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ بەزىدە لەۋلىرىنى شوراپ، كۆزلىرىنى مەستانىلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بولغان قايىللىقى بىلەن ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى.

— ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكىنى، بەختىيار سوتسىيالىزملا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلۇغ تارىخىي ھايات! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا، — مەن بۇنى يېقىندىن بۇيان، ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشەندىم! — قارىماققا، قالتىس دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق بىھۇدە سۆپەتلەر

سۆزىنىڭ مەنىسىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تەسىرىنى يوقىتىپ قوياتتى، ئۇ ئەمدى سۆزىنى ئۆزى ئۈستىدىكى ئەمەلىي گەپكە يۆتكەپ، يىغىندىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش تەرەپكە بۇرىدى، — مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىمدا، بىر پۇڭ پۇلنى گۆھەردەك كۆرەتتىم، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، بىر موچەننى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدۇم. ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەندە بولسا، بىر نەچچە يۈەننىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان، بەتخەجلىك بىلەن كەلسە ـ كەلمەس خەجلەيدىغان بولۇپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتتا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىمنىڭ دەلىلى! مەن قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن بىر ياش. ئەجدادلىرىمىز تارتقان جاپانى تارتقىنىم يوق. كۈرەش يىللىرىنىمۇ باشتىن كەچۈرمىدىم. شۇڭا مېنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىم ناھايىتى ئاسان. شۇڭا ئۆزۈم تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاپالىق ئىشلارنى تېپىپ، ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تاۋلاپ، شيۇجېڭجۇيىلىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ئىنقىلابىي ئىزباسارلاردىن بولۇپ چىقىشىم كېرەك! ئەگەر بىز ھەمىشە راھەتلىك تۇرمۇشنىلا قوغلىشىپ، نام ـ ئاتاق چىقىرىش ئۈستىدىلا ئويلانساق، بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىنىڭ سېسىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان بولىمىز، بۇنداق غايە ۋە ئىستىقبالنى قوغلاشقاندا، مۇقەررەر شيۇجېڭجۇيىلىق يولىغا مېڭىپ قالىمىز! مەن ئويلايمەن، ئىنقىلاب يۈكى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئادەمنى بېسىۋالالمايدۇ، لېكىن شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئادەمنى ئاسانلا يىقىتىپ قويىدۇ! مەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا بارىدىغان داغدام يولنى ئۆزۈمنىڭ ساپ يۈرەك قېنىم ۋە ھالال ئىككى قولۇم بىلەن تۇتاشتۇرىمەن!...

بۇ سۆزگە ئەلۋەتتە، بىرىنچى بولۇپ ھاۋاز بەختى چاۋاك چالدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەسلەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن، كېيىن ئومۇميۈزلۈك

چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى، لېكىن چاۋاك تەكشى ئەمەس ئىدى، بە-
زىلەر قىزغىن چالاتتى، بەزىلەر بولسا، خۇددى ئالىقانلىرىنىڭ قىچىقىد-
نى باسماقچىدەك، قولللىرىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئۇرۇپ قوياتتى...

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن سەلەي نېمە ئۈچۈندۇر ئىشىك تۈۋىدە
زايىتنى ساقلاپ تۇردى، ئۇ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا قول-
لىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىپ سۆزلىگىنىچە، ئالچاڭشىپ مېڭىپ
ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، سەلەي خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققان-
دەك :

— پىس - پىس - پىس، ياخشىمۇسىز، زايىت شۇجى! — دېدى
كونا ئادىتى بويىچە يەلكىلىرىنى قىسىپ، — ئاداش، بۈگۈن ئەجەبمۇ
قالتىس سۆزلىدىڭ. ۋاي - ۋاي -ۋاي!... ئاجايىپ تەھلىل، ئۇلۇغ
مۇلاھىزە بولدى دېگىنە! لېكىن بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى توغرىسى-
دىكى گېپىڭ تازا جايىغا چۈشمەي قالدى!...

— قانداق جايىغا چۈشمەي قالدى ؟! — سورىدى زايىتنىڭ يېنى-
دىكى ھەمراھى ئەجەبلەنگەندەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ.

— قانداق دەمسەن ؟ شەخسىيەتچىلىك دېگەن كىمدە يوق ؟! —
دېدى سەلەي قولىنى شىلتىپ، — كىشى دېسە، لەۋمۇ يۇمۇلمايدۇ ؛
ئۆزۈم دەپ باقە، لېۋىڭ بىر - بىرى بىلەن ھىملىشىپ كېتىدۇ. ھەرە
جېنىدىمۇ شىرىنسى يوق گۈلگە قونمايدۇ - دە!

زايىت سەلەينىڭ قەستەن قۇسۇر ئىزدەپ، ئېغىزدا ئۇچۇرغان بو-
لۇپ، ئەمەلىيەتتە يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە كونا - يېڭى
دەردى بىراقلا قوزغىلىپ، جاۋغايلىرىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ
جاۋراپ كەتتى :

— سەلەي، سەن قاچانغىچە مېنىڭ سۆزلىرىمدىن قۇسۇر، ئىشلى-
رىمدىن ئېۋەن ئىزدەپ يۈرىسەن ؟! بىلىپ قوي، سېنىڭ بۇنداق تې-
تىقسىز گەپلىرىڭنى تولا ئاڭلاپ ھۆ بولۇپ كەتكەنمەن! سەن ئۆتكەن
كۈنى بىرمۇنچە قىز - ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا مېنى تەپ تارتماستىن :
«ئوغۇت شائىرى » دەپسەن! سەن بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ،

سەلەي! مېنى راستىنلا شۇنداق دېدىڭمۇ؟! بۇ گەپ ئاغزىڭغا قانداق پاتتى؟!

— دېمەيچۇ، پاتمايچۇ!؟ — دېدى سەلەي پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنى تېخىمۇ ئېچىتىپ، — سېنىڭ شۇنچە ئۇزۇن مىسرالىرىڭ قىستا - قىستاڭ گېزىتلەرگە پېتىۋاتسا، مېنىڭ ئۇنچىلىك گېپىم ئاغزىمغا پاتمامتى!؟ «ئوغۇت شائىرى» دېگەن ئىسمىنى مەن ساڭا قويمىدىم، ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە قويدۇڭ! نېمىشقا دەمسەن، ھەر يىلى باھار ۋە كۈز كېلىشى بىلەنلا، خۇددى كاماردىن جانلىنىپ چىققان ھۆپۈپتەك، پۈتۈن گېزىت - ژۇرناللارنى ئالا قويماي، «بوۋاي ۋە ئوغۇت»، «ئوغۇتچىلار ناخشىسى»، «ئوغۇت ۋە باشاق» دېگەندەك شېئىرلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىسەن، بۇلارنى مەن يازمىغاندىمەن!؟

— ئۇ دېگەن تەشۋىقات! — دېدى زايىت جىلە بولغىنىدىن چىشلىرى كىرىشىپ.

سەلەيمۇ بوش كەلمىدى:

— ھەببەللى، مېنىڭمۇ تەشۋىقات! پەقەت شەكلى ئوخشىمايدۇ، بىرسى گېزىت ئارقىلىق، بىرسى ئېغىز ئارقىلىق! بوپتۇ زايىت، خاپا بولغان بولساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى «ئوغۇت شائىرى» دېمەي، «پۇشكىن II» دەي، بولامدۇ!؟

— دېسەڭ بولىدۇ، — دېدى زايىت قىلچە خىجىل بولماي، — پۇشكىنمۇ بىر بېشى بار ئادەمغۇ! پەقەت ئۇ موسكۋادا ياشىغان، مەن ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتىمەن، ئۇ رۇس، مەن ئۇيغۇر، پەرقىمىز مانا شۇ خالاس!

— قارا، زايىت! تەپ تارتماي دەۋاتقان گېپىڭنى! يۈزۈڭ ئازراقمۇ چىمىلدىمىدىما؟! سېنىڭ پەرقىڭ پەقەت ئىككى يەر، ئىككى مىللەت بولغانلىقىڭدىما؟! بىلىپ قوي، پۇشكىن دېگەن ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن روسىيىدە ھەيۋەتلىك بابىل مۇنارى[1]نى تىكلىگەن ئادەم! سەنچۇ؟

---

① بابىل مۇنارى — ئىنجىلدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تەڭرىگە ئاتاپ سالغان كاتتا مۇنارى.

سەن ئۈرۈمچىدە ئەمەس، ئاۋۇ تۆگە قۇلىقىدەك يۇرتۇڭدىمۇ، كىشىلەر ئەسلىگۈدەك بىرەر مازار تۇرغۇزالمايسەن! تاپقان پۇلۇڭغا قەغەز، قەلەم، سىياھ سېتىۋېلىپ، كۈن بويى ئىشىكنى تاقاپ يازساڭمۇ، پۇشكىننىڭ «قىزىلگۈل» دېگەن شېئىرىنىڭ بىر مىسراسىغا تەڭ كەلگۈدەك شېئىر يازالمايسەن! چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرىدا ئوغۇت پۇرىقى يوق!

زايىتنىڭ جان-پېنى چىقىپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزاردى، ئۇ ئەلەمدىن يىغلىغۇدەك بولۇپ سەلەيگە ھۈرپەيدى، لېكىن جىلە بولغىنىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي، دۇدۇقلاپ كەتتى:

— سەن... سەن زۇۋانداراز قاشاڭ! ئادەمگە چاپاندەك زەھرىڭنى تىقما، ئىپلاس تىللىرىڭنى يىغىۋال!...

سەلەي پۇخادىن چىقتى، ئۇنىڭ تېرىكىپ، جىلە بولۇپ، ئۆتى تاشقۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى. «ئەجەب بابلىدىم-ھە؟! مېنى دېسەڭ ئەلەمدىن يىغلىۋېتىپ كەت! — دەپ ئىچىدە كۈلدى ئۇ، — يىغلا، قاقشا! سېنىڭ شۇ ھالىتىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن راھەت!...» ئۇ ئۇزۇندىن بېرى، زايىتنى ئاشۇنداق پەرىشان، ناخۇش ھالدا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە دىمىغى ئۆسۈپ، گىدىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، گەپ-سۆز، مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئۆزگىرىپ، يەردە ماڭايمۇ، ئاسماندىمۇ، دېگەندەك كۆرەڭ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى سەلەينىڭ زادىلا كۆزىگە سىغماي، كۆڭلىدە بىر خىل نەپرەت ۋە ناقايىللىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغانىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىختىدا قىلىپ غۇژمەك بولۇۋالغان بىر توپ يېقىنلىرىنىڭ ئالدىدا، ئاشۇنداق ئوسال ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى سەلەينى ھەقىقەتەنمۇ خۇشال قىلغانىدى. ئۇ مەقسىتىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمدى سۆزىنىڭ تانىبىنى دەرھال بوشاتتى، كېتىۋېتىپ چاقچاققا يۆلىگەندەك مۇنداق دېدى:

— زايىت، ئاداش! سەن ئۇيغۇر تىلىدا تىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەنسەن-ھە! سېنى نيۇيوركقا ئاپىرىپ قويسا، كېننىدىنى راسا

بىر تىللاپ، پۇخادىن چىقىپ كەلسەك بولغۇدەك!
زايىت بايىقى پېتى — چەكچەيگەن، ھۇرپەيگەن ھالدا تۇرۇپ قال-
دى. سەلەيىنىڭ بالا تەگكۈر ئاغزىغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقى
ئۇنىڭغا ئەزەلدىن روشەن ئىدى!...

## 11

ھاۋاز بەختىنىڭ قۇلىقى شۇنداق سەزگۈر ئىدىكى، ئۆزىنىڭ بەدە-
نىدىكى تومۇرلاردا ئېقىۋاتقان قاننىڭ شۇرۇلدىشىنى، دولقۇنىنى ئاڭ-
لىيالايتتى. ئۇ مانا شۇ تۇغما سەزگۈرلۈكى بىلەن يېقىن ئارىدا مەكتەپ
رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىدىغانلىق خەۋىرىنى بىلىۋالدى.
يۇقىرىدىن كەلگەن بۇ شەپە دەسلەپ يوشۇرۇن، كېيىن ئاستا — ئاس-
تا ئاشكارىلاندى. ھاۋاز بەختى ھەم خۇشال، ھەم ئالدىراش ئىدى. ئۇ-
نىڭ خۇشاللىقى — بۇ قېتىم جەزمەن ئۆز ئىقتىدارىم ۋە سالاپىتىمگە
لايىق ئەمەل تاجى كىيىمەن، دېگەن شېرىن تەمە ئىدى؛ ئالدىراشلىقى
بولسا، بۇ قۇتلۇق ئىش ئۈچۈن قانداق سوۋغا تەقدىم قىلىش ھەلەك-
چىلىكى ئىدى. ئۇ ئويلاپ — ئويلاپ ئاخىر بىر يول تاپتى، دەرھال بىر
پارچە ماقالە يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىش كېرەك، ئۇ ھەم ئۆتكۈر،
ھەم دەۋر ئېقىمىغا ماس بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا، ئۇ يالغۇز
سېنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىڭنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى سېنىڭ سىيا-
سىي ئېڭىڭنى، سەزگۈرلۈكۈڭنى ۋە سادىقلىقىڭنىمۇ نامايان قىلىدۇ،
تارىخ بېتىدە ئىزىڭ قالىدۇ، نامىڭ ئۆچمەيدۇ!....
ئۇ، شۇ نىيەت بىلەن ئىككى كېچە ئۇخلىماي ماتېرىيال كۆردى.
بۇنداق چاغلاردا، ئۇنىڭ كاللىسى سازلىشىپ، پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ
كېتەتتى. بۇ ئادەتنى ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش» چاقىرىقىنىڭ شارائىتى بىلەن مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ئىككى يىل خەنزۇچە ھەم ئومۇمىي پەن ئۆگەـ
نىش؛ پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ، بىر يىل ماركسىزم نەزەرىيىسىنى

ئۆگىنىش جەريانىدا يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ كۆرگەن ماتېرىياللىرىدىن نۇرغۇن خاتىرە قالدۇردى. كېيىن ئۇنى بىر ـ بىرىگە يېپىشتۇرۇپ، كىرىشتۈرۈپ، خۇددى پارچە ـ پۇرات لەختەكلەردىن بىر چىرايلىق قۇراق چاپان تىككەن ئۇستا تىككۈچىدەك، ئۈچ كۈن ئىچىدە، خېلى ۋەزنى بار بىر پارچە ماقالىنى پۈتكۈزۈپ چىقتى، ماقالە ئۆزىگىمۇ ياردى. ئەمدى يەنە بىر قېتىم باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پرولېتارىيات ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەيدىغان يالقۇنلۇق ئوچاق» دېگەن سەلتەنەتلىك ئىسىمنىمۇ قويدى. كېيىن ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن دېگەن نىيەتتە، سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدىكى بىر يېقىنىغا كۆرسەتتى.

— ماقالىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ، ھاۋاز بەختى! — دېدى ئۇ بىر ئوقۇپ چىقىپلا، — قويغان مەسىلىڭىز ھەم يېڭى، ھەم ئۆتكۈر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناھايىتى ۋاقتىدا يېزىلىپتۇ! بۇ سىزگە چوقۇم يۈكسەك شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ!

بۇ ماختاشلار ھاۋاز بەختىگە ياقتى، قانائەت ھاسىل قىلدۇردى. ئۇ ماقالىنى شۇ كۈنىلا گېزىتخانىغا ئۆزى ئاپاردى ۋە تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىغا بېرىۋېتىپ، كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بۇ ئۆزۈن ۋاقىتلىق ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلى! كۆرۈپ بېقىڭلار، پارتىيە گېزىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەر، دەپ ئويلايمەن! ئەگەر پىكرىڭلار بولسا، مەن يەنە ئۆزگەرتىشكە تەييار!

سالاپەتلىك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇنداق كەمتەر، مۇلايىم پوزىتسىيىسىدىن تەسىرلەنگەن بۆلۈم مۇدىرى ماقالىنى ناھايىتى تېزلا كۆرۈپ، بىر تەرەپ قىلدى. بايرىقى روشەن، مۇقامى يۇقىرى، ۋەزنى ئېغىر بۇنداق ماقالىلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. ماقالە ئۈچ كۈندىن كېيىن گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك سەھىپىسىدە بېسىلىپ چىقتى. ھاۋاز بەختىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، زايىتقا ئوخشاش ئىخلاسمەن مۇرتلارمۇ گېزىتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھاۋاز بەختىنى ئوبدانلا بازارغا سالدى، ئۇنىڭ ھەم سىياسەتتە، ھەم كەسپتە پىش-

قان، ئىقتىدارلىق زىيالىي ئىكەنلىكىنى يەتكۈچە ماختاشتى. ئوقۇتقۇ-
چىلار ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ماقالىسى فاكۇلتېتتىن ھالقىپ غۇلغۇلا قوزغى-
دى. بولۇپمۇ، ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاپتورنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋە-
دىسى ئىپادىلەنگەن : «مەكتەپ ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ ئىز باسارلىرىنى
يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا. بۇ يەردە بۇرژۇئا مائارىپ ئىدىيىسى ئوت-
تۇرىسىدا جىددىي كۈرەش بارماقتا. مەن بۇ بازىدا كۆكرەك كېرىپ
تۇرۇپ، گەجدىن ئىبارەت قورالنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ كۈرەشنى ئاخى-
رىغىچە ئېلىپ بارىمەن!...» دېگەن ئابزاس كىشلەرنىڭ دىققىتىنى
قوزغاپ، ئويلاندۇرۇپ قويدى. بەزىلەر بۇنىڭدىن بىر خىل سىياسىي
تەھدىتنى سەزگەندەك بىئارام بولۇشتى، بەزىلەر بولسا، بىر خىل ئۆت-
كۈر پۇروخ ھىدىنى ھىدلىغاندەك، ۋەسۋەسگە چۈشۈپ قالدى. چۈن-
كى ئۇلار قىسقىغىنا ھاياتىدا، تالاي قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
بوران ـ چاپقۇنلۇق سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تار-
تىپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىدىن
قارىغاندا، ھەرقانداق شەپقەتسىز سىياسىي كۈرەش ھامان ئالدى بىلەن
گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئاشۇنداق يوشۇرۇن بېشارەتلەر
ئارقىلىق پەيدا بولاتتى. «بۇ يەردە.... جىددىي كۈرەش بارماقتا!...»
مۇئەللىمنىڭ كۆزدە تۇتقىنى نېمىدۇر ؟! راستتىنلا كۆزگە كۆرۈنمەي-
دىغان ئىككى يول، ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش بو-
لۇۋاتامدۇ ـ يە ؟! ئۇنىڭ ۋەكىللىرى كىمدۇر، ئەگەشكۈچىلىرى-
چۇ ؟ ... ۋاي خۇدايىمەي!... يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر!...
ماقالىدىكى كىچىككىنە بىر ئابزاس سۆز كىشىلەرنى خۇددى
«سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك، ئەنە
شۇنداق ئەندىشىگە، ۋەسۋەسىگە سېلىۋەتكەنىدى، لېكىن ھاۋاز بەختى
بۇنىڭدىن قورقمايتتى، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭدىن : «سېنىڭ كۆزدە تۇت-
قىنىڭ زادى كىم؟ نېمە ئىش؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۇ ئىككىلەن-
مەيلا : «كىم بولاتتى، سەلىم ئەپەندى! مانا ماۋۇ ماتېرىيالنى كۆ-
رۈڭلار!» دەپ، ئۇنىڭ سۆز ۋە لېكسىيلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، پىرىن-

سىپقا كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىنغان ماتېرىياللارنى تاشلاپ بېرەتتى ۋە ئۇلارغا : «بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ نۇرى ئەكس ئېتىدۇ! » دەپ سىنىپىي كۆرەشنىڭ يوغان داۋلىلىرىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇنىڭغا ئەل-ۋەتتە ھېچكىم پالان دېيەلمەيتتى. چۈنكى ۋەزىيەت نازۇك، سىنىپ مەۋجۇت، كۈرەش مەۋجۇت - دە!

ھاۋاز بەختى بۇگۈن مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىن رۇڭنى يوقلاش خىيالىغا كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، پۇرسەت پىشىپ يېتىل-گەن، پەيت كەلگەنىدى. ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى تەييارلىغان سوۋغا - سالاملىرىنى يوغان بىر قارا سومكىغا سالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە «مو-دەن » ماركىلىق ئالىي تاماكىدىن تارتىپ، بېلىق گۆشى كونسېرۋا-سىغىچە، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن «جۇيەچىڭ » ماركىلىق ئالىي ھاراقتىن تارتىپ، قايماقلىق پېچىنىگىچە بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسان تېپىلمايدىغان ئەتىۋار، قىممەت باھالىق يېمەك - ئىچمەكلەر ئىدى. ھاۋاز بەختى بۇنى تەييارلاش يولىدا خېلى كۆپ رىيازەت چەكتى. پۇلنى تەييارلىغاندا مال تېپىلمىدى، مال تېپىلغاندا پۇلى كېت-مىدى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭمۇ رىزقىنى بوغۇپ، يوشۇرۇن نارازىلىقى-نى قوزغىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، چىشى-نىڭ كىرىنى شوراپ، يېمەي - ئىچمەي يۈرۈپ، ئاشۇنچىلىك نەرسى-لەرنى ئاران تەستە تەييارلىغانىدى...

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، بىنالارنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ، مەكتەپ باشلىقلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تام چۆرۈپ سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرگە كەلدى ۋە ئۆزىگە تونۇش ئىشىكتىن غىپلا قىلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرگەندە، جىن شۇجى چىغ يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەل-پۈپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەللىك بەش ياشتىن ھالقى-غان، كۆزلىرى يوغان، ئەمما نۇرسىز، بىر تۇتام يىرىك پىتەك چېچى ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان، ئاقۇچ ياپىلاق يۈزلۈك، دوغىلاق ئادەم ئىدى. ئۇ ھاۋاز بەختىنى كۆرۈپ، كونا قەدىناسلاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە مېھمانخانىغا باشلىدى. ئالدىغا

كەمپۇت ـ پېچىنە، مېۋىلەرنى تىزدى، چاي قۇيدى، تاماكا تۇتتى. بۇنداق قىزغىن ئىلتىپاتتىن هاۋاز بەختى تېخىمۇ هاياجانلىنىپ، ئۆزىدىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئاغزىدىن «خوش ـ خوش»، چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم كەتمىدى...

— بايا سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، — دېدى جىن شۇجى تاماكىسىغا چاقماق چېقىۋېتىپ، — سىزدە ئىلگىرىلەش تېز بولۇۋاتىدۇ، ياخشى ئىش قىلىۋاتىسىز. ئۆتكەندە، فاكۇلتېتتا سۆزلىگەن سۆزىڭىزنىڭ روھىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغانىدىم، بۇ قېتىم گېزىتكە چىققان ماقالىڭىز توغرىسىدىكى باهالارنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ خۇشال بولدۇم، سىز پۇتۇنلەي ھەقلىق، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، ئىلىم ـ پەن مەيلى ئىجتىمائىي ياكى تەبىئىي بولسۇن، ئۇ ياكى بۇرژۇئازىيىگە بېقىنىپ، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ياكى پرولېتارىياتقا بېقىنىپ، پرولېتارىيات سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرى!

— لېكىن جىن شۇجى، — دېدى هاۋاز بەختى بىچارە قىياپەتتە دادخورلۇق ئېيتىشقا باشلاپ، — بۇنداق گەپلەر بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمايۋاتىدۇ، بۇنداق گەپنى قىلغۇچىلارنى يامان كۆرۈۋاتىدۇ...

— كىم، كىملەر ئۇ؟ — چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سورىدى جىن شۇجى.

هاۋاز بەختى خۇددى بىرسى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك، جىن شۇجى تەرەپكە بويۇنداپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— فاكۇلتېتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالغان ياقۇپ كېرىمى بىلەن ھېلىقى ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇپ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان سەلىم ئەپەندى...

— ياقۇپ جۇرىنمۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ سوۋېتتە ئوقۇغاچقا، شيۇجىڭجۇيىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر، دەڭە!...

— هىم ... بۇ تەرىپىمۇ بار، توغرا!...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرىپ كاللىسىمۇ كونىراپ قالدى، شۇڭا سە-
لىم ئەپەندىنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلىنىپ
قېلىۋاتىدۇ!...
— ھىم! .... يامانغا يانتاياق بولدى دەڭ! بىر رەھبىرىي كادىر —
ھە!؟...
ھاۋاز بەختى سۆھبەتنىڭ ئەينى مۇددىئادىكىدەك راۋان يۈرۈ-
شۈۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئەجدىھا گۈللۈك پىيالىدىكى چاينى
سۈمۈردى. تەملىك، خۇش پۇراق چاي ئۇنىڭ يايراپ كېتىۋاتقان
ۋۇجۇدىغا تېخىمۇ لەززەتلىك ھۇزۇر بېغىشلىدى.
— مىللىتىمىزنىڭ ستۇۋلى كۆرۈنگەنىكەن، جەزمەن ئۇنى بەتلەۋاتقان
ئادەم بار! — دېدى جىن شۇجى تەبىئىتىگە سىغىپ كەتكەن زىيادە
سەزگۈرلۈك بىلەن، — ھەممىشە ھوشيار بولۇشىمىز، كۈرەشنىڭ مۇ-
رەككەپ، ئەگرى — توقاي ۋە كەسكىن بولىدىغانلىقىنى تولۇق مۆل-
چەرلىشىمىز لازىم. سىز ياخشى ئىشلەۋاتىسىز، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەڭ،
پارتىيە تەشكىلى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. تىزگىن تۇتۇش ھەرگىزمۇ بىر
ئادەمگە بەخشەندە ئەمەس، ئۇ ھامان ئۆزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇرىدۇ،
سىز تېخى ياش، گۈزەل ئىستىقبال ئالدىڭىزدا...
— قىرىق ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، جىن شۇجى، — دېدى
ھاۋاز بەختى بىر خىل ئۆكۈنۈش، تەمە ھەم سىناش ئارىلىشىپ كەت-
كەن مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن، — قىرىق ياش دېگەن تاش قورال
دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چېكى، چوڭ ئىشتىن ئۈمىد
يوق!...
— ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمەڭ، — دېدى جىن شۇجى ئۇنى قېقىد-
تىپ، — ھازىر ئاتوم دەۋرى، قىرىق ياش دېگەن ئىنساننىڭ ئوتتۇرا
ياشلىق قىران دەۋرى. نى — نى ئىشلار مانا شۇ دەۋردە ۋۇجۇدقا چىد-
قىدۇ، سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز چوڭ، جۇمۇ!...
بۇ گەپ بىلەن ھاۋاز بەختىنىڭ كېلىغا بىر نەرسە غىق قىلىپ تى-
قىلغاندەك بولدى، ھاياجاندىن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ، بەئەينى كىچىك

باللاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى. جىن شۇجىنىڭ ھىممەت ـ شاپائىـ
تىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالـ
دى. شۇ تاپتا ئۇ ئاللانىڭ بېخىللىق قىلىپ، ئۆزىگە كىچىككىنە بىر
قۇيرۇق قوشۇپ بەرمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئەگەر تۈلكـ
نىڭكىدەك چىرايلىق قۇيرۇقى بولغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا، ئىت يا-
كى ئېشەكنىڭكىدەك كىچىككىنە كالتە قۇيرۇقى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى
ھازىر دەرھال ئىشقا سېلىپ، جىن شۇجىنىڭ ئارقا ـ ئالدىدا شىپاڭلىـ
تىپ، كېيىن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى، قول ـ پۇتلىرىنى شۇنداق
سىپايىلىك بىلەن سىلاپ ـ سىيپاپ، خۇشامەتگۇيلۇقنىڭ ھەممە
خىللىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ كۆرسەتكەن بولاتتى، ئەتتەڭ!...
بۈگۈن پەقەت شۇلا كەم بولۇپ قالدى!...

— ئۆتكەندە دېگەن ماتېرىيال قانداق بولدى؟ — سورىدى جىن
شۇجى ھاۋاز بەختىنىڭ شېرىن خىيالغا پېتىپ كەتكەنلىكىگە
قاراپ، — كىم ئىدى، سەلىم نېمە؟

— سەلىم ئەپەندى...

— ھە ـ ھە، شۇنىڭ ماتېرىيالىغۇ، دەيمەن.

— ھەئە، شۇنىڭ ماتېرىيالى، — دېدى ھاۋاز بەختى دەرھال يانـ
چۇقىدىن بىر نەچچە بەتلىك قەغەزنى ئېلىپ، — بۇ ئۇنىڭ يىغىندا
قىلغان خاتا سۆزلىرى بىلەن لېكسىيىلىرىدىكى زەھەرلىك پىكىرلەرنىڭ
بىر قىسمى. بىز يەنە داۋاملىق رەتلەۋاتىمىز، لېكىن ماڭا ياقۇپ كېرىمى
پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ...

— ئىنقىلاب قىلغاندا قىيىنچىلىق بولىدۇ، — دېدى جىن شۇجى
ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — لېكىن ئۇنىڭدىن قورقماسلىق كېرەك. قىـ
يىنچىلىق ھەمىشە غەلىبىگە ھامىلدار، غەلىبە قىيىنچىلىقنى يېڭىش
داۋامىدا دۇنياغا كېلىدۇ. بىزنىڭ قىيىنچىلىققا بېرىدىغان جاۋابىـ
مىز — مەڭگۈ كۈرەش قىلىش، كۈرەشكە بېرىدىغان جاۋابىمىز —
مەڭگۈ غەلىبە! ياقۇپ كېرىمى پۇتلىكاشاڭ بولسا، ھازىرچە بىر چەتكە
ئاستا ئىتتىرىپ قويۇڭ، بىرەر ئىشقا يولۇقسىڭىز ئۇدۇل مېنى تېپىڭ!

— رەھمەت جىن شۇجى، ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدى ھاۋاز بەختى تېخىمۇ تەسىرلىنىپ، — مەن سىزنى ئەزەلدىن سۆيۈنگەن تېغىم، دەپ قارايتتىم، بۈگۈن تېخىمۇ ئىشەندىم. سىز ماڭا يار - يۆ- لەك بولسىڭىزلا، ھېلىقى ياقۇپ جۇرىن، سەلىم ئەپەندىلەر ئىكەن، ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇپ چۈشۈشكىمۇ قۇربىم يېتىدۇ!...

— ئىشىنىمەن، — دېدى جىن شۇجى ئۇنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈ- رۈپ، — تەشكىل سىزنىڭ جاسارىتىڭىزگە، ئىقتىدارىڭىزغا ئىشىنى- دۇ، سىزدەك ئىشەنچلىك ئىزباسارلىرىمىز بولغاچقا، بىزمۇ خاتىر- جەم!...

ھاۋاز بەختى بىردىنلا ئۈمىدلەندى، ئۆزىدە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغاندەك ئۇلۇغ بىر كۈچ سەزدى. شۇ تاپتا ئۇ، تەسەۋۋۇرى- دىكى خىيالىي كۆرۈنۈشلەرنى رېئاللىق دەپ بىلگەن ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە غايىنىڭ ھەشەمەتلىك باغ - ئىرەملىرىنى سېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدە پاراغەتكە چۆمۈپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇ، كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىزلا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ھەشەمەتلىك باغ - ئىرەمدە ئەمەس، بەلكى دەشت - باياۋان ئىچىدىكى بىر پارچە يېگانە بوشلۇقتا تۇرغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى...

## 12

كەچكى تىنىق ئاسمانغا ئاي چىقتى، ئۇ خۇددى بەختلىك قىزلار- نىڭ نۇرلۇق يۈزىدەك پارقىرايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاستا - ئاستا يۈز ئاچقان زەڭگەر ئاسماننىڭ ھەممە يېرىدە دۇردانە يۇلتۇزلارمۇ چاقناش- قا باشلىدى، ياز ئاسمىنى گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى...

ياتاق بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۈچبۇرجەكلىك قاپچىغاي بۈ- گۈن كېچە باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى، گويا ئاسماندىكى يۇل- تۇزلارنىڭ بىر قىسمى بۇ يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك، بىر نەچچە يەردە ۋال - ۋۇل ئوت يالقۇنى كۆرۈنەتتى. كىملەردۇر ئوتنىڭ يېنىدا

تىمسقىلاپ، بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى...

— ھەي سەلەي، ئەپلەشتىمۇ؟ — بۇ گايىت مايىتىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەپلەشتى، سىېنىڭچۇ؟ — سەلەي قايتۇرۇپ سورىدى.

— مىېنىڭ چۆگۈنۈم قايناي دەپ قالدى...

— ھەي!... بۇ كاساپەت ئوت ماڭىلا يۈگۈرەيدىغۇ!... — بىر بۇ-لۇڭدىن مەتكىېرەم مەتقاسىمنىڭ جىلە بولۇپ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي، ئەخمەق قىېچى! ئوچاقنىڭ دۈتخانىسىنى ئاچماسەن! — ئۈنىڭ يىېنىغا كەلگەن قىزىل بۈرۈن كۆلۈپ كەتتى.

ئۇلار تاش ۋە كىېسەكلەردىن كىچىك - كىچىك ئوچاق ياساپ، چۆگۈن - كۇرۇشكىلاردا سەۋزە - چامغۇر قايىنىتىۋاتقان قورساق مەستانىلىرى ئىدى.

تۈنۈگۈن ئاقنىيازغا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىن خىېلى كۆپ قەلەم ھەققى كەلگەنىدى، ساۋاقداشلىرى ئۈنى «يۈيىمىز» دەپ چىڭ تۇ-رۇۋالدى. ئاقنىياز پۇلنى چىقارغان بولسىمۇ، بازارغا بىېرىپ، پۇل خەجلەيدىغان يەر تاپالمىدى. پەشخۇنلارغا تىزىۋەتكەن ئىسسىق ناندىن ئالايلى دىېسە، ئاشلىق بىېلىتى يوق؛ ئاشخانىغا كىرىپ، بىرەر قاچىدىن لەڭمەن يەيلى دىېسە، سەنجىڭ ① يوق... ئاخىر ئۇلار ئاغزىدىكى شۆل-گەيلىرىنى يۇتۇپ، مەكتەپكە نائۈمىد قايتىپ كىېلىشتى. ياتاققا كىر-گەندە، سەلەيىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى:

— ئاغىنىلەر، بىېلەتلىك نەرسىلەرنى يىېيەلمەي، قورساق بەك ئىېچىپ كەتتى، ئەمدى بىېلەتسىزنى بولسىمۇ يەيلى، قانداق؟

— بىېلەتسىز نىېمە بار؟

— سەۋزە - چامغۇر بار.

---

① سەنجىڭ — تاماقخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس بىېلەت.

— ياڭيۇمۇ بار تېخى!...
— بۇ كېچىدە ئۇ نەرسىلەرنى نەدىن تاپىمىز ؟
— تاپىمىز! — دېدى قىزىل بۇرۇن ئىشەنچ بىلەن، — پۇللا بولسا، يەمەندىن ـ يەسىرگىچە بارساقمۇ تاپىمىز.
— ئاقنىياز، پۇلۇڭنى ئەكە! — دېدى سەلەي ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمىسە، مەن بىلەن بېرىڭلار، مېڭىڭلار، داۋان گۇڭشېغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىن سېتىۋالىمىز!
— توغرا، ئۇلارغا پۇل كېرەك، بىزگە بولسا، سەۋزە ـ چامغۇر!
پۈتۈن بىنادىكىلەر ئۇخلاپ، جاھان تىنچىغان ۋاقىتتا، ئۇلار بايا تېپىپ كەلگەن ئەنە شۇ بىر نەچچە جىڭ سەۋزە ـ چامغۇر ۋە ياڭيۇلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، ياتاقنىڭ كەينىدىكى بۇ جىمجىت خىلۋەت يەرنى قىزىتىۋەتكەنىدى....
ئاقنىياز پۇل چىقارغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى بەگزادىلەردەك قىياپەتتە، ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، ئايغا قاراپ شائىرانە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ «كەچكى زىياپەت» كە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان شەۋكەتمۇ گۈزەل ياز كېچىسىنىڭ ئارامبەخش ھۇزۇرى بىلەن مەست بولۇپ ئولتۇراتتى.
بىر چاغدا، ئاقنىياز خىيالدىن سەگىپ، سەلەينى چاقىردى:
— سەلەي، پىشتىمۇ؟ تېزرەك ئېلىپ كەلسەڭچۇ!
— ئەمدى قاينىسا پىشامدۇ، — دېدى سەلەي ئوتنى پۈۋلەۋېتىپ، — بىر ئاز تەخىر قىل.
ئاقنىياز بىتاقەتلىك بىلەن يەنە توۋلىدى:
— بولدىلا، چامغۇر بىلەن ياڭيۇ قايناۋەرسۇن، سەۋزىنى سۈزۈپ كەل، خامىنىمۇ يەيدۇغۇ كىشى!
— سەۋزىنى مەن سۈزۈپ باراي، مېنىڭ قاينىغىلى خېلى بولدى، — دېدى گايىت مايىت ۋە چوكا ـ قوشۇقلارنى ئىشقا سېلىپ، بىر قەلەي تەخسىگە بىر نەچچە باش سەۋزىنى سۈزۈپ كەلدى.
— كېلىڭلار، ھەممەيلەن كېلىڭلار! — دېدى ئاقنىياز يانچۇقىدىن

كىچىك ياپىلاق بوتۇلكىلىق هاراقتىن بىرنەچچىنى چىقىرىپ، — چۆگۈنلەر ئۇ يەردە قايناۋەرسۇن، بىزمۇ بۇ يەردە قاينايلى!

ھەممەيلەن ئاقنىيازنىڭ ئەتراپىدا گىرە بولۇپ ئولتۇردى. ساپال ھېجىرغا قۇيۇلغان هاراقنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىچىشتى، چالا پىشقان سەۋزىنى پۇۋ - پۇۋلەپ زاكۇسكا قىلدى. هاراق بىر نەچچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن، كۆڭۈللەر كۆتۈرۈلۈپ، پاراڭ قىزىشقا باشلىدى.

— مەن دەيمەن ئاغىنىلەر، — دېدى ئاقنىياز كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىپ، — كاللاڭغا بىر نەرسە كىرىۋالدىمۇ، ئۇ سېنىڭ قۇلىقىڭنىمۇ، كۆزۈڭنىمۇ يەيدىكەن. بۈگۈن دوستلۇق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا بارسام، كانايدىن: زۇڭلۇشيەن ياشىسۇن، دايۈۋجىن ياشىسۇن، خەلق گۇڭشېسى ياشىسۇن! دەپ توۋلاۋېتىپتىكەن، دەسلەپ بۇ سۆزلەر مېنىڭ قۇلىقىمغا نېمە دەپ ئاڭلاندى دېسەڭلار، غۇنچەقىز ياشىسۇن، ياشىسۇن غۇنچەقىز!... دېگەندەك ئاڭلاندى، جۇمۇ...

— يەنە شۇ غۇنچەقىزنىڭ گېپىما، ئاقنىياز ؟! — دېدى سەلەي بۇ سۆزلەردىن بىزار بولغاندەك تەلەپپۇزدا، — سەن ئۆزۈڭنى ئۇنداق بىھۇدە قىينىما! سېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئۇنداق بىر نېمىنى ئۇنتۇپ، سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان قىزدىن بىرنى تاپ، ئاداش! دۇنيادىكى گۈزەللەر يالغۇز غۇنچەقىزلا ئەمەس، كىم بىلىدۇ، بۈگۈن بىر «زۆھرە» يۇلتۇزنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئەتە بىر «چولپان» يۇلتۇزغا ئېرىشەمسەن، تېخى!

— ئۇنۇت دەمسەن ؟! — دېدى ئاقنىياز ھەسرەتلىك كۈلۈپ، — ئۇنداق ئوڭاي ئىش نەدە، سەلەي! بېشىڭغا كەلگەن قايغۇ - ئەلەمنى، ھەتتا خۇشاللىقنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن، كۆرگەن كىنو، ئوقۇغان كىتابلىرىڭنى، ھەتتا قولۇڭغا كەلگەن مال - دۇنيالارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن، لېكىن مۇھەببەتنى قانداق ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدۇ!؟ مۇھەببەت دېگەن سۇبيېكتىپ جەھەتتە، سېنىڭ ئىرادەڭدىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدىكەن!

— سەن ئۇنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ — سورىدى گايىت مايىت بىر ئاز ئەجەبلەنگەندەك. ئۇنىڭ خىيالىچە، قىز ئۇنى ياخشى كۆرمىگەندىكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتمۇ ئاللىقاچان كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتتەك سوغۇق كۈلگە، ھەتتا ئاچچىق نەپرەتكە ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك ئىدى!

— ھەئە، ھازىرمۇ ياخشى كۆرىمەن! — دېدى ئاقنىياز يۈرىكىدىكى غۇنچەقىزغا تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسىنى ئاشكارىلاپ، — مەن ئۇنى ھازىرمۇ ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتىم بىلەن مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرىمەن! ئۇنىڭ يىگىتى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ياخشى كۆردۈم. چۈنكى، مۇھەببەت دېگەندە، چەك - چېگرا، تام - توساق دېگەن نەرسىلەر بولمايدىكەن. سىلەر ئېيتقاندەك، «مەشۇقسىز ئاشىق» بولۇش پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ! لېكىن، مەن مۇھەببەت بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ھاياتىدا ئۇنچىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەسلىكى كېرەك، دەپ قارايمەن! بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە — مۇھەببەتنىڭ تۇتقان ئورنىنى بىلىشتە. ئۇ بەختلىك، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ! شۇڭا غۇنچەقىز مېنىڭ قەلبىمدە، تۇرمۇشۇمدا پەقەت مەلۇم سالماقنىلا ئىگىلەيدۇ. مېنىڭچە، مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇش سىمفونىيىسىنىڭ گۈزەل بىر بابىدىنلا ئىبارەت، خالاس! كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. كەسىپ، غايە، ئىستىقبال دېگەنلەر سېنىڭ كۈرەش قىلىش نىشانەڭ بولمىسا بولمايدۇ! سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، ھۆكۈمەت بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنى ئۈچ يۈز دېھقاننىڭ بىر يىللىق كىرىمى ھېسابىغا ئوقۇتۇۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا بىلىم ئۆگىنىپ، كەسىپ ئىگىلەپ، لايىقىدا جاۋاب بەرمىسەك، ئىنسانلىق بۇرچىمىز نەدە قالىدۇ؟!...

ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان خىلۋەت قاپچىغاي شۇ دەقىقىدە تىمتاس بولۇپ قالدى، ئىچىلىۋاتقان ھاراقمۇ كەلگەن يېرىدە توختىدى. ئاقنىيازنىڭ يۈرەك سۆزى ئۇلارنى گويا بىھوشلۇقتىن ئويغىتىپ، گۈ-

زەل بىر غايىۋى مەنزىلنىڭ چىتىگە باشلاپ كەلگەنـدەك ھاياجانـلان-
دۇرغانىدى، شۇ چاغدىلا ئۇلار، ئاقنىيازنىڭ نېمە ئۈچۈن بىـر قىزنـى
مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرۈپ، تېگىشلىك سۆيگۈگە ئېرىشەلمەيمۇ، يـە-
نە ئۆزىنى يوقاتمىغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەنـدەك، ئۇنىڭ ۋۇجـۇ-
دىدىكى بۇنداق تەڭداشسىز مەنىۋى قۇدرەتنىڭ مەنبەسىنى تاپقانـدەك
بولدى. شۇڭا ئۇلار ئەمدى مۇھەببەت ۋە غۇنچەقىـز توغرىسـىدا قايتـا
ئېغىز ئاچمىدى. ئاقنىيازنىڭ ھەرگىزمۇ مۇھەببەت سەۋدايىسى بولـۇپ
قالمايدىغانلىقىغا ئىشەندى.
— قېنى، ئىچەيـلى ئاغىنـىلەر! — دېـدى قىزىل بـۇرۇن ئاغزىنـى
تامشىپ، — ھەي سەلەي، ئىچكەچ لەتىپە ئېيتقىنە، ئەجەب مەسچىتتـە
ئولتۇرغاندەك تىمتاس بولۇپ كەتتۇق.
— يېڭى لەتىپە يوق، — دېدى سەلەي ئېرىنىپ، — ھەممىسنـى
ئاڭلاپ بولدۇڭلار، شەۋكەت بىر نېمە دېسۇن، ئۇزۇن بـولدى ئۇنىـڭ
گېپىنى ئاڭلىمىغىلى!
— توغرا، شەۋكەت بىر نېمە دېسۇن!
ھەممەيلەن تەڭلا ئۇنىڭغا يېپىشتى.
— مەن نېمە دەيمەن، ئاغىنىلەر، — دېدى شـەۋكـەت تەڭقىسلىـق-
تا، — لەتىپە توقۇشنى بىلمەيمەن، ناخشـا ئېيتـىشمۇ قـولۇمدىن كـەل-
مەيدۇ... ئەمدى شۇ...
— ھە، توغرا، ئەمدى شۇ... ئەمدى شـۇنى دە! — ئـاقنىياز ئۇنىڭ
سايىقىغا ئېسىلدى.
— ئەمسە، يېقىندا كۆرگەن مـاتېرىياللىرىمدىـن خاتىرىـلىۋالغـان
بىر - ئىككى تېپىشماقنى ئېيتىپ بېرەي، تاپامسىلەر؟ — دېدى شەۋ-
كەت قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.
— ئېيتە، تاپايلى!
— زېھنىـ سىنايدىكەنمىز - دە!
شەۋكەت ئاۋازىنى رۇسلاپ، دانە - دانە قىلىپ مۇنداق دېدى:
— دۇنيادا شـۇنداق بىر نـەرسە باركى، ئـۇ ئەڭ ئۇزۇن ھـەم ئـەڭ

قسقا؛ ئەڭ تېز ھەم ئەڭ ئاستا؛ ئەڭ تار ھەم ئەڭ كەڭ؛ ئەڭ ئېتىبارى يوق ھەم ئەڭ ئېچىندۇرىدۇ؛ ئۇ بولمىسا، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىق- قىلى بولمايدۇ؛ بارلىق چاكىنا نەرسىلەرنى يوقىتىدۇ؛ بارلىق ئۇلۇغ نەرسىلەرگە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ، ئۇ نېمە؟

— ۋاي - ۋۇي، شەۋكەت! — دېدى سەلەي پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — سېنىڭ ئۇ ئېيتقىنىڭ تېپىشماقمۇ ياكى ھاۋاز يېتەكچىنىڭ سىياسەتتىن چىقارغان ئىمتىھان سوئالىمۇ؟

— راست دەيمىنا، — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىممۇ ئاڭقىرال- ماي، — خۇددى گراماتىكىنىڭ ئىمتىھان سوئالىدەك، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تىزىپ قويدۇڭ!

دەرۋەقە، شەۋكەت ئېيتقان بۇ تېپىشماق ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن ئاڭلاپ كەلگەن «ئۆزى بىر، كۆزى مىڭ» ياكى «پۇتى ئۇزۇن، بوينى قىسقا» دېگەندەك ئادەتتىكى تېپىشماقلىرىغا ئوخشاشمايتتى. بۇنىڭدا، قانداقتۇر چوڭقۇر بىر ئىلمىي ھېكمەت بىلەن مەلۇم پەلسەپىۋى پىكىر باردەك قىلاتتى. ئۇلار خىيالىغا كەلگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەپ باق- تى، ئويلاپمۇ دېدى، ئويلىمايمۇ دېدى، ھېچقايسىسى تاپالمىدى، ئاخىر ئاقنىياز «بولدى، شەرىمىزنى بەردۇق، ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەر» دەپ تۇۋ- رۇۋالدى. شەۋكەت بۇ قىيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتىپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى:

— ۋاقىت!

— ۋاقىت؟

— شۇنداق، بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى: ۋاقىت! ئوبدان ئويلى- ساڭلار، تېگىگە يېتىسىلەر!

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ، جىم بولۇشتى. لېكىن كۆڭلىدە، كاللى- سىدا جىددىي پىكىر كېتىۋاتاتتى.

— راست، ۋاقىت ئىكەن، — دېدى سەلەي بىر ھازادىن كېيىن ھولۇققان ھالدا، — دۇنيادا ۋاقىتتىن ئۇزۇن نەرسە يوق، ئۇنىڭ چې- كى بولمايدۇ؛ شۇنداقلا، ۋاقىتتىن قىسقا نەرسە يوق، ھەرقانداق ئىش،

پىلان، ئارزۇ ـ ئارمان ۋاقىتتىن ئېشىپ قالىدۇ، ھېچكىم ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ!

— توغرا، ئىشچانلار ئۈچۈن ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ، — دېدى قىزىل بۇرۇنمۇ ئويلىنىپ، — بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن ۋاقىت ناھايىتى ئاستا بىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايدۇ، لېكىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم ئېچىنىدۇ!

— بۇ يالغۇز تېپىشماقلا ئەمەس، ھېكمەت ئىكەن، — دېدى ئاقىنىياز خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — راست، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلەشكە ئەرزىمەيدىغان چاكىنا ئادەملەرنى ۋاقىت كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن پاك ـ پاكىز يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇلۇغلارنى بولسا، ئۆز باغرىدا مەڭگۈ ساقلايدۇ!...

قىزىق پاراڭ، كۆڭۈللۈك سۆھبەت بىلەن ھاراقمۇ ئىچىلىپ بولاي دېدى. بۇنداق سورۇندا ھەركىم ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا ئالدىرايتتى. ھېچ بولمىسا، بىرەر يېڭىلىق بىلەن باشقىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلايتتى. گايىت مايىت پات ـ پات يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، بىر نەرسىنى تۇتۇپ قويايتتى، كۆڭلىدە، «بۇنى كۆرسىتەيمۇ، قانداق!» دېگەن ئارىسالدى پىكىر ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىر ئۇنى ساۋاقداشلىق، دىلكەشلىك مېھرى يەڭدى. يانچۇقىدىكى تۆت پۈكلەنگەن قەغەزنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سالدى، ئەمما قەغەزنى ئېلىشتىن بۇرۇن، لەرزان، ئەمما دولقۇنلۇق ئاۋازدا مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇدى:

«ئەۋلادلاردىن ئەۋلادلارغا قالغانمەن،
بىر مەنىدە خىلمۇخىل نام ئالغانمەن.
يا مىللەتلىك، يا سىنىپلىك چېكىم يوق،
ئادەم ئۈچۈن ئورتاق نېسىپ بولغانمەن.»

— ئوھوي!... توخۇ كاتىكىدىن سۇمۇرغ چىقتىغۇ! — دېدى سە-

لەي ھەم ئەجەبلەنگەن، ھەم قايىل بولغان كەيپىياتتا، — ھەي گىرىت مىرىت، سەن يازغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، مەشىق يېزىۋاتىمەن دەپ، يوشۇرۇپ يۈرەتتىڭ، بۈگۈن ئەجەب پىشقان شېئىردىن بىرنى ئوقۇۋەتتىڭغا!

— قانداق، ئوقۇسام بولامدىكەن؟ — گايىت مايىت ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.

— بولىدۇ، ئوقۇغىن، شۇنىڭغا قارىغاندا، مەشىق قىلىۋەرسە بىر گەپ بولغۇدەك...

— لېكىن، بۇ مېنىڭ شېئىرىم ئەمەس، — دېدى گايىت مايىت ۋە يانچۇقىدىكى ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ ئاقنىيازغا ئۇزاتتى، — بۇنى كۆرۈپ باقە، بۇمۇ بىر يېڭى تېپىشماق!

ئاقنىياز ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئىتتىك ئالدى، سۈتتەك ئاي نۇرىدا قەغەزدىكى دانە - دانە خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى، بىرىنچى قۇردا «‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» دېگەن خەتلەر يوغان يېزىلغاندى. ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ، بەزى يەرلەرگە كەلگەندە، ھاياجاندىن ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

«يالغانچىنىڭ ۋەدىسىنىڭ سانى يوق،
كېپىللىككە مېنى تارتىپ ھالى يوق.
سۆرۈشتۈرسەڭ، نەتىجىنىڭ تايىنى يوق،
ئاغزى بىلەن شەھەر ئالغان پالۋان مەن.

بەزى چاغدا سورۇلمىغان خاماندىن،
گەپ ئاچقاندا بۇغداي بىلەن ساماندىن،
باھا بولدۇم نەق بۇغدايغا يالغاندىن،
ھەقىقەتتە بۇغداي ئەمەس، سامان مەن.

مېنى سېتىپ جان باقتى كۆپ يالغانچى،
ئۇ كىم دېسەڭ، قورقۇنچاق ھەم ئالدامچى،
بيۇروكراتلار بولدى ئاڭا تايانچى،
شۇنىڭ ئۈچۈن بولدۇم خېلى بەتنام مەن.»

ئەنە شۇ يوسۇندا يېزىلغان يىگىرمە سەككىز كۇپلېتلىق بۇ شېئىر قولدىن قولغا ئۆتۈپ، بىرنەچچە قېتىمدىن ئوقۇلدى. ئۇنىڭدىكى شېئىرىي پىكىر بىلەن چىرايلىق، تولۇق ۋەزىن ـ قاپىيىلەر ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. شېئىر گويا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نازۇك سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇزۇندىن بېرى دېمەكچى بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر دېيەلمەي، بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي سۆزلىرىنى جاراڭلىق ئىنتوناتسىيە، يېقىملىق كۈي شەكلىدە، دادىل ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئۇلارنى ئاجايىپ بىر روھىي ئازادىلىككە چۆمدۈردى...

— كىمنىڭ شېئىرى بۇ؟ — سورىدى مەتكېرەم مەتقاسىم قىزىقىپ، — يۈرىكى چوڭ شائىر ئىكەن...

— راست، بۇ ئادەتتىكى شائىر ئەمەس! — دېدى «قىزىل بۇرۇن» مۇ قايىل بولۇپ، — ئېقىمغا قارشى جەڭچىدەك قىلىدۇ!

— تېپىڭلار، شېئىرنىڭ ئاپتورى كىم؟ — گايىت مايىت مەغرۇرلۇق بىلەن كۆكسىنى كەردى.

بىر نەچچە شائىرلارنىڭ ئىسمى ئېيتىلدى. لېكىن گايىت مايىت ھەممىسىنى رەت قىلدى. ئاقنىياز خېلىغىچە ئۈنچىقماي، شېئىرغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— شېئىرنىڭ يەڭگىل ئۇسلۇبىدىن، تىلىنىڭ راۋانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرى...

— تاپتىڭ كاساپەت! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى گايىت مايىت خۇشال بولۇپ، — راست، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرى!

— بۇ شېئىرنى نەدىن ئالدىڭ؟

— مەتبۇئاتتا چىقمىغان شېئىرغۇ بۇ؟
— ھەئە، تېخى قولىيازما ئىكەن، — دېدى گايىت مايىت شېئىرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ، — بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدىكى بىر دوستۇمنىڭ دادىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كالتا كۆسەي باشلىق، ئۇ ئۆيگە مۇشۇ شېئىرنىڭ شاپىگرافىتا بېسىلغان نۇسخىسىنى ئەكەپتىكەن، دوستۇم مېنىڭ شېئىرغا خۇشتار ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، تۇنۇگۈن ئۇنى ماڭا كۆرسەتكىلى ئەكەپتۇ، مەن ئاپتورنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋېتىپ، دەرھال بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ شېئىر كۈرەشكە تەييارلىنىۋاتقان بولسا كېرەك!
ھەممەيلەن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.
— ئۇنىڭ نېمىسىنى كۈرەش قىلىدۇ!؟ — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم غەزەپلىنىپ، — ھەممىسى راست گەپقۇ!
— قايسى دەرەخنىڭ مېۋىسى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا تاش كۆپ ئېتىلىدۇ دېگەن شۇ!— دېدى شەۋكەت مەنىلىك قىلىپ.
— ياخشى نەرسىلەر ۋاقتىنچە زەربىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۆز قىممىتىنى ھامان يوقاتمايدۇ! — دېدى سەلەي تاماكىنى دەم بىلەن شوراپ، — ھەقىقىي شېئىر دېگەن مانا شۇ، بۇنداق شېئىرلارنى پەقەت تالانتلىق شائىرلا يازالايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى شائىرنىڭ ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇن بولىدۇ!
— سەن بىزنىڭ گىرىت مىرىتنى بۇنداق شېئىرلارنى يازالمايدۇ، دەمسەن؟ — دەپ قەستەن قۇسۇرچىلىق قىلدى قىزىل بۇرۇن، — ئەگەر ئۇ ئوبدان ئۆگەنسە، تېپىپچان ئېلىيوپتەك ئەمەس، ھەتتا پۇشكىن، بايرۇنلاردەك شېئىرلارنى يېزىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر يوشۇرۇن تالانت بار، جۇمۇ!
— ھەي، قىزىل بۇرۇن! ئۇخلىماي تۇرۇپ جۆيلۈدىڭغۇ! — دېدى گايىت مايىت ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، — ئۆگىنىش دەمسەن؟ مەن ساڭا ئېيتسام، تام سوقۇشنى، ياغاچچىلىقنى، يەنە مەسىلەن، ماشىنا ھەيدەشنى، موزدۇزلۇقنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ. كىتاب يې-

زىشنى ئۆگىنىپ بولامدۇ؟ بۇ يەردە ئوقۇساڭمۇ، ئوقۇمىساڭمۇ بەرد-
بىر! گوركىي قانچىلىك ئوقۇغان؟ بالزاكچۇ؟ ئىجادىيەتتە دانىشمەنلىك
كېرەك، تۇغما تالانت كېرەك! مانا قارىغىنا، ئاقنىيازنى هايت دېسەڭ،
بىر نەچچە كۈپلېت چىرايلىق شېئىر يېزىپ بېرەلەيدۇ. سەنچۇ، سېنى
ئۆلتۈرسىمۇ، تۆت مىسرا قوشاق چىقمايدۇ!

— هەي، سەن كاشال گەپ قىلما جۇمۇ! — دېدى مەتكېرەم مەت-
قاسىم قىزىل بۇرۇنغا بولۇشۇپ، — تۇغما تالانت دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟!
بۇرژۇئازىيىنىڭ كونا مېلى، پرولېتارىيات ئۇنداق نەرسىلەرنى ئېتىراپ
قىلمايدۇ!

ئاقنىياز، شەۋكەت، سەلەيلەر تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان
بۇ كىچىككىنە مۇنازىرىگە قىزىقىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئېتىراپ قىلامسەن ـ قىلمامسەن، ئۇ بەرىبىر مەۋجۇت! — دې-
دى گايىت مايىت قىزىشىپ، — ئۇنىڭغا سېنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى
ئوقۇۋاتقان نەرسىلىرىڭنىڭ ئىچىدىن تالاي نەرسىنى مىسال قىلىپ
كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چېخوپنى ئالايلى، دۇنيادا كىممۇ ئۆلۈمنى كۈلكە
بىلەن يازالىغان؟ ئۆلۈم دېگەن ئۆلۈم، قايغۇ ـ هەسرەت دېگەن سۆز!
كۈلكە دېگەن كۈلكە، خۇشال ـ خۇراملىق دېگەن سۆز! مانا شۇنداق
بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى نەرسە تۇغما تالانت ئىگىسى چېخوپنىڭ
ماهىر قەلىمى ئاستىدا شۇنداق ئاجايىپ تەسۋىرلەنگەنكى، ئۆلۈم كى-
شىلەرگە كۈلكە بولۇپ تۇيۇلغان. «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ساڭا
شۇنداق تەسىر بەرمەمدۇ؟ مانا بۇ تالانت بولماي نېمە؟ ساڭا قويۇپ
بەرسە، ئۆلۈمنى كۈلكە بىلەن ئەمەس، كۈلكىنىڭ ئۆزىنىمۇ قاملاشتۇ-
رۇپ، كۈلكە چىراي قىلىپ يازالمايسەن! دانتى توققۇز يېشىدا شېئىر
يازغان، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— ئۇنى دېسەڭ، بىزنىڭ نەۋائىي تۆت يېشىدا شېئىر يازغان! —
دېدى سەلەي لوقما سېلىپ.

گايىت مايىتنىڭ جانلىق مىساللىرى، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى ئاقنىياز
بىلەن شەۋكەتكە ياراپ كەتتى. ئۇلار هەمىشە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ

خىيال بىلەن يۇرىدىغان، كىچىككىنە بوش ۋاقىت بولسىلا، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بۇ كۆرۈمسىز ساۋاقدىشىنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇماچ بارلىقىنى؛ ئوقۇغان، ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى ئەمەلىيەتكە سىڭدۈرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭدىن خېلى چوڭقۇر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، خۇشال بولۇشتى.

— بولدى، قىزىشماڭلار! — دېدى ئاقنىياز ۋە چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق يۇپقا بىر كىتابنى ئېلىپ داۋام قىلدى، — بۇ مىخائىل ئىساكوۋسكىنىڭ «شېئىرىيەت ماھىرلىقى ھەققىدە» دېگەن كىتابى. بۇنى ماڭا ئۆتكەندە سەلىم ئەپەندى بەرگەن، بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. سىلەرگە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قۇر خەتنى ئەينەن ئوقۇپ بېرەي، بايىقى قىسقا مۇنازىرىگە يەكۈن بولۇپ قالار: «شائىر بولۇشنى مەقسەت قىلىپ شېئىر يېزىشنى باشلىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى، ئۇلاردا شائىرلىق تالانتى بولمىغانلىقتىن، تامامەن بىكار ئىشلەيدۇ!...»

گايىت مايىت «قانداق؟» دېگەندەك مەنىدە مەتكېرىمگە مەتقاسىمغا لەپپىدە قاراپ قويىدى. ئاقنىياز كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى شەرھلەشكە باشلىدى:

— بۇ گۇنكى كۈن ھەرگىزمۇ ئىشەككە مىنىپ قوشاق ئېيتىدىغان ئەللىكىنچى يىللار ئەمەس! دەۋرنىڭ تىنىقىنى، خەلقنىڭ ساداسىنى ئىپادىلەيدىغان ھەقىقىي شېئىرلار چوقۇم شائىردىكى كۈچلۈك ئىچكى قىزىقىش، ئىنتىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىشى كېرەك! مېنىڭچە، شېئىر دېگەندە، نەيدىن چىققاندەك مۇڭلۇق ناۋا، تەمبۇردىن چىققاندەك دەرد ـ ھەسرەت، راۋابتىن چىققاندەك شوخ كۈي، غېجەكتىن چىققاندەك چوڭقۇر مۇڭ، ساتاردىن چىققاندەك ناله ـ پىغان، چاڭدىن چىققاندەك شادىيانىلىك مۇجەسسەم بولغاندىلا، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، جەلپ قىلالايدۇ!....

تۇيۇقسىز «پاژ ـ پۇژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە قارىدى. تەبىئىي ھالدا، سۆھبەتمۇ توختىدى. ئۇلار بايىقىدەك

قىزغىن پاراڭلار بىلەن نېرىقى چەتتە قايناۋاتقان سەۋزە ـ چامغۇرلار ـ
نىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بەزى ئوچاقلارنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قوقاسقا
ئايلىنىپ كەتكەن، بەزى چۆگۈنلەر تولا قايناۋەرگەچكە، قىڭغىيىپ
قالغانىدى.

— قېنى، ئەمسە، دەرھال جايىڭلارغا ئولتۇرۇڭلار، — دەپ بۇي ـ
رۇق قىلدى سەلەي، — كەچلىك زىياپەت باشلىنىدۇ.

ئۇلار يەنە بايىقىدەك گىرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئالدىلىرىغا كونا گې ـ
زىت قەغەزلىرىنى يايدى. چۆگۈن، كۇرۇشكىلاردىكى يۇمشاق پىشقان
سەۋزە، چامغۇر، ياڭيۇلارنى بىر ـ بىرلەپ گېزىت ئۈستىگە سۇزدى،
سەلەي ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىپ كەلگەن بىر چۆگۈندىكى نېمەتنى ئوپچە
داستىخان ئۈستىگە تۆكمەي، ئاستا بىر چەتكە ئايرىپ قويۇۋىدى، ئاق ـ
نىيازنىڭ كۆزى چۈشۈپ، دەرھال چاقچاق ئارىلاش ئۆكتە قوپتى:

— مانا ـ مانا، بىزنىڭ ئارىمىزدىن يوغان بىر مونوپولچى يېتىشىپ
چىقىپتۇ! قېنى، بىزگە بىر قارىغىنا سەلەي، بىزنىڭ بۇ يەردە سەندەك
مونوپولچى دېگەنلەر يوق ئىدى، سەن ئۆزۈڭ پارىژدىن كەلدىڭمۇ،
لوندوندىن؟

— تولا گەپ قىلما، ئاقنىياز! — دېدى سەلەي دومسايغاندەك قى ـ
ياپەتتە، — مېنىڭ كىندىك قېنىم مانا مۇشۇ ئانا تۇپراققا تۆكۈلگەن!
مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم يېمەيمەن، سەن بىزنىڭ ساۋاقداش
قىزلارنى — ئاشۇ ئاجىز، ئۇياتچان، باغرى يۇمشاق قىزلارنى ئويلاپ
باقتىڭمۇ؟ ئالدىغا تائام كەلگەندە ئىمان قېچىپتۇ، دېگەن شۇ ـ دە! مەن
بۇنى ئاشۇ قىزلارغا ئايرىپ قويدۇم!

— مۇنداق دېگىن! — دېدى قىزىل بۇرۇن تەسىرلەنگىنىدىن سە ـ
لەينىڭ دولىسىغا قېقىپ، — سەن قاچاندىن بېرى شۇنچە غېرىبپەر ـ
ۋەر، قىزپەرۋەر بولۇپ قالغانسەن! شۇ تاپتا، مېنىڭ ساڭا بولغان مې ـ
ھىر ـ مۇھەببىتىم بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك قوزغالدى، جۇمۇ!

— ئەزەلدىن شۇنداق! — دېدى سەلەي تېخىمۇ كېرىلىپ، — مەن
سەنلەرگە ئوخشاش، قىزلارنى كۆرسەم ھالىم يوق، كۆرمىسەم كارىم

يوق سادىدا مۇغەمبەر ساي تۆلكىسى ئەمەس!
شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ يېنىغا خۇددى ئىز پۇراپ كەلگەن ئاپشاركىـ-دەك، ھېلىم غىجەك بىلەن ساۋۇت داپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قول-تۇقىغا قىسىۋالغان غىجەك ۋە داپلىرىدىن قارىغاندا بىرەر تويغا بېرىـپ ھازىرلا قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى، يۈز ـ كۆزلىرىدىنمۇ ھاراق كەيپى بىلەن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.
ـــ مەرھەمەت، يېڭى مېھمانلارنى قارشى ئالىمىز! ـــ دېدى سەلەي ۋە ئۇلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ساۋۇتقا قاراپ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن داۋام قىلدى، ـــ ھەي ساۋۇت، سەن ئاداش، پاخشـىپ قالغـان دېپىڭنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ، قۇلىقى كېسىلگەن ئىتتەك ئۇدۇل كەلگەن يەردە سوكۇلداپ يۈرۈۋېرەمسەن؟! داپ دېسە چـالىسەن، نـاخشا دېسـە ئېيتىسەن، ئىمتىھان دېسە گۆشىيىپ ئولتۇرىسەن، ئىككى نومۇرنى يۈ-دۈپ يۈرۈپ مەكتەپنى قانداق پۈتتۈرىسەن؟!
ـــ ئـەمـدى ئـاداش، خـۇدانـىڭ بىر ئـىسمى رەھـىم دېگەن گـەپ بار، ـــ دېدى ئۇ ھىجىيىـپ، ـــ خۇدامۇ مـەندەك ياۋاش بەنـدىسىگـە ۋاقتى كەلگەندە رەھىم قىلىپ قالار...
ـــ خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمى غەزەپ دېگەننىمۇ ئۇنـتۇپ قالمـا! ـــ دېدى ئاقنىياز سۆزگە ئارىلىشىپ، ـــ ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھاپىز-لىق ئەمەس، ئىلىم ئۆگىنىش، لېكىن سېنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نـە-تىجىلىرىڭ ساپلا ئىككى بىلەن ئۈچنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن!...
ساۋۇت داپ خۇددى سۇ ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۆز ئاغزى بىلـەن سۇ ئىچەلمەيدىغان پاقىغا ئوخشاش، ئالىي بىلىم يـۇرتىدا، بىـلىم ئـىش-قىۋازلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشاپمۇ ھـەقىقىـي بىلـىم ئۆگىنـەلمەي، پەقـەت ئۆزىگە كېرەكلىك سۇنى تېرىسى ئارقىلىق سۈمۈرۈۋالىدىغان ھېلىقـى پاقىدەك، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن ئاڭلىۋالغان گەپلەر ۋە يۈزە تەسىراتـلار بىلەنلا بىر كىشىلىك ئورۇننى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈۋاتـقان سادىدا ئوقـۇ-غۇچى ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغـا ئـۆزىنـى ئـاقلاپ مـۇنداق دەيتتـى :

«ئاغىنىلەر، مېنىڭ بولۇشۇم شۇ، بۇنىڭدىن ياخشى بولالمايمەن، نىپ-
مىشقا دېسەڭلار، مەن كىچىكىمدە ئانامنىڭ سۈتىگە تويمىغان، ئانام
مېنى بۇلماق بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇڭا، ئەقلىم ناقىسراق،
مۇسكۇللىرىممۇ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، سەل چوڭ بولغان
ۋاقتىمدا، بۇلماقىمۇ تويماي، قاچا بىلەن قوشۇقنى تولا ئۇرۇپ تاقىل-
دىتىپ، ئاخىر داپچى بولۇپ قالغانمەن!...»
— ياخشى كەپسىلەر، سىلەرنى بۇ يەرگە خىزىر ئەۋەتىپتۇ، —
دېدى شەۋكەت ئۇ ئىككىسىنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، —
ھازىر بىزدە ناخشا - مۇزىكىلا كەم بولۇپ تۇراتتى. بىزمۇ بىردەم پەي-
زىڭلارنى كۆرەيلى!
گايىت مايىت ئۇنى قۇۋۋەتلەپ غودۇڭشىدى:
— راست دېدىڭ، بۇ خەق يەمنى بۇ يەردە يەپ، تۇخۇمنى سىرتقا
تۇغىدىغان مېكىياندەك، پۈتۈن پەيزىنى خەققە بېرىپ كېلىۋاتىدۇ!
— ئەمدى... ئاداش... جاھاندارچىلىق دەڭلا! — دېدى ھېلىم
غېجەك راست گېپىنى ئېيتىپ، — مۇشۇ غىتتى - غىتتاڭنىڭ شاراپى-
تى بىلەن قورساقنى بولسىمۇ ئاچ قويماي كېلىۋاتىمىز...
— قېنى ئەمىسە، بىر - ئىككى پەدە ئاڭلايلى، — دېدى مەتكېرەم
مەتقاسىم ئالدىراپ.
ھېلىم غېجەك سازنى قولىغا ئېلىپ تەڭشەشكە باشلىدى، لېكىن با-
يا ھەممە تارلىرىنى ياندۇرۇۋەتكەن سازنى تەڭشەش ئانچە ئاسانغا
چۈشمىدى. «غىت - غات» قىلغان ئاۋازلار خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى.
تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ چىشى قېرىشىپ، ئىچى پۇشتى. شەۋكەت
ھەمراھلىرىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ مۇنداق دېدى:
— بىز بىلمىگەن بىلەن ساز - مۇزىكا تولىمۇ خاسىيەتلىك
ئىكەن، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تەختىكە ۋارىس تاللاپ-
تىكەن!
— سازچىنى تەختكە ۋارىس قىپتىما؟

— قايسى پادىشاھ ئىكەن ئۇ ؟
شەۋكەت ھەمراھلىرىنىڭ ئۆز سۆزىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشەنچ بىلەن داۋام قىلدى :
— ساز تەڭشەلگۈچە، مەن سىلەرگە مۇشۇ توغرىدىكى قىسقا بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي : ئادىل پادىشاھ ھارۇن رەشىدنىڭ كېيىنكى ئېغىرلاشقاندا، ئوردا مۇلازىملىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :
— تەقسىر، بۇ ئۆزى خۇدالىق ئالەم، مۇبادا، قازايى قەدىر يېتىپ قالسا، تەختكە كىم ۋارىسلىق قىلسا بولار ؟
ھارۇن رەشىد ئوردا مۇلازىملىرىغا مۇنداق بۇيرۇپتۇ :
— ئەتىدىن باشلاپ، پۈتۈن دۆلەتتىكى تۇغۇتى يېقىنلاشقان ئاياللار بىلەن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى ئوردىغا يىغىڭلار!
بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇلار يىغىلىپتۇ، پۈتۈن ئوردىدا قىيامەت قايىمدەك، غەلىتە بىر ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ : بوۋاقلار قىيا ـ چىيا قىلىۋاتقان، تۇغۇتى يېقىنلاشقان ئاياللارنىڭ تولغىقى تۇتۇپ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈۋاتقان، سازەندىلەرنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى پەلەككە ياڭرىغان... بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بۇ ئاۋازلار بىرلىشىپ، گىرەلىشىپ، پۈتۈن ئوردا ئىچى ئاجايىپ مالىمان ھالغا كەپتۇ. شۇ چاغدا، ھارۇن رەشىد مۇلازىملىرىغا مۇنداق دەپتۇ :
— سىلەر ھازىر بېرىپ بوۋاقلارغا قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يىغىسىنى توختىتىپ، كۆزىنى چىمىلدىتىپ، نېمىگىدۇر دىققەت قىلغاندەك بولغانلىرىنى دەرھال تېپىپ چىقىڭلار!
مۇلازىملار ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاشۇنداق ھالدا ياتقان ئۈچ بوۋاقنى تېپىپتۇ. دېمەك : پۈتۈن دۆلەتتىكى بوۋاقلارنىڭ ئىچىدىن ئاران ئۈچى ئاشۇنداق ھالدا ئىكەن. شۇ چاغدا ھارۇن رەشىد مۇنداق دەپتۇ :
— مېنىڭ تەختىمگە مانا شۇ ئۈچ بوۋاقنىڭ ئىچىدىن بىرسى ۋارىسلىق قىلىدۇ!

— نېمە ۋەجىدىن شۇنداق؟ — دەپ سوراپتۇ بىر ۋەزىر.
— شۇ ۋەجىدىنكى، — دەپتۇ هارۇن رەشىد، — ئۇلار ئالامەتنى سېزەلەيدۇ، سائادەت ۋە كارامەتنى هېس قىلالايدۇ. ئۇلاردا يىغا ئىچىدىن كۈلكىنى، كۈلكە ئىچىدىن يىغىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار. چۈنكى، ئۇلار ئاشۇنداق قىيا - چىيا ئىچىدە، ئۆزىمۇ داد -پارياد كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بۇ مالامەتلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە قانداقتۇر باشقا بىر ئاۋازنىڭ — يېقىملىق ساز ئاۋازىنىڭمۇ بارلىقىنى سەزگەن ۋە ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، يىغىسىنى توختىتىپ، بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ سەنگىرىگەن، بۇنداق ئادەملەر قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە تۇرۇپ، شاد - خۇراملىقنى؛ شاد - خۇراملىق ئىچىدە تۇرۇپ، قايغۇ - ئەلەمنى هېس قىلالايدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلالايدۇ. مۇزىكا كىچىك بالىلاردا سەزگۈرلۈك، چېچەنلىك ۋە مۇستەهكەم خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى بۇنداق خاراكتېر تېخىمۇ پىشىپ، تاكامۇللىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تەختكە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ!...
هېكايە ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئاقنىياز هاياجانلانغىنىدىن ئۇنى هازىرلا گۈزەل بىر داستان قىلىپ يېزىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا خىيال ۋە ئىلهامغا پېتىپ ئولتۇراتتى. سەلەي «پاھ - پاھ، ئۇلۇغلارنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن!» دەپ تامىقىنى چەكسە، هېلىم غېجەك «قانداق، ساز دېگەن شۇنداق نېمە! بىز بولمىساق، پادىشاهمۇ ۋارىسسىز قالىدۇ!...» دەپ پو ئاتاتتى. ئىشقىلىپ، هېكايە هەممەيلەندە ئۆزىگە تۇشلۇق ئوي - پىكىر، هېس - تۇيغۇ ۋە نازۇك سېزىم ئويغاتقانىدى...
هېلىم غېجەك سازنى تەڭشەپ بولدى. ساۋۇت پىستەكمۇ داپنى قولىغا ئالدى. ئۇلار بايىقى هېكايىنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ ياكى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكا «چۆل ئىراق» نى چېلىپ كەتتى. گۈزەل ياز كېچە-

سىنىڭ سالقىن، خۇشبۇي سەلكىنى غېجەك سىملىرىدىن چىقىۋاتقان پىغانلىق، ئەۋرىشىم كۈيلەر بىلەن داپ يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن رىتىم-لىق، دولقۇنلۇق ئاۋازلارنى ئۆزى بىلەن بىللە يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى...

مۇزىكىدىن كېيىن شوخ، يېقىملىق ناخشىلار ئوقۇلدى، ھېلىم غې-جەكمۇ، ساۋۇت داپمۇ خېلى ئىسسىق نەپەس ناخشىچىلاردىن ئىدى. يۈرەكتىن چىقىرىپ، لەرزان ئاۋاز بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان مۇھەببەت ناخشىلىرى بىھوش كۆڭۈللەرنى ئويغىتىپ، ئادەمنى ياشلىقنىڭ، سۆي-گۈنىڭ سىرلىق، پىنھان ئالىمگە ئېلىپ كېتەتتى...

گۈلدەستە، گۈلۈم دەستە،
يەتكەنمەن ساڭا تەستە.
ئاسمانغا چىقىۋالما،
قالدۇرۇپ مېنى پەستە.

گۈلدەستە، گۈلۈم دەستە،
يالغۇز مەن، سەھەر ـ كەچتە.
يار دەردىڭ يامان ئىكەن،
كۈنلەر ئۆتىدۇ تەستە!
... ...

مانا بۇ ياشلىق! مانا بۇ، دوستلۇقىقا، مۇھەببەتكە، ئىجتىلىقىقا، بىلىم ۋە ئىجتىھاتقا تولغان گۈزەل ياشلىق! مانا بۇ، ئېچىرقاپ كەتكەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، داغ سۇدا سەۋزە ـ چامغۇرلارنى قاينىتىپ ئولتۇرۇپ، «يەپ ـ ئىچىشكىلا قانائەت قىلىش ـــ ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئىشى!» دەپ چۈشەنگەن قانائەتچان، ئىرادىلىك، ئەقىل-لىق ياشلارنىڭ ھايات ۋە گۈزەللىك، بىلىم ۋە ئىزدىنىش، ھازىر ۋە

كېلەچەك توغرىسىدىكى رومانتىك خىياللار بىلەن تولغان كۆڭۈللۈك، قۇۋناق تۇرمۇشى!...

## 13

ئۇلار ئالدىنقى كۈنكى مەسلىھەتى بويىچە، بۈگۈن كەچتە شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇشتى. گايىت مايىت بىئو- لوگىيە فاكۇلتېتىدىكى ھېلىقى دوستى ئارقىلىق، شائىرنىڭ ئۆيىنى سوراپ بىلىۋالغانىدى. ئۇلار كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ساقال ـ بۇ- رۇتلىرىنى قىردى، چاچلىرىنى مايلىدى، پاكىز كىيىملىرىنى كىيدى. ياتاقتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا، ئۇلار خۇددى ھېيت ـ بايراملىق كاتتا سورۇنغا بارىدىغان بەگزادىلەردەك، سۆلەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى. لېكىن يولغا چىقىش ئالدىدا سەلەي ئىككىلەنگەندەك تۇرۇپ قالدى.

— ھەي ئاغىنىلەر، بارساق بولارمۇ؟

— بولمايچۇ! — ئاقنىياز كەسكىنلا جاۋاب بەردى. گايىت مايىتمۇ بىردەم قىزىپ، بىردەم سوۋۇپ تۇراتتى:

— مەن دەيمەن، يا ئۇ ئادەمنى تونۇمىساق، نېمىدەپ قالار؟...

— بارامسىلەر، بارمامسىلەر؟ — ئاقنىياز توقامنى گەدىنىگە ئال- دى، — نېمىدېگەن لىگىتاسىملىق بۇ! سىلەر بارمىساڭلار مەن بېرىۋې- رىمەن. ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئادەم بارمامدۇ! بۇرۇن تونۇمىغان بولساق، ئەمدى تونۇشىمىز، ئۇستاز تۇتىمىز، بۇنىڭ نېمىسى يامان!؟

ئاخىر ئۇلار يەنە بىللە يولغا چىقتى. مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى بېكەت- تىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە «بەخت» يولىغا يې- تىپ كەلدى، چىرايلىق پاسوندا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئازادە بى- نالارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شائىرنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تاپتى. ئىشىك ئال- دىغا كەلگەندە، يەنە بىر ئاز تېڭىرقاش بولدى:

— سەن قاقە!

— سەن قاق!

يەنىلا ئاقنىياز جۇرئەتلىك چىقتى، ئۇ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى پۈكۈپ، ناھايىتى ئەدەپ ۋە رىتىم بىلەن ئىشىكنى چەكتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە شائىر ئۆيدە ئىدى. ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، غۇن- چە بوي، قارىمۇتۇق، خۇشخۇي بۇ ئادەم بۇ ئۈچ نەپەر ناتونۇش مېھ- مانىنىڭ بىمەھەل تەشرىپىدىن ھەيرانمۇ قالمىدى، ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن مېھمانخانىغا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ تارتىنىپ، قورۇنۇپ ئولتۇ- رۇشىغا قاراپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېدى:

— نېمانداق تۈگۈلۈپ كەتتىڭلار؟ ئېنى كەڭ تاۋاردەك، ئېچىـ- لىپ - يېيىلىپ ئولتۇرماسىلەر!

بۇ گەپ بىلەن ئاردىكى قېلىن پەردىمۇ، سۈرلۈك كەيپىياتمۇ كۆ- تۈرۈلۈپ كەتتى، ئۈچ يىگىت بىر - بىرىگە قارىشىپ، يەڭگىل ئۇھ تارتىپ قويۇشتى. شائىر ئۆزى پايپېتەك بولۇپ داستىخان تەييارلى- دى، چاي قۇيغاچ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— دېسەم - دېمىسەم، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسىغۇ سىلەر، ئىسمىڭلار نېمە؟

ئاقنىياز ئالدى بىلەن ئىككى ھەمراھىنى تونۇشتۇردى:

— بۇنىڭ ئىسمى سەلەي، بۇنىڭ گايىت مايىت، مېنىڭ ئىسمىم ئاقنىياز...

— ئاقنىياز؟ — شائىر قويۇق قارا قاشلىرىنى يىمىردى، چېچەن كۆزلىرىدىن بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ياخشى ئىسىم، ئېھتىمال ئاتا - ئانىڭىز «كۆڭلى ئاق، ئۆزى ساخاۋەت- لىك بولسۇن» دەپ، شۇ ئىسىمنى قويغان بولغىيتتى. بۇ ئىسىم ماڭـ- ـمۇ تونۇش تۇرىدۇغۇ...

— ئۇ شېئىر يازىدۇ، — دېدى سەلەي دەرھال لوقما سېلىپ، — گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇن شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى...

— دۇرۇس...، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى شائىر، — شۇڭا ئىسـ- مىڭىز ھەم تونۇش، ھەم يېقىملىق بىلىنىپتىكەن - دە!

— ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىمەن، — دېدى ئاقنىياز ئۆزىنى ئەركىن
تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئاز - تولا شېئىر يېزىپ ئۆزۈمنى سىناۋاتىـ-
مەن...
— تىرىشىڭ، بەل قويۇۋەتمەڭ! — دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى
شائىر، — بىلىم ئېلىش ئاسان ئەمەس، ئۇ خۇددى غەۋۋاسلارنىڭ
سۇنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ سەدەپ يىغقىنىغا ئوخشاش ئىش! لېكىن
تىرىشقان، ئىرادىلىك ئادەملەر ئۈچۈن، ئەڭ چوڭقۇر سۇ ئاستىدىكى
مەرۋايىتنى سۈزۈۋېلىشمۇ تەس ئەمەس!
شۇ گەپلەردىن كېيىن، سۆھبەت تەبىئىي ھالدا ئىلىم - پەن، مە-
دەنىيەت، شېئىر ۋە ئىجادىيەت ئۈستىدە بولدى. شېئىر توغرىسىدا
سۆز بولۇۋاتقاندا، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز تەجرىبىلىرىنى ناھايىـ-
تى ئىخچام ھەم مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق دېدى:
— ياخشى شېئىر يېزىش خېلى قىيىن، بۇنىڭغا پىشقان، ئىقتىدار-
لىق شائىرلارمۇ بىردىنلا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم نەر-
سە — جاراڭلاپ تۇرغان قاپىيە بولماستىن، بەلكى يېڭى ۋە چوڭقۇر
شېئىرىي پىكىر بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنىڭدا پىكىر قاپىيىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭ سىلەرگە نەسىھەتىم شۇكى، كۆپرەك كىتاب
ئوقۇڭلار، كلاسسىكلاردىن تارتىپ، زامانىمىزدىكى كىتابلارغىچە ھەم-
مىنى ئوقۇش، مۇلاھىزە قىلىش كېرەك. كىتاب ئادەمدە ھېس - تۇي-
غۇ ئويغىتىدۇ، ئادەم قەلبىدە ياخشى ئارزۇ - تىلەكلەرنى تۇغدۇرىدۇ!
مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى روناق تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، سىلەرگە ئوخـ-
شاش تالاي - تالاي بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، جۈرئەتلىك ئىزباسارلىـ-
رىمىز بولمىسا بولمايدۇ، ئىجادىيەت — ھاياتلىقتىن، تەرەققىياتتىن
دېرەك بېرىدۇ!...
شۇ چاغدا، ئايال ساھىبخانا بىر تەخسە قورۇما ئېلىپ كىردى. تې-
يىپجان ئېلىيوپ بۇلۇڭ ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى كۆزىنى ئېچىپ، يوغان
بىر بوتۇلكىنى ئالدى.
— مەن سىلەرگە پىۋا قۇيۇپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئېگىز، قىرلىق
ئىستاكانلارنى ئۈستەلگە تىزىپ، — پىۋا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، سىـ-

لەرمۇ گەپ قىلىڭلار، مەنلا سۆزلىسەم بولماس!

بىر ئىستاكاندىن پىۋا ئىچىلدى، بەدىنى قىزىغان گايىت مايىت شائىردىن توپتوغرىلا بىر سوئال سورىدى:

— تېيىپجان ئاكا، سىز «ئاساسەن، نىلك شىكايىتى» نى قانداق يازدىڭىز؟

— سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى تېيىپجان ئېلىيوپ ھەيران بولغاندەك، — قانداق كۆردىڭىز؟

— ئۇنى ھەممىمىز كۆردۇق، غايىبتىن قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى گايىت مايىت، — ياخشى يېزىپتىكەنسىز، بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قوزغىدى. شۇڭا قانداق يازغانلىقىڭىزنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدۇق.

— ئۇ شېئىرنى قانداق يازغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى شائىر ئويچان ھالدا، — لېكىن، ئۇنى ماڭا رېئاللىق، ھەقىقەت يازغۇزدى دېسەممۇ بولىدۇ! ئەسلىدىغۇ، «تۇگىمەس ناخشا» نى سازايى قىلغاندىن كېيىن بۇنداق سەزگۈر شېئىرلارنى يازماسمەن دېۋىدىم، لېكىن كۆڭلۈم يول قويمىدى، مۆرىتى كېلىپ قالدى، مەن سىلەرگە «چۈشتىكى پۇرۇچ» دېگەن بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي، بايىقى گېپىمگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ: بىر ماشىنىچى بار ئىكەن، ياخشىماللار كەلسە، كۆپرەك پۇرۇچ چىقىرىپ كېسۋالىدىكەن. بىر كۈنى چۈشىدە، پاتمان ـ پاتمان پۇرۇچنىلك ئاستىدا قېلىپ، ئۆلگۈدەك قىينىلىپتۇ، ئەتىسى ئويغىنىپ، بۇنى بىر بېشارەت دەپ بىلىپ، خۇداغا تووۋا قىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. ھەر ھالدا ئۆگەنگەن كۆڭۈل يەنە كېسىپ سالمىسۇن، دەپ شاگىرتلىرىغا: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن مال كېسۋاتقاندا، ئۇستام، چۈشتىكى پۇرۇچ، دەپ قويۇڭلار!» دەپ جېكىلەپتۇ. بىر كۈنى بەكمۇ ئېسىل بىر مال كېلىپ قاپتۇ، ئۇستام قايچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كارتىلدىتىپ پۇرۇچ كەسكىلى تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن شاگىرتلار دەرھال: «ئۇستام، چۈشتىكى پۇرۇچ!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇستام خاتىرجەم ھالدا: «چۈشۈمدىكى پۇرۇچتا بۇ مال

يوق ئىدى! » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
تېيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىسى ئۈگىسىپ، «قانداقىكەن؟ » دېگەنىدەك مەنىدە بالىلارغا قاراپ قويىدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى:
— شۇنداق گەپ، ئۆگەنگەن كۆڭۈل شۇنداق بولىىدىكەن، ئامال قانچە!؟...
بىر پەس جىملىقتىن كېيىن ئاقنىياز ئۇھسىنىپ تۇرۇپ سورىدى:
— ئاڭلىشىمىزچە، بۇ شېئىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا تەنقىدكە ئۇچرايدىغان ئوخشىمامدۇ!؟
تېيىپجان ئېلىيوپ ھولۇقمىدى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خاتىرجەم ھالدا مۇنداق دېدى:
— كۆنۈپ قالدۇق، ئۇكىلار! ئەپلاتۇن: «ئۆلۈمدىن قورققان ئادەم بۇ دۇنياغا تۆرەلمەسلىكى كېرەك!» دەپتىكەن. يازغۇچى، شائىر بولغان ئادەم تەنقىدتىىن قورقمايدۇ، تەنقىىدتىن قورقسا، يازغۇچى، شائىىر بولالمايدۇ! نېمە ئۈچۈنكى، بىز خەققە تەنقىد، كۈرەش دېگەنلەر بەكلا ئامراق!
بۇ سۆزدە، جۈرئەت بىلەن چىدامىمۇ، سەۋر - تاقەتمۇ، كىنايە بىىلەن ئاغرىنىشمۇ بار ئىدى.
ئۆزئارا ھۆرمەتكە، ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىققا تولغان كۆڭۈللۈك سۆھىبەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا، تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزدىنىڭ خۇش پېئىل، ھەزىلكەشلىكى؛ كونا - يېڭى شېئىرىيەت توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ كەڭلىكى؛ سۆزلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن ئۈچ ھەۋەسكارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇلار تەستە قولغا كەلگەن بۇ ئۇچرىشىشتىن ھاياجانلانغان، تەسىرلەنگەن ۋە قايىل بولغان ھالدا ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى، خوشلىشىدىغان چاغدا، تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇلار زادىلا كۈتمىگەن بىر گەپنى قىلىپ قالدى:
— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كەلمەڭلار، ئۇكىلار! ئوقۇغۇچىلارنى قۇتراتتى، دېگەن ئاتاققا قېپقالماي يەنە...
ئۈچ يىگىتنىڭ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالدى، بايىقى ھاياجان غەشلىك بىلەن ئالماشتى، شائىرنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە تىكلەنگەن

يارقىن ئۇبرازى سەل ـ پەل خىرەلەشكەندەك بولدى، لېكىن ئۇزۇنغا
بارماي، ئۇلاردىكى بۇ زەئىپ تۇيغۇ يەنە ئاستا ـ ئاستا يوقاپ، ئۇنىڭ
ئورنىنى بايىقى كۆكۈللۈك، قىزغىن سۆھبەتلەرنىڭ ئۇنتۇلماس تەسى-
رى ئىگىلەپ كەتتى...

## 14

ئاقنىياز ئون ئىككى يەننىڭ يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئاڭلاپ،
سىنىپتىن خۇشال چىقىۋىدى، كىمدۇر بىرى، تۇرغۇنىدىن كەلگەن
خەتنى بېرىپ، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قوشتى. ئۇ كونۋېرتنى
ئالدىراپ يىرتىپ، خەتكە كۆز يۈگۈرتتى، تۇۋا، خەتمۇ خۇشاللىق بى-
لەن باشلىنىپتۇ:

«... ئاقنىياز، دوستۇم! بۇ خەتنى ئالدىراشلا يازدىم. ھايا-
تىمدىكى تۇنجى خۇشاللىق ئىشنى ساڭا ۋە سەن ئارقىلىق جى-
مى يار ـ بۇرادەرلىرىمگە خەۋەر قىلغۇم كەلدى! ئېسىڭدىدۇر،
تېخى ئۆتكەن يىللاردىلا سىنىپ ـ ياتاقلاردا، چوڭقۇر ھېسسى-
يات بىلەن گېيوتىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى: ‹قايسىبىر ياش
يىگىت ئاشىقلىق ئوتىدا بىقارار بولمىغان، قايسىبىر بويىغا يەت-
كەن قىز مۇھەببەتكە تەشنا بولمىغان، بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى
پاكلىق ۋە ساپلىق› دېگەن مەشھۇر سۆزىنى يادلاپ يۈرگەنى-
دۇق. ئادەم مەلۇم ياشقا يەتكەندە، راستتىنلا قەلبى ئىشق ئوتىدا
كۆيىدىكەن! مەن سېنىڭ دانا پىكىرلىرىڭنى ئېلىشقا ئۈلگۈر-
مەيلا توي قىلىۋالدىم. ئالغىنىم چالا ساۋات سەھرا قىزى. ئۆزى
ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن مۇلايىم، ئوماق، ۋاپادار خو-
تۇن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، تونۇشۇپ ئون كۈندىن كې-
يىنلا توي قىلدۇق. بۇ سەھرايى قىيامەتتە، قىز بىلەن قولتۇق-
لىشىپ، سىردىشىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھېلىقىدەك چىلان-
لىقلار، گۈللۈكلەر، تانسىخانىلار نەدە دەيسەن؟! بۇ يەردە چىرا-

يىنى بىرەر قېتىم كۆرۈپ، چالا ـ بۇلا بولسىمۇ تىنىقىنى پۇراشقا ئېرىشىش كاتتا ئىش! ئېھتىمال، خېتىمنى ئوقۇپ، ئالدىراپ كېتىپسەن، بۇرۇن توي قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ دەمسەن! لېكىن بۇ يەردە شۇنداق قىلماي ئامال يوق، بىزدەكلەرنى «قېرى بويتاق» دەيدىكەن. بىر چاغلاردا، سەن مېنى يوقلاپ كەلسەڭ، بەلكىم باللىرىم قولۇڭغا سۇ بېرىپ، ئالدىڭغا داستىخان سالار. مېنىڭ بۇرۇن توي قىلىپ، سەندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان يېرىم شۇ بولدۇ، خالاس!

تويىنىڭ نېسۋىسى سۈپىتىدە كىچىككىنە خالتا ئەۋەتتىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، ھەممىڭلار ئېغىز تېگىڭلار!

ئاقنىياز، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ئاداش؟ يەنە شۇ غۇنچەقىزنىڭ ئوت ـ پىراقىدا كۆيۈپ يۈرەمسەن؟ توۋا، تەقدىرنىڭ سېنى ― سەندەك بىر ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار يىگىتنى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بىرسى بىلەن «ئاشىقداش» قىلىپ قويغىنىغا ھەيرانمەن. مەن سېنىڭ غۇنچەقىزغا بولغان مۇھەببىتىڭنىڭ پاك، سەممىي مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن! لېكىن، غۇنچەقىز چەت ئەلدىكى مۇھەببىتىدىن كۆڭلىنى ئۈزەلمىسە، سەن غۇنچەقىزدىن كۆڭلۈڭنى ئۈزەلمىسەڭ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولار؟ مۇھەببەت ئۈزۈنغىچە چىقىش يولى تاپالمىسا، ئاخىر بېرىپ ئۆچ ئېلىشقا ئايلىنىدىغان گەپ! سېنىڭ بېشىڭغىمۇ شۇنداق سەۋدالار كېلەرمۇ؟! سېنىڭ غېمىڭدە قالدىم، ئاداش! لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، مەن سېنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئىچىدىن راھەت تاپالايدىغانلىقىڭغا، ئالەمچە مۈشكۈل ئىشلارنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن! سەندە شۇنداق ئىقتىدار، جاسارەت ھەم ۋىجدان بار!...

بۇ قېتىمقى خېتىڭدە، شەۋكەتنىڭ «كامىر» دىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى يېزىپتىكەنسەن، خېتىڭنىڭ شۇ يېرى كۆزۈمگە گويا جەننەتنىڭ ھۆر-

لىرىدەك ئىسسىق، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى! خۇشاللىقىمدا
خەتنى پۇلاڭلىتىپ، سەكرەپ كەتتىم ۋە تۇنجى قېتىم يۇقىرى
ئىنتوناتسىيە بىلەن مىكائىل مۇشىپىقنىڭ سەن ياخشى كۆرىدىـ
غان ھېلىقى شېئىرىنى ئوقۇدۇم :

‹سەن جاننى جانانىدىن ئۆزگە تۇتمۇدۇڭ،
تۇتساڭتىڭ ۋاپاسىز بولۇردى ئاتىڭ،
ئۇ سېنى ئۇنتۇدى، سەن ئۇنتۇمۇدۇڭ،
ياشا مۇھەببىتىم، ياشا يۈرىكىم! ›

مەن ئويلايمەن، شەۋكەتنىڭ «كامېر » دىن ئامان ـ ئېسەن
چىقىشى بىر ياخشىلىقتىن بېشارەت، دوستۇم! ئۇ ئاخىر تەبىئەتـ
نىڭ قوينىغا قايتىپتۇ. تەبىئەت ـــ سېخىي، گۇناھسىز، مېھرىـ
بان ئانا. ئۇنىڭ تاۋلىشى بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرـ
لىرىدە غەپلەتتە ياتقان سەزگۈلەر ئويغىنىپ، ئادەم ۋۇجۇدىنى
ھاياتنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، دوستلۇقنىڭ شادلىقلىرىدىن بەھرىـ
مەن قىلىدۇ!...
بولدى، خەتنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، كۆيۈنگەنلىكتىنمۇ
ياكى يېڭىياچىلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئايالىم بىر نەچچە قېتىم يېـ
تىشقا چاقىردى، سائەتكە قارىسام، ئون بىر بولۇپ قاپتۇ، پېـ
شايۋاندىكى دەمدەر ئۈنلەشتىن توختىدى، ھويلىدىكى ئىتمۇ
بىر ـ ئىككىنى قاۋاپ قويۇپ جىمىپ كەتتى. ئەمدى مەنمۇ
ياتمىسام بولماس. سەنمۇ ياتقىن ئاداش، كونا ئادىتىڭ بويىچە،
سائەتنى ئون ئىككى قىلماي، كىتابتىن ياكى شېئىردىن باش
كۆتۈرمەيتتىڭ، ئەمدى بولار، دەم ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم
ئىشلەشنىمۇ بىلمەيدۇ، جۇمۇ!
خەير، مەنمۇ، سەنمۇ ياخشى چۈش كۆرەيلى.
ساڭا ۋە شەۋكەتكە ئەسنەك ئارىلاش سالام يوللاپ :
دوستۇڭ تۇرغۇن
1962ـيىل 13ـئىيۇل، قۇمباغ. »

# ئۈچىنچى قىسىم

## تۆھمەت، ئوت، تۇمان...

### 1

سەھەر، نىمەتلىك سىنتەبىر ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. شەبنەملەر كىشى كۆرمەستە جىممىدە كېلىپ، ئېتىز، قىرلارنى نەمدىدى، گۈل ـ گىياھلارغا مارجاندەك ئېسىلدى، قۇياشنىڭ پىژغىرىم تەپتى يانغاچقا، سەھەر ۋە ئاخشاملىرى ئادەمنىڭ گەجگىسى قورۇلاتتى...

بىر يېرىم ئايدىن بېرى، بوش ۋە پىنھان تۇرغان مەكتەپ يەنە قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. يۇرتلىرىغا قايتقان ئوقۇغۇچىلار تۇر ـ تۇركۇملەپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ساپ ھاۋا، يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن سەمرىپ، قىزىرىپ، بىجىرىم بولۇپ قالغانىدى، روھلىرىمۇ ئۇرغۇپ، جۇشقۇنلاپ تۇراتتى. يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ شەھەر بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرەتتى، ئۇلار گويا بىر سى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك، بۇ كاتتا شەھەر بىلەن شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك مەكتەپنىڭ ھەممە نەرسىسگە قىزىقىپ، ھەممە نەرسىدىن ھەيران بولۇپ، بەزىدە ھاياجانلىنىپ، بەزىدە غېرىبسىنىپ، گاڭگىراش بىلەن خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى.

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى تەنتەنىلىك باشلاندى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتقا يېڭى بىر قەدەم قويغانلىقىدىن، ئىلىم ـ پەننىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى، ئۇلارنى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئارزۇسى قاناتلاندۇرغانىدى...

لېكىن، ھەممەيلەنگە نىسبەتەن بولغان بۇ خۇشاللىق، بۇ ھاياجان
بادامگۈلگە نىسبەتەن بولمىدى. ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان، پايانى
يوق تىنىق ئاسمانغا ئوخشاش نۇرلۇق كۆزلىرى ئەمدى خىرەلەشكەن،
ئاق ـ قىزىلى روشەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سۈزۈك يۈزلىرى ئاندا ـ
مۇندا پەيدا بولغان قوڭۇر داغلار بىلەن غەلىتە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالدى، بۇ دەھشەتلىك ئىشنى ئۇ دەسلەپ
خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، بەدىنىدىكى بەزى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئاستا ـ ئاستا كۈچەيدى، ئاخىر بىرىپ ۋۇجۇدىدا ـــ يۈرىكىنىڭ ئاستىدىكى بىر يەردە قانداقتۇر بىر جانلىق
نەرسىنىڭ ئاندا ـ ساندا يېنىك تەۋرەۋاتقانلىقىنى سەزدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، بادامگۈل ئۆزىنىڭ چوڭ خاتالىقتا ـــ تولدۇرۇۋالغىلى
بولمايدىغان ئەجەللىك خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ
يىغلىدى، قاقشىدى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىز، تۇتۇرۇقسىزلىقىدىن كايىدى.
لېكىن بولار ئىش بولغانىدى، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن
خۇددى تۇمان ئارىسىدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلاردەك، خىرە ـ شىرە ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەممە پېشكەللىك ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدە، لەنىتى ئىتلارنىڭ قورشاۋىدا قالغاندا يۈز بەردى... ئۇنىڭدىن كېيىن، تەتىل بولدى. زايىتمۇ، بادامگۈلمۇ يۇرتقا قايتمىدى، كىنو كۆرۈپ، باغ سەيلىسى قىلىپ يۈردى. ئايدىڭ كېچىلەر، بۈك ـ باراقسان
باغلار ئۇلارغا يەنە خىلۋەت ماكان، سىرداش دوست بولۇپ قالدى.
بىر يېرىم ئايلىق ئۇزاق تەتىل ئۇلار ئۈچۈن گويا سۆيگۈگە، ھېسسىياتقا، ئاشىنىدارچىلىقتا تولغان سىرلىق، قىسقا دەقىقىلەردەك، ھەش ـ
پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى
غۇۋا كۆرگەن چۈشتەك، ئەسلىگىلى بولمايدىغان مۇدھىش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى....

بادامگۈل بۇ شۇم خەۋەرنى زايىتقا ئېيتىش قارارىغا كەلدى، ئۇ بۇ-
گۈنكى كەچلىك تەكرارغا چىقماي، زايىتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتاق-

تا ئولتۇراتتى، ئالاھازەل بىرەر سائەتتىن كېيىن، زايىت ئاللىقانداق بىر ناخشىنى غىڭشىغىنىچە ياتاققا خۇشال كىرىپ كەلدى ۋە بادامگۈل-نىڭ ئىككى يەلكىسىدىن بوشقىنە قاماللاپ تۇرۇپ :
— ساقلىتىپ قويدۇم ئامرىقىم، كەچۈرۈڭ! — دېدى.
بادامگۈل ئۈنچىقمىدى، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى. زايىت بۇنى «كېچىكىپ كەلگەنلىكىمگە رەنجىۋاتىدۇ » دەپ چۈشەندى بولغاي، يە-نە ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەپ كەتتى :
— سىزنىڭ ياتاقتا ساقلاۋاتقانلىقىڭىزنى غۇنچەقىز خېلى بۇرۇن ئېيتقان، شۇ ھامان كېلەي دېۋىدىم، لېكىن ھاۋاز يېتەكچى مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى، بىلەمسىز، قانداق ئىش؟ بۇ سىز ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ ئالەمچە خۇشاللىق ئىش : مۇشۇ مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلەمنى ھەل قىلىدى-كەن!...
زايىتنىڭ خۇشاللىق، ھاياجان بىلەن ئېيتقان بۇ داغدۇغىلىق سۆز-لىرى بادامگۈلنىڭ زىتىغا تەگدى، تىوۋا، ئۇ نېمە كويدا، بۇ نېمە ئويدا ـ ھە؟! بادامگۈل ھازىر بۇنداق تەنتەنىلىك ۋەز ـ نەسىھەتلەر-گە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ياردەمگە، تەسەللىگە موھتاج ئىدى! ئۇ زايىتنىڭ تەمە ۋە شۆھرەت ئىستىكىدە چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى دەرد ئىچىدە چى-قىۋاتقان ئازابلىق كۈلكە ئىدى.
— خوش، قېنى گەپ قىلىڭە، بادامگۈلۈم، — دېدى زايىت ئەر-كىلىگەندەك غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ، — نېمىگە چاقىرغانتىڭىز ؟
بادامگۈل گەپنى ئەگىتمىدى، ئۇنىڭدا ھازىر گەپ ئويۇنى قىلغۇ-دەك ھەپىلىمۇ يوق ئىدى، يۈرىكىنى قىيناپ، ئېچىشتۇرۇپ يۈرگەن گەپنى بىر جۈملە بىلەنلا پوسۇققىدە ئېيتتى :
— زايىت، مەن ھامىلىدار بولۇپ قاپتىمەن!
— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز ؟! — زايىت ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىغان-

دەك ھاڭۋېقىپ قالدى. بادامگۈل زەردە بىلەن تەكرارلىدى:

— ھامىلىدار بولۇپ قالدىم، دەۋاتىمەن!

زايىتنىڭ بېشىدا چاقماق چاقناندەك بولدى، بايىقى خۇشال كۆز-لىرى تىندى، قان تەپچىرەپ تۇرغاندەك قىزغۇچ يۈزى دەسلەپ تاتى-رىپ، كېيىن چويۈندەك كۆكىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇ-دىنى قارمىۋالغان مۇدھىش بىر تۇيغۇ ئاغزىنى گەپكە كەلتۈرمەي، تى-لىنى تاڭلىيىغا چاپلاپ قويغانىدى...

زايىتنىڭ بۇنداق چوڭقۇر غەم - قايغۇغا پېتىپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ئۇ يالغۇز زايىتنىڭ شېرىن ئاررزۇ - ئارمانلىرىنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى بەخت - ئىستىقبال كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بىر ۋاقىتتا، مەكتەپتىن قوغلاپ، جەمئىيەتنىڭ تاشلاندۇق بىر پۇقراسىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بادام-گۈلمۇ ئوخشاش تەقدىرگە مۇپتىلا بولاتتى، ئۇ ھالدا تۇغۇلغان بالىنىڭ تەقدىرىمۇ ئوخشاشلا كاج ۋە قارا بولاتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ قانداق قىلارمىز؟ — زايىت بىر ھازا-دىن كېيىن ئەنە شۇنداق مىسكىن ۋە بىچارە ھالدا غودۇڭشىدى، — بۇ ئىش سېزىلىپ قالسا، ھەر ئىككىمىز تۈگىشىمىز، بادامگۈل، ئىستىق-بالىمىز نابۇت بولىدۇ!...

بادامگۈل ئۆكسۈشكە باشلىدى، ئىككى مۈرىسى تىنىمسىز سىلكى-نىپ، كۆزىدىن يۇم - يۇم ياشلار تۆكۈلدى.

— بولدىلا، يىغا بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟! — دېدى زايىت سەل - پەل ئەقلى - ھوشىنى يىغىپ، — قانداقلا بولمىسۇن، بۇنىڭ ئامالىنى قىلمىساق بولمايدۇ! سىز بۇ ھەقتە بىرەر سىگە ئېيتتىڭىزمۇ، يوق؟

— ياق، ھېچكىمگە ئېيتمىدىم...، — دېدى بادامگۈل كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— ياخشى، ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولماڭ، بىر سىز، بىر مەن، بىر

خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن! مەن ئويلاپ باقاي، بىرەر چىقىش يولى تېپىلىپ قالار!...

شۇ كېچىسى زايىت كىرپىك قاقمىدى، باغرىدا شام كۆيگەندەك، ئۇيان تولغىنىپ، بۇيان تولغىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ چىقتى. شۇنچە ئويلاپ-مۇ بۇ ئىشنى جىمىدە يىغىشتۇرۇشنىڭ بىرەر ئەپلىك چارىسىنى تاپالمىدى. بۇ خۇددى گالدا توغرىسىغا تۇرۇۋالغان قىلتىرىقتەك، يا ئۇستىگە، يا ئاستىغا ماڭماي، ئۇنى قاتتىق قىينىۋەتتى. ئەگەر ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە، ئىش ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىپ، ھەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى، بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى زايىت خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى! شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشنى ئاخىر ھاۋاز يېتەكچىگە ئېيتىش قارارىغا كەلدى. مۇشۇنداق تەۋەككۈل قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىر بولسا، ھاۋاز يېتەكچى ياخشى ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قوغداپ قالاتتى؛ بىر بولسا، بۇ ئىشنى دەرھال ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن سادىق بىر مۇرىتىنى قۇربان قىلاتتى. لېكىن، زايىت ھاۋاز بەختىگە ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ مېھىر - شەپقەت قولىنى سوزۇپ، ئۆزىنى بۇ ئازابلىق دۇنيادىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ھاۋاز بەختى ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەم دەپ بىلەتتى، ھاۋاز بەختىنىڭ ھازىرغىچە كۆرسەتكەن ھىممەت - شاپائىتىگە ئۇمۇ ھەر خىل يول بىلەن ئاشۇرۇپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچ ۋە ئەقىدىسىگە ئېرىشكەنىدى.

زايىت ئەل ياتار چاغدا، ھاۋاز بەختىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دەسلەپ «بوينىغا گۇناھ مىنگەن خۇدانى شىپى كەلتۈرەر» دېگەندەك، ئۆزىنى ئەيىبلەپ، بىر تىپىنىغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. كېيىن ھېلىقى ئۇيياتلىق ئىشنى مۇشەققەت بىلەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېيتتى، بۇ كۈتۈلمىگەن گەپ ھاۋاز بەختىنى چۆچۈتۈۋەتتى، چىرايى ئۆزگۈرۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. چۈنكى، بۇ ئىش تۈپەيلىدىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە زايىت

بىلەن بادامگۈلگە تېگىدىغان توقماقنىڭ بىر بېشى فاكۇلتېتتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان ئۆزىگىمۇ تېگىپ كې-تىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى!

— بالدۇرلا دادا بولغۇڭىز كەپتىكەن - دە! — دېدى ھاۋاز بەختى خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، — سىزنى مەن بۇنداق سېسىق ئەۋرەزگە چۈشۈپ كېتەر، دەپ ئويلىماپتىكەن-مەن! بولدى، بۈگۈن قايتىپ ئوبدان ئويلىنىڭ، ئەتە سىزنى ئۆزۈم چاقىرتىمەن!

زايىت ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى، پۇتىنى سۆرەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىككە چىققان ھاۋاز بەختى تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا تاپىلىدى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ ئىش توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنغۇچى بولماڭ!

× × ×

بۇ كېچە ھاۋاز بەختىنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ھارام بولدى. ئۇنىڭ خىيالىغا زايىتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ئىشلار كىرىۋالغانىدى. ئۇنىڭ نەزى-رىدە، زايىت ھازىر خەتەرلىك ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالغا-نىدى. سەللا ئېتىنىرسە، تۆۋەن يوق ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتى، ئەگەر ئەپلەپ تارتىۋالسا، تامامەن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن قانداق تارتىش كېرەك، بۇ، چاپان يېپىش بىلەن قۇتۇلۇپ قال-غىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇنىڭ ئۇياتلىق پۇت - قوللىرى چاپاننىڭ چەت - چۆرىسىدىن ساڭگىلاپ چىقىپ قالىدۇ، ئۇنى كېيىمەن دەپمۇ كېسۋەتكىلى بولمايدۇ!...

بىردىنلا ئۇنىڭ پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ كەتتى، كۆز ئالدىغا سە-لىم ئەپەندى كەلدى، ئۇنىڭ ئۈچ كۈن بۇرۇن قايسىبىر ئوقۇغۇچىلار

يىغىنىدا ئېيتقان سۆزى ئېسىگە كېلىپ، چىشلىرى غۇچ ـ غۇچ بولۇپ كەتتى. سەلىم ئەپەندى ئۇ يىغىندا، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئېيتىپ كېلىپ، ئاخىرىدا : «شۇنداق، گېپوتى : ‹گۈلتاجى ياسىماق ئاسان، لېكىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر باشنى تاپماق قىيىن › دېگەن. تۇرمۇشتىكى ئىشلار بەزىدە كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ، ناھايىتى چىرايلىق گۈلتاجى تولىمۇ ئەقىلسىز قاپاق باشقا كىيىلىپ قېلىشى مۇمكىن!» دېگەنىدى. بۇ گەپ خۇددى چەنلەپ ئاتقان ئوقيادەك، ئۇدۇل كېلىپ ھاۋاز بەختىنىڭ يۈرىكىگە تەگدى. ئەسلىدە، سەلىم ئەپەندى بۇنى ھەرگىزمۇ ھاۋاز بەختىگە قارىتىپ ئېيتمىغانىدى. بەلكى بۇ ئاسمانغا ئېتىلغان ئوقتەك، نىشانسىز گەپ ئىدى. پەقەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەڭشەش غۇلغۇلىسى كېتىۋاتقان پەيتتە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈنلا ئېيتىلغان غەرەزسىز، خالىسانە سۆز ئىدى. لېكىن «خۇدۇكى بارنىڭ مونىكى بار» دېگەندەك، ھاۋاز بەختى بۇ سۆزنى ئۆزىگە ئېلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن سەلىم ئەپەندىنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈش يولىدىكى بىردىنبىر خەتەرلىك پۈتلىكاشاڭ، دەپ جەزىم قىلغانىدى. ھازىر شۇ سۆز يەنە ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ سەلىم ئەپەندىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لېكىن ھازىر بۇ ئۆچمەنلىك قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچكە ـــ تەڭداشسىز، قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلانغاندەك بولدى، بۇ غايىبانە كۈچنى ئۇنىڭغا زايىتنىڭ ھېلىقى خەۋىرى بەخش ئەتكەنىدى. بۇ خۇددى «كۆلنىڭ سېسىشى پاقىغا ياراپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ھاۋاز بەختى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، سەلىم ئەپەندىنى بادامگۈلگە باغلىدى، بۇ باغلاش بىلەن سەلىم ئەپەندىنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلدى، زايىتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرىمۇ تېپىلدى. ئەمدى سەلىم ئەپەندى ھاۋاز بەختىگە پۇتلىكاشاڭ بولالمايدۇ، زادى بولالمايدۇ! ئۇنىڭ بىر تال سېرىق تۈكىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى ھاۋاز بەختىنىڭ قۇدرەتلىك ئايىغى ئاستىدا كىچىك-

كىنە ئاجىز قۇرتتەك، مەڭگۈ ئۆلمەپ ياشايدۇ! ها ـ ها ـ ها!...

ئوقۇتقۇچىلارنى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئادىل باھالايدىغانلار ئوقۇغۇچىلار، بۇنداق باھالاش ھەمىشە، ھەممە يەردە، شەرتسىز ۋە توسقۇنسىز بولۇپ تۇرىدۇ. يېقىندا، مەلۇم بىر ياتاقتا، ھاۋاز بەختى توغرىسىدا مۇنداق باھالار بولۇپ ئۆتكەنىدى: «كىشىلەر چاشقان تۇتۇشنى بىلىدىغان مۇشۇك مياڭلىمايدۇ، دېيىدىكەن، بۇ ئادەم دەل شۇنىڭ ئۆزى. ئۇ ئوغرى مۇشۇكتەك ماراپ، پۇراپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئادەم جايلايدۇ!...» شۇنداق، بۇ ناچار ئىللەت ھاۋاز بەختىگە مەكتەپنىڭ قوغداش بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا يۇققان ۋە بۇ ئاجىز مىكروبلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇنبەت تۇپراقتا ئاسانلا كۆپىيىپ، ۋايىغا يەتكەن. كېيىن ئۇ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، بىر مۇنچە نوپۇزلۇق، بىلىملىك زىيالىيلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى بۇ ئىللەتكە ئىچى قارىلىق، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىككە ئوخشاش روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ساقايماس «ئۆسمە» پەيدا قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئاشۇنداق خۇنۈك، ناچار ئىشلارنى قىلىپ تۇرمىسا، ھېلىقى «ئۆسمە» دەرھال قوزغىلىپ، ئۇنى بىئارام قىلاتتى، ئازابلايتتى. ئۇنىڭ «رەقىبلىرى» نىڭ بەختسىزلىكى، مەغلۇبىيىتى ۋە قايغۇ ـ ئەلىمى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى بولاتتى!...

## 2

ئاقنىياز ئەقىللىك، ساددا يىگىت ئىدى، كۆڭلىدە ھېچكىمگە يامانلىق ئويلىمايتتى. لېكىن يېقىندىن بېرى، ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالدى، كۆڭلىدە ئاللىقانداق بىر شۇم خىيال باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى...

ئۇ، ئۆلۈشكۈن شەۋكەتنى يوقلاپ باردى، پارالىك ئارىسىدا شەۋكەت

ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ مۇنداق دېدى :
— ئاقنىياز، مەن سېنىڭ غۇنچەقىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئويلاپ قالدىم، سېنىڭ بۇ مۇھەببىتىڭ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن، يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون ئوتتۇرىغا قويغان «مەنىۋى مۇھەببەتلىشىش» بولۇپ قالدى. پىلاتون : «مۇھەببەت تەننىڭ تېگىشى بولمىغان روھنىڭ بىرلەشمىسى بولغاندىلا، ئەر - ئاياللار ھەقىقىي بەختلىك بولالايدۇ» دەپتىكەن. سېنىڭ ھازىرقى غۇنچەقىزغا بولغان مۇھەببىتىڭ دەل ئاشۇنداق — بىر - بىرىڭلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمايدىغان، يات جىنسقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشتىن يىراق بولغان، ساپ مەنىۋى مۇھەببەت بولۇۋاتىدۇ! لېكىن ئاداش، قەدىمدىن ھازىرغىچە، بۇنداق مەنىۋى مۇھەببەتنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان ئەمەس، سەندىمۇ بۇنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتالمايسەن! بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىل، مەن سېنىڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشۇڭدىن ئەنسىرەيمەن!...
ئاقنىياز ئىككى كۈندىن بېرى بۇ گەپنى ئويلاپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ يۈرسە، تۈنۈگۈن كەچتە سەلەي ئۇنى تېپىۋېلىپ، مۇنداق دېدى :
— ياخشى كۆرۈشنى تەسەللى بىلەن پەسەيتكىلى بولمايدۇ، ئاقنىياز! ئۇنىڭ ئەپچىل چارىسى — ۋىسالغا يېتىش!
بۇ گەپ ئاقنىيازنىڭ كۆڭلىدىكى مۇرەككەپ چىگىشلەرنى ئاسانلا يېشىۋەتتى. توغرا، ۋىسالغا يېتىش كېرەك! ئاقنىياز بۇ مۇھەببەتنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ!؟ ئۇنىڭ يۈرىكى بىرپارچە گۆشتەك ئىشق ئوتىدا كۆيدى، كۈل بولدى، نەچچە ئايدىن بېرى، تىترەپ تۇرغان جىسمىنى يەرگە ئۇرۇپ زارلىدى، قاقشىدى... لېكىن، ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى! ئەمدى بولار، سەۋر - تاقەت دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ، يىغىدىن كېيىن كۈلكە، قايغۇدىن كېيىن خۇشاللىق بولۇشى كېرەكقۇ! شۇنداق، ئەمدى ۋىسالغا يېتىش كېرەك. شۇ چاغدىلا، بۇ ئازابلىق،

كۆلپەتلىك مۇھەببەت ھەقدادىغا يېتىدۇ، ئاقنىيازنىڭ دەردلىك يۈرىكى ئارام تاپىدۇ، غۇنچەقىزمۇ ئۆز تەقدىرىنى قايتا بەلگىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ!...

شۇ خىياللار بىلەن ئاقنىيازنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. غۇنچەقىزنى ئۆزىگە بولغان ھۆرمەت، ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز قاپقانغا چۈشۈرمەكچى بولدى!...

بۈگۈن كەچتە، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بويىچە مۇشائىرە كېچىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ ئاقنىياز ئۈچۈن كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قىزىل بىناغا ئاقاتتى، ياتاقلار تىنچ ۋە خالىي قالاتتى. ئاقنىياز چۈشتىن كېيىن جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى، دەسلەپ مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، بىر تونۇش دوختۇردىن «نېرۋام ئاجىزلىشىپ، ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدىم» دەپ بىر نەچچە تال «خەيمىنال»① ئالدى. كېيىن بازارغا چىقىپ، بىر بوتۇلكا گىلاس ھارىقى بىلەن ئاز ـ تولا كەمپۈت، پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى، بۇلارنى ياتاققا ئەكىرىپ، ساندۇقىغا سالدى، ئاندىن غۇنچەقىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن تېپىش ئاسانغا چۈشمىدى، ئاقنىياز ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنىڭ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

سېرىق بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كۇتۇپخانا تىنچ، ئازادە ئىدى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت ئونغىچە ئىشىكلىرى ئۇلۇغ ئوچۇق بولاتتى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۈزۈلمەيتتى، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئۇدۇل تامغا ئىتالىيىلىك مەشھۇر فىزىكا ئالىمى گالىلېينىڭ: «كىتاب گويا ئالەم كېمىسى، ئۇ بىزنى تار جايدىن ھاياتلىقنىڭ بىپايان ئالىمىگە ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى يېزىلغان رامكا ئېسىلغانىدى.

ئاقنىياز غۇنچەقىزنى كەڭ ۋە جىمجىت كىتاب كۆرۈش ئۆيىنىڭ

---

① خەيمىنال — ئۆتكۈر ئۇيقۇ دورىسى.

بىر بۇلۇڭىدىن تاپتى ۋە دېمىنى بىسىپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:
— سىز بۇ يەردىكەنسىز، غۇنچەقىز!
غۇنچەقىز قىرقىم چاچلىرىنى سىلكىپ بېشىنى كۆتۈردى، چېچىنىڭ دولقۇنلىنىشى بىلەن تەڭ مەيدىسىمۇ كېرىلىپ، بىر جۈپ ئالمىدەك يۇمران كۆكسى بۆرتۈپ چىقتى. ئاقنىياز ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋې-لىپ، چاقچاق ئارىلاش سۆزىنى داۋام قىلدى:
— سىز مۆكۈۋالغان بۇ جاينى ئەقىللىق شەيتان تاپمىسا، ماڭا ئوخشاش كالۋا جىنلار تاپالمىغۇدەك!
غۇنچەقىزمۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ، چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى:
— ئەقىللىق شەيتان بولغاچقا تېپىپسىزغۇ، مانا!
بۇ يەردە ئۇزۇن پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا بولمايتتى، غۇنچەقىز كى-تاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاقنىيازغا ئەگە-شىپ سىرتقا چىقتى، ئاقنىياز بېشىنى ساڭگىلىتىپ، خىيال بىلەن جىمىدە كېتىۋاتاتتى.
— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، ئاقنىياز ئاكا؟ — سورىدى غۇنچەقىز ئاخىر مۇلايىم ئاۋازدا.
— ھەئە؟ — ئاقنىياز ئەندىككەندەك بېشىنى كۆتۈردى ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ مەقسىتىنى ئېيتتى، — كەچتە بىزنىڭ ياتاققا بىر چىقسىڭىز، سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى...
— مۇشائىرە كېچىسىگە قاتناشامدۇق؟
— قاتنىشىمىز، مەن تېخى شېئىر ئوقۇيمەن، ئارقىدىن تانسا ئوي-نايمىز، پائالىيەت باشلانغۇچە بىزمۇ ئۈلگۈرىمىز!
— ماقۇل، چىقاي.
غۇنچەقىزنىڭ كۆڭلى توق ئىدى، كاللىسىغا شەكلەنگۈدەك بىرەر خىيال كەلمىدى، ئۇ ئاقنىيازنىڭ ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك يىگىت ئى-كەنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى سىناقتىن ئۆتكەن دوست دەپ قارايتتى...

سائەت يەتتىگە يېقىنلاشقاندا، غۇنچەقىز خۇددى قىرنىڭ قىزىل تۇلكىسىدەك جەزبىدارلىقتا تولۇپ ياتاقتا كىرىپ كەلدى، ئاقنىياز مۇيۇنۇپ - تارىنىپ، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ...، — دېدى ئاقنىياز ھولۇقۇپ، — مانا بۇ يەرگە...

غۇنچەقىز دېرىزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى، ئۈستەلدە ئاقنىياز بايا بازاردىن سېتىۋالغان نەرسىلەر تىزىلغانىدى.

— ئوھوي!... رەسمىي زىياپەت ئىكەنغۇ بۇ! — دېدى غۇنچەقىز قوللىرىنى يېيىپ، — نېمانچە كايىغانسىز...

— ئەرزىمەيدۇ غۇنچەقىز، سىزنىڭ لايىقىڭىزدا بولمىدى...

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى. ئاقنىياز غۇنچەقىزدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئۇ بۈگۈن تېخىمۇ گۈزەل ۋە جىلۋىدار بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى...

غۇنچەقىز ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكىمۇ، ئىشقىلىپ، باشقا قىزلارغا قارىغاندا، ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە تۇتىدىغان مودا قىزلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ تەققى - تۇرقى ھەم چىراي - شەكلىگە ماس كېلىدىغان گىرىم قىلىشنى بىلەتتى. ئۇ چىرايىنىڭ ئۈچ ئۈلۈشى تەبىئىي، يەتتە ئۈلۈشى مۇۋاپىق ياسىنىشتىن كېلىدۇ، دەپ قارايتتى. دەرۋەقە، گىرىم قىلىشمۇ بىر خىل سەنئەت. ئاياللار بۇنىڭ بىلەن گۈزەل ئوبراز يارىتالايدۇ. بەلگىلىك جەزبىدارلىقتا ئىگە بولىدۇ. غۇنچە قىز خۇددى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كەسپىي گىرىمچىكلىرىدەك، بۇ ھەقتە خېلى ئەتراپلىق ساۋاتقا ئىگە ئىدى. ئۇ ھەمىشە يېقىن دوستلىرىغا مۇنداق دەيتتى: «مۇۋاپىق گىرىم قىلغاندا، ئادەمنىڭ چىرايى نۇرلىنىدۇ، غەلىتە كۆرۈنۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن، ئۇپىلىق ماي يۈزگە سۈرتۈلسە، تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، تېرىدىكى سەپكۈنلەرنى ياپىدۇ؛

كىرپىك مەلھىمى بىلەن كىرپىكنى بويىغاندا، كىرپىك ھەم ئۇزۇن، ھەم قويۇق كۆرۈنۈپ، كىشىلەرگە بىر خىل ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ؛ كۆز ئىنسان قەلبىنىڭ دېرىزىسى، ئۇنىڭغا ياخشى گىرىم قىلىنسا، ئادەمنىڭ روھىي قىياپىتى بىلەن سالاپىتىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدۇ...»

ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە ئەنە شۇنداق ھەۋەس ۋە ئىشتىياق بىلەن گىرىم قىلغانىدى. كىيگەن كىيىملىرىمۇ گىرىمگە ماس ھالدا ئۇنى تېخىمۇ جەلپكار، روھلۇق ھەم گۈزەل قىلىۋەتكەنىدى...

ئاقنىياز قىزغا قىپقىزىل گىلاس ھارىقى، ئۆزىگە ئاق ھاراق قۇيدى ۋە رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزرە سورىغاندەك قىياپەتتە:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ غۇنچەقىز، ئازراقتىن ئىچكەچ پاراڭلىشايلى! — دېدى.

غۇنچەقىز نازلىنىپ ئولتۇرمىدى، بۇرۇندىن ئاز - تولا قىزىل ھاراق ئىچىپ كۆنگەچكە، بىرىنچى رومكىنى دەرھاللا كۆتۈرىۋەتتى، تەملىك، خۇشبۇي ھاراق ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ئاقنىيازمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، چىرايلىق، شوخ رۇبائىي ۋە لىرىكىلار بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە رومكىنى تۇتتى. غۇنچەقىزمۇ تۈزۈتىسىز، تەخىرسىز ئىچتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، يۈزى ئانارگۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئاقنىياز ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن ۋاقىتنى ئىگىلەۋاتاتتى، ئۇ غۇنچەقىزنىڭ «نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، ئېيتمامسىز؟» دېگەن سوئالىنى سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، بىردەم دۇنيانىڭ، بىردەم مەكتەپنىڭ، بىردەم ئاسماننىڭ، بىردەم يەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، غۇنچەقىزنىڭ ئېغىز ئېچىشىغا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. ئاقنىيازنىڭ ۋەھىمە ھەم تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلىرىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. غۇنچەقىزنى تاتلىق ئۇيقۇ باستى، ئۇيقۇ گويا شىددەتلىك تاغ كەلكۈنىدەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارماپ، بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تىركىشىپ باقتى، بېشىنى

سىلكىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، شۇنچە قىلسىمۇ ئەپلەشمىدى، خۇددى
جىن تەگكەندەك، ئەسنەك تۇتۇپ، قاپاقلىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى،
ئاخىر نېمە بولغانلىقىنى ئويلاپ يەتكۈچە، بېشى ئۈستەلگە ساڭگىلاپ،
لايدەك ئۇيۇپ كەتتى...

ئاقنىياز ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى، توپلىيىنى سالدۇ-
رۇپ، پۇتلىرىنى تۈزەشتۈردى، قىز ھېچنېمىنى سەزمىدى، يېنىك
پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى مەسۇم، مۇلايىم ھالىتى
ئاقنىيازنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلدى. ئۇ سۆيگۈ، ۋىسال ۋە تەشنالىق
ئىستىكىدە يانغان تەلۋە بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىزنىڭ كى-
يىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى، يېرىم يالىڭاچ قىلىنغان قىز تېخىمۇ
جۇلالىنىپ، سۈرەتتەك قېتىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى چاقناپ
تۇرغان گۈزەللىكتىن ئاقنىيازنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى
تۇتالماي قىزغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمشاق بەدىنىنى قۇ-
چاقلىدى، سۆيدى، يەنە قۇچاقلىدى، يەنە سۆيدى... ئۇنىڭ ھېسسى-
ياتى ئۆرلىدى، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەزىرىدە،
ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ مالامەتلىك دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ
ئورنىدا ئىشق — مۇھەببەتكە تولغان سىرلىق، پىنھان بىر ئالەم بار
ئىدى، بۇ ئالەمدە پەقەت ئۆزى بىلەن غۇنچەقىزلا مەۋجۇت ئىدى.
شۇڭا ئۇ، ئەركىن، بىمالال ھەرىكەتلىنەتتى، ھېچكىم ۋە ھېچنېمە ئۇ-
نىڭغا دەخلى قىلالمايتتى. ئۈزلۈكسىز سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشتىن ئۇنىڭ
يۈرىكى يايراپ، روھى ئۇرغۇدى، يىگىتلىك ھېسسىياتىمۇ ئاستا — ئاس-
تا ئۆرلەپ قىيامىغا يەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇترىغان قوللىرى قىزنىڭ
ئەڭ سەزگۈر، نازۇك يەرلىرىگىچە سوزۇلۇپ، قىزنىڭ ئىپپىتىنى يېپىپ
تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە لاتىمۇ سىيرىپ چۈشۈرۈلدى، ھەممە
ئىش تۈگەش ئالدىدا تۇراتتى، قىزلىق بىلەن جۇۋانلىقنىڭ، ئالىيجاناب-
لىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئارىسىدا بىرلا قەدەم قالغانىدى. ئاقنىياز كۆ-
زىنى يۇمۇپ، بۇ قىسقا قەدەمنى باسماقچى بولدى، لېكىن شۇ چاغدا

نىمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ قارام يۈرىكى قاتتىق گۈپۈلدەپ كەتتى، قۇتـرىغان جىسمىمۇ تۈيۈقسىز تورمۇزلانغان ماشىنىدەك سىلكىندى. ئـۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قـۇدرەتلىك، غـايىبانـە بىر ئاۋاز ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى: «ئاقىنياز، شـەيتىنىـڭغا هـاي بەر! ۋىجدان بىلەن ئىش قىل! ۋىجدان ئۆزلۈكىدىن زۇۋانـغا كىرمـەيدۇ، بەلكى ئۇ سىنىڭ دىلىڭ، تىلىڭ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنىڭ هـەردەتكە كىلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ! سەندىكى ۋىجدان قىنى!؟...»

ئاقىنياز ئۆزىنى باستى، بايا هىسسىياتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خىرەلەشكەن ئەقلى ئاستا ـ ئاستا روشەنلەشتى، ئەمدى ئۇ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاشقا باشلىدى: «توغرا، ئۇنىڭ جىمى بايلىقى مانا شۇ ئىپپەت ـ نومۇسى ئەمەسمۇ؟! مەن ئۇنى ئوغرىلاپ كەتسەم، ئۇ ئۆمـۈرلۈك ئازابقا قالامدۇ؟ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ئازاب ـ ئوقـۇبەتكە قويسام، بۇ دۇنيادا مىنىڭ كۆڭلۈممۇ خاتىرجەم ئۆتەرمۇ!؟...»

دەرۋەقە، هايات مەنتىقىسى شۇنداق! بۇ دۇنيـادا باشقىلارغا بىهۇدە ئازار بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ هەرگىز خۇشال ئۆتمەيدۇ!

ئاقىنياز خۇددى بىرسى كۈچەپ تـارتقاندەك، لىككىـدە ئورنىدىـن تۇرۇپ كەتتى، قانداقتۇر بىر ۋىجدانىي تۈيغۇ ئۇنـى يامان نىـيەتتىـن ياندۇردى، لىكىن ئۇنىڭ ئويچان، تىنىق كۆزلىرىدە ياش تامچىسى لىغىرلاپ قالغانىدى. بۇ ئۆز قىلمىشىغا رازى بولۇپ، هاياجانـدا چىققـان خۇشاللىق يىشىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆكۈنۈپ، نادامەتتىـە چىققان هەسرەت يىشىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. ئۇ قىزنىڭ كىيىمـلىرىنـى قايتىدىن ئاۋايلاپ كىيگۈزدى، چاچلىرىنـى تۈزەشتۈرۈپ، يـۈزلىرىنـى سىلىدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا قىزنى بىر نەچچە قىتىم توۋلـىدى. ئۇنىـڭ تەقەززالىقتا ئىيتىلغان قوپال ئاۋازى غۇنچەقىزنى بىهوشلۇق هـالەتتىـن ئويغاتتى. ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىدىكى ئىلتىجا ۋە مۇلايىـملىـق ئاقىنيازنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇررىدە ئىرىتىۋەتتى. ئـۇ قىزنى سـەگىتىـپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ئەمدى ئۇنى ياتىقىغا ئاچىقىپ قويمىسا بولمايـتـ

تى، ساۋاقداشلىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.
ئۇ غۇنچەقىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ياتاقتىن ئېلىپ ماڭدى. ياتاق ئىچى ئىككى بەختسىز ئاشىق ـ مەشۇقتىن قالغان ئاجايىپ بىر پۇراق بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ مۇقەددەس پۇراقتا، پورەكلەپ ئېچىلـ غان گۈل ـ غۇنچىلەرنىڭمۇ، بۇژۇلداپ تۇرغان گۈلگۈن شارابىنىڭمۇ پۇرىقى بار ئىدى!...

## 3

بۇگۈن زايىت ناھايىتى خۇشال ئىدى. يولدا كېلىۋېتىپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلەتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىنكى ئەمگەككە قاتناشمىدى. ساۋاقداشلىرى مەكتەپنىڭ دېھقانچىـ لىق مەيدانىغا ياڭيۇ قازغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ بادامگۈلنىڭ ياـ تىقىغا ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى، بادامگۈلمۇ يېقىندىن بېرى، دەرستىن باشقا پائالىيەتلەرگە قاتناشماي، ئۆزىنى ياتاقتا بېكىندۈرۈۋالغانىدى.
زايىت قىزلارنىڭ كېمىر شەكىللىك ياتىقىغا كىرگەندە، بادامگۈل كارىۋىتىدا يېنىچە تۈگۈلۈپ ياتاتتى، ياستۇقىنىڭ چېتىدە قايسىبىر دەرسنىڭ كونسپېكتى تۇراتتى، لېكىن ئۇنى ئېچىپ باقمىغاندەك قىلاتتى.
— كېلىڭ...، — دېدى ئۇ ئۆرە بولۇپ، ئاۋازى زەئىپ، روھى بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى.
زايىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆز خۇشاللىقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزمەكچى بولغاندەك، شائىرانە تەلەپپۇز بىلەن ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— يېقىندىن بۇيان، ئەجەب چىرايىڭىز ئېچىلماي كەتتىغۇ، بادامـ گۈل! بۈگۈن بىر كۈلۈڭە، دۇنيادا كۈلكىدىنمۇ يېقىملىق كۈي بارمۇ؟ ھە، توختاڭ ئېسىمگە كەلدى، مەن سىزگە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي،

بۇ، چىلىلىق مەشھۇر شائىر فابلۇنىرۇدانىڭ شېئىرى، ئاڭلىمىغان بول-
غىيدىڭىز...

زايىت لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، بىر قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقتى، يەنە بىر قولىنى يېرىم دائىرىدە كۆتۈردى، بېشىنى بولسا، ئېگىزگە كىدەيتىپ، دېرىزە تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى بادامگۈلنىڭ كۆڭلىگە قىلچىمۇ سىغمىدى، بۇ خۇددى «ئۆچكىگە جان قايغۇ، قاسساپقا ماي» دېگەندەك، كۈلكىلىك ئىش بولغانىدى. لېكىن زايىتنىڭ پەرۋايى پەلەك، گېلىنى قىرىپ، ئۆزىنى تۈزەپ، شېئىر ئوقۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى:

«ساڭا كېرەك بولسا،
ئالغىن بېرەي بولكامنى.
بېرەي ئالغىن ھاۋايىمنىمۇ،
بىراق، ئېلىپ كەتمە تەبەسسۇمۇڭنى.
ئۇ بىر تال ئەتىرگۈل،
چېقىلمىغىن ھەرگىز ئۇنىڭغا.
ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۈيى ئۇ،
ئۇ سىسۇزلۇقۇمنى قاندۇرار.
شاد ـ خۇرام ئىللىق چېھرىڭدىن،
ئېتىلار كۈمۈش رەڭ بۇژغۇنلار!»

ـــ قانداق، شېئىر يارىدىمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ مەستانە ھالەتتىن ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، ـــ ئەمدى كۈلەرسىز، تەبەسسۇمۇڭىزدىن ماڭىمۇ ئازراق بېرەرسىز...

ـــ زايىت، ھازىر كۈلىدىغان ئىشلار بولۇۋاتامدۇ؟! ـــ دېدى بادامگۈل چىشى قېرىشقاندەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ـــ نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز! سىزنى كۈلكە قىستاۋاتقان بولسا، مېنى يىغا قىستاۋاتىد-

دۇ!...

— هاي ـ هاي، توختاڭ! — دېدى زايىت ئۇنى پەپىلىگەندەك قىلىقلارنى قىلىپ، — راستىنى ئېيتسام، ئەمدى بىزنىڭ كۆلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى، بادامگۈل! ئەمدى بىز كۆلىمىز، قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ، خەندان ئۇرۇپ كۆلىمىز! ھاۋاز يېتەكچى بىزگە ئاشۇنداق خۇشاللىقنى ئاتا قىلدى!

— راستمۇ؟ — بادامگۈلنىڭ چىرايى دەسلەپ ۋىللىدە ئېچىلدى، كېيىن يەنە بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك، پەرىشان ھالدا سورىدى، — سىز ئۇنىڭغا دېدىڭىزمۇ؟

— دېدىم، دېمەي ئامالىم قانچە؟ — زايىت چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەنمۇ ئىككى كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم، بادامگۈل! قىلمىغان خىيال قالمىدى، بىرەر ئارقا ئىشىك تېپىپ، دوختۇرلار بىلەن سۆزلىششىنمۇ ئويلىدىم، لېكىن بۇ ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاش بولىدىكەن. ھازىر دوختۇرلار رەسمىيەتسىز ئىش بېجىرمەيدۇ، بالىنىڭ دادىسى قېنى؟ تونۇشتۇرۇش ئەكەل، دەيدۇ. غەم ـ قايغۇغا پېتىپ ئۆتۈۋەرسەك، ئىشنىڭ تېخىمۇ يوغىنى چىقىدۇ. شۇڭا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ھاۋاز يېتەكچىگە ئېيتاي، يىغلاي، قاقشاي، ئىچى ئاغرىپ بىرەر ئامال كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس، دېگەن قارارغا كېلىپ ئېيتتىم، ئۇ ئاڭلاپلا، چىچاڭشىپ كايىپ كەتتى، شۇ كۈنى مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغاندەك ئەلپازدا بولدى، لېكىن ئاخشام ئۆزى مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئالەمچە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتتى، بىزنى قوغداپ قالماقچى بولدى...

— ئاھ خۇدا، دەردىم ساڭا يەتكەن ئوخشايدۇ! — دېدى بادامگۈل ھاياجانلىق تىن ئېلىپ، — ئەجەب ئوبدان بولدى!...

لېكىن، ھاياجان سەل بېسىلىپ، كاللىسى بىر ئازا سەگەكلەشكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ خىيالىغا «قانداق قوغداپ قالماقچى؟» دېگەن جىددىي پىكىر كېلىپ قالدى. راست، ھاۋاز يېتەكچى بۇ ئىككىسىنى قانداق

سېھرىي كۈچى بىلەن قوغداپ قالماقچى؟ ئۆزۈنىغا قالماي ھەممە ئا-
دەمگە ئاشكارا بولۇپ كېتىدىغان ئۇياتلىق ھامىلىنى قانداق يىغىشتۇر-
ماقچى ؟!...

بۇ سوئاللار بادامگۈل ئۈچۈن چىگىش ھەم مۈشكۈل بولغىنى بىلەن ھاۋاز يېتەكچى ۋە زايىت ئۈچۈن شۇنداق ئاددىي ھەم ئوڭاي ئىدى. بۇ سوئالنى بادامگۈل سورىغىچە، زايىت ئۆزى جاۋاب بەردى :

— ئەلۋەتتە، بۇ پالاكەتتىن ئىككىمىزنى قوغداپ قېلىش ئاسان ئە-
مەس، ھاۋاز يېتەكچى نۇرغۇن باش قاتۇرۇپ، ئاخىر بۇنىڭ كاۋاپىغۇ
كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان ئەپلىك بىر چارىسىنى ئويلاپ تې-
پىپتۇ...

— قانداق چارە ئىكەن ئۇ ؟ — ئالدىراپ سورىدى بادامگۈل.

— سىز بۇ ئىشنى سەلىم ئەپەندىگە ئارتىپ، كىچىككىنە بىر ماتې-
رىيال يېزىپ بەرسىڭىزلا بولىدىكەن، — دېدى زايىت پەرۋاسىز قىيا-
پەتتە، — سىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولىدىكەنسىز، مەنمۇ گۇ-
ناھتىن ساقىت بولىدىكەنمەن...

— نېمە! نېمە دېدىڭىز ؟! — سەبدەگۈلدەك مۇلايىم، يېقىملىق بۇ
قىز بىردىنلا سەل ئەسەبىيلەشكەندەك، ھېچنېمىگە قارىماي چېچىلىشقا
باشلىدى، — مەن ئەمدىزە، دىلىمغا ئىلىم - مەرىپەت چىرىغىنى ياققان
ئادەمنى ئورىغا ئىتتىرەمدىكەنمەن!؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىزمۇ ئورىغا چۈشمەيدۇ! — دېدى
زايىت بادامگۈلنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىپ، — ھاۋاز يېتەكچىنىڭ
ئېيتىشىچە، بۇنداق ئىش ئوقۇتقۇچى تەرەپتىن سادىر بولسا، كۆرۈلى-
دىغان چارە ئېغىر بولمايدىكەن. ئەگەر بىزگە چارە كۆرۈشكە توغرا
كەلسە، ئىككىلىمىزنى مەكتەپتىن قوغلاپ، ئۆمۈرۋايەت بىلىم ئېلىش
پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن، تۇغۇلغان بالىمىزمۇ قانۇنسىز يېتىم
ئوغلاق بولۇپ قالىدىكەن!...

— ياق، نېمە بولسا بولسۇن، مەن ئۇنداق رەزىل ئىشنى قىلماي-

مەن! ــ بادامگۈل قاپاقلىرىنى سۈزۈپ دومسايدى، ــ ئاڭلىغان خەقلەر نېمە دەيدۇ، ساۋاقداشلىرىم نېمە دەيدۇ، مەن يەنە بۇ دۇنيادا ياشامدىمەن، يوق؟

ــ خەقلەر نېمە دېسە دېمەمدۇ! ــ دېدى زايىتمۇ سەل قىزىدىشىپ، ــ سەلىم ئەپەندىنىڭ سىزگە ئامراقلىقىنى سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، بۇ سىزدىن باشلانغان ئىش ئەمەسقۇ! كىملەرنىڭ بېشىدىن ئۆتمىگەن!؟ ئېپىتىڭىزنى يوقاتقان، ھامىلىدار بولغان بولسىڭىز نېمە بوپتۇ! ئۆز ئېگىسىگە تاپشۇردىڭىزغۇ! مەن سىزنى چۈشەنسەم بولمىدىمۇ! ناھايىتى كەلسە، تۇرمۇشىڭىزدىكى بىر قېتىملىق سەۋەنلىك بولار! ھاۋاز يېتەكچى سىزنى ئاشۇ سەۋەنلىكتىنمۇ قوغداپ قالماقچى، مەنمۇ سىزنى جېنىم بىلەن قوغدايمەن!...

بادامگۈلنىڭ ئۇچى قىزارغان بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرى تارتىشىپ لىپىلدىدى، كېيىن قاپقارا، يوغان كۆزلىرىدىن مۆل ـ مۆل ياش قۇيۇلدى.

ــ ياق، زايىت، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ــ دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، ــ سەلىم ئەپەندىگە ئۇۋال بولىدۇ!

زايىت بىر پەس شۈكلەپ قالدى، ئۇ بادامگۈلنىڭ بۇنداق جاھىللىق، ئەخمەقلىق قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، بەلكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا بېشى كۆككە يېتىدۇ، نومۇسىنى، مۇھەببىتىنى، ئوقۇشىنى قوغداپ قالغان ھاۋاز يېتەكچىگە تەشەككۈر ئېيتىپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئىش كۈتكەن يەردىن چىقمىدى، ئەگەر بادامگۈل بۇنداق قىلىشقا رازى بولمىسا، ھەر ئىككىسىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈزۈل ـ كېسىل نابۇت بولاتتى. ھاۋاز بەختىمۇ بۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، «ناۋادا، بادامگۈل ماتېرىيال يازمىسا، مەندىن رەنجىمەڭلار» دېگەنىدى. زايىت شۇ تاپتا ئېغىر ئەھۋالدا قالدى، بادامگۈلنىڭ كاج، بىغەرەزلىكىدىن قاتتىق ئاغرىندى، ئىچىدە ئۇنى تىللاپ، ئەيىبلىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى ئەي-

ۋەشكە كەلتۈرۈش، ئالداپ ـ سىلاپ بولسىمۇ گەپكە كىرگۈزۈش كېرەك ئىدى!...

— ئۇنداق قىلماڭ، بادامگۈل، ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ ئويلاڭ! — دېدى زايىت بىردىنلا بىچارە قىياپەتكە كىرىپ، — سەلىم ئەپەندى دېگەن چوڭقۇر يىلتىز سۈرگەن كۈچلۈك دەرەخ، ئۇنداق ـ مۇنداق بوران ـ چاپقۇنلار ئۇنى يىقىتىۋېتەلمەيدۇ! لېكىن بىزچۇ، بىز دېگەن ئەمدى يىلتىز تارتىشقا باشلىغان ئاجىز كۆچەت، سەللا شامال چىقسا، تۈۋىمىزدىن قومۇرۇپ، ئازگاللارغا تىقىۋېتىدۇ. ھەقىقىي ئۇۋاللىق بىزگە كېلىدۇ، جاھىللىق قىلماڭ، ئىستىقبالىمىزنى، شان ـ شەرىپىمىزنى ئويلاڭ، بىز تېخى ياش، ئالدىمىزدا بەختلىك كېلەچەك قۇچاق ئېچىپ تۇرىدۇ، ئۇنى نابۇت قىلمايلى!...

بادامگۈل تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقىنى ياش ئەمەس، بەلكى يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆكۈنۈش زەردابى ئىدى. ئۇ ئېسەدەپ، ئۆكسۈپ گەپ قىلالماي قالدى. زايىت دەرھال ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان يەلكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ گەپلىرىمنى ئويلاپ بېقىڭ، بادامگۈل، مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، سىز بىلەن مەڭگۈ بەختلىك، خۇشال ئۆتۈشنى خالايمەن! — دېدى ـ دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، نەملەشكەن يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى...

× × ×

تاراسلاپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، بادامگۈل ئۆزىنى دالدىغا ئالمىدى، بەلكى شەبنەم چۈشكەن ئاق لەيلىدەك، نەملەشكەن سولغۇن يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرىۋەردى. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ چىرايى ئوماققىنە ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ راھەتلەنگەندەك بىر دەقىقە كۆزىنى يۇمدى. يامغۇر سۈيى ئەمدى ئۇنىڭ قاپقارا يۇمشاق چاچلىرىدىن سىرغىپ

ئېقىشقا باشلىدى...
شامال ئارىلاش چۈشۈۋاتقان سوغۇق يامغۇر سۈيى ئۇنى شۈر-كۈندۈرەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزىنىڭ پاك، شىددەتلىك ئېقىنى بىلەن بىللە ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنى يەڭگىل ھەم ئازادە قىلىپ قويدى...
ئۇ تۈنۈگۈن زايىتقا تەن بەردى، زايىتنىڭ شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرى، ئۇلۇغ ۋەدە ـ قەسەملىرى، بىچارە ھالەتتىكى يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى دىلخەستە قىزنىڭ ئاجىز، مۇڭلۇق قەلبىنى ئەسىر قىلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن زايىتنىڭ دېگىنى بويىچە، يېرىم بەتلىك ماتېرىيالنى يېزىپ، ئىمزاسىنى قويدى. ئۇ بۇنى ئىككى ئادەمنىڭ ئار ـ نومۇسى، بىر بوۋاقنىڭ كېلەچىكى ۋە بەخت ـ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئامالسىز قىلدىم، دەپ ئۆزىنى ئاقلاپ، كۆڭلىگە تەسكىن بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ئۇسال ۋە قەبىھ بىر ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك، كۈن بويى كۆڭلى غەشلىك، پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتتى. بولۇپمۇ، سەلىم ئەپەندىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ۋىجدانى ئازابلىنىپ، خامۇش ئولتۇرۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى، قارىماققا كىچىككىنە كۆرۈنگەن يېرىم بەتلىك ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىدا قانداق رەزىل ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىنى ئانچە ئويلاپ يەتمىگەنىدى. راست، ئېپپەت ـ نومۇسى تۆگەپ، قىزلىق غۇرۇرى زەخىملەنگەن، دىلى ئازار يېگەن ناتىۋان بۇ قىز ئاددىي ھەم ئانچىكىم كۆرۈنگەن بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ، بۇخسۇپ تۇرغان چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قاڭسىق ھىدىنى تېخى ھىدلىيالمىغانىدى!...

## 4

ئادەمنىڭ ئامىتى كېلىپ، ئوشۇقى ئالچا چۈشۈۋاتقان پەيتتە، ھەممە نەرسە مەڭگۈلۈكتەك، قولىدىكى ھوقۇقمۇ، بەزىبىر چۈپرەندىلەرنىڭ

كۆرستىۋاتقان شەرمەندە خۇشامەتلىرىمۇ، كۆز چاقنىتىپ باش ئۇس-
تىدە ئۇچۇپ يۈرگەن شان ـ شۆھرەتمۇ ئەبەدىلئەبەد ئۆزىگە تالىقتەك
بىلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئۇ ئادەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېرىپ تەختتىن
چۈشۈشىنى، ھەتتا بىر دەقىقە ئىچىدە ئۆلۈپ قېلىشىنىمۇ خىيالىغا
كەلتۈرمەيدۇ! لېكىن، تۇرمۇش شەپقەتسىز، ئۇ، ئادەمنى ھەر كويلارغا
سالىدۇ، بەزىدە خۇددى بىر تال قۇرۇق خازاندەك، ھايات قاينىمىنىڭ
شىددەتلىك ئېقىنلىرىدا خالىغانچە پىرقىرىتىدۇ، بەزىدە ئاپىرىپ سې-
سىق پاتقاقلارغا پاتۇرۇپ قويىدۇ!...

شۇ كۈنلەردە، جىن شۇجىنىڭ بېشىغا ئاشۇنداق كۈتۈلمىگەن، ئې-
غىر سەۋدالار چۈشتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئاغرىدى، دوختۇرخانىدا تەك-
شۈرتۈۋىدى، «جىگەر راكى» دېگەن ئەجەللىك كېسەلنى ئارتىپ قوي-
دى. بۇ مۇدھىش خەۋەر بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن مەكتەپكە
گۈررىدە تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ جىن شۇجىغا ئىچ ئاغرىتقانلار، قاي-
غۇرغانلار، ھېسداشلىق قىلغانلار بولدى؛ تەقدىرگە تەن بېرىپ، «ئەل-
ھۆكمىلىللا» دېگەنلەر بولدى؛ شۇنداقلا، «ئەجەب ياخشى بوپتۇ، بىر
مەنسەپ ئورنى تېزرەك بىكار بولىدىغان بولدى!» دەپ، كۆڭلىدە ھەر
خىل چوتلارنى سوقۇانلارمۇ بولدى! ...

جىن شۇجى كېسەل ئازابى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن بىر نەچچە
كۈن ئىچىدە ياداپ، ئۆزگىرىپ، بەئەينى ساتارنىڭ دەستىسىدەك، قۇ-
رۇق ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئۇ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بىر كى-
شىلىك ياتىقىدا تورۇسقا قاراپ ئەجەل كۈتۈپ ياتاتتى. بۇنداق
چاغدا، كېسەل كىشى ناھايىتى سەزگۈر ھەم نازۇك بولۇپ كېتىدۇ.
ئۇ، بۇرۇن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ئادەملىرى ئىچىدىن كىملەرنىڭ
يوقلاپ كېلىپ كۆڭۈل ئېيتقانلىقىنى، كىملەرنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئې-
لىپ، «ئەمدى سېنىڭ لازىمىڭ قالمىدى» دەپ، سايىسىنىمۇ كۆر-
سەتمىگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ ياتىدۇ. دېمىسىمۇ، ئادەم بالى-
سىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ۋاقىت ـــ دەل ئۇنىڭ ئەتراپى-
دىكى ئۇلپەتلىرىنىڭ سەمىمىي ـ ساداقىتىنى، ئەقىدە، ئىخلاسىنى سى-

ـنايدىغان ئەڭ ياخشى، ھالقىلىق ۋاقىت بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان دوست ـ بۇرادەرلەر ئۇنىڭ دەردىنى ئۆز دەردى، دەپ بىلىپ، چىن كۆڭلىدىن يوقلايدۇ، تەسەللى ئېيتىدۇ، مەدەت بېـ. رىدۇ. ئۆلۈم ۋەسۋەسىدە ياتقان كىسەل ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە روھىي ئوزۇق بولمايدۇ!...

جىن شۇجى مۇشۇ دوختۇرخانىدا ياتقان بىر ھەپتىدىن بېرى، ھاۋاز بەختى ئۇنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى، بۇرۇن خۇددى ئۇ. نىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، سايىسىغا كۆرپە سالغۇدەك بولۇپ يۈرىدىغان بۇ ئىخلاسمەن مۇرت ئەمدى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەت. كەندەك قىلاتتى. جىن شۇجى كىسەل ئازابىدا ئىڭراپ يېتىپمۇ بۇ ئا. دەمنى ئويلىدى، ئەسلىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۆزىگە بولغان ئاجايىپ يېقىن مۇناسىۋىتىنى، ھەربىر كۆرۈشكەندە، خۇددى ئامراق دادىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ كېتىدىغان ساداقەتمەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ. رۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ زېھنىي كۈلكىسىدە، چوڭقۇر تەئەججۈپ بىلەن ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسى بار ئىدى!...

دەرۋەقە، ھاۋاز بەختىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، بۇ باشلىققا بولغان خۇشا. مەتگۈيلۇقى راستتىنلا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، جىن شۇجى ئىسىل تاماق يەپ قورسىقىنى تويغۇزسا، ئۇ چەتتە تۇرۇپ كېكىرىپ بېرەتتى، ئۇ ھىجايسا، قاقاقلاپ كۈلەتتى؛ ئۇ كۆز يېشى قىلسا، بۇ كىشى ئۈن سېلىپ يىغلايتتى؛ ئۇ ئىسسىپ كەتسە، بۇ كىشى شەپكىسىنى يەلپۈگۈچ قىلىپ يەلپۈيتتى؛ ئۇ توڭلاپ كەتسە، بۇ كىشى ھورداپ ئىسسىتاتتى!...

قىسقىسى:

ئۇنىڭ جېنى، بۇنىڭ جېنى بىر جان ئىدى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭ جېنى قۇربان ئىدى!

شۇنىڭ ئۈچۈن، جىن شۇجى ئۇنى يوقىرى ـ تۆۋەندە ماختاپ

يۈرۈپ، ئوتتۇرا قولدەك يىگىتكە ئايلاندۇرغان، بۇ قىممەتلىك رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىنى تەشەببۇسنىڭ ئالدىنقى نىشانى قىلىپ، تۆمۈر دەپتەرگىمۇ
ئىسمىنى يۆتكەندى!

لېكىن، جىن شۇجى بۇ قىممەتلىك ئارمان بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىۋېتىپ،
ھاياتنى، ئادەملەرنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چوڭقۇر چۈشەنگەندەك
بولدى. بۇرۇن ئۇنى خۇددى بىر ئۇلۇغ زاتنى تاۋاپ قىلغاندەك، بېـ
شىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان «ئىخلاسمەن» لەر، ئەتراپىدا ھەمىشە پايپېـ
تەك بولۇپ يۈرىدىغان «سىرداش» لار بىراقلا قارىسىنى كۆرسەتمىـ
دى. چۈنكى، ئۇ راك كېسىلى ـ دە! راك كېسىلى دېمەك ئۆلۈم دېمەك!
ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن، دوختۇرلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان
بۇ ئەمەلدارنىڭ كېرىكى قالمىدى، ئەمدى ئۇنى خۇددى ئىشىكنى قېقىپ
بولغان پاخشە خىشتەك يىراققا چۆرۈۋەتسە بولۇۋېرىدۇ! ئەجەل بوسۇـ
غىسىدا ياتقان مۇشۇ بىر ھەپتە جەريانىدا، ئۇنى پەقەت كونا سەپداشـ
لىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە مەكتەپتىكى بۇرۇن ئۆزىگە يېقىنمۇ ئەمەس،
يىراقمۇ ئەمەس، تەمەسىز، خالىس خىزمەتداشلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي
يوقلىدى، كۆڭۈل ئېيتتى، مەدەت بەردى! مانا شۇ چاغدىلا ئۇ، ھاياتتا
ئاجايىپ ـ غارايىپ مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ، يۈرەك ـ باغرىنى بىلگىلى
بولمايدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلىق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆر-
دى، چۈشەندى، ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ كېچىككەندى، ئەگەر كىـ
شىلەر بۇرۇن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يولنى قايتا باسالىغان، بۇرۇن قىـ
لىپ بولغان ئىشنى قايتا قىلالىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئەقىلـ
لىق، تېخىمۇ زېرەك، تېخىمۇ دانا، ئەۋلىياغا ئايلانغان بولاتتى، نۇرغۇن
ئىشلار تېخىمۇ كۆڭۈللۈك، تېخىمۇ جايىدا بولغان بولاتتى! لېكىن،
تۇرمۇش قايتىلانمايدۇ، تارىخ تەكرارلانمايدۇ! قىسقىغىنا بىر نەچچە
كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ شەپقەتسىز ئىشلار جىن شۇجىنى بىر
نەچچە يىل كىتاب ئوقۇپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر بىلىمگە،
ئاچچىق ساۋاققا، ئۆتكۈر ئەقىلگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
خۇددى كەچ كۈزنىڭ ئاجىز، ئۆتكۈنچى ئاپتىپىدەك، ئۇنىڭ ئۆزىگىـ

مۇ، باشقىلارغىمۇ قىلچە نەپ بەرمەي، بۇ ئالەمدىن ئىزسىز، شەپىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەلەمى، ھەسرىتى ۋە پۇشايمىنى جىن شۇجىنى راك كېسىلىنىڭ ئازابىدىنمۇ ئېغىرراق ئازابقا سېلىۋاتاتتى!...

ئون كۈندىن كېيىن، قايسىبىر ئەقىلدارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن جىن شۇجى بېيجىڭغا بېرىپ داۋالىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئۇزىتىدىغان كۈنى ئايرودرومغا خېلى كۆپ كىشىلەر چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋاز بەختى يەنە يوق ئىدى. بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ خىيالىغا جىن شۇجى، ياق، جىن رۇك كىرىپ چىقمايتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەن، ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىغان قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلانغانىدى.

ھاۋاز بەختى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان، كۆزىنىڭ قارىسىنى لىپلا قىلىپ باشقا خىيالغا كېلەلەيدىغان، خامىلىئون تىپىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن سۆز ـ ئەھدىلىرىنىڭ تۇتامى يوق ئىدى، ۋاقتى كەلسە، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىپ، گۆشىيىپ يۇرۇۋېرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھازىر پۈتۈن ۋاقتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ قولغا كەلتۈرۈۋاتقىنى، يېڭىدىن كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان يەنە بىر مۇئاۋىن شۇجى سەمەر تۆمۈر ئىدى...

ھاۋاز بەختى مۇشۇ قىسقىغىنا بىر ھەپتە ئىچىدە، بۇ يېڭى باشلىق بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشۈپ بولدى، دەسلەپ تەبرىكلىدى، خۇشاللىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن خىزمەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن دوكلات قىلدى، يولىيورۇق سورىدى، كېيىن، قاراڭغۇ چۈشكەندە تام ياقىلاپ، سەمەر تۆمۈر ياخشى كۆرىدىغان ھاراق، پاقلان گۆشلىرىنى سوۋغا قىلدى. ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، ياقۇپ كېرىمى، سەلىم ئەپەندى، ھەتتا ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقان جىن رۇكنىڭ ئۈستىدىنمۇ شىكايەت قىلدى، دادخورلۇق ئېيتتى. شۇ كۈنلەردە بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر قانداقتۇر ھايات ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ سايىسىگە ئوخشاش، تولىمۇ خۇنۈك ۋە يېقىمسىز كۆرۈنۈشلەر ئىدى.

قايسىبىر دانىشمەن: «خۇشامەتچىلەردىن قېچىڭ، ئۇلار ياخشى

كىيىنىۋالغان ئوغرىلاردۇر » دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن، ئەگەر بۇ سۆز-
گە هاۋاز بەختىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان : «خۇشامەتچىلەردىن قې-
چىڭ، ئۇلار ئىنتايىن يۈزسىز، نامەردلەردۇر! » دېگەن سۆزنى قوش-
ساق، تېخىمۇ توغرا ۋە تولۇق بولىدىغاندەك قىلاتتى!...

## 5

هېلىلا قالايمىقان تۇرغان سىنىپتىكى باللار سەلىم ئەپەندى كىرىش
بىلەن تەڭ خۇددى ساتارنىڭ سىمىدەك تىزىلىپ كەتتى. سەلىم ئە-
پەندىدە كىشىلەر هېيىققۇدەك هېچقانداق سۇر ۋە كىبىر بولمىسىمۇ،
لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن خېلىلا ئەيمىنەتتى. بۇ ئەيمىنىش، ئەمە-
لىيەتتە، ئۇنىڭ بىلىمىگە، پەزىلىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا قىلىنغان تەبىئىي
هۆرمەت ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ هەرقاچاندىكىدەك پاكىز، چىرايلىق كىيى-
نىۋالغانىدى. سۇر رەڭلىك چاقماق گالستۇكى سىماۋى رەڭلىك
كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىغا پار بولۇپ، ئۇنىڭ ئورۇق، ئىخچام بەستىنى
خېلىلا سۆلەتلىك قىلىپ قويغانىدى. ئۇ دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن سى-
نىپقا كىرىدىغان ۋاقىتتا، هەرقانداق ئەهۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ئەزەلدىن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، ماي سۈرۈلگەن شالاڭ
چاچلىرىنى تال ـ تال تاراپ، ئېسىل، چىرايلىق كىيىملىرىنى رەتلىك
كىيىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە سالاپەت بىلەن كىرىپ مۇنبەرگە چىقات-
تى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس، ئىزچىل ئادىتى ئىدى.

سەلىم ئەپەندى بۈگۈنكى لېكسىيىسىنى ئون مىنۇت بۇرۇن تۈگەت-
تى، گالستۇكىنىڭ تۈگۈچىنى سەل ـ پەل بوشىتىپ، دەپتەر ـ كى-
تابلىرىنى ياپتى، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ سورىدى :

— چۈشەنمىگەن يەرلەر بارمۇ؟ سوئال بولسا قويۇڭلار!

سىنىپ بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى، كېيىن، هەممەيلەن پۈتۈ-
شۈۋالغاندەك بىراقلا چۇرقىراشتى :

— چۈشەندۇق مۇئەللىم، سوئال يوق!

سەلىم ئەپەندى مۇنبەردىن چۈشتى، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كې-
شەككە قىيپاش يۆلەندى ۋە سائىتىگە قاراپ قويۇپ، مۇنداق دېدى :

— يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىكەن، ئىختىيارىي پاراڭلىشايلى، مەن
يېقىندا يولداش ئاقنىيازنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان
«چەينەك ۋە لەگلەك» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرىنى كۆردۈم. شېئىر
گەرچە ئاددىي يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەغرۇرلۇق بىلەن كەمتەرلىك
توغرىسىدىكى پىكىر ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن :

«پىيالە ئالدىدا باش ئېگىپ چەينەك،
كەمتەرلىك بابىدا بولىدۇ ئەينەك.
بىردەملىك پەرۋازى ئۈچۈن غادىيىپ،
ئەخلەتلەر ئارىسىغا تاشلىنار لەگلەك...»

شېئىر مېنى خېلى ھاياجانغا سالدى، بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم.
ھازىر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك، ئىقتىدارلىق ياز-
غۇچى، شائىر ۋە تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. سىلەرگە بىلىم
بېرىۋاتقان بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىق سۈپىتىم بىلەن بۇلارنى ئويلى-
سام، بېشىم كۆككە يېتىدۇ، چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن. لې-
كىن يەنە ئازراق ئەندىشىدىمۇ بولۇۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ ئەندىشەمنى ئاق-
نىياز ئاشۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا ناھايىتى ياخشى، جانلىق ئىپادىلەپ
بېرىپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە، ھوقۇقنى پۇلغا، خۇشامەتكە سېتىۋالغىلى
بولىدۇ، لېكىن نام ــ ئابرۇينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. سەن ھەر-
قانچە پۇلدار، ھەرقانچە ھوقۇقدار بولساڭمۇ، يەنىلا ئىككى مېتىر ئۇ-
زۇنلۇقتىكى كارىۋاتتا ياتىسەن، ئوخشاشلا ئۈچ ۋاخ تاماق يەيسەن، بۇ
ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئادەم بالىسى بېشى
كۆككە يەتكەندىمۇ گىدەيمەسلىكى، بىر نانغا زار بولغاندىمۇ شۈكرى
قىلىشنى بىلىشى لازىم! مەن سىلەرنىڭ ئالغا باسقانسېرى سالماق، يۇ-
قىرى ئۆرلىگەنسېرى كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن! تارىختا

ئۆتكەن مەشھۇر زاتلار كەمتەر بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەت ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قىزىق داستانلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. كەمتەرلىك ئادەمدە ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى سوراشنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن سىلەرگە ئېينىشتېيىن توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بېرەي: 1952-يىل 8-نويابىر ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە دەرس ئۆتۈۋاتقان ئېينىشتېيىن مۇنداق بىر تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدا ئېينىشتېيىننى ئىسرائىلىيىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. ۋەھالەنكى، قانچىلىغان ئادەملەر ئاغزىنى تامشىپ، يەڭلىرىنى شمايلاپ، چىشلىرىنى بىلەپ يۈرگەن زۇڭتۇڭلۇق تاجۇ تەختىنى ئېيىنشتېيىن ناھايىتى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن تەبىئەت دۇنياسىنى كۆپ بىلمەيمەن، ئادەملەر توغرىسىدا تېخىمۇ ھېچنېمە بىلمەيمەن! مېنىڭ ئۆمرۈم ئوبيېكتىپ ماددا بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، شۇڭا مەندە ھەم تۇغما قابىلىيەت كەم، ھەم مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كىشىلەرگە قانداق ئادىل مۇئامىلە قىلىش جەھەتلەردە تەجرىبە كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن پېقىر مۇنداق ئالىي ئەمەلنى زىممەمگە ئېلىشقا لايىق ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياشىنىپ قالدىم، زېھنىي كۈچۈم ئاجىزلاپ كەتتى!» مانا بۇنداق سەممىي سۆزلەردىن مەغرۇرلۇقنىڭ ئەسرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ، ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ئالىيجانابلارغا خاس ئۆزىنى سورىغانلىقىنى ۋە ئىلىم - پەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ!...

سەلىم ئەپەندى يەنە سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، قوڭغۇراق چېلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغان، كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنىڭ مېغىزىنى دەۋالغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق قىسقا، لېكىن ۋەزىنلىك جۈملىلەر بىلەن تۈگەتتى:

— ھەمىشە ئېسىڭلاردا بولسۇن: مەغرۇر جەڭچىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، تەكەببۇر كىشىنىڭ سېسىپ كېتىشى مۇقەررەر!

سەلىم ئەپەندى سىنىپتىن چىقتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قاراپ قالدى، سەلىم ئەپەندى بۇ قېتىمقى مەـ
نىلىك، كۆڭۈللۈك دەرسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق دەرس بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەمدى ئۇنىڭ تەسىرلىك،
قىزىقارلىق لېكسىيىسىنى قايتا ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلـ
تۈرۈپ باقمىغانىدى!

× × ×

شەۋكەت سەھەرگە يېقىن يامان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى.
شۇنىڭ تەسىرىدە، كەچكىچە كۆڭلى غەش ئۆتتى. چۈش ئۇنىڭغا
بىر كۆڭۈلسىز ئىشتىن بېشارەت بەرگەندەك، كۆڭلى ئەندىكىپ تۇراتـ
تى.

ئۇ كەچقۇرۇن چاڭ ـ توپا باسقان باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ،
تەردىن قېتىشىپ، شورلىشىپ كەتكەن ئىش كىيىملىرىنى ئالماشتۇـ
رۇپ، ئاقنىيازنى ئىزدەپ كەلدى. ئاقنىياز ياتاقتا يالغۇز كىتاب كۆرۈپ
ئولتۇراتتى. شەۋكەت ياتاققا كىرىپلا بىسمىللاسىغا مۇنداق سورىدى:

ــ ئاداش، سەلىم ئەپەندى بارمۇ، تىنچلىقتۇ؟

ــ تىنچلىق، نېمە بولدى؟ ــ ئاقنىياز ھاڭۋېقىپ قالدى.

ــ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇرۇۋاـ
تىدۇ، ــ دېدى شەۋكەت ئاقنىيازنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، ــ سەـ
ھەرگە يېقىن بىر يامان چۈش كۆردۈم، سەلىم ئەپەندىنى بىرنەچچە
غالجىر ئىت ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالاۋېتىپتۇ، چوڭلىرىمۇ بار، كۈچۈكلىـ
رىمۇ بار. ئۇ ئادەم ئۆزىنى قۇتقۇزالماي نالە قىلىپ قالدى، شۇ چاغدا
مەنمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم...

كۈتمىگەن يەردىن ئاقنىياز كۈلۈپ كەتتى:

ــ مانا، مانا... ئارىمىزدىن بىر خىيالپەرەس ئىدېئالىست چىقىپ
قالدى، چۈش دېگەنگىمۇ ئىشىنەمدۇ كىشى، ئۇ دېگەن ئۇيقۇنىڭ

پوقى!

— ياق ئاقنىياز، سەن بۇنى ئۇنداق ئاددىي چاغلىما! — دېدى شەۋكەت ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەنمۇ بۇرۇن سەندەك ئويلايتتىم، لېكىن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مېنى چۈش توغرىسىدا يېڭى بىلىمگە ئىگە قىلىپ قويدى، دادام ئۆلۈپ كېتىشتىن ئون كۈن بۇرۇن، ئېنىق چىشىم چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرگەنىدىم، ئون كۈندىن كېيىن، دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، كونىلار چىشىنىڭ چۈشۈشىنى ئاشۇنداق شۇملۇققا جورايدۇ، بۇ قېتىم مېنىمۇ قارا باسقاندەك، ئىككى ئىت قوغلاپ، تالاپ چۈش كۆرۈۋېدىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن سوراققا تارتىلىپ، «كامېر» غا سولاندىم... مۇشۇ تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، چۈشتىكى بەزى ئالامەتلەرنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارى تېخىچە تولۇق يېشىلمىگەن سىر ھالىتىدە تۇرمامدۇ. ئىشقىلىپ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. كۆڭلۈمدە سەلىم ئەپەندى توغرىسىدا ئاشۇنداق بىر غەيرىي سېزىم بار...

ئاقنىياز بۇ گەپلەرگە تولۇق ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئويلىنىپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن بىرى، ھاۋاز بەختى بىلەن زايىتنىڭ باشقىچە جانلىنىپ، ھەرىكەتلىرىنىڭ سىرلىق ۋە جىددىي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىگە بىر ئەنسىزچىلىك چۈشكەندەك بولدى، شۇڭا بايىقى مەسخىرە كۈلكىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، شەۋكەتتىن ئاستا سورىدى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— سەلىم ئەپەندىنى يوقلاپ بارايلى، ئېچكى جەھەتتە بىرەر ئىش بولغان بولسا ئۆزىدىن ئاڭلارمىز.

— ماقۇل، يۈر ئەمىسە.

ئىككىسى كەلگەندە، سەلىم ئەپەندى كىتاب - ژۇرناللار قاچىلانغان يوغان يەشىكنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىقىپ، بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى. ئاقنىياز ھەر خىل يېزىق ۋە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى توم - توم كىتابلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي: «پاھ، تۈل خوتۇن

شۇمەك يىغقاندەك سىزمۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتابلىرىنى يىغىپتى-كەنسىز ـ دە!» دەۋىتىشكە تاس قالدى، لېكىن بۇ، ئۆزى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، گەپنى ئۇنداق قوپال قى-لىشتىن ئۆزىنى ئاران تېيىپ، سىپايىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— مۇئەللىم، نېمىدېگەن كۆپ كىتاب بۇ، سىز تاپقان پۇلىڭىزغا كىتاب ئالىدىكەنسىز ـ دە!

— مېنىڭ پۈتۈن بايلىقىم مانا شۇ، — دېدى سەلىم ئەپەندى ئۇلارنى ساپاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، — بېلىق سۇدىن ئايرىلالمىغاندەك مەنمۇ كىتابتىن ئايرىلالمايمەن!

— توغرا دېدىڭىز مۇئەللىم، — بۇ سۆز شەۋكەتكە ناھايىتى ياراپ كەتتى، — ئىشچىغا كۈلۈچ، دېھقانغا كەتمەن، ئەسكەرگە مىلتىق كې-رەك بولغاندەك، زىيالىيغىمۇ ئەلۋەتتە كىتاب كېرەك! خۇداغا شۈكۈر، بىزدە كىتاب ئوقۇشقا خېلى ئەركىنلىك بار! ئۆز ۋاقتىدا، ماكسىم گوركىي بىر كىتابنى ئوقۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تاياق يەپتىكەن، توغ-رىمۇ مۇئەللىم؟

— توغرا، — دەپ تەستىقلىدى سەلىم ئەپەندى، — بىر قېتىم خوجايىن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، قارىغايىنىڭ يېرىندىسى بىلەن قاتتىق ئۇرغان، دوختۇرلار ئۇنىڭ يەلكە تېرىسىدىن قىرىق ئىككى تال ئوتۇن ئۇۋاقلىرىنى سۇغۇرۇۋالغان، — سەلىم ئە-پەندى ئۆيىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن خىجىل بولغاندەك، بايا چۇۋۇپ قوي-غان نەرسىلىرىنى قايتىدىن يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئاقنىياز كونا بىر رۇسچە ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ سورىدى:

— مۇئەللىم، بىر نەرسە ئىزدەۋاتامتىڭىز؟ ئىزدەۋېرىڭ، بولمىسا بىزمۇ ئىزدىشىپ بېرەيلى...

— ياق، ياقەي، — دېدى سەلىم ئەپەندى يىغىشتۇرۇشنى تېزلى-تىپ، — كېيىن ئىزدىسەممۇ بولىدۇ، ناھايىتى بىر كىتاب، فروۋيتنىڭ رۇسچە نەشر قىلىنغان بىر كىتابى ئىدى...

— فروۋيت؟ — ئاقنىياز بىلەن شەۋكەت تەڭلا قىزىقىپ سو-

رىدى.

— ھە، سىلەر تېخى بىلمەيسىلەر، — دەپ چۈشەندۈردى سەلىم ئەپەندى، — فروّيت ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى، ئۇ ئىنسانلاردىكى يوشۇرۇن ئاڭنى تەتقىق قىلغان. مەن ئۇنىڭ رۇسچە نەشر قىلىنغان بىر كىتابىنى بىر يىل بۇرۇن بېيجىڭدا ئېلىپ ئوقۇغانىدىم، لېكىن ئۇ چاغدا، ئانچە چۈشىنەلمەي، تاشلاپ قويغان، بۇ قېتىم يەنە بىر ئوقۇپ كۆرەي دەپ شۇنى ئىزدەۋاتاتتىم...

ئىككى شاگىرت ھەۋەس بىلەن ئۇستازىغا قارىدى، ئۇلار تەرلەپ ـ پىشىپ ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان بۇ كەم سۆز، ئاددىي ـ ساددا ئادەمنىڭ ئاشۇ شالاڭ چاچلىق بېشىدىكى، مۈكچىيىپ قالغان ئاشۇ ۋىجىككىنە ۋۇجۇدىدىكى شۇنچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. راست، بۇ ئادەم كىتاب خۇمارلا ئەمەس، بەلكى سېپى ئۆزىدىن كىتاب مەستانىسى ئىدى. ئوقۇيتتى، ئوقۇيتتى، ھارمايتتى. ئۆز كەسپىگە ئائىتنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت دۇردانىلىرى پۈتۈلگەن بارلىق كىتابلارنى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوزۇق ئالاتتى، كۈچ ـ مەدەت تاپاتتى ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرەتتى. ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ھەم يېڭى خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ئاشۇنداق ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ تەسىرى بىلەن نۇرغۇن شېئىر ھەم نەسرلەرنىمۇ يازغانىدى. ئۇ بۇ ئەسەرلەردە، رېئاللىق بىلەن يۈكسەك رومانتىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياتلىق سىرى بىلەن تەبىئەت مۆجىزىلىرى تۇغۇرىسىدا يېڭى ـ يېڭى رومانتىك ھېسلارنى ئويغاتقانىدى. ئۇ شۇ پېتى ئىجادىيەت يولىدا ماڭغان بولسا، تېخىمۇ ئىخلاس قىلغان بولسا، بەلكىم نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى يېزىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنى بىلدى، ئۆزىنى سورىدى، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كەمتەرلىك قىلدى، «ئوقۇتقۇچى» دېگەن مۈشكۈل، شەرەپلىك نامنىڭ ھۆددى-

سىدىن چىقىش، نادانلىقتا، قاششاقلىقتا قالغان مىللىتىمىزنىڭ ئەۋلاد-
لىرىنى زامانىۋى ئىلىم ـ پەن، زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈ-
چۈن، ئىجادىيەتنى قۇربان قىلدى. ئۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقماي، ئەكسىچە شائىرلىقتا ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۆز
تەجرىبىسىدىن دارىتمىلاپ مۇنداق دەيتتى: «ئەرباب ئەھلىدىن بىرلا
ياخشى شائىر چىققان، ئەلىشىر نەۋائىي دېگەن كىشى، شائىر بولغاندى-
مۇ كاتتا ۋە ئۇلۇغ! بولساڭ ئاشۇنداق بول، بولمىسا، كۆلەڭگىڭگە
ھىجايماي، ئۆز ئىشىڭنى قىل!...»
— كىتابنى كۆپ ئوقۇڭلار، ئۇكىلار، — دېدى سەلىم ئەپەندى
ئۆينى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى ئوقۇغۇچىسىغا چاي قۇ-
يۇۋېتىپ، — كىتابسىز ئۆتكەن تۇرمۇش قاراڭغۇ تۈنگە ئوخشايدۇ،
ئادەم ئېزىپ ـ تېزىپلا يۈرىدۇ، كىتابسىز قالغان ئەقىلمۇ خۇددى قا-
ناتسىز قۇشقا ئوخشاش، ئېگىزدە پەرۋاز قىلالمايدۇ! ئۆزىنىڭ ئۆتمۈ-
شىنى ئۇنتۇغان، تارىخنى بىلمەيدىغان، بۈگۈنكى دۇنيا مەدەنىيىتىد-
دىنمۇ بىخەۋەر ئادەملەر ھەرقانچە ياشىسىمۇ يەنە ھاياتقا يۈك بولۇپ
قالىدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا ھېچ نەرسىنى ئەكېتەلمەيدۇ، يا-
لىڭاچ كەلگەن پېتى يالىڭاچ كېتىدۇ، لېكىن ئەكېتىدىغان بىرلا نەرسە
بار، ئۇ بولسىمۇ، نام، ياخشى ياكى يامان!
سەلىم ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن، ھەرىكەت ـ قىياپىتىدىن بىرەر
كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ شەپىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا
خاتىرجەم ھەم تەمكىن كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئاقنىياز «قانداق، مەن دې-
مىدىممۇ!» دېگەندەك مەنىدە كۆزىنى قىسىپ شەۋكەتكە قاراپ قويى-
دى. لېكىن شەۋكەت يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا قانداق-
تۇر بىر ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن بېشارەت كېلىۋاتقاندەك، كۆڭلى نا-
مەلۇم بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ،
سەلىم ئەپەندىنىڭ ئۆزىدىنلا سورىدى:
— مۇئەللىم، تىنچلىقتۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
— قانداق دەيسىز؟ — سەلىم ئەپەندى پەرۋاسىزلا ئۇنىڭغا قا-

رىدى.
— ياق، ئەمدى... دەيمنا...
— هازىرچە تىنچلىق، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدۇ، بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، — دېدى سەلىم ئەپەندى هەر ئېهتىمالغا قارشى ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، — چۈنكى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز مۇرەككەپ، تۇرمۇش تاسادىپىيلىقلارغا تولغان!
ئاقنىياز تۇيۇقسىز خىيالىغا كەلگەن بىر گەپنى سوراپ ئىسپاتلىماقچى بولدى:
— مۇئەللىم، ئاڭلىسام، هاۋاز يېتەكچى سىزنىڭ لېكسىيىلىرىڭىزنى تەكشۈرگەنمىش، راستمۇ؟
— راست، شۇنداق ئىش بوپتۇ، — دېدى سەلىم ئەپەندى خاتىرجەم هالدا، — تەكشۈرسە تەكشۈرمەمدۇ، مەن ئۇنى مۇنبەردە ئوچۇق سۆزلىدىم، ئەگەر مەسىلە تاپسا، ئوتتۇرىغا قويسۇن، يەنە ئاشكارا مۇنازىرىلىشىمەن!
— هاۋاز يېتەكچى قالتىس ئادەم، ئۇنىڭ كۆزى هەمىشە باشقىلارغا قاداقلىق! — دېدى ئاقنىياز خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قايناپ، — ئۇ ماركسىزمنى كۆپ بىلىدۇ، لېكىن ماركسىزمنى قولچىراغ قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە يېقىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئۇ بىلسە، ماركسىزمنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ، ئەينەك قىلىپ ئۆزىگە قاراپ باقسا بولاتتى!
— بېشىدا ئاشۇ پارتىيە شەپكىسى بولمىسا، ئوقۇردا هەلەپ يەيدىغان بىر نېمىكەن ئۇ! — دەۋەتتى شەۋكەتمۇ ئۆزىنى تۇتالماي پوسۇققىدە.
— ياق، ئۇنچە دەپ كەتمەڭلار، — دەپ خىزمەتدىشىنى ئاقلاشقا باشلىدى سەلىم ئەپەندى، — هاۋاز بەختى ئۇ دەرىجىدە يامان، نابابا ئوقۇتقۇچى ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى — ئۇنىڭدىكى ئاڭ، ئىدىيە ۋە تەپەككۇرنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن ۋە ئوقۇغان دەۋر سەۋىيىسىدە توختاپ قالغانلىقىدا! ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى نەتىجىلەر كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتلارنىڭ يېڭىدىن باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئوتتۇرا ئە-

سىردىن ئىلگىرى، ياۋروپالىقلار ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەندىلا، ئاندىن بۆلۈش ئەمىلىنى ئۆگىنەلەيتتى، ئۇ چاغدا، بۇ بىر «سىرلىق ئىلىم» بولۇپ تۇيۇلغان. نۇرغۇن كىشىلەر بۆلۈش ئەمەلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىتالىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە توققۇز ياشتىكى ئوقۇغۇچىمۇ مىليونلار خانىسىدىكى سانلارنىڭ بۆلۈش ئەمىلىنى ئىشلىيەلەيدۇ. دېمەك جەمئىيەت، دەۋر ھەم پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىلىمنىڭ كونىراپ قېلىش نىسبىتىمۇ بارغانسېرى گەۋدىلىك بولىدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 18ـ ئەسىردە، يېڭى بىلىم سەكسەن ـ توقسان يىل ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپتىكەن، 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قىرىق يىلغا قىسقارغان، ئەمدى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزگە كەلگەندە بولسا، ئون بەش ـ يىگىرمە يىلغا چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ھايات ياشاۋاتقان ئادەم ئۈزلۈكسىز ئۆگەنمىسە، كاللىسىنى يېڭىلاپ تۇرمىسا، جەزمەن دەۋرنىڭ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىۋېرىدۇ! ھاۋاز بەختىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق ئەنە شۇ، كۆپ ئۆگەنمەيدۇ، ئىزدەنمەيدۇ، بەلكى بۇرۇنقى كىچىككىنە دەسمايىسىنى داۋراڭ سېلىپ، يوغان نەپكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ!...

بۇ گەپلەردە، چوڭقۇر مەزمۇن، يېتەرلىك ئاساس بولسىمۇ، لېكىن ئاقنىياز بىلەن شەۋكەت دېگەندەك قايىل بولمىدى، بولۇپمۇ شەۋكەت بىر نەرسىدىن شەكلەنگەندەك، سەلىم ئەپەندىدىن توغرىدىن ـ توغرىلا سورىدى:

— مۇئەللىم، ئۇ ئادەم ھەمىشە سىزنىڭ يېنىڭىزدا يۈرسە، لېكىسىيىڭىزدىن قۇسۇر ئىزدەپ، سۆزلىرىڭىزدىن ئېۋەن تاپماقچى بولۇۋاتسا، سىز يەنە ئۇنى ئاقلاۋاتىسىز! بۇنداق كەڭ قورساقلىقىڭىزدا بىرەر سەۋەب بارمۇ، نېمە؟!

سەلىم ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى، كۈلكىسى خۇش خۇي، سەممىي ئىدى.

— نېمە سەۋەب بولاتتى، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، —

كەڭ قورساق بولۇش ياخشى خىسلەت ئەمەسمۇ! ئۆزىگە ئىشەنچىسى كامىل ئادەملەر لا، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولالايدۇ!

شۇ تاپتا، ئاقنىياز بىلەن شەۋكەتكە سەلىم ئەپەندى ئۆزىنىڭ كەمتەر ۋە ئۇلۇغلۇقى، پاك ۋە ئالىيجانابلىقى بىلەن ھاۋاز بەختىنىڭ خۇنۇك ئىچكى دۇنياسىغا تەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

سۆھبەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، تېمىلار ئۆزگىرىشچان، يېڭى ھەم مەنىلىك ئىدى...

ئۇلار ئۇزاپ چىققاندا، ئەل جىمىققان، مەكتەپ مەيدانى، بىناسى كۆز كېچىسىنىڭ سوغۇقى بىلەن مۈگدىلىنىپ، چۆلدەرەپ، خامۇش تۇراتتى. كىشىلەرگە تۇيۇدۇرماي، شەپىسىز چۈشۈۋاتقان سۈزۈك شەبنەملەر يەر ـ زېمىن، گۈل ـ گىياھلارنى نەمدەپ ھاۋانى تېخىمۇ ساپ ۋە سالقىن قىلىۋەتكەنىدى.

## 6

تۇرغۇنىنىڭ بۇ قېتىمقى خېتى ئاقنىيازنى پەرىشان قىلىپ قويىدى. بۇ يەردە باش قاتۇرىدىغان ئىشلار ئازدەك، ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىغا يېزىلاردىكى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىۋاتقان كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى كىرىۋېلىپ، كۆڭلىنى خېلى ۋاقىتقىچە پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ خەتنى يەنە بىر ئوقۇش ئۈچۈن يانچۇقىدىن ئېلىپ ئاچتى:

«... ئاقنىياز، سەن ھەمىشە ئۆمەر ھەييامنىڭ:
‹دۇنيانىڭ ئىشىدۇر تەشۋىش بىلەن غەم،
بىرىنى تۈگەتسەڭ بىرىدۇر ھەمدەم.
تېخى تۇغۇلمىغانلار بۇنىڭدىن بىخەۋەر،
خەۋەرلىنىپ قالسا كەلمەس ئىدى ھەم! ›

دېگەن رۇبائىينى ئوقۇيتتىڭ، سېنىڭ ئاغزىڭدىن تولا ئاڭلاپ، مېنىڭ قۇلىقىمغىمۇ رام بولۇپ قاپتىكەن. شۇ كۈنلەردە، بۇ رۇ-بائىينى مەنمۇ پات ـ پات ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىشقا دەمسەن؟ بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كۈتۈلمىگەن تەشۋىش بىلەن غەم چۈشتى، ئاداش!

دادامنىڭ شەيخ مۇرات ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى، تو-لىمۇ ئاق كۆڭۈل، دىلكەش، قىزىقچى ئادەم ئىدى، ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ ئادەمنى قارا باسقاندەكلا تۇيۇقسىز پېش-كەللىك باستى! مەن ساڭا ئەھۋالنى تەپسىلىي يازاي، شۇ باھا-نىدە ئاچچىق يۇتقان ئىچىمۇ بوشاپ قالار. تاغام شەيخ مۇرات بىر كۈنى ئۆزىچە ماۋجۇشىغا قۇر سىلىپ كۆرۈپ (قۇرئەنداز-لىقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى)، بىر ئاغىنىسىگە مۇنداق دەپتۇ: «تۈنۈگۈن بۇ ئادەمگە قۇر سالسام، فىرئەۋنىنىڭ يۇلتۇزى بىلەن ئوخشاش چۈشۈپ قالدى، بۇ كىشىمۇ ئۆلگۈچە تەختتىن چۈشمەي ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ!» بۇ گەپنى ئاڭلىغان دوستى دەسلەپ ئېرەنشىمەپتۇ، كېيىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى ـ يېڭى يۈزلىنىشلىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقات كۈچەيگەندە، ئۆ-زى بىلەن ئۆزى خۇددى كىسىرەپ، بۇ ئىش بىر كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، مەنمۇ شېرىك بولۇپ قالماي، دەپ قورقۇپ تەشكىلگە ئېيتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغامنى تارتىپ چىقتى، يېزىمۇ يېزا سازايى قىلىپ، ئەگەر ماۋجۇشى تەختتىن چۈشكەن بولسا، سەن چىقماقچىمىدىڭ؟ قارا نىيىتىڭ نېمانداق يامان سېنىڭ؟ دەپ ئۈزمەي بىر ھەپتە كۈرەش قىلدى ۋە ئا-خىرىدا يەتتە يىللىق قاماق جازاسى كېسىۋەتتى. بۇ ئىش بىلەن بىزمۇ گۇمانلىق ئائىلە بولۇپ قالدۇق. مەنغۇ مەيلى، تاغامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، يەتمىش ياشقا بېرىپ قالغان ئادەم، سالامەتلى-كىمۇ ياخشى ئەمەس، ئويۇندىن چاقچاققا قىلغان بىر ئىشنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر دەردىسەر ئېلىپ كېلىشىنى كىم ئويلاپتۇ دەي-

سەن! بۇ ئىشتا ماڭا ھەممىدىن قاتتىق تەسىر قىلغىنى، بەزى ئادەملەرنىڭ كۆرەش يىغىنىدا، تاغامنىڭ ئون يىل بۇرۇنقى ئىشلىرىنى چىشلەپ تارتقانلىقى بولدى. توۋا دەيمەن، ئۇ چاغدا تاغام قارىماققا، قىزىقچىلىق قىلغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سەممىي ئىش قىلغان. ئۇ چاغدا مەنمۇ كىچىك ئىدىم، ئۇ ئىش غۇۋا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: بىر كۈنى يېزىمىزدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن باشقۇرغۇچى دوكلاتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تاغام ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھېلىقى چوڭ كادىردىن:

— ئوغلۇم، ئامېرىكا دېگەن خۇمپەر قايسى تەرەپتە؟ — دەپ سورىدى.

— شىمال تەرەپتە، ھە... مانا بۇ تەرەپتە! — دېدى ھېلىقى كادىر قولى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپنى كۆرسىتىپ.

تاغام شۇ تەرەپكە بىر ھازاغىچە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىدى. كېيىن بىردىنلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، ئوغلى بىلەن كېلىنىنى چاقىردى:

— مېڭىڭلار! مانا بۇياققا مۇشت ئاتىمىز! — دېدى ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — مۇشت ئاتىمىز!

تاغام ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئوڭ مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، غەزەپ بىلەن ھاۋاغا قارىتىپ شىلتىدى ۋە چېكە تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئات مۇشتنى، ئات! ئات مۇشتنى، ئات! — ئۇ بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سالماق بىلەن سىلجىدى، ئوغلى بىلەن كېلىنىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇشت ئېتىپ ئالغا سىلجىدى...

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى پۈتۈن يېزىدا، شەيخ مۇرات ئامېرىكىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى، دېگەن گەپلەر تارقالدى...

تاغامنىڭ بۇ ساددا قىلىقى ئەينى ۋاقىتتا سەپەرۋەرلىك يىغى-
نىنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ، ياخشى تەسىر قوزغىغانىدى.
ئەمدى كېلىپ، ئون يىل ئۆتكەندە، بەزىلەر ئۇنى شاققىدە تە-
تۈر سىگە بۇراپ، بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىنلا نىيىتى يامان، شۇ
چاغدىكى جىددىي سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىمۇ ساراڭنىڭ قىلىقىنى
قىلىپ، مەسخىرە قىلغان، ۋەھاكازا دېيىشىۋاتىدۇ!... شۇنىڭغا
قارىغاندا، بىزنىڭ جەمئىيەتتە بىر ئادەمنىڭ مۇدۇرۇمىگىنى
ياخشىكەن، ئەگەر مۇدۇرۇپلا كەتسە، ئۇنى راست ـ يالغان تو-
قىلەنەتلەرنىڭ ھەممىسى باسىدىكەن! دوستۇم، مەن بۇ ئىشتىن
مۇھىم بىر ساۋاققا ئىگە بولدۇم : ئادەم ھەرقانداق ماكان ھەم
زاماندا، كۆڭلۈم ئاق، كۆڭلۈم تۈز، دەپ كۆڭلىدىكى ھەممىنى
شالاقلىتىپ تۆكۈۋەرگۈلۈك ئەمەسكەن! پىستە ۋە بادام مېغىزى-
نىڭ تاتلىق ھەم ئەتىۋارلىقى ئۇنىڭ بىر قەۋەت قاتتىق شاكال-
نىڭ ئىچىدە ساقلانغانلىقىدا ئوخشايدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئا-
دەملەرمۇ ئۆز كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىيال، سىر ـ ئەسرارلىرىنى
يۇختىراق، پىنھانراق ساقلىشى كېرەك ئىكەن!... شۇ مۇناسى-
ۋەت بىلەن ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيىنى خاتىرە دەپتىرىم-
نىڭ باش بېتىگە يېزىپ قويدۇم :

«ھەر سىرنى دىلىدا ساقلىسا دانا،
ئۇ يوشۇرۇن بولسۇن مىسالى ئەنقا.
سەدەپنىڭ ئىچىدە قەترە ـ دۇر بولۇر،
سىر قىلىپ قەلبىدە يوشۇرغاچ دەريا!»

دوستۇم، سىرتتا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، پىلانلاش دۈيد-
ىمىزنىڭ بۇگۈنكى ئىشى ئاقمىدى. تېخى بايىلا، مەن ئۆز قولۇم
بىلەن ئاق قوناقتا پولۇ قىلىپ يەپ، ئاندىن دېرىزە ئالدىدىكى
كاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. خىيالىمغا

يەنە تاغام كىرىۋالدى، كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ، خەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەپسىلەم قالمىدى!...

دوستۇڭ تۇرغۇندىن دەپ بىلگەيسەن.

1962ـيىل 13ـ سېنتەبىر، جىگدەئېرىق.»

## 7

ھاۋاز بەختى كۆپ ۋاقىتلاردا، ئۆز گېپىگە كۈلكە بىلەن پائۇزا بېرىشكە ئامراق ئىدى، شۇڭا ھەربىر گېپىنى قىلىپ بولۇپ، قاملاشسىمۇ ـ قاملاشمىسىمۇ ھاھالاپ كۈلۈپ قوياتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ بۇنداق ھاماقەتلەرچە كۈلكىسى نېمە ئۈچۈندۇر ياقۇپ كېرىمنىڭ چىشىغا تېگىپ، كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

— بىز ئۇنى ئۇزۇن كۈتتۇق، ھوشىنى تاپار دەپ ئويلىدۇق، لېكىن قۇۋ تۈلكە ئاخىر بۇرنىدىن ئىلىندى. مانا بۇ — سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق بولمىغان مۇقەررەر قانۇنىيىتى! ھا ـ ھا ـ ھا...

ئۇ سەلىم ئەپەندى توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى. يىغىندا بار ـ يوق بەش ئادەم — فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىرى بار ئىدى.

ئۇ بۈگۈن ناھايىتى خۇشال ھەم كۆرەڭ ئىدى. شۇڭا كۈلگەندە، ئۆزىنى تۇختىتالماي ھەۋەس ھەم تەمەننا بىلەن قېقىرلاپ كۈلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئۈچەي ـ باغرىمۇ تارتىشىپ كېتىۋاتقاندەك، يۈزلىرى قورۇلۇپ كېتەتتى.

— مېنىڭ پىكرىم شۇ، — دېدى ئۇ ئۇزۇندىن ئۇزاق نۇتقىدىن ئەمدى خۇلاسە چىقارغاندەك، — بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەرھال ئۇنى دەرستىن توختىتىشىمىز كېرەك!

بۇ گەپ يەنە ياقۇپ كېرىمگە ياقمىدى، ئۇ پىكرىنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئوچۇقلا ئېيتتى:

— سەلىم ئەپەندىنىڭ ئىشنى مەكتەپ ئۆزى تۈتۈۋاتىدۇ، ئۇ يەر- دىن بىرەر خەۋەر بولماي تۇرۇپ، بىز ئۇنى دەرستىن توختاتساق، تەشكىلىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەكتەپنىڭ قارارىنى كۈتۈشى- مىز كېرەك!

— ئەمدى بولار ياقۇپ مۇدىر! — دېدى ھاۋاز بەختى ئاۋازىنى سوزۇپ، — ھېلىمۇ ئۇنى شۇنچە قوغدىدىڭىز، قوۋۇرغىلىرىڭىز ئېگى- لىپ كەتكۈچە يۆلىدىڭىز، لېكىن ئۇ سىزگە بىر مىنۇتمۇ تىك تۇرۇپ بەرمىدى، ئاخىر كېلىپ، سېسىق پاتقاققا يىقىلدى. ئەمدى يەنە قوغدايمەن، يۆلەيمەن دېسىڭىز، ئۆزىڭىزنى پۈتۈنلەي بۇلغاپ قويىسىز! بۇنداق قىلىش خۇددى شامال چىققاندا، چىراي كۆتۈرۈپ تالاغا چىق- قاندەك ئەخمەقلىق بولىدۇ. ئەگەر بىز يەنە مەكتەپنىڭ قارارىنى كۈتۈپ ياتساق، ئۇ چاغدا بەكمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، يامانغا ياند- تاياق بولغان بولىمىز!

— بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، ھاۋاز بەختى! — دېدى ياقۇپ كېرىمىمۇ قىزىشىپ، — بۇ بىر زىيالىينىڭ سىياسىي ھاياتى، تەقدىرى مەسىلىسى! سەۋرچانلىق بىلەن مەكتەپنىڭ قارارىنى كۈتمىسەك بول- مايدۇ. ئۇنىڭغىچە سەلىم ئەپەندى دەرسنى ئۆتۈۋېرىدۇ. سىزنىڭ بىر ئەيىبىڭىز كۆزگە ئىشەنمەي، قۇلاققا ئىشىنىش! مېنىڭچە، كۆزگە ئىشى- نىڭ، ئۇ سىزنى بىر تەرەپلىمىلىكتىن، ئۇقۇشماسلىقتىن، نىزادىن ساقلايدۇ!

— شۇنداقمۇ؟! — ھاۋاز بەختى قوپاللىق بىلەن دىمىغىنى قاق- تى، — سىزدە تېخى ئۇ كىشى توغرىسىدا خېلى شېرىن خام خىياللار بار ئىكەن - ھە؟! بىلىپ قويۇڭ ياقۇپ مۇدىر، ئۇ ھازىر تەشكىلىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، ئاممىنىڭ قارغىشىنى ئالغان ئادەم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خۇدانىڭ ئازابىدىن توۋە - ئىستىغپار بىلەن قۇتۇلۇشقا بولارمىش. لېكىن تەشكىلىنىڭ، ئاممىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەم ھەرقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ! ھازىر سىزدە بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۇجۇ- مىغا قارشى ئىقتىدار بارغانسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ بەكمۇ خە-

تەرلىك! مەن بىزدىكى ئىدىيىۋى تومۇرلار بىر قېلىپقا چۈشكىنى ياخ-
شى، دەپ ئويلايمەن!

بۇ سۆزلەردىن ياقۇپ كېرىمىنىڭ دىلى پۇچۇلدى. كۆرەڭلىك، مەمەدانلىق بىلەن ئېيتىلىۋاتقان بۇ سۆزلەردە، ئاچچىق تەنىدىن باشقا، مەسخىرە ھەم تەنبىھمۇ بار ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، ھاۋاز بەختى ياقۇپ كېرىمنى ئانچە كۆزگە ئىلماي-دىغان، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئۆزىچە زىرىق چىقىرىدىغان بولۇپ قالغا-نىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاللىقاچان ياقۇپ كېرىمى ئولتۇرۇۋاتقان ئاشۇ بۇلغار تاشلىق ئايلانما ئورۇندۇقنىڭ ئىگىسى، دەپ ھېس قىلاتتى، بۇنداق بېشارەت ئۇنىڭغا خېلى مۇھىم يەرلەردىن بېرىلگەن، ئۇ ئۆزىمۇ «ئەمدىكى نۆۋەت جەزمەن مېنىڭكى» دەپ ئىشەنگەنىدى. بۇنداق ئادەملەر بىرەر مەنپەئەتنىڭ، توغرىراقى، بىرەر ئەمەلنىڭ، شان ــ شۆھرەتنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ھامان، خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى يەردە ئەمەس، ئەرشتە ھېس قىلىدۇ، كىشىلەرگە ئۆزىنى ئە-قىللىق، بىلىمدان، سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاغزى بېسىلماي ۋالاقشىيدۇ، كۆڭلىدىكى ھارام نىيەتلىرىنى جىنىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ، ئۆزىنى خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر قىلىپ پەردازلايدۇ! لې-كىن بۇنداق ساختىلىق ھامان سەمىمىي، ھالال نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن بەرىبىر قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئۇ خۇددى قارغا كۆ-مۈلگەن جەسەتتەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ!...

يىغىن ئۇزاق داۋام قىلمىدى، ھاۋاز بەختىنىڭ پىكرى يېرىم يولدا قالدى، ھېچكىم ئۇ توغرىدا قايتا ئېغىز ئاچمىدى، يىغىننىڭ كېيىنكى مۇزاكىرە تېمىسى فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ئىشلىرى توغرىسىدا بولۇپ كەتتى.

شۇ يىغىندىن ئىككى كۈن كېيىن، سەلىم ئەپەندى تۇيۇقسىز تەش-كىلات بۆلۈمىگە چاقىرتىلدى، مانا شۇ چاقىرىق بىلەن تەڭ شەۋكەت-نىڭ چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى، سەلىم ئەپەندى كۈتۈلمىگەن مۇش-كۈلات ئىچىدە قالدى...

تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك باشلىقى سېمىز، ئېگىز بوي، قاشلىرى شالاڭ، قىسىق كۆزلىرى سۈرلۈك، سوغۇق نەپەس ئادەم ئىدى. ئۇ خاس ئىشخانىسىدا سەلىم ئەپەندىنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. بەلكى بىگىز قولى بىلەن ساپانىڭ يېنىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ: «سىېنىڭ جايىڭ شۇ» دېگەندەك، قوپال بىر ئىشارەتنى قىلدى. سەلىم ئەپەندى ئورۇندۇقنى ئالدىغىراق تارتتى، ئاچچىق بىلەن كۆچەپ تارتىلغان ئورۇندۇقنىڭ پۇتىدىن «غارت» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ۋاڭ باشلىقنىڭ چىشى قېرىشقاندەك چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى...

دەسلەپكى سۆھبەت قىسقا ـ قىسقا سوئال ـ جاۋابلار بىلەنلا بولدى:

— سىزنى چاقىرتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

— ياق.

— نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنىچۇ؟

— گۇناھ؟ ياق، ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم...

— راستمۇ؟

— راست.

ۋاڭ باشلىق ئورنىدىن تۇردى، ئىشخانىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى، ھەربىر قېتىم سەلىم ئەپەندىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا سۈرلۈك كۆزلىرىنى تىكىپ، سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى.

— بەزىلەر سىزنى جاھىل، ھىيلىگەر دېسە، ئۇنچىلىك ئەمەستۇ، دەپتىكەنمەن، — دېدى ۋاڭ باشلىق سەلىم ئەپەندىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ، — سىز راستتىنلا گرانىت كاللىسى بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىدىغان جاھىللاردىن ئوخشايسىز! ئەمىسە، ئوچۇقراق ئېيتاي، بادامگۈل دېگەن قىزنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، — دېدى سەلىم ئەپەندى تاسادىپىي بۇ ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، — ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟

— مەندىن سورايسەنغۇ، خۇپسەنلىك قىلما! — ۋاڭ باشلىقنىڭ بىردىنلا ئەلپازى بۇزۇلدى، كۆزلىرى قىسىلىپ، كوسا يۈزى سەت ئۆڭدى، ئەمدى ئۇ «سەنلەپ» سوراق قىلىشقا باشلىدى، — بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا يامان نىيەتتە بولۇشىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەن هازىر قانۇنىي جازاغا تارتىلىش ئالدىدا تۇرىسەن. ئەگەر ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىپ، گۇناھىڭغا توۋا قىلساڭ، كەڭچىلىككە ئېرىشىشىڭ مۇمكىن، بولمىسا ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ پالتا چاپىسەن!

سەلىم ئەپەندى تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئادەمنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىغا ئوخشاش بىر خىل ئېسەنگىرەش بىلەن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا ۋاڭ باشلىق ئۆزىنى بۇ يەرگە خاتا چاقىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا ئۈنى، تۇرۇپلا بىر خىل خورلۇق، كەمسىتىلىش ئازابى قىيناشقا باشلىدى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە چىدىسىمۇ، لېكىن ئىنسانلىق غۇرۇرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى.

— ۋاڭ بۇجاڭ، ماڭا ئۈنچىۋالا ھۆركىرىمەڭ! — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي، — ئىككىمىز ئوخشاشلا كوممۇنىست! پارتىيە ئالدىدىكى بۇرچ - مەسئۇلىيىتىمىز ئوخشاش!...

— نېمە؟! بۇ گەپلەر قانداق ئاغزىڭغا پېتىۋاتىدۇ؟! — دېدى ۋاڭ باشلىق تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، — سەن بىلەن مەن ئوخشاشمۇ؟! بىلىپ قوي، سەن ھازىر گۇناھكارلا ئەمەس، بەلكى جىنايەتكار! بىرىنچىدىن، سەن ئۆز ئوقۇغۇچىڭغا چېقىلىپ، ئۈنى ھامىلىدار قىلىپ قويدۇڭ! ئىككىنچىدىن، دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلىدىڭ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا باشلىدىڭ! بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى مانا، سەن ئۈنىڭدىن تانالمايسەن، ئاغدۇرۇۋېتەلمەيسەن!

ۋاڭ باشلىق تارتمىدىن بىر تۇتام ماتېرىيالنى ئېلىپ، شىرە ئۈس-

تىنگە پاققىدە تاشلىدى.

— تۆھمەت، پۈتۈنلەي تۆھمەت! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى سەلىم ئەپەندى، — بىرسى ماڭا زىيانكەشلىك قىپتۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن، ھېسابلىشىمەن!...

— سەن ئەمدى ھېسابلىشىپ بولدۇڭ! — دېدى ۋاڭ باشلىق گەپنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — ھېسابلىشىش نۆۋىتى ئەمدى بىزگە كەلدى! سەن ھوشۇڭنى يىغىپ، ئەتىگىچە پۈتۈن مەسىلەڭنى يېزىپ تاپشۇر، ئەتىدىن قالساڭ، مۇشۇ پاكىتلار بويىچە ئۈستۈڭدىن ھۆكۈمنى چىقىرىۋېرىمىز، گۇناھىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، خالاس!

سەلىم ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى، ئۆزى تۇرغان يەر بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدىكى بىر نەچچە قەدەم يەر گويا ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدەك، ئۇزاق ھەم سىرلىق تۇيۇلۇپ كەتتى. دەسسەپ كېتىۋاتقان يەرمۇ گويا سىلكىنىپ، يېرىلىپ، ئۇنى تۆۋى يوق قاراڭغۇ ھاڭغا سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك مۇدھىش بىلىندى...

ۋاڭ باشلىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىسىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىر خىل ئۆچمەنلىك ھەم بىزار بولۇش نەزىرى بىلەن قاراپ قالدى. سەلىم ئەپەندىنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى قوغداپ ئېيتقان بايىقى ۋىجدانىي سۆزلىرى ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغانىدى...

## 8

كېيىنكى ئىشلار بادامگۈلنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتتى.

سەلىم ئەپەندىگە چارە كۆرۈلدى، كۆرۈلگەندىمۇ، پۈتۈن مەكتەپنى زىلزىلىگە سالغۇدەك، پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر چارە كۆرۈلدى. مەكتەپ بويىچە ئېچىل-

غان چوڭ يىغىندا، ئۇنىڭ پارتىيىدىن قوغلانغانلىقى، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى جاكارلاندى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى، ئۇ تازىلىق ئىشچىلىرى بىلەن ئوقۇتۇش بىناسىدا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، ئاغزىغا ماسكا تارتىپ ئىشلەۋاتاتتى!

چوڭ يىغىن ئېچىلغان كۈنى بادامگۈل ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. ئۇ خۇددى بېشى ئىككى پارچە بولۇپ چاچراپ كېتىدىغاندەك، قوللىرى بىلەن بېشىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. يىغلىغاندىمۇ، قاتتىق دەرد ئىچىدە سىلكىنىپ، گويا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ ھاڭغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك پۈكلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنلا ئۇنىڭ ھەققىدىكى غەيۋەت ـ شىكايەتلەر زەھەرلىك يىلاندەك ۋىشىلداپ، تەرەپ ـ تەرەپتە بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ، ياتاقتىن چىقالماي، قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە يېتىپ قالدى. ئۇ سەلىم ئەپەندىگە ئىچ ئاغرىتتى، قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان يېدى، ئۆزىنىڭ ئالدانغان، قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەندى، قىلغان گېپىدىن يېنىۋېلىشقا بولمايتتى، مانا شۇ پۇشايمان، نومۇس، ئۆكۈنۈش دېۋىسى ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە ھالىدىن كەتكۈزۈپ، چىدىغۇسىز ۋىجدان ئازابىغا سېلىۋاتاتتى. بۇ قاتمۇقات دەرد ـ ئەلەم ئۇنىڭ مەسۇم يۈرىكىنى خۇددى ئاتقان پاختىدەك تىتىۋەتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا سەۋزە، ياڭيۇ قازغىلى چىقىپ كەتتى. زايىت «باش ياچېيكىدا يىغىنىم بار» دېگەن يالغان سەۋەب بىلەن ئەمگەككە چىقماي، بادامگۈلنى يوقلاپ قىزلار ياتىقىغا كەلدى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا يالغان ھېجىيىپ ئۆزرە ئېيتتى:

— كەچۈرۈڭ ئامرىقىم، ئىككى كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يېنىڭىزغا كېلەلمىدىم، بەكمۇ سېغىندىم، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

ئەرلەر قاچانكى مۇھەببىتى سۇسلاشسا، شۇ چاغدا ھىيلە ـ مىكىر ۋە يالغانچىلىققا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ خۇددى ئاياللار يۈز ـ كۆزىدىكى

قىرىلىق ئالامەتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇيا ـ ئەگىلكىنى بولۇشىغا سۈركىگەنگە ئوخشاش ئىش!

زايىت شۇ كۈنلەردە، بادامگۈلگە نىسبەتەن ئاشۇنداق بولۇپ قالغانىدى. كۈلكىسى ئىچىدە مۇغەمبەرلىك، يۈرەك سۆزلىرى ئىچىدە يالغانچىلىق بار ئىدى!...

بادامگۈل مىدىرلاپمۇ قويمىدى. نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە، مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ يېتىۋەردى. تولا يىغلاۋەرگەچكە، قاپاقلىرى ئىششىپ، يۈزىمۇ تاتىرىپ قالغانىدى.

ــــ نېمە بولدى، بادامگۈل؟ ــــ دېدى زايىت ئۆزىنىڭ ئېرەنسىزلىكى هار كەلگەندەك ئاچچىق ئارىلاش تەلەپپۇزدا، ــــ ئەمدى ماڭا گەپ قىلىشتىنمۇ ئېرىنىدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟!

ــــ نېمە دەيتتىم، قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ بوپتۇق، ــــ دېدى بادامگۈل دوق قىلغاندەك سوغۇق تېگىپ، ــــ ئەمدى هازىر مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن بولۇۋاتىدۇ!

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ كىمگە ئويۇن، كىمگە قىيىن بولۇۋېتىپتۇ؟

ــــ ئۆزىڭىز بىلەرسىز!

ــــ مەن نېمىنى بىلىدىكەنمەن؟ ئەجەب سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئەقىللىق، ئەتىۋار چاغلايدىغان بولۇپ كېتىپسىزا؟!

ــــ نېمە!؟ سىز مېنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىۋاتامسىز؟ بۇنىڭغا هېچكىم قەلەم هەققى بەرمەيدۇ، جۇمۇ!...

شۇ كۈنلەردە، بادامگۈلنى ئۆزىدىن قانداق بەزدۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەن زايىت ئۈچۈن، بۇ گەپ ياخشى بىر ساپاق بولدى، شۇڭا ئۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چىڭ ئېسىلدى:

ــــ سىز ئادەمگە ئەجەب قاتتىق تېگىدىغان بولۇپ كەتتىڭىزا!؟ بىلىپ قويۇڭ، ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئەۋرىشىم يىپقا ئوخشايدۇ، سەللا قاتتىق تەگسە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، جۇمۇ!

ــــ مۇنداق دەڭ! خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلى هەرقانچە قاتتىق تەگسىمۇ ئۈزۈلمەيدىغان قوپال ئارغامچا ئىكەن ـ دە! ــــ دېدى بادام-

گۈل زايىتقا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، ــــ ئەمدى بىلدىم، سىز ئە-
زەلدىن باشقىلارنى چۆكۈرۈش ھېسابىغا ئۆزىڭىزنى كۆتۈرىدىغان،
باشقىلارنىڭ يىغىسى ھېسابىغا ئۆزىڭىزنى كۈلدۈرىدىغان ئادەم ئىكەن-
سىز!...

ــــ نېمە، نېمە دېدىڭىز ؟!ــــ زايىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــــ
بۇ گەپلىرىڭىز ئۈچۈن چىدىغۇسىز دەرد تارتىسىز، جۇمۇ بادامگۈل!

ــــ ھەرقانچە تارتسام يەنە شۇنچىلىك تارتارمەن!...

ــــ قېنى كۆرەرمىز!...

زايىت ياتاقتىن قېپىدىغاندەك چالۋاقاپ چىقىپ كەتتى.

× × ×

كۆپ قىزلار سىرتقى قىياپەتنىڭ يوشۇرۇن بېشارەتلىرىگە ئىشە-
نىپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىمۇ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاشلا گۈزەل بو-
لىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ ساددا، گۆدەكلىكى،
شۇنداقلا يامان ئادەملەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىشتىكى پىسخىك
ئاجىزلىقى!

بادامگۈل مانا شۇنداق بولدى، ئۇ بۇنى كېيىنرەك ھېس قىلدى،
ھېس قىلغاندا بولسا، ئۆز تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئاللىقاچان قارام ۋە
ساختا بىر يۈرەكنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى.

زايىت ئۇنى تاشلىۋەتتى، خۇددى ئىشلىتىپ بولغان كونا، كېرەك-
سىز بۇيۇمنى تاشلىۋەتكەندەكلا، شۇنداق ئوڭاي ھەم ئوچۇق ـ ئاش-
كارا تاشلىۋەتتى، ھەتتا ئۇ بەزى ئاغىنىلىرىگە قىلچە ھېيىقماستىن :

ــــ قاراڭلار، تاللىۋالغىنىم ئاشۇنداق تام پوتلىسىدەك بىر قىز ئىكەن
ئەمەسمۇ! ــــ دەپ يۈردى.

بۇ ئىشتا، يەنىلا بادامگۈلنىڭ يېقىن سىردىشى غۇنچەقىز ئوتتۇرىغا
چىقتى، ئۇ زايىت بىلەن خېلى قاتتىق زاكونلاشتى، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتى-

ـدىكى بىچارە ھالىتىنى، بادامگۈلنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، يىلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىقلىرىنى ئەس- لىتىپ، ئۇنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلماسلىقىنى ئۆتۈندى، لېكىن زايىت قارا نىيەتلىك بىلەن غۇنچەقىزغا مۇنداق دېدى:

— ئەر ـ ئايال ئىككى جىنس مەڭگۈ پەرقلىق ئىككى دۇنيا، قىز- چاق! شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قىل سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ھە- مىرلاش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، قوشۇلۇش ۋە ئايرىلىش تە- بىئىي ئەھۋال! سىلەر قىزلار مۇنداق بىر شېئىرنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

«ئاجايىپ گۈزەل سۆيگۈ- مۇھەببەت،
ئەمما ئۇ بەئەينى بىر ئېسىل تائام.
تۇنجى يالقۇنى پەسەيگەن مەھەل،
كىشىدە قالىدۇ تېتىقسىز بەتتام!»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان غۇنچەقىز خۇددى يىرگىنچلىك، ئىپلاس نەرسىگە يولۇقۇپ قالغاندەك، تېنى شۈركۈنۈپ، بەدەنلىرى تىكەنلى- شىپ كەتتى.

— بىلىپ قويۇڭ زايىت! — دېدى ئۇ ئەلەمدىن يىغلاپ سىلىشقا تاس قېلىپ، — سىزگە ئوخشاش ھەمدەم خىيال بىلەن ئىش قىلى- دىغان قارا كۆڭۈل، ناپاك ئادەملەرنى تۇرمۇش جازالىماي قويما- دۇ!...

لېكىن بۇ گەپلەر زايىتنىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، ئۇ ھازىر ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى، قىلغان ئىشىنىڭ ھەممىسىنى توغرا، ھەقلىق، دەپ ھېسابلايتتى. دېمىسىمۇ، زايىتتەك ئامىتى ئوڭدىن كې- لىپ، بەختى ئالدىدا يورغىلاپ يۈرگەن بۇنداق تەلەيلىك ئادەملەر بادامگۈلدەك چىنسى چېقىلىپ، سۆلى قاچقان قىزلارنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ياش ۋە گۈزەل بىرسىنى تېپىلىۋېلىشنى ھاياتىنىڭ ئۆزلى-

رىگە بەرگەن ھوقۇقى، تۇرمۇشنىڭ نېسىۋىسى، دەپ چۈشىنەتتى، بۇنداق ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن، خۇددى ماتېماتىكىدىكى قوشۇش ئەمىلى بىلەن ئەدەبىياتتىكى قوشاق توقۇشتەكلا ئاددىي ۋە ئوڭاي ئىش ئىدى...

شۇ كۈنلەردە، بادامگۈلنىڭ ھەممە نەرسىگە ئالاق - جالاق قارايدىغان بولۇپ قالغان ئۈركۈگەك كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ، قارىچۇقلىرى ئۈستىگە تارتىشقاندەك يوغىناپ كەتتى. ئۇ دىلخەستە بولۇپ، نادامەت بىلەن ئويلايتتى: «مەن نېمىشقا بۇ ناپاك، يۈزسىز ئادەمگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە دۈم چۈشتۈم!؟ ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە! ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىز، ئاجىزلىقىمدا!...»

ھەي!... ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا مۇنداق دەرد - ئەلەم كەلمىسۇن! دەرد - ئەلەم ئادەم تۈگۈل، ھايۋاننىمۇ ھۆكۈرتۈۋېتىدىكەن!...

بادامگۈل ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن بۇ دەرد - ئەلەم دەستىدىن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا، خۇددى ئۈششۈك تەگكەن گۈلدەك سارغىيىپ، سولىشىپ كەتكەنىدى...

## 9

ئاقنىياز قوللىرىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئادەمنى تىت - تىت قىلغۇچى بىر خىل چىگىش خىياللار ئىلكىدە بېشى قايغان تەرەپكە ماڭماقتا. تەبىئەتنىڭ رەسسام قولىدا ياسالغاندەك، ئالامەت مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ زوق - مەيلىنى تارتالمىدى، ئۇدۇل تەرەپتىن سوققان ئىللىق نەم شامال ئۇنىڭ يۇمشاق، شالاڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ، يۈزلىرىنى سىيپاپ، كىرپىكلىرىنى سۆيۈپ ئوينىسىمۇ ئۇنىڭغا راھەت، ھۇزۇر بېغىشلىيالمىدى، چۈنكى شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان، دىلى غەمكىن، قورسىقى ئاچ ئىدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىسى سەلىم ئەپەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىر ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ،

يۈرەك ـ باغرىنى خۇددى ئاغزى دۈملەنگەن تونۇرنىڭ ئىچىدىكى چوغ ـ قوقاستەك ئۆرتەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا، يەنە بىر دەرد — خۇددى قۇرت ـ قوڭغۇزدەك سوغۇق، يىرىك، يېقىمسىز پۇت ـ قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى، ئاشقازىنىنى، ئۈچەي ـ قېرىنلىرىنى غاجاپ، تاتىلاپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋاتقان ئاچلىق دەردى ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ بۈگۈن زادىلا چىدىيالماي قالدى، بەلكىم ئۇنىڭغا چۈشتە ئىچكەن ھېلىقى كىچىككىنە «شايى پەتتا» سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە، ئاقنىياز ئۇنچە نەپسى يامان، ناشۈكۈرلەردىن ئەمەس ئىدى، ھەرقانچە قىينالسىمۇ لېۋىنى چىشلەپ، شەيتىنىغا ھاي بېرىپ، ئاچلىق ئازابىنى يېڭەلەيتتى. لېكىن بۈگۈن زادى بولالماي قالدى، ئەگەر ئۇ، چۈشتىكى ئۆزىگە تېگىشلىك تاماقنىڭ ھەممىسىنى يېيەلىگەن بولسا، ھەرگىز بۇنداق بولۇپ كەتمەيتتى. ئەمما، تاماقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى، ئۇ، قولىدىكى بىرقاچا «شايى پەتتا» نىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولغاندا، خۇددى بىرنەرسىنى ئىزدىگەندەك، قوشۇقنى شۇنداق بىر مالتىلىۋىدى، قوشۇققا غەلىتە بىرنەرسە ئىلىنىشىپ چىقتى. ئۇ دەرھال يېنىدىكى سەلەينى نوقۇپ كۆرسەتتى، سەلەي بىر قاراپلا كۈلدى:

— ئاداش، تەلىيىڭ بارئىكەن، پۈتۈن قازاندىكى « شايى پەتتا » نىڭ زوئولوگىيە قىسمى ساڭا چىقىپتۇ، ھۇزۇرلىنىپ چايناۋەر!

— نېمە دەيسەن ھەي، بۇنى سەن قۇرت دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، سەي ـ كۆكتات بىلەن بىللە قازانغا چۈشكەن ئامىوبا، مىدۇزىلاردەك قۇرتلار بولمامدۇ! كۆزۈڭنى يۇمۇپ يەۋەر، گۆشمۇ گۆش، قۇشقاچمۇ گۆش دېگەن شۇ!...

شۇ گەپ بىلەن ئاقنىيازنىڭ كۆڭلى شەكلىنىپ، ئىچى ئېلىشقاندەك بولدى، ئاستا تاماقخانىدىن چىقىپ، يېرىم قاچا « شايى پەتتا » نى دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋەتتى. ئەمدى ئۇ چۈشتىكى ئاشۇ يېرىم قورساقلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتاتتى...

ئاقنىياز دەرەخلىك يوللارنى ئارىلاپ، بىلىپ ـ بىلمەي مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كۆكلىدە، ياڭيۇ، قىزىلچا، سەۋزىلىرى قېزىۋېلىنغان ئېتىزلىقلاردىن بىرەر ـ ئىككى باش نەرسە تېپىپ يېيىش ئارقىلىق، جاننى قاقشىتىۋاتقان ئاچلىق ئازابىنى بېسىش ئۈمىدى بارئىدى. مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يالىڭاچلىنىپ، كۈز ئاپتىپىغا بەھۇزۇر قاقلىنىپ ياتقان قارا چىلان تۇپراقلىق كەڭ ئېتىزلىقلار قۇچاق ئاچتى. ئېتىزلار تاپتاقىر ئىدى، بىرەر تۈپ تىك تۇرغان گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاقنىياز ئېتىزلىقنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىنى ئارىلاپ ، پۇتى بىلەن يۇمشاق توپىلارنى تۈرتۈپ قاراپ باقتى، بىرەرباش سەۋزە، قىزىلچا تۈگۈل، ئۇلارنىڭ سولاشقان يوپۇرماقلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاقنىياز تۈكۈرۈكىنى يۇتقۇنۇپ، گېزەرگەن لەۋلىرىنى يالاپ، دەسلەپ چېكى يوق كۆك ئاسمانغا، كېيىن قارىيىپ كۆرۈنگەن يىراقتىكى دەرەخلىكلەرگە ھالسىزلانغان ھالدا خامۇش تىكىلدى. شۇچاغدا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزىدىن ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم يىراقلىقتىكى ئېتىزلىقتا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىرتاغىل كالا كۆرۈندى. كالا خۇددى بىر نەرسىنى قازماقچى بولغاندەك، پۇتى ھەم تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرماۋاتاتتى. ئاقنىيازنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى ۋە ئىختىيارسىز كالا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ كالىمۇ يۇمشاق يەرنىڭ تەكتىدىن بىر باش قىزىلچىنى تۈرتۈپ چىقاردى، قىزىلچا يوغان، خۇددى چاغراق مانتا كاۋىسىدەك كېلەتتى. ئاقنىيازنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، نەپسى تاقىلدىدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، يوغان، بېجىرىم چىشلىرى بىلەن قىزىلچىنى چايناشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان ئورۇق كالىغا قاراپ ئېتىلدى. شۇ تاپتا، ئاقنىيازنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى تورمۇزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا پەقەت ئاشۇ كالىغا ئوخشاش ئاچلىق ۋەسۋەسىسىلا قالغانىدى. ئۇ كالىنىڭ ـــ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تەلۋە ھايۋاننىڭ ئۆزىگە بىرەر خېيىمخەتەر يەتكۈزۈپ قويۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ

خىيالىدا پەقەت ئاشۇ بىر باش قىزىلچا — ئۇنىڭ ئۆچۈن شۇ تاپتا ھاياتلىق مەشئىلى، كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى، شېرىن جانىنىڭ كا-پالىتى بولۇپ تۇيۇلغان ئاشۇ بىر باش خام قىزىلچىلا بار ئىدى. ئۇ خۇددى ساداقىتىن چىققان ئوقتەك ئېتىلغان پېتى يۈگۈرۈپ بېرىپ، قىزىلچىنىڭ بىر بېشىنى كاپلا تۇتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر بېشى ئاللىقاچان كالىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ بولغانىدى. بىر ئادەم ۋە بىر ھايۋان بىر باش قىزىلچىنى تالىشىپ ئېلىشماقتا، ھەرئىككىسى بوش كەلمىدى، كالىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى قىزىلچىنىڭ بىر بېشىنى ئامبۇردەك قىسقانىدى، ئاق-نىيازنىڭ يوغان ئۇگىلىك كۈچلۈك بارماقلىرىمۇ قىزىلچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا تاقا مىختەك چىڭ كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئېلىشىش خېلى ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ ئېلىشىشتا، ئاچلىق ئادەممۇ، ئاچسىز ھايۋانمۇ ئوخشاش قىممەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قىممىتى، ئوخ-شاشلا، ئۆز نەپسى ۋە تىرىكلىكى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇلار، بىر-بىرىگە رەھىم قىلمايتتى، زادى يول بەرمەيتتى، ئوخشاشلا رەھىمسىز، ئوخشاشلا قەدىرسىز ئىدى...

لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئاقنىياز ئۆز رەقىبىنىڭ دۈپدۈگىلەك يوغان كۆزىگە قارىغانسېرى، ئاستا - ئاستا بوششىپ كەتتى. بۇلاقتەك تىنىق ۋە پاك بۇ كۆزلەردىن قانداقتۇر يېلىنىش ۋە ئىلتىجاغا ئوخشاش بىر خىل سىيايە مۆلدۈرلەش چىقىپ تۇراتتى. ئاقنىياز تىلسىز ھايۋاننىڭ يالتىراق كۆزلىرىدىكى بۇ يوشۇرۇن مەنىنى ئۇنىڭ كۆبجۈپ تۇرغان ئاق ۋە پاكىز يېلىنىغا كۆزى چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ تولۇق چۈ-شەندى. بىچارە، يېڭى تۇغۇلغان بالاڭ بارئىكەن -دە!... شۇخىيال كۆڭلىدىن ئۆتۈش بىلەن ئاقنىيازنىڭ قولى ئىختىيارسىز بوشاشتى ۋە بىردىنلا ئۆز - ئۆزىدىن سەسكەنگەندەك بولۇپ كەتتى...

تاغىل كالا قىزىلچىنى چىشلىگەن پېتى ئارقىغا ياندى ۋە خۇددى يەنە بىرەر ئاچ ئەرۋاھ كېلىپ، رىزقىغا چاڭ سالىدىغاندەك، سوكۇلداپ تېز يۈرۈپ كەتتى...

ئاقنىياز شۇ يەرگىلا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتتى. ھارغىن

جىسمى نەم ۋە يۇمشاق تۇپراق ئۈستىدە گويا ئانا باغرىدا ئەللەيلەن‑گەندەك، بىر خىل راھەتلىك سىزىمگە تولدى، بۇرنىغا قۇياش تەپتىدىن تاۋلىنىپ، نۇر ۋە قىروغا تويۇنۇپ، راسا ئەكچىگەن مۇنبەت تۇپراقنىڭ ئۆزگىچە خاس چۈچۈك ھەم خۇشبۇي ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلدى، كۆزىگە تەپتى يانغان كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى بىلەن چاقنىغان كۆك ئاسمان ۋە ئۇنىڭ پايانسىز بوشلۇقىدا گاھى لەيلەپ، گاھى شۇڭغۇپ، گاھى موللاق ئېتىپ يۈرگەن غەمسىز قۇشلارنىڭ بىمالال پەرۋازى كۆرۈندى. ئۇ راھەتلەنگەندەك، كۆكسىنى تولدۇرۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ھاۋا ھەقىقەتەنمۇ ساپ ھەم نەمخۇش ئىدى. شۇتاپتا ئۇ، ئىچ ـ ئىچىنى تاتىلاۋاتقان زەھەردەك ئاچلىقنى، پۇت ـ قولىنى لاكاسلىتىپ قويغان ھالسىزلىقنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇدى، پۈتۈن ۋۇ‑جۇدى بىر دەقىقە بولسىمۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل، سېھىرلىك ۋە سې‑خىي قوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك، خۇشاللىق ھەم ئاراملىق تۇيغۇسىغا چۆمدى...

× × ×

گۇگۇم چۈشكەندە، شەۋكەت ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئاقنىيازنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى.

— پاھ، شاھنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپسەنغۇ، — دېدى شەۋكەت ئۇنى قىتتىقلاپ ئويغىتىپ، — ئەگەر كۆرمىگەن بولسام، كېچىچە سېنى بۇ يەردە ئىت تالايدىكەندۇق!

— نەدىن كېلىشىڭ؟ — سورىدى ئاقنىياز ئەسنەپ تۇرۇپ، — ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپتىمەن.

— سېنى ئىزدەپ ياتىقىڭغا بارغانىدىم، — دېدى شەۋكەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇۋېتىپ، — قايتىشىمدا، تېخى يولنى قىسقار‑تىش ئۈچۈن ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ كېلىۋاتاتتىم، قارىسام لايدەك يا‑تىسەن، دەسلەپ قورقتۇم، بۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانمۇ، نېمە، دەپ

ئويلىدىم، كېيىن سىنچىلاپ قارىسام، پۇشۇلداپ خىرامان ئۇخلاۋې-تىپسەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟
— قورساق دەردى بولمامدۇ، ئاداش!...
ئاقنىياز خۇددى قىزنىڭ بىر ھېكايە ياكى لەتىپە سۆزلىگەنىدەك، شۇنداق ھەۋەس ھەم زوق - شوخ بىلەن بايىقى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. شەۋكەت تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلدى ۋە ئاخىرىدا:
«خام تېرىنى ئەيلىسە ئۇلتان بولۇر، نەپسىنى يىغقان كىشى سۇلتان بولۇر» دېگەن تەمسىلنى شېئىر قىلىپ ئوقۇپ:
— سەن كەلگۈسىدە سۇلتان بولىدىغان ئوخشايسەن، ئاقنىياز! — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ياتىقى تەرەپكە ئېلىپ ماڭ-دى، — يۈر، تېز ماڭ، قورسىقىڭ ئېچىپ ھالىڭدىن كېتەي دەپ-سەن...
ئۇلار خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تۆت تام ئىچىدىكى كىچىك، ئاددىي ياتاققا كىردى، ياتاق كۆرۈمسىز، بىساتى غۇربەت بولغىنى بى-لەن يېمەك - ئىچمەك، مەئىشەتى مول ئىدى. شەۋكەت ئاقنىيازنىڭ ئالدىغا بىر لىگەن ياغلىق بىلەن قىزىلچىنى قويدى، تېخى ئىككى پارچە كۆنجۈت، پىياز سېلىنغان مەززىلىك تونۇر نېنىمۇ بار ئىدى. ئېچىرقاپ كەتكەن ئاقنىياز تەكەللۇپمۇ قىلماستىن، بەھۇزۇر يېيىشكە باشلىدى، قوقاستا پىشۇرۇلغان ياغلىق بىلەن قىزىلچا شۇنداق تاتلىق، يېيىشلىك ئىدى. شەۋكەت ياتاقنىڭ سىرتىدىكى مەش ئوچاققا ئوت قالاپ، بىردەمدە قېنىق چاي دەملىدى، ئاقنىياز مەززىلىك تونۇر نېنىنى يوغان جاۋۇرغا چىلاپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىتى ۋە شەۋكەتكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ سورىدى:
— تۇرمۇشۇڭ قالتىسقۇ، شەۋكەت؟ بىر نازۇك، كۆيۈمچان قول ئارىلاشقاندەك قىلىدىغۇ!
شەۋكەت ئەزەلدىن سىر تۇتمىغان دوستىدىن بۇ ئىشنىمۇ يوشۇر-مىدى:
— مەيداندىكى بىر ئىشچىنىڭ قىزى ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇ-

رۇۋاتىدۇ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدۇ، سەن دېگەندەك، ھەقىقەتەن كۆيۈملۈك، ئىشچان. لېكىن... ئارىمىزدا تېخى ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمىدى...

— ئۇ ساڭا خۇدا ئەۋەتكەن پەرىشتە ئىكەن، شەۋكەت! — دېدى ئاقنىياز دەرد چەككەن دوستىنىڭ بۇ تاسادىپىي ئامىتىدىن خۇشاللىنىپ، — ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىل، بەختسىز كۆڭۈلگە ئۆز بەختىنى بەرگەن ئادەمدىن ۋاپا كېلىدۇ!

— قېنى، قاراپ باقامدۇق...، — دېدى شەۋكەت بىر خىل دېلىغۇللۇق بىلەن، — سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن ئادەم قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىدىغان بولۇپ قالىدىكەن!

ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى، ئاقنىياز قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى:

— ھە، راست... بايا مېنى نېمىگە ئىزدىگەنتىڭ؟

— سەلىم ئەپەندىنى يوقلاپ كېلەيلىمىكىن دېۋىدىم، — دېدى شەۋكەت، — ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىن، ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم...

— ماقۇل، بارايلى، — ئاقنىيازنىڭ ئاۋازىمۇ مىسكىن چىقتى، — مەن ئۆتكەن كۈنى بىر كۆرۈشكەنىدىم، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ ئادەم ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ...

— بەلكىم ئوقۇغۇچىلىرىمغا گەپ كېلىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزىنى ئايىغاندۇ...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

— ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ھاجەتخانا تازىلايدۇ، كارىدور يۇيىدۇ، پەلەمپەيلەرنى سۈپۈردۇ...

— ھەي بىچارە!...

شەۋكەت ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، لېكىن ئاقنىياز ئورنىدىن دەس

تۇردى ۋە قايسىبىر كىلاسسىك شائىرنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇپ، سەلىم ئەپەندىگە بولغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى:

«ساپال ۋە زەر قاچا ئىشتا باراۋەر،
قىممەتتە لاي بىرى، بىرى بولسا زەر!»

ئۇلار مېڭىشقا تەمشەلدى، شەۋكەت قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان بىر-نەچچە تال ياڭيۇ بىلەن قىزىلچىنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ ئېلىۋال-دى.

ئۇلار سىرتقا چىققاندا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئاي قاراڭ-غۇسى بولغاچقا، يولنى پەرق ئېتىش تەس ئىدى، لېكىن يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرغان يوپيورۇق ئېگىز بىنالار ئۇلارنى ئاداشتۇرماي ئا-سانلا مەكتەپكە باشلاپ كەلدى، ئۇلار بىنالارنىڭ دالدىسىدا ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ، سەلىم ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا كىردى. لېكىن ياتاقتا سە-لىم ئەپەندى يالغۇز ئەمەس ئىدى، خۇددى بۈگۈن يوقلاشنى كېلى-شىۋالغاندەك، ئۇ يەردە سەلەي قاشاڭ، گايىت مايىت ۋە مەتكېرەم مەت-قاسىملارمۇ بار ئىدى. كىچىككىنە ياتاق ئادەمگە لىق تولدى، ھەممەي-لەن سەلىم ئەپەندىنىڭ بىر ئاز ياداپ، تارتىلىپ قالغان بەستىگە، تې-خىمۇ مۈڭگۈ تولغان ئويچان كۆزلىرى بىلەن تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

يېقىندىن بېرى، كىشىلەر سەلىم ئەپەندىنى «تەلەتى سۈرۈن، مىجە-زى سوغۇق» بولۇپ قاپتۇ دەيتتى. راست، ئۇ شۇنداق بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئەمەس، بەلكى تۇر-مۇشنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى يەتكۈچە تارتىپ، قەلبىدە ئەتراپقا چاچقۇدەك قىزغىنلىق قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇنداق سوغۇق مىجەز بولۇپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، سۈرۈن، سوغۇقلۇقىغا ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە تۇيغۇن قەلبى سەۋەب بولغانىدى، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ياسالما، ساختىلىقىغا چىدىيالماي قالغان، ئۇنىڭ سادىق ـ سەممىيەت-

لىكى شەپقەتسىز ئەخمەق قىلىنغان ۋە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇ، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنىڭ باشقا بىر قۇتۇپىغا سەكرەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى!...
لېكىن بۈگۈن ئۇ ئۇنداق بولمىدى، چىرايىدىن ئوت ـ ئاتەش قىز-غىنلىق، كۆزلىرىدىن چەكسىز مېھىر ۋە شادلىق، ھەرىكەتلىرىدىن تې-تىك ۋە جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ، ئەزەلدىن ئۆز تەق-دىرىنى مانا مۇشۇ تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى مانا مۇشۇ بىد-لىم ئىشقىۋازلىرىنىڭ ھۆرمەت، ئەقىدىسىدىن تاپقان، شۇڭا ئۇلارنى بىلىملىك، يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا قەسەم ئىچكەن! شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆزى نۇرلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشسە، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە بولغاندا ئۇ ئۆزىنى كۈچلۈك، ئىشەنچلىك، خۇشال ۋە ئازادە سېزىدۇ !...
ئارىدىكى جىملىقنى شەۋكەت بۇزدى :
— مۇئەللىم ، ماۋۇ ئۆز قان ـ تەرىمىنىڭ مېۋىسى، — دېدى ئۇ قو-لىدىكى گېزىتكە ئورالغان تۈگۈنچەكنى ئۇزىتىپ، — سىزنى تېتىپ باقسۇن، دەپ ئەكىلىۋىدىم.
— كايىپسىز شەۋكەت، — دېدى سەلىم ئەپەندى يېڭى كەلگەنى-لەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — قېنى ئەمسە، ھەممىمىز بىللە تېتايلى. ئۇ گېزىتنى ئېچىپ، شىرە ئۈستىگە يايدى، تارتمىدىن كىچىك ـ كىچىك تەخسىلەردىكى قەنت ـ گېزەك، گۈلە ـ قاقلارنىمۇ ئېلىپ ئەتراپقا تىزدى.
— قېنى، يېگەچ ئولتۇرۇڭلار! — دېدى ئۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى بىر تال قىزىرىپ پىشقان ياڭيۇنى ئېلىپ پوستىنى ئاجرىتىشقا باشلىدى.
داستىخانغا ھۇجۇم باشلاندى، دەسلەپ ياڭيۇ، قىزىلچىلار ماختى-لىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېيىلدى، كېيىن كەمپۈت، پېچىنىلەرنىڭ كوسۇل-

دىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاخىرىدا گۈلە ـ قاقلار چاپىنىلىپ، ئاندا ـ مۇندا قارسىلداپ ئۇچكە چاقاقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالدى...

ـــ مۇئەللىم، مۇشۇنداق يۇرىۋېرەمسىز؟ ـــ دېدى ئاقنىياز تىت ـ تىت بولغان بىر خىل روھىي كەيپىيات بىلەن، ـــ ئەرز قىلمامسىز، زايىت دېگەن ئەبلەخ ھاۋاز يېتەكچى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكنى سىزگە ئىتتىرىپ قويدى!

ـــ راست، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى سىزگە ئىتتىرىپ قويدى!

ـــ تۆھمەت قىلدى، مۇناپىقلار!

ـــ ئەرز قىلمىدى دەمسىلەر، قىلدىم، ـــ دېدى سەلىم ئەپەندى قىسقىلا قىلىپ، ـــ لېكىن تېخى ماڭا خىزىر يولۇقمىدى!

ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا دەرد تۆكۈپ، كۆڭۈل يارىسىنى ئاشكارىلاشنى، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭمۇ دىلىنى خەستە قىلىشنى خالىمىدى، شۇڭا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـــ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇشنى ئومۇمىي خاھىش دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن بەك ئاغرىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل خاھىش بىزگە ئەلمىساقتىن قالغان. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خۇدا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن: «نېمە ئۈچۈن چەكلەنگەن مېۋىنى يېدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام: «مۇشۇ ئايال بەرگەندى، يەپ سالپىتمەن» دەپ ھاۋا ئانىنى كۆرسىتىپ قويۇپتىكەن. ھاۋا ئانىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىماي: «مېنى يىلان ئازدۇرغان» دېگەنىكەن. ئەگەر يىلاننىڭ زۇۋانى بولغان بولسا، بەلكىم ئۇمۇ باشقىغا دۆڭگەپ: «مۇھىت مېنى شۇنداق قىلدۇرغان» دېگەن بولار ئىدى!...

مەنىلىك، تەسىرلىك بۇ سۆز كەيپىياتنى سەل ـ پەل يۇمشىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىمگىدۇر تېشىپ تۇرغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكىنى بىرئاز پەسەيتكەندەك بولدى. لېكىن سەلەي يەنە تەكىتلەپ سورىدى:

— ئەمدى مۇشۇنداقلا بولدى قىلامسىز، مۇئەللىم؟ بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟

— ئىگىسى بار، — دېدى سەلىم ئەپەندى يەنە شۇ ئۆمىدۋارلىقى بىلەن، — ياخشى ئىشنىڭمۇ، يامان ئىشنىڭمۇ ئىگىسى بار. تارىخ بىر ئوچۇق ئېكران، ئۇ مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ ئىش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ھەممىنى ئۆز قىياپىتى، ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى بىلەن بىرمۇ بىر ئاشكارىلاپ ئۆتىدۇ! ھەقىقەتتىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ، ئۇكىلار! مەن تىلدىكى چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، پەش ۋە ئۈندەش دېگەنلەرنى بىلمىسەممۇ، لېكىن پېئىلنى ياخشى بىلىمەن، بولۇپمۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى، ھازىرقى زامان پېئىلى دېگەنلەرنى ياخشى بىلىمەن!...

سەلىم ئەپەندىنىڭ كېيىنكى سۆزى ئوقۇغۇچىلارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، خېلى چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە سۆز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، سەلىم ئەپەندى بۇ سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخنى ھەم ھازىرنى؛ تارىختا بولغان ئىشلار بىلەن ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

پاراڭ، سۆھبەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، تېمىلار تېز - تېز ئۆزگىرىپ تۇردى، لېكىن ئۆرۈلۈپمۇ - چۆرۈلۈپمۇ يەنە شۇ بىرلا نۇقتا — سەلىم ئەپەندىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى توغرىسىدىكى گۇمان، ئەندىشە ۋە مۇلاھىزىلەر باشتىن - ئاياغ سۆھبەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ تۇردى. سەلىم ئەپەندى بىردەم كۆلدۈرەتتى، بىردەم ئويلاندۇراتتى، گاھ تارىختىن ئىبرەتلىك تەمسىللەرنى سۆزلەيتتى، گاھ رىئاللىقتىن تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلاتتى. ئۇ بىرمۇنچە مەنىلىك، قىزىقارلىق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— سىلەر مەندىن غەم قىلماڭلار، مېنىڭ كىشىلىك ھايات كۆز قارىشىم تۇرغۇزۇلۇپ بولغان ئادەم. مېنىڭ ياشاش پرىنسىپىم مۇنداق:

ھېچكىمگە بېرىلىپ كەتمە، ھېچكىمدىن قورقما، شۇچاغدا ھەممە نەر-سە جايىدا بولىدۇ ! مەن مانا شۇنداق ياشاپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كې-يىنمۇ شۇنداق ياشايمەن! سىلەرگە دەيدىغان گېپىم يەنە شۇ كونا گەپ : بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، پۈتۈن ۋاقتىڭلارنى، ئە-قىل ـ پاراستىڭلارنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىڭلار، بۇ يولدا ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەڭلارمۇ ئەرزىيدۇ! بۇنىڭسىز بىز مىللەتنىڭ ساپاسىنى، تەقدىرىنى، كېلەچىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز! بىزنىڭ ئەقىللىق، دانىشمەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىلىمنى ئۇلۇغلاپ، نادانلىقنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان، قاراڭلار، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىب 11ـ ئەسىردىلا :

«بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،

ئول تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر!»

دەپ، بىلىمسىز، نادانلار گەرچە ئۆزىنى بىلىمەي تۆرگە چىقىۋالسىمۇ، ئۇنىڭ بەربىر ئېتىبارى يوق، كىشىلەر نەزىرىدە، ئۇ چىققان تۆر ھامان پەگاھ دەپ قارىلىدۇ. ئەكسىچە، بىلىملىك كىشى پەگاھدا قالسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەر نەزىرىدە ھامان تۆردە دەپ قارىلىدۇ، دەيدۇ. شۇ-ڭا، نادانلىق، پاسسىپلىق 60ـ يىللاردىكى ياشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولماسلىقى لازىم. ئېگىلمەس ئىرادە بىلەن ئالغا بېسىش، قەيسەرانە روھ بىلەن بىلىم ئېلىش ــــ دەل ھازىرقى زامان ياشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت!...

بەش ساۋاقداش ئۇزاش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا، سەلىم ئەپەندى مۇھىم بىر ئىش ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، دەرھال ئۇلارنى توختىتىپ مۇنداق دېدى :

ــــ سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، مېنىڭ ئىشىم تۈپەيلىدىن، ھەرگىز-مۇ بادامگۈلگە سوغۇق نەزەردە قاراپ سالماڭلار! ئۇنى ئالداپ كەتتى، ئۇمۇ بىر بىچارە قۇربانلىق قوي !...

ھەممەيلەن بىر دەقىقە سەلىم ئەپەندىگە قاراپ، ھەيران بولغاندەك تۇرۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدە چاقناپ تۇرغان ئالەمچە مېھىر ـ

مۇھەببەت بىلەن چىرايىدا ئەكس ئەتكەن سەممىي ئەپۇچانلىقنى كۆ-رۈپ، بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى.
ئۇلار سىرتقا چىققاندا، ئاسمان بىلەن زېمىن قوغۇشۇندەك ئېغىر قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆككەنىدى. ئەتراپتا، كەچلىك تەكراردىن كې-يىن كىنوغا بېرىپ قايتقان قىز ــ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ شادىيانە كۈلكىلىرى ياڭراپ تۇراتتى .

## 10

شۇ كۈنلەردە، بادامگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدا قايغۇ بىلەن خۇشاللىق، غەيرەت بىلەن زەئىپلىك، نۇر بىلەن زۇلمەت، قىسقىسى، ئەجەل بىلەن ھايات جىددىي كۈرەشمەكتە ئىدى... بۇنداق شەپقەتسىز كۈرەشكە ئۇ-نىڭ ئاجىز قەلبى، نازۇك نېرۋىلىرى ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيدى. ئەجەل دېۋىسى ئاستا ــ ئاستا غالىب كېلىشكە باشلىدى، گويا، ئۇ دۇنيانىڭ سىرلىق ئاپتىپى ئۇنىڭ ساقايماس بېشىغا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغاندەك، ئۇ يىگىرمە بىر يىل ياشىغان بۇ يورۇق دۇنيادىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، مەڭگۈ ئارام تاپىدىغان ئۇ دۇنياغا قاراپ جىمجىت كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى...
ئۇ ئاشۇنداق سوغۇق ھېسسىياتتا، ئىككى كۈندىن بېرى، ئەتراپىد-دىكى ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسىلەر بىلەن غايىبانە خوشلىششقا باش-لىدى. ئالدى بىلەن ئۆزىگە بەختتىن كۆرە ئازابنى، خۇشاللىقتىن كۆ-رە قايغۇنى كۆپرەك ئېلىپ كەلگەن بىتەلەي ياشلىقى بىلەن خوشلاش-تى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇستازلىرى، دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە ھەتتا رەقىبلىرىگىچە بىرمۇ بىر رىزالىق تىلەپ خوشلاشتى. ئۇ خىيا-لىدا، شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خوشلاشقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە يەنە كىم بىلەندۇر خوشلاشماقچى بولغان-دەك، بىر خىل يېرىمچىلىق، تەشنالىق باردەك قىلاتتى، ئۇ ئىسمىنى ئېنىق ئاتاشقا، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، خىيالەن بولسىمۇ مۇڭدىشىش-

قا جۈرئەت قىلالمىغان بۇ ئادەم شەۋكەت ئىدى. بادامگۈل ھاياتىنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆ-رۈپ، خوشلىشىۋالمىسا، ئۇ دۇنياغا ئاچچىق ئارمان بىلەن كېتىدىغانلى-قىنى، ۋىجدانى ئالدىدىمۇ مەڭگۈ ئازابقا قالىدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ غەيرەتكە كەلدى، غەيرەتكە كېلىۋې-دى، خۇددى بۇرۇنقىدەكلا، شەۋكەتنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچەيدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيدى، ئۇستىۋاشلىرىنى ئالچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ ياتاقتىن چىقتى ۋە چىققان پېتى ئۇدۇل دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. ئوچۇقچىلىقتا، يورۇقلۇقتا چىق-قاندىن كېيىن بادامگۈلنىڭ تۇرقى، چىرايى كىشلەرگە ئېنىق كۆرۈن-دى، يولدا ئۇنى تونۇيدىغانلار ئۇچراپ « بادامگۈل شۇمۇ، ئەمەس-مۇ؟ » دېگەندەك ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ قې-لىشتى. دېمىسىمۇ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا، ئۇنىڭ تەلەتى شۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنىدىكى، بۇرۇنقى مۇلايىم، ئوماق ۋە سۈزۈك چىرايى بىلەن ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان يېقىملىق كۆزلىرىدىكى شوخ ۋە پاك ھېسسىياتلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ھازىر بۇ چىراي بىلەن بۇ كۆزلەر بەئەينى پىغانى ئۆرلەپ جېنىدىن تويغان، كىملەرنىڭ-دۇر چېپىپ، قىيما ـ چىيما قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈر قىڭراقنى قولىغا ئېلىۋالغان ئىسيانكار تەلۋىنىڭ سۈرلۈك چىرايىغا ۋە شەپقەتسىز كۆز-لىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى!...

بادامگۈل ھېچكىمگە، ھېچ يەرگە قارىماي ئۇدۇل ۋە تېز ماڭغاچقا، ئون بەش مىنۇتقا قالماي، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئېتىزلىقىغا بېرىپ قالدى. ئۇ داڭگاللار بىلەن تولغان ئېتىزلىقتا، پىژغىرىم ئىسسىقتا ماي-كىچان بولۇپ ئىشلەۋاتقان شەۋكەتنى يىراقتىنلا كۆرۈپ تونىدى. تو-نىدىيۇ، تۇيۇقسىز يۈرىكى ئاغدى، خۇددى سەت، ئۇياتلىق بىر ئىش قىلىپ قويغان ئەيىبكاردەك، ئۇنىڭغا خېلىغىچە باش كۆتۈرۈپ ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئېتىزدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، شەۋكەت ئۆزى يالغۇز بىر چەتتە ــــ قىر بېشىدىكى يوغان بىر تۈپ

قارىياغاچنىڭ ئۇدۇلىدا ئىشلەۋاتاتتى. بادامگۈل ئېرىق بويىدىكى تال ۋە چاتقاللارنى دالدا قىلىپ ئايلىنىپ ماڭدى ۋە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ھېلىقى كاداڭ قارىياغاچنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يەردىن شەۋكەتنى ئوچۇق ۋە بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. بادامگۈل بوغماق - بوغماق ئۆسمىلەر بۆرتۈپ چىققان دەرەخنىڭ يوغان ۋە قوپال تېنىگە يۆلىنىپ، چوڭقۇر خۇرسىنغان ھالدا شەۋكەتكە نەزەر سالدى. شەۋكەت خېلى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، بۇرۇنقىدىن سەل بوي تارتقاندەك، سا- قال - بۇرۇتى ئۆسۈپ قالغان يۈزى سەمرىپ، كېڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۆز ۋاقتىدىكى قاپقارا ، يىرىك چاچلىق بېشى ھازىر تاپ- تاقىر ئىدى، ئۆڭمۇ قارىيىپ، ئاپتاپتا مىستەك پارقىرايتتى. ئاپتاپتا كۆيگەن ئىككى مۈرىسى قىزىرىپ، شەلۋەرەپ، قاسراق ئۆرلەپ تۇراتتى، تەرلەپ، شورلىشىپ كەتكەن كۆك مايكىسى يىراقتىنلا چەل تەگكەندەك ئاقۇچ كۆرۈنەتتى. خادانى شىمى تىزىدىن يۇقىرى تۈ- رۈلگەن بولۇپ، پۇتىدا بىر-ئىككى يېرىگە ياماق چۈشكەن رېزىنكە ئا- ياغ تۇراتتى. ئۇ كەتمەننىڭ چولتىسى بىلەن يوغان - يوغان داڭگاللارنى ئۇرۇپ ئېزىپ، ئېتىزنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىۋاتاتتى. ئىشقا قاتتىق ھەم ئەستايىدىل بېرىلگەنىدى، كەتمەننى ھەر قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ پارقىراق يۈزى قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى. شەۋكەت ئاشۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق ئىشلىگەندىن كېيىن، باش - كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان تەرنى سۈرتۈش ئۈچۈنمىكىن، بىردەم ئىشتىن توختىدى ۋە بويىنىدىكى لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزىنى، بويۇن ۋە قولتۇقلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن سول قولىنى چېكىسىگە قويۇپ ئاسمانغا قارىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزى بادامگۈل تەرەپكە ئۆرۈلدى، بادامگۈل ئۇنى ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن كۆردى. ۋاھ ! ... ئەنە ئۇنىڭغا ئەزەلدىنلا تونۇش بولغان يېقىملىق چىراي! ئەنە بىر دۇنيا كارامىتى بار ئويچان كۆز! بۇ كۆز ئۆز ۋاقتىدا بادامگۈل مۇھەببەت چۆلىدە تەشنا بولۇپ يۈرگەندە، بەئەينى ئالتۇن جام بو- لۇپ، ئۇنى سۆيگۈ شارابى بىلەن ھۇزۇرلاندۇرغان ئەمەسمىدى؟! ئۇ

يەنە مۇھەببەتنىڭ ئاچا يولىدا تېڭىرقاپ قالغاندا، يەنە شۇ كۆز بەئەينى مەشئەل بولۇپ، ئۇنى ئۆزى تەرەپكە باشلاپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن ۋە چەكسىز خۇشاللىق قوشقان ئەمەسمىدى ؟! ... شەۋكەت بىلەن بىللە بولغان ئۇ چاغلاردا، هايات ئۇنىڭغا خۇددى ئاشۇ چەك-سىز ئۇپۇقتىكى رەڭگارەڭ شولىلاردەك چىرايلىق، يېقىملىق تۇيۇلغان ئەمەسمىدى ؟!...

بادامگۈل شۇ تاپتا، شەۋكەتنىڭ ئاشۇ مۇڭلۇق كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ غەمسىز ياشلىق چاغلىرىنى، ئوت - ئاتەش بولۇپ ئۆتكەن، پاك ۋە مەسۇم چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولدى ... لېكىن ئۆتكەن ئىشلاردىن هازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە قالغىنى پەقەت گۈزەل ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلا ئىدى، خالاس! شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، گويا ئۇلۇغ سۇ بىردىنلا بۆسۈپ كەلگەندەك، ئۇزۇندىن بۇيانقى خىجىللىق، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، خورلۇق، دەرد - ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ قەل-بىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سىرغىپ، يىغىلىپ، جەم بولۇپ، گويا ۋولقان تاغلىرىدەك پارتلاپ، سىرتقا ئېتىلدى، ئۇنىڭ زەربىدىن بادامگۈل هەتتا نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇ ئېسىلىپ يىغلىماقچى، مانا شۇ ئاسمىنى كەڭ يەردە، تۇنجى قېتىم سۆيگەن يىگىتىنىڭ يېنىدا راسا بىر يىغلاپ، ئىچ - قارنىنى بوشاتماقچى بولۇۋىدى، لېكىن كۆ-زىگە زادىلا ياش كەلمىدى، ئەتىگەندىن بېرى يۈز - كۆزىدىن تارام - تارام دەريا بولۇپ ئاققان ئەلەم ۋە خورلۇق ياشلىرى ئەمدى قا-ياقلارغىدۇر قېچىپ، كىرپىكلىرىمۇ نەمدىيەلمىدى. شۇ تاپتا، بادامگۈل خۇددى قايىنامغا چۈشۈپ، پىر - پىر ئايلىنىۋاتقان يېگانە ياپراقتەك هالسىز ۋە بىچارە ئىدى ...

شەۋكەت يەنە ئىشقا بېرىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ هەر بىر ئۇرغان كەت-مىنىنىڭ شىددەتلىك سالمىقى گويا بادامگۈلنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگكەندەك، ئۇ تولغىناتتى، ئازابلىناتتى. ئاخىر ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋې-رىشكە چىدىمىدى، ئەڭ ئاداققى قېتىم پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ئەقىد-دىسىنى، پۇشايمىنى بىلەن ئۆكۈنۈشىنى ئاشۇ بىر جۈپ هەسرەتلىك

كۆزىگە يىغىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ئۇزاق قارىدى، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، تېنەپ قالغان بوتىلاقتەك تەلمۈرگەن، مۆلدۈرلىگەن بۇ كۆزلەردە، گويا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى سارغايغان يوپۇرماقلار ئۈستىدە ئالا ـ بۇلىماچ شولا پەيدا قىلغانغا ئوخشاش، ئىنتايىن ئاجىز، سۇس بىر نۇر جىلۋە قىلاتتى...

«خەير خوش، شەۋكەت! خەير خوش...! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى بادامگۈل ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنىپ، — مەن سىزنى ساقلىيالمىدىم، تەھدىت، بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، ئالدىنىپ كەتتىم، رازى بولۇڭ! مەن سىزدىن مەڭگۈ رازى !...»

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى، ماڭغاندىمۇ، ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن گۈرسۈلدەپ ماڭاتتى، پۇشايمان ۋە ھەسرەت بىلەن ماڭاتتى، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ماڭاتتى، يۈرەك ـ باغرى ئۆرتەنگەن ھالدا ماڭاتتى، غەمگە پاتقان ھالدا ماڭاتتى، جان ـ جەھلى بىلەن ماڭاتتى، خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك خامۇش ھالدا ماڭاتتى، ماڭاتتى...

× × ×

پېتىپ كېتىۋاتقان كۈن يوغىناپ، كۆز چاقىدىغان نۇرى سۇسلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇققا يېقىنلاشتى. شۇ تاپتا، پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا پۈركەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھاياتلىق نۇرى ئۇزۇنغا بارمىدى، بارا ـ بارا قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئازىيىپ، كۆكۈچ نۇرى ئۇلغىيىپ، بىپايان زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى...

بادامگۈل دېرىزە ئالدىدا سىرتقا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆك ئاسمانمۇ، قىزىل قۇياشمۇ، ئاق بۇلۇتلارمۇ كۆرۈنمىدى، بەلكى بۇ گۈزەل، رەڭگارەڭ دۇنيا خۇددى مۇشۇككە ھەممە نەرسە كۈل رەڭ كۆرۈنگەندەك، ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ۋە خۇنۇك كۆرۈنەتتى ...

ئۇ ۋاقىت كۈتۈۋاتاتتى، ياشلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىنى سا-

ئەت ـ مىنۇتلاپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى!

«ئۆلىمەن! ماڭا ئـۆلۈمـۇ ئـازلىق قىـلىدۇ !...» ئۇ تـۈنۈگۈنلا شـۇ قارارغا كەلدى، قارارغا كېلىۋىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئازابـلىنىـپ كېلىۋاتقان روھى بىردىنلا ئارام تاپقانـدەك يەڭگىـللەپ، راھەتـلىنىـپ قالدى. لېكىن، قانداق ئۆلۈش كېرەك؟ بۇ سوئال ئۇنى يەنە ئويلاندۇرۇپ قويدى. راست، قانداق ئۆلۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ. بەزىلەر، بۇ دۇنيادىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا شەپىسىز كېتىدۇ، كـونىلار بۇنـداق ئۆلۈمنى ئاللانىڭ شەپقىتى، ئۆلگۈچىنىڭ بەختى، دەپ بـىلىدۇ. بـەزىلەر بولسا، قاتتىق نالە ـ پەرياد بىلەن ئۇزاققىچە جان تالىشىپ، ئـازاب ئىچىدە ئۆلىدۇ. كىشىلەر بۇنداقلارنـى ئاللانىـڭ غەزىپىـگە ئۇچرىـدى، گۇناهـى كـىبىـرى چـوڭ، دەپ بىلـىدۇ!... مەنمـۇ ئـۆزۈمنى سـۇغـا تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن شەپىسىزلا كېتەيمۇ ـ يە؟ ياق ـ ياق، ماڭا بولمايدۇ، مېنىڭ تىرىكلىكىم بۇ پاك زېمىننى بۇلغىغان، ئەمدى ئۆلۈكۈممۇ هالال سۇنى بۇلغىسۇنمۇ؟! ئەمىسە، ئۆزۈمنـى بىنادىـن تاشلايمـۇ؟ ياكى دورا يەپ ئۆلەيمۇ؟! ياق، ئۇمۇ بولمايدۇ! مەن ئـۇلارنىڭ زەخـىم يېگەن جەسىتىمنى كۆرۈشىنى، ئىپـلاس قوللىـرى بىلەن تـۇتۇشىنـى خالىمايمەن، زادى خالىمايمەن! ئۇلار جەسىتـىمنى كـۆرمىسۇن! چـوڭ ئانام هەمىشە: «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ!» دەيتتىغۇ؟...

ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىـكىر يۈرگـۈزۈشى، تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشى ئىـدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى زىلللىشىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، قانلىـرى شۇۋۇلداپ تۇرسىمۇ، پىكرى نورمال، ئەقلى ـ هوشى جـايىدا ئىـدى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر قانداق ئۆلۈشنىڭ ئامالىنى تاپتى، ئامال تولـىمۇ ئازابلىق، شەپقەتسىز ئىدى. لېكىن ئۇ شۇنى تاللىـدى، ئۇ شۇنىـڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى جاسارىتىنى، ئىرادىسىنـى ۋە رەزىلللىـككە قارشـى ئىسيانكار روهىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى!

ئوتتا كۆيۈش كېرەك! بۇلغانغان ناپاك بۇ جـىسمىم ئـوتتا كۆيـۈپ، روهىم ئۇ دۇنياغا پاكلىنىپ بارسۇن! بۇ ۋاپاسىز دۇنيـادا بىر ئوچـۇم

كۆلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىسۇن!...

ئۇنىڭ پىكرى ئېنىق، ئىرادىسى چىڭ ئىدى. ھايات ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز گۈزەللىكى بىلەن قىممىتىنى يوقىتىۋىدى، ئۆلۈم ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق تۇيۇلماي قالدى. بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ سىرلىق، نامەلۇم ئارىلىقى گويا ئۇنىڭغا تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا بارىدىغان راۋان، بىخەتەر ماشىنا يولىدەك، شۇنداق ئاسان ھەم ئاددىي سىزىلدى!...

ئۇ تۈنۈگۈن شۇ نىيەتتە، ئاز ـ تولا «سەپەر» تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ قويدى، دەسلەپ مەكتەپنىڭ تونۇش بىر شوپۇرىدىن «كىيىم تازىلايمەن » دېگەن گەپ بىلەن بىر بوتۇلكا بېنزىن ئالدى، كېيىن خۇددى «كىمكى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزسە، كۆڭلىدىكى ھەممە سۆزىنى ئېيتىۋالىدۇ » دېگەندەك دوستى غۇنچەقىزغا ئۇزۇندىن ئۇزاق بىر پارچە خەت يازدى...

تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان قوڭغۇراق بادامگۈلنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ خىيالدىن سەگىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى، ئوقۇغۇچىلار دەپتەر ـ كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ كەچلىك تەكرارغا كېتىۋاتاتتى. بىردەمدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق ياتاقلارمۇ، قاينام ـ تاشقىنلىق مەيدانلارمۇ بوشاپ، جىمجىت بولۇپ قالدى ...

بادامگۈل ئورنىدىن تۇردى، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن كىچىك بىر قارا سومكىنى ئالدى. ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، تۆت تەرەپكە ئەلەڭلەپ قارىدى. كۆڭلىدە، ئۆزىگە ئۈچ يىل غەمخانا بولغان ئاپئاق تاملار بىلەن، ئەللەيلىتىپ ئۇخلاتقان سىرداش كارىۋات بىلەن ، ھەمىشە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان يورۇق دېرىزە بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى ...

بادامگۈل پۇتلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ، ھەسرەتلىك تىنىپ ياتاقتىن چىقتى ، يەنە نېمىشىدۇر ئۇنتۇپ قالغاندەك ، ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى سېمونت مەيدانغا كەلدى. نۇر ۋە سايە بىلەن ئالا ـ بۇلماچ تۈسكە كىرگەن كەڭ مەيدان بوش

ھەم خامۇش ياتاتتى...

ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالغان ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا، بادامگۈل نۇرغۇن ئىشلارنى — ئۆتمۈشىنى، ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى، دوستلىرىنى، ئۇستازلىرىنى، ھەتتا قۇتراپ يۈرگەن دۈشمەنلىرىنىمۇ ئويلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىچۇقى كېڭىيىپ كەتكەن كۆزىگە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان پۈتۈن كائىناتنىڭ رەڭگى، تۇرقى، ھەتتا شەكىللىرى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇ ئاسمانغا، يەرگە، كۆزى يەتكۈدەك بوشلۇقنىڭ ھەممىسىگە تويماي قارىدى. ئۇنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن بۇ دىياردىكى ھەيۋەتلىك تاغ، ئەزىم دەريا، قەدىم تۇپراق، ساپ ھاۋا، غۇبارسىز گۈل ـ گىياھلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېسلارنى ئويغاتقان، يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ھاياتنى سۆيەتتى، قەدىرلەيتتى، ئىنساننى، دوستلۇقنى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايتتى. ئەمما...

ئەمما، ئوتتۇرىدا ئۇ كۈتمىگەن شۇملۇق، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى سوۋۇدى، بۇنداق رەزىللىك ئۇنىڭ ئاسماندەك كەڭ كۆكسى ـ قارنىغىمۇ سىغمىدى، ئۇنىڭ مەسۇم قالبى خورلۇق، نومۇس ۋە پۇشايماندىن ئىبارەت تاغدەك ئاھانەتلەر بىلەن قايناپ ـ تېشىپ، ئۇنىڭ مۇلايىم، نازۇك تەبىئىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىۋەتتى. ۋۇجۇدىدىن قاچانلاردۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان ۋەھشىيلىك بىردىنلا سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندى! مانا ھازىر بادامگۈل شۇنداق ھالەتتە، شۇنداق ئەلپازدا ئىدى، ئۇنى توسۇپ بولماس بىر ۋەھشىي كۈچ ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى!...

ئۇ بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى، بايا پۈتۈن ئەزايىنى قاپلىغان سوغۇق تىترەكمۇ پەسەيدى. ئۇ تەمكىن، بىمالال ھەرىكەتلەر بىلەن سومكىنى ئاچتى، بوتۇلكىنى ئالدى ۋە قاپقارا، بۇجغۇر چاچلىرىدىن باشلاپ بېنزىننى قۇيۇشقا باشلىدى...

ئۇنىڭ بوزارغان نېپىز كالپۇكلىرى گويا تۈگىمەس گېپى باردەك ئۆمەللىنەتتى، مىدىرلايتتى، تىترەيتتى...

نازۇك، يۇمران بەدەن سىبسىق بىنزىن بىلەن تولۇق ھۆللەندى. سەرەڭگە چېقىلدى، بىنزىن لاپپىدە تۇتىشىپ ئوت كۆيدى. كۆيگەندىمۇ، چاراسلاپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، بادامگۈل گويا كۆكسىگە ئوق تېگىپ، تېنىدىن يوچۇق ئېچىلىپ، شۇ يوچۇقتىن يېقىمسىز، سوغۇق شامال كىرىپ، ئوتلۇق يۈرىكىنى سوۋۇتۇۋاتقاندەك ئەندىكىپ، شۈركۈنۈپ، قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى...

ئۇ شۇ تاپتا، خۇددى قاراڭغۇ ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغان سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ يول باشلىغان دانكو[1]دەك، بەدىنىدىكى جان قاقشىتىپ كۆيۈۋاتقان شىددەتلىك ئوت بىلەن ئەتراپىدىكى بارلىق رەزىللىك، شۈملۇق ۋە ناھەقچىلىكلەرنى، ئۆز بېشىغا كەلگەن جىمى نومۇس ۋە خورلۇقلارنى بىر يولى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورىماقچىدى...

يورۇق، ئازادە سىنىپلاردا، ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز كىتاب ئوقۇپ، شېرىن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قاتتىق، مۇدھىش ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىشتى. دېرىزىسى مەيدانغا قارايدىغان سىنىپتىكىلەر سىرتقا بويۇنداپ قاراپ، مەيداندا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتنىڭ تىنىمسىز پىرقىراپ، دومىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە بىر-بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، گۈلدۈرلەپ سىنىپتىن چىقتى...

بادامگۈلنىڭ كۆيۈك ئازابىدا تۇۋلاۋاتقان نالىسى خۇددى پادىچىنىڭ مۇڭلۇق نېيىدەك يۈرەكنى ئېزەتتى...

ئەنە شۇچاغدا، ئاسمانمۇ قەھرىگە كەلدى، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلىدى. خۇددى بىرسى ئەپسۇن ئوقۇغاندەك، ئوچۇق ھاۋادىن تاراسلاپ يامغۇر چۈشتى. مەيداندا گىرەلـ

---

① دانكو — گوركىينىڭ «ئىزىرگىل موماي» ناملىق ھېكايىسىدىكى بىر قەھرىمان.

شىپ، پاتىپاراق بولۇپ تۇرغان كىشىلەر بىردە شارقىراپ يامغۇر يې-غىۋاتقان ئايدىڭ ئاسمانغا، بىردە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان خامۇش يەرگە قاراپ «كىمدۇر بۇ؟ كىم ئۆزىگە ئوت قويغاندۇ؟» دېيىشىپ، هاڭۋاققان، جىددىيلەشكەن هالدا تۇرۇپ قېلىشتى...

تولۇن ئاي مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوچۇق ئاسماندىن مانا مۇشۇ ئوت كۆيۈۋاتقان كىچىككىنە يەرگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان بۇ يامغۇر ئادەت-تىكى يامغۇر ئەمەس، بەلكى ئاينىڭ يېشى ئىدى، ئاشۇ ئېگىز، پايانسىز بوشلۇقتا هەممىنى كۆرۈپ تۇرغان نۇرلۇق ئاينىڭ قاتمۇقات ئازاب ۋە خورلۇقلارغا پايلىماي، ئۆزىگە ئوت قويۇپ بەرگەن ئاجىز، مەسۇم بىر قىزنىڭ بىهۇدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىدىماي تۆككەن يېشى ئىدى. بۇ ياش ئەينى ۋاقىتتا، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، بىگۇناھ قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەل بولۇپ چۈشكەن خاسىيەتلىك ئاي يامغۇرى ئىدى!...

ئاي يامغۇرى يېغىۋاتقان شۇ چاغدا، قۇلاقنىڭ داپ پەردىسىنى يې-رىپ، كۆڭۈلنىڭ نازۇك يەرلىرىنى بىئارام قىلىدىغان دەهشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ، بادامگۈلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم هايات بىلەن خوشلىشىپ، «ئانا» دەپ توۋلىغان ئەڭ نادامەتلىك، ئەڭ ئارمانلىق ۋە ئەڭ مۇقەددەس ئاۋازى ئىدى !...

ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە: بۇ دۇنياغا يىغلاپ تۇغۇلىدۇ، بۇ دۇن-يادىن رەنجىپ ئۆلىدۇ. بادامگۈلمۇ مانا شۇنداق كەتتى. ئۇنىڭ جىس-مىمۇ، روهىمۇ مانا شۇ ئانا تۇپراقتا — ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن سېخىي، لېكىن هېسسىز تەبىئەتنىڭ كەڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۇزاق تولغان-غان جىسمى، هېسابسىز دەرد - ئەلەم، نومۇس ۋە خورلۇق ئىچىدە پۇچىلانغان روهى مەڭگۈلۈك ئارام تاپتى. شۇنداق گۈزەل ۋە پۇ-تۈن - سۈرۈك بىر قىزدىن ئەڭ ئاخىرىدا بۇ دۇنياغا قالغىنى پەقەت بىر چاڭگال يۇمشاق، سوغۇق كۈللا بولدى!...

# 11

بادامگۈلنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرگە خۇددى ئاسماندىن تۇيۇقسىز سەرۋەر يۇلتۇزى ئېقىپ كەتكەندەك قاتتىق بىلىندى، ئەل ھازىسى پەلەككە يەتتى، كۆز ياشلار سەل بولۇپ ئاقتى!...

غۇنچەقىز ئىككى كۈنگىچە ئېسىگە كېلەلمىدى، بەختسىز دوستىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىقى تارتىپ كەتتى. ئۇ سىرتتا ئانچە كۆرۈنمىگەچكە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاقنىياز ئۇنى ياتاققا يوقلاپ كەلدى. ئۇ خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل تارتقان ئادەمدەك كارىۋاتتا شۈمشىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ جىسمىمۇ، روھىمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى تاتارغان، پۈتۈن تۇرقىدىن تېخىچە ئېغىر ھازىدارلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئاقنىياز ئۇنىڭدىن ھال سورىدى، كۆڭلىنى ياسىدى، ئاخىرىدا، شۇ كېچىدىكى دەھشەتلىك ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىۋىدى، غۇنچەقىز خۇددى جاراھەت ئېغىزىغا گاچچىدە پىچاق سالغاندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى.

— ئۆزۈمنى زادى كەچۈرمەيمەن، مەن شۇ كۈنى نېمىشقا كىنوغا كەتتىم ـ ھە !؟ — دەيتتى ئاقنىياز ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندەك خۇرسىنىپ، — بولمىسا، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالاتتىم... چوقۇم قۇتقۇزاتتىم!...

— باشقىلار ئۇنداق قىلمىدى دەمسىز، ئاقنىياز ئاكا، — دېدى غۇنچەقىز ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — لېكىن ئۇ ۋارقىراپ، يۈگۈرۈپ ھېچكىمنى يېنىغا كەلتۈرمىدى، تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇرمۇ كار قىلمىدى... تەقدىر شۇنداق ئىكەن... بىز سىنىپتىن مەيدانغا چىققاندا، ئۇ ئاخىرقى نەپەستە قاپتىكەن...

غۇنچەقىز شۈكلەپ قالدى، ئۇ ئەمدى ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى، ياش كۆزىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن ئېقىۋاتاتتى...

ئاقنىياز ئۇنىڭغا يەنە بىردەم تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىمۇ يىغىدىن

ئاران تۇتۇپ چىقىپ كەتتى. غۇنچەقىز بىرەر سائەتتەك ئىسەدەپ تول-
غىنىپ ياتتى. كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بادامگۈلنىڭ كارىۋىتى-
يېنىغا كەلدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك، ئۇنىڭدىن خاتىرە بولۇپ قالغان
ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى، ئۇ تۇتقان قاچا-قۇمۇچ، دەپتەر-كىتابلارنى
بىر قۇر رەتلەپ قوياتتى ۋە رەتلىگەچ سىلايتتى، پۇرايتتى. ئۇنىڭ نە-
زىرىدە، بادامگۈل ياتقان، ئولتۇرغان يەرلەردىن، ئۇ تۇتقان نەرسىلەر-
دىن ھەمىشە بىر خىل بىھى، ئەنجۈر ھىدىغا ئوخشاش «جەننەت مې-
ۋىسى » نىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى...
بۈگۈن ئۇ، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى رەتلەۋېتىپ، يوتقاننىڭ قېتىغا
قىستۇرۇلغان بىر كونۋېرتنى تېپىۋالدى، كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە
«دوستۇم غۇنچەقىزغا خاس » دېگەن تونۇش خەتلەر يېزىلغانىدى.
غۇنچەقىز كونۋېرتنى ئالدىراپ يىرتىپ، خەتنى سۇغۇرۇۋالدى، ئۈچ
بەت نېپىز قەغەزگە رەتلىك، چىرايلىق يېزىلغان خەت مۇنداق
باشلانغانىدى:

«غۇنچەقىز، بۇ مېنىڭ ساڭا يازغان تۇنجى ھەم ئاخىرقى قې-
تىمقى دوستلۇق خېتىم. ئاددىي ھەم ئەرزىمەس بۇ خەت مەندىن
ساڭا قالغان بىردىنبىر ھاياتلىق يادنامىسى بولۇپ قالار!
دوستۇم، تۇرمۇش ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز دەرس بەردى. ئەمدى
مەن قانداقتۇر مەڭگۈلۈك مۇھەببەت، ۋاپادار يىگىت، بەختلىك
تۇرمۇش، گۈزەل ھايات دېگەنلەرنى خام خىيال قىلمايدىغان
بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قەلبىممۇ، جىسمىممۇ ئارام
تاپتى!...
مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ، جەمئىيەت
ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. لېكىن
يارامىلىق ئادەم بولۇش يولى ئۇنچە ئوڭاي ئەمەسكەن، ئۇمۇ
ئەگرى ـ توقاي، ھەتتا ئىنتايىن ئازابلىق بولىدىكەن. ئۇ ھەر-
گىزمۇ بىزگە ئوخشاش ئاجىز قىزلارغا ئايرىمچە غەمخورلۇق

قىلمايدىكەن! ئويلاپ قارىسام، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، خىيالىي بەخت ـ سائادەتتىن مەست بولۇپ يۈرۈپتىمەن! ئەمدى بېشىم قاتتىق تاشقا تېگىپ ھوشۇمغا كەلگەندە، ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ كېچىككەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ھەر كۈنى، ھەمىشە غەم ـ غۇسسە، دەرد ـ ئەلەم بىلەن يۈرۈپ، ئىلىم ـ پەننىڭ تار، قىستاڭ يوللىرى بىلەن چوققىغا چىقىمەن دېيىش ـــ خۇددى مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرىدىكى ئەپسانىلەردەك ئىش ئىكەن !...

دوستۇم، مەن ئۆلمەكچى! مېنىڭ بۇ كەسكىن قارارىم بەلكىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئىنتايىن بولمىغۇر، ئېچىنىشلىق ئىشتۇر! لېكىن ھازىر مەندە بۇ دۇنيادا ياشىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت، سەۋر ـ تاقەت دېگەن نەرسىلەر قالمىدى! مەن دىلىمغا مەرىپەت شامىنى ياققان ئۇستازىم سەلىم ئەپەندىنى تۆھمەت ئوقى بىلەن يىقىتتىم. بۇ لەنىتى ئىش بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمنى يوقاتتىم، نامىم يەرگە ئۇرۇلدى، شەنىم بۇلغاندى! دەرەخكە ياپراق قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ئىنسانغا ۋىجدان، پەزىلەت دېگەنلەر شۇنچىلىك زۆرۈر! لېكىن مەن ۋىجدانسىزلىق قىلدىم، ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقاتتىم! ياشلىق ھاياتنىڭ زىننەت ـ كۆركى بولغان روھىي پاكلىق، ھالال نىيەت دېگەنلەردىن مەندە ئەسەرمۇ قالمىدى! مەن سەلىم ئەپەندىنى ھەر بىر كۆرگەندە، ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا تېخى ھايات يۈرۈۋاتقانلىقىمدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم، ئۆكۈندۈم! مېنى ئالداپ، قورقۇتۇپ، مۇشۇ كويلارغا سالغان ھاۋاز يېتەكچى، زايىت دېگەنلەردىن تېخىمۇ قاتتىق يىرگەندىم، نەپرەتلەندىم! مەن ھاۋاز يېتەكچىنى ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلاتتىم، لېكىن ئۇ ئادەم ئەمەسكەن، ئۇنىڭدىكى يۈرەك ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى تۆت پۈتلۈق ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يۈرىكى ئىكەن! ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەيتان ئۇۋا ساپتىكەن، ئۇ ھەر-

قانداق شۇملۇقلارنى قىلىشتىن يانمايدىكەن! زايىت توغرىسىدا سۆزلىمەيلا قوياي، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى قان ئەمەس. ئەۋرەزنىڭ سېسىق يۇندىسى ئىكەن!...

دوستۇم، مېنىڭ بىرنەچچە سائەتلىكلا ۋاقتىم قالدى، بۇ خەتنى يازغۇچە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەنمۇ هاياتنى سۆيەتتىم، مۇهەببەتنى قەدىرلەيتتىم، ئادەملەر بىلەن بىللە كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە هايات يۈرۈشنى خالايتتىم. لېكىن، هازىر مېنىڭ قەلبىم بىر پارچە قاغجىراپ كەتكەن قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئەمدى شېرىن خىياللاردىن، مېهىر ـ مۇهەببەتتىن، دوستلۇقتىن، قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدتىن پۈتۈنلەي مەهرۇم بولدى. ئازاب ـ ئوقۇبەت ماڭا قىشتىكى مۇدهىش بوراندەك هۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى مۇداپىئە قىلالمىدىم، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان هايات گۈلۈم توزىدى!... مەن قايغۇ ـ ئەلەملەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، قانۇنىيەتلىك، ئاقىلانىلىك بىلەن ياشاشنىمۇ ئويلاپ باقتىم، لېكىن ۋۇجۇدۇمدىن بۇنداق ئىقتىدارنى تاپالمىدىم، هەرقانچە قىلىپمۇ، ئۆزۈمدە ياشاش جاسارىتىنى تۇرغۇزالمىدىم!... خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئاسان ئىكەن دوستۇم، لېكىن، دەرد ـ ئەلەمنىڭ هۆددىسىدىن چىقماق تەس ئىكەن! ئۇ ماڭا ئوخشاش چۈشكۈنلەشكەن، روهى زەئىپ ئادەمنى تاپسا، تېخىمۇ كۈچىيىۋالىدىكەن! راست، دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك ئادەمگە هەمىشە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان نەرسە ئەجەل؛ ئەڭ يىراق تۇرىدىغان نەرسە ئارزۇ ـ ئارمان ئوخشايدۇ. مەن بۇنى ئۆز تۇرمۇشۇمدىن تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدىم!

ئېسىڭدىمۇ، ئۆتكەن يىلى بىز شېكسپىرنىڭ «ئوتېللو» دېگەن تراگېدىيىسىنى بىللە كۆرگەنىدۇق. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، ئوتېللو نومۇس ۋە پۇشايمان ئازابىغا چىدىماي، ئۆزىنى قىلىچ بىلەن بوغۇزلىۋالىدىغۇ! ئۇنىڭ قەيسەر روهى ماڭا مەدەت

بولدى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە، مېنىمۇ چىدىغۇسىز نومۇس، پۇشايمان، خورلۇق ئازابى چىرمىۋالدى، مەنمۇ بۇنىڭدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا قۇتۇلمىسام، باشقا يول قالمىدى!

دوستۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ كەتكەنلىكىمگە ھەرگىز قايغۇرمايـ مەن، ئېچىنمايمەن! لېكىن ئۆزۈم بىلەن بىللە تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بىگۇناھ بىر نارەسىدىنى بىللە ئەكېتىۋاتـ قانلىقىمدىن قايغۇرىمەن، ئېچىنىمەن! راست، ئۇنىڭدا نېمە گۇـ ناھ؟ ئۇ تۇغۇلۇشى، بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى كۆرۈشى كېرەك ئىدىغۇ ؟! يەنە بىر تۇرۇپ، زايىتتەك ساختا، رەزىل ئاـ دەمنىڭ پۇشتىنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، ھاياتنى، گۈزەللىكنى دادىسىغا ئوخشاش بۇلغاپ قويۇشىنى ئويلاپ، ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى، دەپ قارايمەن! ئىشقىـ لىپ، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە كەتتى، بىھۇدە تۆرەلگەن بالا بۇ دۇنياغىمۇ بىھۇدە بولۇپ قالمىسۇن!...

خوش، مەن كەتتىم دوستۇم، ساغا، ئەلۋىدا ! رازى بول، مەن سەندىن رازى! مەن ئۇ دۇنياغا كېتىۋېتىپ، ئاللادىن تىلـ لىدىم : ھەي كەرەملىك خۇدا، ئەگەر سېنىڭ قۇدرەت ـ ئىلاـ ھىڭ راست بولسا، ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، بەخت ـ سائادىتىنى، تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى بۇـ زۇۋاتقان ھاۋاز بەختىدەك، زايىتتەك جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسەن!... »

خەت غۇنچەقىزنىڭ قەلبىدە بېسىلغۇسىز بىر غۇسسە ئويغاتتى، تاراملاپ ئاققان كۆز ياشلىرى قەغەزنى ھۆللىدى. ئۇ شۇنداق مۇلاـ يىم، جىمىغۇر دوستىنىڭ شۇنچە كۆپ سىر ۋە ئازابلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، بۇ دۇنيادىن نادامەت بىلەن كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، تېـ خىمۇ ھەسرەتلەندى، خەت ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى، قەلبىدە بېـ سىلغۇسىز چۇقان قوزغاتتى، ئۇ ئازاب ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئويلايتـ

تى، پىچىرلايتتى...

«ئادەم ھەمىشە مېھىر ــ مۇھەببەتكە موھتاج بولىدۇ، بىزگە ئوخشاش قىزلارنىڭ قەلبىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مېھىر ــ مۇھەببەت خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ئىللىقلىق بەخش ئېتىدۇ. لېكىن، تۇرمۇش دوستۇمغا بەكمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان مېھىر ــ مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا، خورلۇق، نومۇس ۋە دەرد ــ ئەلەم بەر-دى!... بۇ نەرسىلەر ئاستا ــ ئاستا يىغىلىپ، جەم بولۇپ، ئاخىر كۆچ-لۈك بىر تاشقىنغا ئايلىنىپ، ئۇنى خۇددى بىر تال ئاجىز يوپۇرماق-تەك، ئۆزىنىڭ رەھىمسىز قوينىدا غەرق قىلىۋەتتى!... ئاھ، بادامگۈل! نەدىسەن دوستۇم؟!... »

غۇنچەقىز ياش بىلەن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، خەتكە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى، خەت ئەمدى ئۇنىڭ دائىملىق سىردى-شى، دىلدىشى ۋە ھەمراھى بولۇپ قالدى.

× × ×

بادامگۈلنىڭ ئۆلۈمى گويا زايىتقا يېگىدىن ھاياتلىق بەخش ئەتكەن-دەك خۇشاللىق بولۇپ تۇيۇلدى. شۇ كېچىدىكى پاجىئەدىن كېيىن، ئۇ ئارامخۇدا ئۇخلايدىغان، ئاغزى تېتىپ تاماق يەيدىغان بولدى. كې-يىنكى كۈنلەردە، بادامگۈل ئۇنىڭغا خۇددى جانغا تىكىلىپ تۇرغان بىر خىل تەھدىت، ۋەھىمىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، بادامگۈلنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە لەۋزىدىن يېنىپ، ئۆزى بىلەن ھاۋاز بەختىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئويچان، مۇڭلۇق كۆزلىرى، مەجنۇن سۈپەت قىياپىتى، ھەمىشە نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرەپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈرۈشى زايىتقا ھامان بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەكلا سىرلىق، گۇمانلىق تۇ-يۇلاتتى. بادامگۈل بىر كۈن ھايات بولسا، ئۇنىڭ بېشىدىكى ۋەھىمىمۇ بىر كۈن مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرىشان ئىدى، كېچە ــ كۈندۈز

بىر خىل ساراسىمە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ياشايتتى...

بادامگۈلنىڭ تۈيۈقسىز ئۆلۈمى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئاستىن ـ ئۈس-
تۈن قىلدى. ئۇ قەلبىنى چىرمىۋالغان ئېغىر دەردتىن قۇتۇلغاندەك يې-
نىك ۋە ئازادە نەپەس ئالدى. ئەمدى ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئەركىسدەك،
خوجىسىدەك خالىغانچە ئويناپ، كۈلۈپ، خاتىرجەم يۈرسە بولۇۋېرەت-
تى. كۆڭلى خاتىرجەم بولۇۋېدى، ئەمدى ئۇنىڭدا ئىجادىيەت توغرى-
سىدا يېڭى ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئويلىغان ماۋزۇلىرى
كۆپ ئىدى. ئۇ دوستى قاسىم شەپەرەڭ (ئۇ ھەمىشە كېچىسى كىتاب
كۆرگەچكە، ساۋاقداشلىرى ئۇنى شەپەرەڭ دەيتتى) ئۆزبېكچىدىن
تەرجىمە قىلىپ بەرگەن «سۈرەت»، «باشسىز ھەيكەل»، يەنە پوش-
كىننىڭ «سىگانلار» قاتارلىق داستانلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كې-
يىن، ئاشۇنداق بىر كاتتا داستان يېزىپ، بىردىنلا نام چىقىرىشنىڭ
پىلانىنى قۇردى، لېكىن قەدەمنى قانداق ئېلىشنى بىلمەيتتى، پىكرى
خىرە، تەپەككۇرى مۇجمەل ئىدى، ھەتتا تەسەۋۋۇرىمۇ يوق دېيەرلىك
ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي بۇنداق چوڭ
غەيرەتكە كېلىشىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتكەندە سەلەي قاشاڭنىڭ
ئۇنى «ئوغۇت شائىرى» دەپ مەسخىرە قىلغانلىقىمۇ بىر سەۋەب بول-
غانىدى. شۇ خىيال بىلەن ئۇ خۇددى بىر كېچىدىلا تۈيۇقسىز بۇل-
دۇقلاپ چىققان بۇلاقتەك، ئۇلۇغ داستاندىن بىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ
توپىغا كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەر ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ بولسا، يې-
نىدىكى گۆھەرنى سېزەلمىگەن دۆتلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى
بولدى. لېكىن ئۇ قاغىنىڭ ھېچقاچان بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ، بۇل-
بۇلدەك سايرىيالمايدىغانلىقىنى، شېئىرىيەت ھەرگىزمۇ بىر ـ ئىككى
كۈندىلا تەجرىبە قىلىپ، تۇيۇقسىز نەتىجىسى چىقىدىغان فىزىكا ياكى
خىمىيە ئەمەسلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

شۇڭا، ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ بۇنداق باش ـ ئايىغى يوق پىلانى
ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈردى، سەرسانلىقتىن ئۇنى يەنە ھاۋاز بەختى
قۇتقۇزدى.

— بادامگۈل ئۆلۈپ، يوشۇرۇن بىر ئاپەتنىڭ يىلتىزى كېسىلدى، — دېدى ئۇ زايىتنىڭ كۆڭلىدىكى داستان يېزىش پىلانىنى چالغىتىپ، — لېكىن كۆڭلۈم يەنە بىر ئاپەتنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ...

— يەنە قانداق ئاپەت ئۇ؟ — سورىدى زايىت ھولۇقۇپ.

— سىز بادامگۈلدىن بىرەر نەرسىنىڭ قالغانلىقىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھاۋاز بەختى سىنچىلارغا خاس گۇمان ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن — مەسىلەن، خەت ياكى ۋەسىيەت سۆزى دېگەندەك...

— ياق، مېنىڭچە ئۇنداق نەرسە يوقتۇر...

— يوق بولۇپ قالسا ياخشى، لېكىن بار بولۇپ قالسىچۇ؟ — ھاۋاز بەختى كۆزلىرىنى قىسىپ، دانالىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، — ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈشتىن بۇرۇن كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بادامگۈلنىڭ ئۆلۈمى ئۇنداق تۇيۇقسىز، تاسادىپىي ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىشتىن ئۆتكەن، قىلىدىغانىنى قىلىشىپ، دەيدىغانىنى دېيىشىپ بولغان ئۆلۈم! شۇڭا، ئۇ چوقۇم بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ بىز ئۈچۈن مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا بولىدۇ، ئوخشاشلا، يوشۇرۇن خەۋپتىن قۇتۇلالمايمىز!

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — زايىتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، كۆڭلىگە يەنە ۋەسۋەسە چۈشتى، كاتتا داستان يېزىش پىلانىمۇ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

— سىز بادامگۈلنىڭ يېقىن دوستلىرىنى تىلىڭ - تىڭشاپ بېقىڭ، ئەگەر ئۆزىڭىز يېقىنلىشالمىسىڭىز، ئىشەنچلىك قىزلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈڭ!

— بولىدۇ، مەن شۇنداق قىلاي!

— ئەمىسە، دەرھال تۇتۇش قىلىڭ!

ھاۋاز بەختىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز دانا ھەم سەگەك بولۇپ كېتىشىدە مۇھىم بىر سەۋەب بار ئىدى.

يېقىندىن بېرى، ئۇنىڭغا نۇسرەت يۈزلەندى، بەخت قۇشى بېشىغا قونۇش ئالدىدا تۇراتتى. «ھاۋاز بەختى قاكۇلتېتقا مۇدىر بولىدىكەن، ياقۇپ كېرىمى ئىككىنچى سەپكە ئۆتىدىكەن» دېگەن گەپلەر يۇقىرى - تۆۋەن، چوڭ - كىچىكنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرەتتى، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى سەمەر تۆمۈرمۇ بۇ ئىشتىن ئۇنىڭغا ئېنىق بېشارەت بەردى. ھەممە ئىش پۈتكەندى، پەقەت پارتكوم يىغىن ئېچىپ، ئاخىرقى قارارنى چىقارسىلا بولاتتى. دەل شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ، تۇرمۇش يەنە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ھاۋاز بەختىنىڭ كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق، تەمەننا ئۇچقۇنلىرى بىردىن يوقالدى. يېقىندىن بېرى پەيدا بولغان شادىيانە كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى، گويا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان غەلىبە تۇغلىرى يىقىلىپ، ئۈمىد چىراغلىرى ئۆچكەندەك بولدى...

تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ - دە! ئۇ باشتىن - ئاياغ تۈرلۈك تاسادىپىيلىقلارغا تولغان بولىدۇ. جىن رۇڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى، كەلگەندىمۇ، سەمرىپ، ئاقىرىپ، روھلىنىپ كەلدى. چوڭ تەكشۈرۈشتە، ئۇ راك كېسىلى بولماي چىقتى، بۇ خەۋەر بەزىلەرنى خۇشال قىلسا، بەزىلەرنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنى ئايرودرومغا يەنە بىرىنچى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قارىسىنى كۆرسەتمىگەن، ھازىر بىسەرەمجان بولۇۋاتقان «سىرداشلار» چاندۇرماي ئۆملەپ چىقىشتى، ئۆزلىرىنىڭ خۇدادىن شۇنداق بولۇشىنى تىلىگەنلىكلىرىنى ئاغزىدىن شالا چاچرىتىپ تۇرۇپ ئېيتىشتى، خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلىشقان بولدى. لېكىن، بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر جىن رۇڭغا قىلچە تەسىر قىلمىدى، چۈنكى ئۇ خېلى ئەقلىنى تاپقان، ھاياتنى، ئادەملەرنى بۇرۇنقىدىن ئوبدانراق چۈشىنىپ قالغانىدى. ئۇ كېلىپلا ئىش باشلىۋەتتى. بىرمۇنچە كادىرلارنىڭ، شۇ قاتاردا ھاۋاز بەختىنىڭمۇ تەقدىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ توغرىدا جىن رۇڭ پارتكوم يىغىنىدا چۈشەندۈرۈپ: «مەن بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلدىم، بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ماڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ساۋاق بەردى!» دېدى.

تۇرمۇش تۇيۇقسىز ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بۇنداق داۋالغۇش پەيتىدە، ئەگەر ھاۋاز بەختىنىڭ سەلىم ئەپەندىگە قىلغان زىيانكەشلىك ئەھۋالى ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئوھوي!... ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھازىرقى سىياسىي يېتەكچىلىك ئورنى تۇگۇل، ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ بەسى مۈشكۈل ئىدى! شۇڭا ئۇ، ئۇ-زىنگە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ئېھتىياتچان ھەم سە-گەك بولۇپ كەتكەنىدى...

زايىت ھېچقانچە كۈچىمەيلا يېڭى بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولدى. ئۇ غۇنچەقىزنىڭ ياتاقدىشى ئايزىم ئوماقنى كىنوغا ئاپىرىپ سۆزلەشىۋىد-دى، ئۇنىڭ ۋات ـ ۋات ئاغزى بېسىلمايلا كەتتى:

— راست، بادامگۈل خەت يېزىپ قالدۇرغاندەك قىلىدۇ، غۇنچەقىز پات ـ پات بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ، بىر خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كې-تىدۇ، ئۇ خەتتە جەزمەن نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلغان...

— شۇ خەتنى قولغا چۈشۈرگىلى بولارمۇ ئايزىم؟ — سورىدى زايىت قىزنى قولتۇقلاپ كېلىۋېتىپ.

— شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — ئايزىم ئوماق ئۇنىڭ-دىن ياندۇرۇپ سورىدى.

— بار، ئەسلىدە ئۇ خەتنى ماڭا يېزىشى كېرەك ئىدى، — دېدى زايىت خۇپسەنلىك قىلىپ، — لېكىن دوستى غۇنچەقىزغا يېزىپ قال-دۇرۇپتۇ، مەنمۇ بىر كۆرۈپ باقاي دەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭدىن قالغان بىردىنبىر تەۋەررۈك نەرسە شۇ خەت ـ دە!

— ئەگەر سىزگە كېرەك بولسا، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، — دېدى ئايزىم ئوماق زايىتقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، — بىر قېتىم غۇنچەقىز ئۇ خەتنى ياستۇقىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغاندەك قىلى-ۋىدى...

— ئەتىلا قولغا چۈشۈرۈڭ، بۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن ئىنئام ۋە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىسىز!

زايىت بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىپاققا ئۆتكۈزۈش ھەم ئىمتى-

ھانلاردا ياردەم قىلىش بېشارىتىنى بەرگەنىدى.

— بولىدۇ، مەن چوقۇم قولىغا چۈشۈرىمەن! — دېدى قىزمۇ كۆڭ-لىدە بىر نەرسىلەرنى پەملەپ.

ئايزىم ئۇماق چىراي - شەكلى كېلىشكەن، فىگۇرىسى جايىدا قىز-بولسىمۇ، لېكىن ئەقلى ناقىسراق ئىدى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى. ئۇ خەتنى تېپىش ئۈچۈن، خۇددى يىن پۇراپ كەلگەن ئىتتەك، يالغۇز ياتاقتا ئۇ يەر - بۇ يەرنى تىمىسقىلاپ، ئۈچرىغانلا نەرسىنى تىتقىلاپ يۈرۈپ، خەتنى تېپىۋالدى. زايىت بىلەن ھاۋاز بەختىنى گويا غايىبانە ئەجەل ئوقىدەك ۋەھىمىگە سېلىپ قويغان خەت ئاخىر ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەھدىت ۋە خەۋپىنى يوقاتتى!...

خەتنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى غۇنچەقىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇ-رۇپ قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، خەتتىكى مەزمۇنلارنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ھاۋاز بەختى بىلەن زايىتنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، سەلىم ئەپەن-دىنى قۇتقۇزۇپ قالغۇدەك ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سەز-گەن، شۇڭا ئۇنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدى. خەت دەل مانا شۇ ۋاقىتتا يوقىلىپ، ئۇنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بۇ ئىشتىن ئاقنىيازنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش نىيىتى-گە كەلدى.

— ئاپلا!... يامان بوپتۇ، بەك يامان بوپتۇ! — دېدى ئاقنىياز ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن خۇرسىنغان، تىت - تىت بولغان ھالدا، — ناھايىتى ئەجەللىك پاكىت ئىكەن، بىرەر گۇمانلانغان ئادى-مىڭىز بارمۇ؟

— بىزنىڭ ياتاقتىكى ئايزىم ئۇماقتىن گۇمان قىلىۋاتىمەن، — دې-دى غۇنچەقىز خېلى ئىشەنچ بىلەن، — ئۆتكەن كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا بادامگۈلنىڭ گېپىنى قىلىپ، خەت، ۋەسىيەتنامە دېگەندەك نەرسىلەر-

نىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ كەتكەنىدى...
— سىز دېگەنمىدىڭىز؟
— ھەئە، ماڭا خەت قالدۇرۇپ كېتىپتۇ دېگەنىدىم.
— ئېنىق بولدى، خەت جەزمەن شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ-تۇ، — دېدى ئاقنىياز چوڭقۇر ئۆكۈنۈش بىلەن، — ھاۋاز يېتەكچى بوش ئەمەسكەن، ئۇلار يەنە چاقىقان چىقىپتۇ!... بولدى، ئەمدى بۇ ئىشنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ، سىزگە رەھمەت غۇنچەقىز!
ئاقنىيازنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، يوغان ئۇگىلىك مىس رەڭ قول-لىرى ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندەك پەس، لېكىن غەزەپلىك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:
— ھەي زايىت، ھەي زايىت! سەن نېمە ئويلاپ، نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسەن!؟ بىزنى گەپ قىلمىدى، دەپ ئەسكىلىكىڭنى قىلىۋەر-مە، گاچا ئادەم چۆچۈرە يېگەندە سانىيالمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ھې-سابىنى بىلىدۇ! بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەرگىزمۇ سېنىڭ ۋە ھاۋاز يې-تەكچىنىڭ خىيالى، ئىرادىسى بويىچە بولۇپ كەتمەيدۇ!...

## 12

زايىت خۇددى مۇسەللەس ئىچىپ قىيامىغا يەتكەن ئادەمدەك، كۆز-لىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، غالداڭ ـ غۇلدۇڭ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. مەت-كېرەم مەتقاسىم ئۇنى ئارقا تەرەپتىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاتاق بىلەن چاقىردى:
— زايىت شۇجى، توختىڭە، مۇھىم گەپ بار!
زايىت توختىدى ۋە يېرىم بۇرۇلۇپ، گىدەيگەن ھالدا سورىدى:
— خوش، نېمە گەپ! يولداش مەتكېرەم؟
— ياخشى گەپ! — دېدى مەتكېرەم مەتقاسىم يېقىنلاپ كې-لىپ، — سىزنى مەن ئاسىيەنىڭ ئورنىدا كىنوغا تەكلىپ قىلماقچى؟
— ئاسىيە؟...

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ، زايىتنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

بۇ قىز ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا بۇ يىل كەلگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلار-دىن ئىدى. ئۇ مەتكېرەم مەتقاسىم بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ئۇنى ئاكىسى ئورنىدا كۆرەتتى ھەم ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ بىلەتتى. يې-قىندىن بېرى زايىتنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. ۋۇجۇ-دىدا مۇشۇ مۇقەددەس شەرق زېمىنىدا ئۆسكەن ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىكى جىلۋە قىلىدىغان ئوماق، مۇلايىم بۇ قىز شۇ كۈنلەردە، زايىتنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

— ئاسىيە بىلەن بىللە كىنوغا بارماقچىدۇق، — دەپ چۈشەندۈ-رۈشكە باشلىدى مەتكېرەم مەتقاسىم، — سىزگىمۇ بىر بېلەتنى قو-شۇپ ئالغۇم كەلدى، قارىسام، سىز ئۇ قىزنىڭ پېيىدا يۈرگەندەك قى-لىسىز...

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، مەتكېرەم، — دەپ ھاياجانلىنىپ كەتتى زايىت، — قارىغە، كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ، ئاغىنىدارچىلىق قىلغىنى-ڭىزنى! ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، مەن بۇنى ھەسسىلەپياندۇرى-مەن!... قايسى كىنو ئىكەن، قايسى كۇلۇبقا بارىمىز؟

— شاڭخەيدە ئىشلەنگەن «كۆكەرگەن قۇرۇق دەرەخ» دېگەن كىنو، سائەت سەككىزدە «ج س د ج» كۇلۇبىغا بارىمىز.

— بولىدۇ، مەن تەييار!

ئۇلار سائەت سەككىزگە چارەك قالغاندا، مەكتەپنىڭ ئارقا يولى بى-لەن خاڭچىڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئاسىيە قېنى؟ بىللە ماڭمامدۇق؟ — سورىدى زايىت ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ.

— ئۇ يەنە بىر ئاغىنىسى بىلەن ئالدىمىزدا كەتتى، — دېدى مەت-كېرەم مەتقاسىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — كىنوخانىدا ئۇچراشماقچى بولدۇق، تۆت بېلەت بىر يەرنىڭ!

ئىككىسى چوڭ يولغا يېقىن يەردىكى جىگدىلىكنىڭ يېنىغا كەلگەن-

ده، قاراڭغۇلاشقان جىگدىلىك ئىچىدىن تۇيۇقسىز ئۈچ ئادەم چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توغرا تۇردى. زايىت خىرە ـ شىرە قاراڭغۇلۇقتا بىر قاراپلا ئۇلارنى تونىدى ۋە بىر ئاز ھەيران بولغاندەك دۇدۇقلاپ سو-رىدى:

— نىمە... سىلەر... سىلەرمۇ كىنوغا بارامسىلەر؟

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى قوپال ئاۋازدا مەنىلىك جاۋاب بەردى:

— ياق، بىز بارمايمىز، مۇشۇ يەردە كىنو قويىمىز!

زايىتنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى، ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايى، قىياپىتى ۋە ئەلپازىغا قاراپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قاراپ پىتىراپ قالدى.

— قېنى، بۇ ياققا مەرھەمەت زايىت شۇجى! — دەپ جىگدىلىك تەرەپنى كۆرسەتتى سەلەي قاشاڭ، — بۇ يەردە سىزگە «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق مەخسۇس بىر كىنو تەييارلانغان، بىللە كۆرىمىز!

زايىت قاچماقچى بولۇپ ئارقىغا قايرىلىۋىدى، ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان ئاقنىياز بىلەن گايىت مايىت كاپ قىلىپ پاتاڭدىن ئالدى، سەلەي ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى. مەتكېرىم مەتقاسىم گەجگىسىدىن ئىتتىردى، زايىت غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالماي قالدى، تۆت ساۋاقداش ئۇنى ئىتتىرىپ، سۆرەپ جىگدىلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى...

ئايدىڭ كېچە ئىدى، ئاي شولىسى قويۇق جىگدە شاخلىرى بىلەن سارغايغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قاراڭغۇلۇققا چۆككەن دە-رەخزارلىقنى ئالا ـ بۇلىماچ يورۇتۇپ تۇراتتى، ئادەمسىز جىمجىت بوشلۇققا ئايلانغان بۇ پىنھان ماكاندىن پىشىپ قۇرۇشقا باشلىغان ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن چۈچۈك، خۇشبۇي ھەم قاڭسىق پۇرىقى تارقىلاتتى. ئەتراپتىن، ئۇيۇ-قۇسىرىغان قۇشلارنىڭ ئاندا ـ ساندا سايراشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرات-تى...

تۆت ساۋاقداش زايىتنى قاتتىق قىسماققا ئالدى، قولىنى بىر تال بوغقۇچتا باغلاپ، ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ ئالدىدا سەلەي، ئارقىدا ئاقنىياز، ئىككى تەرىپىدە گايىت مايىت بىلەن مەتكېرەم مەتقاسىم سەپراس تۇراتتى.

— ئاغىنىلەر... بۇ نېمە ئىش ئۆزى؟ — دېدى زايىت تېخىچە پېپىتىدىن چۈشمەي، — ھەي سەلەي، سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟!

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى سەلەي بىردىنلا ۋارقىراپ، — مېنىڭ ئىسمىم سەلەي ئەمەس، نۇشىرۋان ئادىل. مەن بۈگۈنكى مۇشۇ ئادالەت سوتىنىڭ باش سوتچىسى! ئاۋۇ ئارقىڭدا تۇرغان كىشى بۇ دۇنيادىكى زۇلمەتلەرنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئوت خۇداسى پرومىتى! ئىككى يېنىڭدا تۇرغىنى، جازا ئەزرائىلى مۇنكىر بىلەن نەكىر! ئەمسە، سوت باشلاندى، دەۋاگەر سۆزلىسە بولىدۇ!

ئاقنىياز سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى مېتالدەك سوغۇق ھەم قاتتىق ئىدى.

— زايىت، سەن بىزنىڭ ئارىمىزغا تىلىڭ بىلەن تىكەن تېرىدىڭ، ئەمدى ئۇ تىكەن يۇرەككە قادالدى! شۇڭا بۈگۈن، بىز ئاچچىققا پايلىماي، سېنى بىرئاز بىسەرەمجان قىلىپ قويىدىغان بولدۇق، ئۆزۈڭ تېرىغان تىكەننى ئۆزۈڭ ئالمىساڭ بولمايدۇ، خەت قېنى؟

— خەت؟... قايسى خەت؟! — دېدى زايىت بوينىنى مەستخۇش ئۆردەكتەك سوزۇپ.

— خۇپسەنلىك قىلما! — دېدى سەلەي ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئەگەر بۈگۈن سەن ياۋاشلىق بىلەن قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى ئىقرارقىلمىساڭ، مۇشۇ يەردە ئىتقا تاشلاپ بېرىپ، كۆرمەسكە سېلىپ كېتىۋېرىمىز!

— ھەددىڭلار ئەمەس! — زايىت كۆرەڭلىك بىلەن دىمىغىنى قاقتى، — بۈگۈنكى ئىشىڭلار ئۈچۈن زىيان تارتىسىلەر، چوڭ زىيان تارتىسىلەر!

— زايىت، تولا كاپشىماي خەتنى تاپشۇر! — دېدى ئاقنىياز تاقتى - تاق بولۇپ، — بۈگۈن سەن بىلەن دەتالاش قىلمايمىز، بەلكى سەندىن ھېساب ئالىمىز، خەت قېنى؟!

— بىلمەيمەن، ماڭا كىم خەت بېرىپتىكەن؟!

— يەنە ھۆتۆت - پۆتۆت دەيدىغان يېرىڭ بولسا، جاجاڭ مانا! — ئاقنىياز مۇشتلىرىنى بازغاندەك تۈگۈپ زايىتقا دېۋەيلەپ كەلدى، — ئەمدى ساڭا ئاھ دەپ ئۆپكە قاقىدىغان يەرلىرىمىز تۈگەپ كەتكەن جۇمۇ!

— زايىت، ھوشۇڭنى تاپ، بولمىسا كېچىكىپ قالىسەن! — دېدى گايىت مايىت ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — «قايسى خەت» دەيسەنغۇ، ئايىزىم ئۇماقنى ئالداپ، غۇنچەقىزدىن ئوغرىلاتقۇزغان خەتچۇ؟ خەتتە بادامگۈلنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقى بىزگە ئايان. ئەمدى تولا خۇپسەنلىك قىلما!

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش زايىتنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ بىر تەرەپتىن، يېلى چىققان توپتەك بوششىپ، سالپىيىشقا باشلىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، تەقدىرگە تەن بەرگۈسى كەلمەي، جان - جەھلى بىلەن پاكىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇندى...

— ئۇستاتلىق قىلما! — دەپ ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىنى ئېچىپ تاشلىدى سەلەي، — سەن ھاۋاز يېتەكچى بىلەن بىرلىشىپ، بادامگۈلنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدىڭ، ئۇنى ئالداپ، بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىنى سەلىم ئەپەندىگە ئارتىپ قويدۇڭ! ئاخىر بادامگۈل ئار - نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى! سەندە ئازراقمۇ ئىنسانىي ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ، زايىت!؟ سەن قانداق قىلىپ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىشقا، دىلىڭغا مەرىپەت ئوتىنى ياققان ئۇستازىڭغا قارشى مۇشت كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلدىڭ!؟ بۇلارنى ئويلىساڭ، ۋىجدانىڭ ئازابلانامدۇ؟!

— ئۇنىڭدا ئىنسانىي ۋىجدان نېمە ئىش قىلىدۇ؟! — ئاقنىيازنىڭ

غەزەپ ۋە ئەلەمگە تولغان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئەزەلدىن مۇ-ناپىق ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ، ئىمانسىز ئادەمنىڭ ۋىجدان ئازابىدا قىيـ-نىلىشى يوق گەپ!

زايىتنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، چىرايىدىكى كۆرەڭ-لىك ئالامەتلىرى يوقالدى، ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن بايىقى بويۇنتاۋ-لىق، مەنسىتمەسلىككە ئوخشاش تاشقىن جاسارىتىمۇ ئاجىزلاپ، پۈت - قولىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ رەقىبلىرىنىڭ ئۆز سىرىدىن بۇن-چىلىك ئېنىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇ ھەممە ئىشلارنى جاي - جايىدا، شامال كىرمەيدىغان ھىم - ھىم قىلىۋەتتىم، دەپ ئويلايتتى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مەخپىي، پىنھان ئىشلار بۈگۈن بۇ كەڭ جىگدىلىكتە، تۆت «رەقىبى» نىڭ ئاغزىدا ئاشكارا، بىمالال سۆزلىنىۋاتامدۇ! ھەي... بىگىز قاپتا ياتمايدىكەن - دە! ئەگەر زايىت بۇ ئىشلارنى ئازراقلا ئىقرار قىلسا، ئۆزىنىمۇ، ھاۋاز بەختىنىمۇ ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرگەن بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىـ-گە ئايان، خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك ئايان. شۇڭا ئۇ، جان تىكىپ بولسىمۇ، بۇ مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلمىسا بولمايتتى...

تەقدىر، ئىستىقبال توغرىسىدىكى خىياللار ئۇنى تەمكىنلەشتۈرۈپ قويدى، پۈت -قولىدىكى تىترەكمۇ ئاستا -ئاستا توختىدى. ئەتراپىدا ھۈرپىيىپ تۇرغان تۆت رەقىبىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەي قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۈندە نەچچە قېتىم دوقۇرۇشۇپ يۈرىدىغان كىچىككىنە مىتىرىقلارغۇ! ئۇلار ئىتتىپاقنىڭ ئاددىي ئەزاسى، ئۇ بولسا ئىتتىپاقنىڭ يوغان شۇجىسى! ھەرقانچە سوئال - سوراق قىلسىمۇ، ئاغزىنى ھىم قىلىۋالسا نېمە قىلالايدۇ، ناھايىتى كەلسە، بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرار، ئوغۇل بالا ئۇ-چۈن بىرنەچچە شاپىلاق دېگەن نېمىتى! كېيىن تېخى ئۇلار ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدۇ... ئاغزىڭنى چىڭ تۇت، زايىت! سەۋرلىك، چىداملىق بول! ئاغزىڭ قان بىلەن تولۇپ كەتسىمۇ، دۈشمىنىڭ ئالدىدا تۈكۈر-

مه! غەلىبە ساڭا يار!...

زايىت ۋۇجۇدىدا تۈيـۇقسىز پـەيدا بولغـان ئەنە شۇنـداق ئىلاھـىي جاسارەتنىڭ كـۈچى بىلـەن يىپىـىدىكىلـەرگە چەكـچىيىـپ قـاراپ ۋارقىراشقا باشلىدى :

— سىلەر ئەخمەقلەر، ماڭا تـۆھمەت قىـلىۋاتـىسىلەر! سـىلەرنىـڭ دەۋاتقان گېپىڭلار بـەڭگىنىـڭ خىيـالى، قۇرۇق پـەرەز! ئـۆتكەنـكـى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە تەشكىل، رەھبەرلىك قارار چىقىـرىـپ بولغـان، ئۇنى ھېچكىم ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ، سىلەرنىڭمۇ قولۇڭلاردىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ! بۈگۈنكى سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىڭلار ئۈچۈن، تېخى كـۆ-رىدىغاننى كۆرىسىلەر! ئەڭ ياخشىسى، مېنى ۋاقتىدا قويۇۋېتىڭلار، بـۇ بىر ئويۇن بولۇپ قالسۇن!

— توغرا، بۇ بىر ئويۇن! — دېدى سەلەي تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن ئۇنىڭ قىزىق يېرىگە تېخى كەلمىدۇق، داۋاملاشتۇرمىساق بـول-مايدۇ. قېنى، مۇنـكىر - نەكـىرلەر، ئەمـدى سىلـەر ئـويۇنۇڭـلارنـى باشلاڭلار!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ مەتكېرەم مەتقاسىم قولچىراغنـى ۋاللىدە يـان-دۇردى، گايىت مايىت كىچىك بـىر چىگـىرىن سومـكىنىـڭ ئاغزىنـى ئاچتى، نېمە ئىش ئىكەنلىـكىنگە ھـاڭۋېقىـپ قاراپ تۇرغان زايـىتنىـڭ ئالدىدا يوغان بىر چار يىلان ۋىشىلداپ باش كۆتۈردى. قورققىنىدىن كۆزلىرى چـەكچىيىـپ، ئۆڭـسۈلى ئۆچكـەن زايىت «ۋايجـان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆزىنى ئارقىغا ئاتتى. لېكىن ئاقنىيازنىڭ كۈچلۈك قول-لىرى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالлاپ تۇتۇپ، قىمىرلىغىلى قويمـىدى. بوۋاقنىڭ بېلىكىدەك يوغانلىقتىكى سۈرلۈك يىلان دەممۇ دەم ئاچىماق تىلىنى سوزۇپ، تولغانغان، ۋىشىلدىغان ھالدا زايىتقا قاراپ سويـلاپ كېلىشكە باشلىدى. مەتـكېرەم مەتـقاسىـمنىڭ قولـىدىكى چىـراغنىـڭ كۈچلۈك نۇرى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قورقـۇش، ۋە-ھىمىدىن زايىتنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىققاندەك سوقـۇپ كەتتى، پـۈ-

تۇن بەدىنىگە بەزگەك تىترىكى ئولاشتى، تىلى كالۋالىشىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى...

— ئەمدىغۇ راست گېپىڭنى ئېيتارسەن، زايىت! — دېدى سەلەي قاتتىق تەھدىت بىلەن، — بولمىسا يىلاننى بوينۇڭغا ئوراپ قويۇپ، بىز كېتىۋېرىمىز، بىرلا نەشتەر ئۇرۇپ جېنىڭنى ئالىدۇ، يىلان چېقىپ ئۆلگەن بولىسەن، تۇگەيدۇ! قانداق، ئېيتامسەن ياكى ئەجىلىڭنى كۈتەمسەن!

— ئېيتاي... يىلاننى يوقىتىڭلار!... — دېدى زايىت ھولۇقۇپ، يالۋۇرۇپ، — خۇش بولاي... دەرھال يوقىتىڭلار... مەن ئېيتاي...

يىلگە ئوخشاش كۈچلۈك، قامەتلىك ھايۋاننىڭمۇ كىچىككىنە چاشقان كۆرۈنگەندىن بولغىنىدەك، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان مەنمەنچى زايىتنىڭمۇ ئەڭ قورقىدىغان، ئەجەللىك كۆرۈنگەنى يىلان ئىدى. ئۇ يىلاننىڭ ئۆزىنى كۆرۈش تۈگۈل، ئۇ توغرىدىكى گەپنى ئاڭلىسىمۇ كۆزلىرى تىنىپ، چىرايى سارغىيىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقى ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقاندا، «ياشلار ئۆستىڭى» قۇرۇلۇشىغا ئەمگەككە چىققاندا، مەلۇم بولۇپ قالغانىدى. كىمدۇر بىرسى قىزىقچىلىق قىلىپ، قولياغلىقىغا ئورالغان كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئۇنىڭغا بەردى، ئۇ «قايسى قىزنىڭ يادنامىسىدۇر بۇ؟» دېگەن قىزىقىش بىلەن تۈگۈنچەكنى ئاچتى، تۈگۈنچەكتىن بىر نەرسە لۆمىدە بېشىنى كۆتۈردى، زايىت «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، قولىدىكى تۈگۈنچەكنى تاشلاپ، ئارقىغا داجىدى، ئۇ يېڭىلا سۇ باشلانغان تاش ئۆستەڭنىڭ بويىدا بولغاچقا، ئۆزىنى توختىتالماي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇنى شىددەتلىك ئېقىن خېلى يەرگىچە دومىلىتىپ باردى، شۇ چاغدا، ئاقنىياز، شەۋكەت ۋە تۇرغۇنلار ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خېلى كۈنلەرگىچە چاقچاق ۋە لەتىپىنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە، ھېلىقى تۈگۈنچەكتىن چىققىنى، نىلون تالالىرىدىن توقۇلغان قىزلارنىڭ بەلۋېغى بولۇپ، بىرسى ئۇنى چىرايلىق تۈرمەكلەپ، ياغلىققا ئوراپ، زايىتنى قەستەن قورقۇتۇش ئۈچۈن قاي-

سىبىر قىزىنىڭ سوۋغىتى سۇپىتىدە ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. دېگەنىدەك، ئىرماش - چىرماش قىلىپ توقۇلغان، سۇر رەڭلىك بەلۋاغنىڭ توقۇ-
لىنىق بېشى ياغلىقنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئېلاستىكلىق هالدا لوممىدە كۆتۈرۈلۈپ، زايىتنىڭ كۆزىگە بەئەينى سۇرلۇك يىلاندەك قورقۇنچلۇق
كۆرۈنگەنىدى.
مانا شۇ قېتىم، زايىت ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئەڭ بەك قورقىدىغان نەر-
سىسى يىلان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان، ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى يىلاندىن قورقۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى، بۇ
قېتىم تۆت ساۋاقداش ئۇنى قانداق ئىقرار قىلدۇرۇشنى مەسلىهەت-
لەشكەندە، ئىككى يىل بۇرۇنقى ئەنە شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇنى ئۇ-
رۇپ، جىسمانىي جەهەتتە قىيىنغاندىن كۆرە، روهىي جەهەتتە قورقۇ-
تۇپ ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ ياخشىلىقى ئۈستىدە سۆزلەشكەن ۋە شۇ مەقسەتتە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئاقنىياز بىلەن گايىت مايىت
ئۇلانباي يولىدىكى سازلىقتىن مانا شۇ زەهەرسىز سۇ يىلىنىنى تۇتۇپ
كېلىشكەنىدى...
زايىت ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئىقرار قىلىشقا باشلىدى. گايىت مايىت يىلاننى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ تۇرات-
تى.
— خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتۇق...، — دېدى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى مەز-
مۇنلارنى دۇدۇقلاپ سۆزلەپ، سەلىم ئەپەندىنىڭ تۆهمەت بىلەن قا-
رىلانغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.
سەلەي ئۇنىڭغا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى :
— ئېغىزدا ئىقرار قىلغانلىرىڭنى دەرهال ماۋۇ قەغەزگە يېزىپ قو-
لۇڭنى قوي! — ئۇ بىر پارچە قەغەز بىلەن قەلەمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، مەتكېرەم مەتقاسىم قولچىراغنى تۇتۇپ بەردى، گايىت ما-
يىت يىلاننى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئاقنىياز بىلەن تاماكا چېكىشكە تۇ-
تۇندى...

شۇ چاغدا، جىگدىلىكنىڭ يېنىدىكى يولدىن كىنودىن يانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن كۈلكە - چاقچاقلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، زايىت غايىبانە بىر مەدەتكە ئېرىشكەندەك جانلىنىپ قالدى، ئۇ شۇنداق بىر چاقىقانلىق ھەم يۈرەكلىك بىلەن مەتكېرەم مەتقاسىمنىڭ قولىدىكى چىراغنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، ئۆزىنى يول تەرەپكە ئاتتى، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوپۇر - توپۇر بولۇشتى. پۇرسەت قولدىن كەتتى، ۋاي ئىست!... زايىت يەنە قۇتۇلۇپ قالدى!

## 13

بۇ يەر — ھاياتبەخش ئۆستەڭ بويى خۇددى سېنى دىلكەش دوستلىرىڭدەك، يۈرەك سىرلىرىڭنى ئاڭلايدۇ، دەردلىرىڭنى يەڭگىللىتىپ، خۇشاللىقىڭغا خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ، بۇ يەر ئادەمنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىدۇ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە، مۇھەببەتكە، سۆيگۈگە زوق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ مەڭگۈ ئويغاق تەبىئىتى، تىنىمسىز شارقىرىشى سېنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىڭ بىلەن بىرلىشىپ، سېنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە، تېخىمۇ ساپلىققا ئېلىپ كېتىدۇ!...

ئىككى دوست — ئاقنىياز بىلەن شەۋكەت بۈگۈن يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن، ئۆرۈمچى ئۆستىڭىنىڭ ئەنە شۇنداق سالقىن، دىلكەش بويىغا كېلىپ ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— شەۋكەت، ئەمگەك جىددىي بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئاقنىياز دوستىنىڭ قارىداپ كەتكەن ھارغىن چىرايىغا قاراپ، — ئۆز ۋاقتىدا، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىزنىكىنى كۆكرەككە تاقىغاندا، ھېچقانداق ئېغىرلىق سەزمىگەن بولغىيدىڭ، ئەمدى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىزنىكىنى دۈمبىدە كۆتۈرگەندە، چارچاپ قالدىڭمۇ، نېمە؟ يېقىندىن بېرى، خېلى جۈدەپ قاپسەن!...

— توغرا، توغرا دېدىڭ، — دېدى شەۋكەت ئىككى ئالقىنى بىلەن

يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، — ئېھتىمال، ئەمگەك بىلەن ۋۇجۇدۇمدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىللەتلىرى چىقىپ كېتىپ، خاسلا پرولېتارىياتنىڭ ئېلېمېنتلىرى قالغان ئوخشايدۇ. شۇڭا بىر ئاز جۇدەڭگۈ كۆرۈنسەم كېرەك!

ئىككىسى تەڭلا مەنىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر دەقىقىلىك كۈلكە ۋە سۈكۈتتىن كېيىن، شەۋكەت ئويغا چۆمگەن ھالدا سورىدى:

— ھېلىقى ئىشلار نېمە بولۇپ كەتتى، ئاقنىياز؟ سەلىم ئەپەندى ئاشۇنداق ئۆۋالچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېرەرمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئۆتۈپ كەتمەس! — دېدى ئاقنىياز ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن، — ھازىر گەرچە نامەردلەرنىڭ چاڭگىلى مەردلەرنىڭ ياقىسىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇنغا قالماي بۇ تەتۈر پەلەك ئۆزگىرىدۇ، خۇددى قۇياش چىقىش بىلەن تەڭ تۇمان تارقىغاندەك، گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ! بىز ھازىر ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا جامائەت پىكرى تەييارلاۋاتىمىز، ھېلىقى خەتنى ئوقۇغان غۇنچەقىز بىلەن جىگدىلىكتە زايىتنىڭ ئېغىز ئىقرارىنى ئاڭلىغان تۆتىمىز قوشۇلۇپ، مەكتەپ پارتكومىغا بىر خەت يازدۇق. مېنىڭچە، بۇ خەت جەزمەن رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ!...

— شۇنداق بولغاي، ئىلاھىم! — دېدى شەۋكەت ۋە خۇددى جاڭگالدىكى قۇرۇق سۆكسۆكتەك يېرىكلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئاقنىيازنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — دوستۇم، مەن يېقىندىن بۇيان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندىم. ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن نەرسەم، دۈشمەننىڭ ساڭا ئاتقان تېشى زەخمەت تېشى ئەمەس، بەلكى رەھمەت تېشى ئىكەن؛ ئۇنىڭدىن قالغان ئىز ئازاب ئىزى ئەمەس، بەلكى سائادەت ئىزى ئىكەن!... مەن يادىمغا كەلتۈردۈم، بىلەمسەن؟ ئاشۇ بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىق ۋاقتىمىزدا بىللە تۇرغان سىنىپ، ياتاقلارنى... ھال رەڭدىكى تاملار، قېلىن ماتراسلىق كارىۋاتلار، جىگەررەڭ سىرلىق قاتار - قاتار پارتىلار، قەۋەت - قەۋەت پارۋايلىق بىنالار... مانا شۇ ۋاقىتتا مەن

هاياتنى، دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى چۈشەنگەندەك قىلاتتىم، ھەممە
نەرسە ھەل بولغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمدى بولسا... ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇ-
رىسەن... قانچە ۋاقىتلار بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى... ھەي!... سۆزلەش-
نىڭ نېمە كېرىكى بار، ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىراق ھازىر بەزى
نەرسىلەر — ئەلۋەتتە سىياسىي ھاياتقا، ئادەمگە باغلىق نەرسىلەر
چۈشىنىشلىك بولۇشقا باشلىدى...

— شۇنداق... چۈشىنىشلىك بولۇشقا باشلىدى...، — دەپ ئۇنىڭ
سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئاقنىياز خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋات-
قاندەك چوڭقۇر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن، مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا بېشى-
مىزدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىدى!... ھەي!...تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ مۇ-
رەككەپ، سىرلىق، شەپقەتسىز ئىكەن!... ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا ئىن-
تايىن قىيىن، مۇشكۈل ئىمتىھان سوئاللىرىنى قويدى. كىملەر ئۆتۈپ،
كىملەر قالمىدى، دەيسەن!... مەنمۇ زايىتتنى ئەمدى چۈشەندىم،
راستىنلا، بىر تاغار تۇزنى بىللە يەپ يۈرۈپ چۈشەندىم، دانالار
توغرا ئېيتىپتىكەن : «ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بەتنىيەت دوستتىن، جېنى-
نى يولۇڭغا تىككەن ئىت ياخشى » كەن!...

يىراقلاردىن شوخشۇپ كەلگەن ئويناق تاغ سۈيى سىمونت قىر-
غاقلارنى سۆيۈپ، شادىمان ئاقماقتا. ئۇنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق كۈي-
دەك لەرزان شارقىرىشى، ئۈنچە چاچرىتىپ كۆۋەجىشى ئىككى دوست-
نىڭ قەلبىدىكى قايغۇ - ھەسرەت، دەرد - ئەلەملەرنى ئۆزىنىڭ شىپا-
لىق ئېقىنىدا ئاللىقاياقلارغا ئېقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇشۇ مۇنبەت
تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، بىخ ئۇرۇۋاتقان ھايات گۈزەللىكىنىڭ چەك-
سىز ھۇزۇرىنى، ناخشىدەك شوخ ۋە چىرايلىق، يورۇپ كېلىۋاتقان
تاڭدەك ئىللىق ۋە جۇشقۇن تۇرمۇش مەنزىرىسىنىڭ رومانتىك پەيزى-
نى بەخش ئەتكەنىدى...

ئۇلار كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى يۇيۇپ، قەلبىدە ئۈمىد ۋە شادلىق
ئويغاتقان پاك ۋە ھالال سۇنىڭ بىردە تۈرمەللىنىپ يەڭگىل ئۆركەش
ياسىشىغا، بىردە چوڭقۇر قايىنام ھاسىل قىلىپ، سۈرلۈك تولغىنىشىغا

قاراپ خېلى ئۇزاق جىمجىت ئولتۇردى. كېيىن، ئاقنىياز بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، دىگىنىدە چۆچۈپ:
— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىلى تاس قاپتۇ، — دېدى ۋە يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ شەۋكەتكە ئۇزاتتى، — تۇرغۇندىن كەلگەن خەت، كۆرۈپ باققىن، بۇ خەت مېنى بەك ھاياجانلاندۇردى...
شەۋكەتمۇ قىزىقتى ۋە خەتنى قولىغا ئېلىپ، ئالمان - تالمان ئاچتى...

## 14

«دوستۇم ئاقنىياز، سەن ئارقىلىق شەۋكەتكە سالام!
بۇ قېتىمقى خېتىڭ مېنى گويا ھېيت خۇشاللىقىدەك، شادلىققا چۆمدۈردى! شەۋكەت بىلەن بىللە چۈشۈپ ئەۋەتكەن رەسىمنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم. بىزنىڭ قوشماق مېغىزدەك، ئايرىلماي ئۆتكەن ئاشۇ غەمسىز، قۇۋناق چاغلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. تۇرمۇش دېگەن تولىمۇ غەلىتە، شەپقەتسىز نەرسە ئىكەن! قارىغىنا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، بىز تۆت دوستنىڭ تەقدىرىمىز نېمە بولۇپ كەتتى - ھە؟!... بىز ئۆزىمىزنى بىر كېمىگە چىقىپ، پايانسىز دېڭىزدا بىللە كېتىۋاتقان، جېنىمىزمۇ، تېنىمىزمۇ مەڭگۈ بىرگە بولىدىغان ئۆمۈرلۈك دوستلار، دەپ ھېسابلايتتۇق! نەدىكىنى، ئازراق بوران كۆتۈرۈلۈۋىدى، كېمىمۇ، بىزمۇ چاك - چېكىمىزدىن بۆسۈلۈپ كەتتۇق!...
بولدىلا، خۇشاللىق چاغلاردا بۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى يېزىپ نېمە قىلاي! ئاداش، يېقىندىن بېرى مەنمۇ بىرئاز ئالدىراش بولۇپ قالدىم. كەيپىم چاغ، ئىشلىرىم ئوبدان! تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئىنتائەتمەن ئوقۇغۇچى ئىدىم، ئەمدى ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم. ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭمۇ كۈلگۈم كې-

لىدۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىغا قىزىقىۋاتامسەن؟ ئەمىسە ۋاقىپ بولغىن: ناھىيىلىك پىلانلاش ئەترىتىدە تىلماچلىق قىلىپ يۈرۈپ، بىرنەچچە باشلىق بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. يېقىندا، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، قايىل قىلىپ، يېزىمىزدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىشنى قولغا كەلتۈردۈم. ھازىر شۇنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. ئەمدى يېزىمىزدىكى پۈتۈن يالاڭ ئاياغ، قوللىرى قاسماق ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەب بىلەن ئوقۇيالماي، مەڭگۈ نادانلىقتا قالىدىغان پاجىئەلىك تەقدىرى ئۆزگەرمەكچى! دوستۇم، بىلسەڭ مەن بۇ ئىشنى مۇشۇ يەرگە كېلىپلا ئويلاشقا باشلىغانىدىم. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن تالاي بالىلارنىڭ نامراتلىق، نادانلىق سەۋەبىدىن كۆڭلى قاراڭغۇلۇققا پېتىپ، ياۋايىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتكەنىدى. ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم سەلىم ئەپەندى بىزگە: «بىلىم ئۆگەنمەيدىغان ئادەم زىرائەت ئۈنمەيدىغان يەرگە ئوخشايدۇ!»، دېگەنىدى. توغرا، زىرائەت ئۈنمەيدىغان يەرنىڭ كىمگە كېرىكى؟ ئۇنداق يەر ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ نەپ بەرمەيدۇ! ئويلاپ قارىسام، مەنمۇ بىر چىدىماس، يارىماس نەرسە! ئۇنۋېرسىتېتنى يېرىم تۈگەتتىم، سىلەرنى تاشلاپ قاچتىم! ئەمدى كۆز ئالدىمدا قاڭقىپ يۈرگەن ئاشۇ گۇناھسىز، ناتىۋان بالىلارنى بولسىمۇ ئوقۇتۇپ، شۇ باھانىدە ئۆزۈممۇ ئوقۇپ، گۇناھىمنى يۇيمىسام بولمايدۇ! دوستۇم، مەن يېقىندىن بۇيان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم. ئەگەر زېھىن قويۇپ قارىساڭ، ئادەملىرىمىزنىڭ روھى سۇنۇق، ئۇلار ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ، ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، ئەتىكى كۈندىن ئۈمىد ئۈزگەن، روھى مېيىپ! بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ زادى نېمىدە؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى — تەربىيىمىزنىڭ يامانلىقىدا! بىز بالىلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىققا، كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتماسلىققا، قارى-

غۇلارچە ئىنائەتچان بولۇشقا مەجبۇرلايمىز! ئەلىشىر نەۋائىي تۆت ياش ۋاقتىدا، ئاتىسىنىڭ ئالىم، ئۆلىما ۋە شائىر دوستلىرىنىڭ سۆھبىتىگە قاتناشقان، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ ئېرپان، ئەدەبىيات ۋە ھايات ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىغان. بىز بولساقچۇ، باللىرىمىزنى ھەرگىزمۇ چوڭلار بار يەرگە يولاتمايمىز، «چوڭلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشما، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ» دەپ كايىيمىز. ھەممە نەرسىنى تەقىقلەپ، چەكلەپ، ئاخىر باللىرىمىزنى مۇشتتەك ۋاقتىدىن تارتىپلا، روھى زەئىپ، جۈرئەتسىز، ئىشەنچسىز قىلىپ قويىمىز. بۇنداق تەربىيە كۆرگەن بالا ھېچقاچان مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدۇ، خۇشاللىقىنى ياكى خاپىلىقىنى بىرەرسىگە پېتىنىپ ئېيتالمايدۇ، رەددىيە بېرىشتىن چۆچۈيدۇ! شۇنداق قىلىپ، دائىم بىرەرسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، بىراۋنىڭ ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدىغان قۇلغا ئايلىنىدۇ. بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى، مانا شۇنداق يارىماس تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن روھى ئەبگار، پىكرى زەئىپ، ئەقلى ناقىس قۇللار تەربىيىلىنىپ ۋايىغا يەتتى. قانچىلىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل قورقۇش سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويدى ـ ھە؟! بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بالا چېغىدىنلا «خوش ـ خوش، خوپ ـ خوپ» دەپ تۇرىدىغان ئادەتكە كۆنۈۋالغان. ئاتا ـ ئانىلارمۇ باللىرىنىڭ كىچىك چېغىدىلا «خوپ، شۇنداق، ماقۇل» دېيىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاشۇنداق دېيىشكە ئۇستا باللار ھەر خىل ياخشى باھا ۋە ئىنئاملارغا ئېرىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاتا ـ ئانىلار قانداق ئەھۋاللاردا «ياق»، «ئۇنداق ئەمەس» دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ياكى «ياق» دېيىشنىڭ لازىملىقىنى ئەزەلدىن كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇنداق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ غەيرىي تەبىئىي يامان ئاقىۋىتىدە ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇققا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان، بۇيرۇق بولسىلا «ھە» دەپ ئىجرا قى-

لىشنى بىلىدىغان، مۇستەقىل كاللىسى يوق ماشىنا ئادەمگە ياكى ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاللاتائالا ھەر- قانداق ئىنساننى ھۆر قىلىپ ياراتقان، ئاللانىڭ ھۆر بەندىلىرىنى قۇلغا، روھىي مېيىپ كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ ؟! ئۆزىنى پىكىر ھەم روھ جەھەتتىن ئازادە ھېس قىلمىغان ئادەم ھېچقاچان جىسمانىي جەھەتتىن ئازاد بولالماي- دۇ!

ئاقنىياز، سەن قاراپ باق، بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ رادىئونى ئاچسا، ئاڭلايدىغىنى ناخشا، سەھنىگە قارىسا، كۆرىدىغىنى ئۇسسۇل! بىزنىڭ تەشۋى- قاتىمىز ئەنە شۇ! شۇڭا ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا، تەبىئىي ھالدا، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى » دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى، قىزىقىدىغىنى شۇ بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئالىملىرىمىزدىن، تارىخچىلىرىمىزدىن، يازغۇچى، شائىر- لىرىمىزدىن، ھەرساھە مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىن خەۋەرسىز! شۇڭا، ئۇلاردا بۇ جەھەتتە ئىنتىلىش، قىزىقىش يوق! ئۇلار بىزنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ شەخسلىرىمىزنى ئەمەس، ھەتتا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن تۆھپە يارى- تىۋاتقان جاپاكەش شەخسلىرىمىزنىمۇ بىلمەيدۇ! ئۇنى بىلمى- گەچكە، ئۆزىنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرىنى چۈشەنمەيدۇ!...

دوستۇم، مەن بىر ئاز قايناپ قالدىممۇ، قانداق؟ ئەگەر ساڭا شۇنداق تۇيۇلغان بولسا، پېشىمنى سەل ـ پەل تارتىپ قويساڭ بولىدۇ. ئەمما، مەن بۇ پىكىرلىرىمنى قۇمباغ يېزىسىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئۈچ سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەربىيە پروگراممىسى قىلماقچىمەن! ئىشىنىمەنكى، ئانچە يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، چوقۇم ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ! ئالدىراپ تو- رۇۋاتىمەن، ئاداش! ئەمىسە خوش، خېتىمنىڭ ئاخىرىنى ئابدۇ- قادىر بېدىلنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن تۈگەتتىم :

‹كۆزۈڭ ئاچ، نەدىدۇر دوزاخ ۋە جەننەت؟!
ئىشنىڭ نەتىجىسى، مەھسۇلى مېھنەت.
نەدىكى يامان ئادەت بولدى رەھنامە،
جەھەننەم شۇندادۇر، بىلىپ قوي، ئەمما —
ياخشىلىق ئۈرۈقىنى چاچساڭ ھەريان،
جەننەت مېۋىسىنى بېرەر بىگۇمان!›

1962 ـ يىل 28 ـ سېنتەبر، قۇمباغ.»

# ئاپتورنىڭ ئاخىرقى بايانى

ھۆرمەتلىك ئۇقۇرمەنلىرىم، قەلەم مۇشۇ يەردە توختىدى، داۋاملىق يېزىۋېرىپ، سىزنى ئەنسىنتىپ قويۇشتىن قورقتۇم! ئاخىرىدا، سىزگە پەقەت ئىككى ئېغىز سۆزلا ھەدىيە قىلىمەن:

ھەي قەدىرلىك بۈگۈنكى ياشلار! سىلەر ئۇلارنىڭ ئىسمىنى مەڭگۈ ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. 21 ـ ئەسىرنىڭ سەلتەنەتلىك يىللىرىغا قەدەم قويۇپ، تېخىمۇ ئىللىق باھار نۇرىغا، تېخىمۇ ئوتلۇق قۇياش تەپتىگە، تېخىمۇ شېرىن ھايات پەيزىگە چۆمگەن ۋاقتىڭلاردىمۇ، ئاشۇ كۆك يۈزىنى بىر مەھەل ئېزىنتقۇ تۇمانلار توسۇپ، زېمىننى جۇت ـ شىۋىرغان قاپلىغان 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنى ئۇنتۇماڭلار! چۈنكى، ئاشۇ قىسمەتلىك يىللاردا، ئاشۇ ئەزىز يەرلەردە، سىلەرنىڭ تالاي ئاكىلىرىڭلار بىلەن تالاي ھەدىلىرىڭلارنىڭ قان ـ ياشقا تولغان ئېچىنىشلىق تارىخى بىلەن دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە بىلىم ئىشقىدا يانغان يالقۇنلۇق ئەسلىمىلىرى قالغان. ئۇ چاغدا، گەرچە ئۇلار ناھايىتى كاج تەلەي بولسىمۇ، لېكىن خۇددى سىلەرگە ئوخشاش، ھاياتقا، گۈزەللىككە، ئىستىقبالغا ئىنتىلگەن ساپ، سەبىي، جۇشقۇن ياشلار ئىدى!...

1993 – يىل ئاپرېل ــ ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

**图书在版编目(CIP)数据**

月亮雨：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著.—乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2009.3
（艾海提·吐尔迪作品集）
ISBN 978-7-5371-6503-7

Ⅰ.月… Ⅱ.艾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语
（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 023311 号

责任编辑:艾尼瓦尔·艾山
责任校对:依巴达提·亚森
封面设计:阿里甫·夏

艾海提·吐尔迪作品集
月亮雨(维吾尔文)
(长篇小说)
艾海提·吐尔迪 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 13.75印张
2009年3月第1版 2009年3月第1次印刷
印数:1—4000

ISBN 978-7-5371-6503-7 定价:28.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换